ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرى

# يىپەك يولىدىكى سەنئەت جەۋھەرلىرى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

يىپەك يولىدىكى سەنئەت جەۋھەرلىرى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 978-7-228-12815-0
（民文）定价：30.00元

www.uyghurkitap.com

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئەسەرلىرى

# يىپەك يولىدىكى سەنئەت جەۋھەرلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

丝绸之路艺术精髓：维吾尔文/阿不都秀库尔·穆罕墨德伊明著．— 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2009.8
ISBN 978-7-228-12815-0

Ⅰ．丝… Ⅱ．阿… Ⅲ．维吾尔族-民族文化-研究-古代-维吾尔语（中国小数民族语言） Ⅳ．K281.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第 147856 号

责任编辑　阿扎提·阿里玛斯，买买提吐尔迪·米尔孜艾合买提
责任校对　再米拉·裴达依
特约校对　万力·在顿
出版发行　新疆人民出版社
地　　址　乌鲁木齐市解放南路 348 号
电　　话　(0991)2827472
邮政编码　830001
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　新疆新华印刷厂
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　12.25
版　　次　2009 年 9 月第 1 版
印　　次　2009 年 9 月第 1 次印刷
印　　数　1—3000
定　　价　30.00 元

# مۇندەرىجە


ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا مەي مەدەنىيىتى ..................... 1

سىكتاي ـ ساك ـ ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم مەدەنىيىتىدىكى

ئېتنولوگىيىلىك ئىزچىللىق توغرىسىدا .................. 24

كۆسەن رەسساملىرىدىكى ئېستېتىك ئاڭ توغرىسىدا .......... 40

ئىسلامىيەتكىچە غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتى تەسۋىرىي

يادىكارلىقىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى ..................... 60

ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتى

تەسۋىرىي يادىكارلىقىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى .............. 102

سىكتاي قەبىلىلىرىنىڭ مېتال ھۈنەر ـ سەنئىتى ........... 141

كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا مانى تەسۋىرى ۋە شىنجاڭدىن

تېپىلغان مانىزم سىزما يادىكارلىقلىرى ................. 158

ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانىدا باھار چېچەكلىرى ................ 180

مەلىكە ئاسىنا ۋە غەربىي دىيار سەنئىتى ................. 255

ئون ئىككى مۇقامغا دائىر يىگىرمە تۆت مەسىلە ............ 269

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تۆت چوڭ ئارتۇقچىلىقى توغرىسىدا .... 310

ۋېنېتسىيىلىك ماركوپولو ۋە شەرق مەدەنىيىتى ............ 318

قوغۇن ۋە ئۇنىڭ ماكانى ................................ 322

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

هازىرقى زامان ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ ئىپتىخارى ....... 324
قەدىمكى كۈسەن كلاسسىك ئۇسسۇلىنىڭ يېڭى ھاياتىقا
قايتىشى ........................................ 336
ئون ئىككى مۇقام ۋە تۇردى ئاخۇن ئاكا ..................... 339
ئۇزۇم بايرىمى ھارپىسىدا .................................. 347
شەرقىي تەڭرىتاغ ئېتىكىدە قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى
تەكشۈرۈشتىن دوكلات .................................. 352
ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ يىپەك يولىدا كۆرسەتكەن
خىزمىتى ................................................ 371
مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ئىلمىي
قاراش ــ ئارىلاشما قاتلام قارىشى .............................. 374
خىسلەتلىك ماكاندا خاسىيەتلىك ئايەم ........................ 383

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا مەي مەدەنىيىتى

ئۇلار مەركىزىي ئاسىيادا ئەڭ ئۆتكۈر ئۈزۈم مېيىنى ئەڭ كۆپ ساتىدىغان ئاھالە ئىدى.

— پروكوپىي

## 1

مەي — ئىنسانىيەت يېڭى تاش قورال دەۋرىدە ئىختىرا قىلىنغان ئېچىتىلغان ئېچىملىك.

ئېھتىمال، مەي سۈت ۋە ئالمىنىڭ ئېچىشى ئىلھامىدا، تېرىنى ئېچىغان تالقاندا ئەيلەشنى ئۆزلەشتۈرگەن زامانلاردا ئىختىرا قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

مەي ئىشلەشنىڭ ئاددىيلا ئېچىتما سۈيىدىن تەييارلىنىشى بىلەن مەينى پارلاندۇرۇش تېخنىكىسى ئارىلىقىدا ئۇزاق زامان ئۆتكەن. مەينى پارلاندۇرۇپ تەييارلاش ماھارىتى ھەممە خەلقلەردە بىرلا ۋاقىتتا ئىختىرا قىلىنغان ئەمەس.

ھازىرقى زامان ئامپېلوگرافلىرى (مەيشۇناسلىرى) نىڭ بىردەك پىكرىچە، مەركىزىي ئاسىيا ئەڭ دەسلەپكى مەي ماكانلىرىدىن بولغان.

مەي ھازىرقى زامان كىشىلىرىگىمۇ سېھىرلىك تۇيۇلىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇ ئىپتىدائىي ئىنسان ئۈچۈن مىسلىسىز سېھىرلىك — ساماۋى مۆجىزات ھېسابلانغان. بۇ نوقۇل مەست قىلغۇچ ئىسپىرتلىق ئېچىملىك قىممىتىدىلا ئەمەس، بەلكى كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە ئالاھىدە ئەتىۋارلانغان.

ئۇ دىنىي ئېتىقاد، ئىلاھىيەتچان روھىيەت، ئېتنىك قائىدە ـ يوسۇن، ئۆلۈم ۋە روھنىڭ ئۆلمەسلىكى، ئىبابەتچىلىك، مەشرەپ ـ بايرام، ئېرىقچىلىق ۋە ھۈنەرۋەنلىك، سودا ـ تىجارەت، كارۋان ـ ئۆتەڭكەشلىك، جەڭ ۋە دوستانە مۇناسىۋەت قاتارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش بىلەن باغلانغان رەڭگارەڭ ئېتنىك فولكلور چىمەنلىكىنى ھاسىل قىلغان.

مەركىزىي ئاسىيادا مەي پائالىيىتىگە ئائىت ئەڭ قەدىمكى يازما مەلۇمات يۇنان تارىخچىسى ھېرودوتنىڭ «تارىخ» ناملىق كىتابىدىكى ماسساگىتلار (ئۇلۇغ ساكلار) نىڭ گۈلخان ـ مەي بەزمىلىرى توغرىسىدىكى خاتىرىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا ئۇچۇر قىلىنىشىچە، ماسساگىتلار گۈلخان يېقىپ، چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ، گۈلخانغا مېۋىلەر تاشلىشىپ، ئۇنىڭ پۇرىقىدىن مەست بولۇشۇپ ناخشا ـ قوشاقلار ئوقۇشۇپ، ئۇسسۇل ئوينىشىپ بەزمە قىلىشقان. يۇنان تارىخچىسى ئارىئان «ئانا بازىس ئالېكساندىر» («ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى») دېگەن كىتابىدا، ئىسكەندەر قوشۇنلىرى مەركىزىي ئاسىياغا قەدەم قويغاندا، بۇ يەردىكى يەرلىك خەلقنىڭ خۇددى يۇناندا مەي مۇئەككىلى دىئونىسوس نامىغا بېغىشلانغان مەي بايراملىرىغا ئوخشاش بەزمە ـ مەشرەپ پائالىيەتلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكى يېزىلغان.

بىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن شۇ خىل مەنزىرىنىڭ داۋامىنى دەلىللەپ بېرىدىغان مەي بايراملىرى قوشاقلىرىنى ئۇچرىتىمىز. مەھمۇد كاشغەرىي مۇنداق قوشاقلارنى مىسال كەلتۈرگەن:

«كۆكلەر قامۇغ تۈزۈلدى،
ئۆۋرىق ئىدىش تىزىلدى،
سەنسىز ئۆزۈم ئۆزەلدى،
كەلگىل ئامۇل ئوينالىم.»

(ھەممە چالغۇ سازلاندى،
مەي جاملىرى راسلاندى،
سەنسىز كۆڭلۈم قىينالدى،
كەل كۇشادا ئوينايلى.)
«يىگىتلەرنىگ ئىشلەتۇ،
يىغاچ، يەمىش ئېرغاتۇ،
قۇلان، قەيىق ئاۋلاتۇ،
بازرام قىلىپ ئەۋنەلىم.»
(يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ،
ياغاچ، مېۋە ئىرغىتىپ،
قۇلان، كېيىك ئوۋلىتىپ،
بايرام قىلىپ ئوينايلى.)

بىز «ئۇيغۇر خاقانى» دېگەن ئىبارە ئېنىق تىلغا ئېلىنغان قەھرىمانلىق داستانى «ئوغۇزنامە»دە: «تۇرلۇگ ئاشلار، تۇرلۇك سۇرمەلەر، قۇ بويانلار①، قىمىزلار ئاشادىلار، ئىچتىلار»② دېگەن ئىبارىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ يەردىكى «سۇرمە» ئۈزۈم ھارىقى — مەينى كۆرسىتىدۇ.

## 2

«ئوغۇزنامە» دە مەي — سۇرمە ئىبارىسى ئىككى ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان. «سۇرچۇك» ئىبارىسى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 1 ـ تومىدا كېچىلىك زىياپەت مەنىسىدە تىلغا ئېلىنغان. مېنىڭچە، بۇ ئىككى ئىبارە ئالاقىدار بولۇشى مۇمكىن.
«بور» ئىبارىسى «تۇرپان تېكىستلىرى»دە، «كالىيانامكارا ۋە

① قۇ بويانلار — نازۇنېمەت، مايلار دەپمۇ ئىزاھلانغان، ئۇنىڭ غاز ـ قۇ بويىندەك زامان مەي ئىۋرىقىنى كۆرسىتىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس.
② «ئوغۇزنامە»، 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 29 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

پاپامكارا» (ئىككى تېگىن) ھېكايىسىدە، «ئالتۇن يارۇغ»دا، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ تەرجىمە نۇسخىسىدا، «قۇتادغۇ ـ بىلىك»تە، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»تا ئوخشاشلا تىلغا ئېلىنغان.

رەشىد رەخمەتى ئارات ئېلان قىلغان ئۇيغۇرچە بەش پارچە تېبىبىي تېكىستتە: «يىمە بور كىشىگە قار قىلۇر» (مەي كىشىگە مەنپەئەت بېرىدۇ) دېيىلسە، يەنە ئۇ كىشى ئېلان قىلغان 42 بەتلىك ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك مەزمۇنىدىكى تېكىستتە: «قايۇ كىشى باش ئاغرىق بولسالار بۇ ئۇ بورغا تاقىپ ئىچسۇن» (كىمنىڭ بېشى ئاغرىسا، تۇمارغا مەي چايقاپ ئىچسۇن) دېيىلگەن. «تۇرپان تېكىستلىرى» ئىچىدىكى 201 بەتلىك ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېكىستتە: «سارىغ ئېرۈك ئۇرۇغى سوقۇپ بور سىركەسى بىرلە ئاغزىقا تۇتسا سۆنار» (چىش ئاغرىقى سېرىق ئۆرۈك مېغىزىنى تالقانلاپ ئۈزۈم سىركىسى بىلەن قوشۇپ ئېغىزغا تۇتسا پەسىيىدۇ) دېيىلگەن. «كالىيانامكارا ۋە پاپامكارا» (ئىككى تېگىن) ھېكايىسىدە (پېللىئوت ئېلان قىلغان)، «ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر» دە (رەشىد رەخمەتى ئارات ئېلان قىلغان) ئۈزۈملۈك ئېتىزلىرى «بورلۇق» دەپ تىلغا ئېلىنغان. «ئالتۇن يارۇغ»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» (سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان)، 15 پارچە براخمى يېزىقىدىكى دىنىي، تېبىبىي ۋە تەقۋىم تېكىستى (گاباﺋىن خانىم ئېلان قىلغان) دە، «بورناچ» (قاچا) ئىبارىسى «يۇنغۇلۇق بۇرناچ، ئىچكۇلۇگ بۇرناچ» (يۇيۇش قاچىسى، ئىچىش قاچىسى)، «تۆت بۇرناچتا تولۇسۇۋىن» (تۆت قاچىدا لىق سۇ) شەكلىدە تىلغا ئېلىنغان.

«قۇتادغۇبىلىك»تە: «بور ئول بو بىلىگ ئوقۇشقا ياغى، بور ئاتى ھەقىقەت تۇتۇش ئول چوغى» (مەي ـــ بىلىم بىلەن ئەقىلگە دۈشمەن، جىدەلنىڭ ئۇرۇقى راستتىن مەي بىلەن)، «قارا بورچى بولدى نەڭى بولدى يېل، بىگى بورچى بولسا قاچان

تورغا ئېل» (خەلقى مەيخور بولسا، مۇلۇكىنى يەل سوقار، بېگى مەيخور بولسا، ئەلنى قانداق تۇتار)، «بور ئىچمە ئايا بورچى بوغزى قۇلى» (مەي ئىچمە ئايا مەيخور نەپسى قۇلى) دېگەن مىسرالار ئۇچرايدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ 3 ـ تومىدا «بور بولمازىپ سىركە بولما» (مەي بولمىسا، سىركىمۇ بولمايدۇ) دېيىلگەن. «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»تا «كىم ئول بورچى ئېرسە كىشى يېگى ئول، كېرەك ئېرسە يېگىلىك يورى بورچى بول» (كىم مەيخور بولسا، ئەتىۋارلىق بولۇۋاتىدۇ، ئەتىۋارلىقنى خالىساڭ، ماڭا مەيخور بول)① دەپ يېزىلغان.

«سۇرمە»، «بور» ئىبارىسىدىن باشقا، «مەي»، «مەيزاپ» ئىبارىلىرى «قۇتادغۇبىلىك» تە «تىلەسە فۇقا بېر، تىلەسە مىزاپ» (خالىسا پىۋە بەر، خالىسا مەيزاپ) دەپ، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»تا «مەيخۇرۇش» دېگەن شەكىلدە تىلغا ئېلىنغان، «شاراب» ئىبارىسى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» تا «ئايۇر سەن كېزىم تون شەراب ئاش كېرەك» (سەن ماڭا كىيىم ـ كېچەك، شاراب، تاماق كېرەك دەيسەن) دېگەن جۈملىدە ئىپادىلەنگەن.

«ئۇزۇم» ئىبارىسى تۇرپاندىن تېپىلغان 201 بەتلىك ئۇيغۇرچە تېكىستتە «قۇرۇغ ئۇزۇم» دېگەن سۆز بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 1 ـ تومىدا: «ئۇزۇم يىگېل ئازۇ قوغۇن يىگېل» (ئۇزۇم ياكى قوغۇن يېگىن) دېگەن جۈملە بىلەن كۆزگە چېلىقىدۇ.

## 3

مەركىزىي ئاسىيادىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ئارىسىدا مەي كۈپ ـ ئىدىشلىرىنىڭ سۇنۇقلىرى، ئۇزۇم نۇسخىلىق رەسىم ياكى نەقىشلەر، ئۇزۇم تەكلىرىنىڭ

① بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدا (123 ـ قۇر) «بورچى» ئىبارىسى «ئىككى يۈزلىمچى» دەپ يېشىلگەن.

ئىزلىرى ۋە قۇرۇغان ئۈزۈم ئۈلگىلىرى خېلىلا نۇرغۇن.

خوتەننىڭ «يوتقان» خارابىسىدىن ئورېيل ستەين قاتارلىقلار مىلادىيەنىڭ ئالدىدىكى ۋە بېشىدىكى 1 ـ ئەسىرگە ئائىت مەيزاپ كۇپلىرىنىڭ ھەم مەي ئىشۈرىقلىرىنىڭ پارچىلىرىنى تاپقان. مەن 1986 ـ يىلى ئۈكتەبىردە توكيو دۆلەتلىك مۇزېيىدا بۇنداق ئەۋرىشكىلەرنى كۆردۈم. بۇ ساپال قاچىلارغا بېشىغا ھاراق كوزىسى كۆتۈرۈۋالغان ياكى چالغۇ ئەسۋابلىرى چېلىۋاتقان ئادەم ياكى مايمۇن قىياپەتلىك فىگۇرىلار (قونچاق) كۆپتۈرۈلۈپ ئىشلەنگەن.

گابائىن خانىم «قۇچۇ ئۇيغۇر ئېلىدە ھايات» ناملىق كىتابىدا قاراشەھەر شورچۇق تاش كېمىرلىرىدىكى مەي قاچىلىرى سىزىلغان تام رەسىملىرى ئارىسىدا ئالتە قىرلىق ۋە قورساقلىق مەي قەدەھلىرىدىن 11 پارچىسى بىلەن جوغىلىرىغا قۇش بېشى نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن بىرى چوڭ، بىرى كىچىكرەك ئىككى مەي ئىشۈرىقىنىڭ بولغانلىقىنى، بۇ يەردىكى بەزى مەي قاچىلىرىغا ئۇيغۇر يېزىقى يېزىلغانلىقىنى تىلغا ئالغان①.

ئاستانە قەدىمكى قەبرىگاھلىقىدىن ئۈزۈم ھارىقى كۇپچاقلىرى بىلەن 3 — 4 ـ ئەسىرلەردىن قالغان قۇرۇتۇلغان ئۈزۈم ئەۋرىشكىلىرى تېپىلغان. مۇنداق ئۈزۈم ئەۋرىشكىلىرى، ئۈزۈم نەقىش قىلىنغان توقۇلمىلار، تەكىنىڭ قالدۇقلىرى، ھەر خىل كوزا ۋە قەدەھلەر خوتەن ئەتراپىدىكى خارابىلەردىن (دەندان ئۆيلۈك، كونا نىيە قاتارلىق جايلار بىلەن مىرەن ئەتراپىدىن)، ئۈرۈمچى رايونى يۇئېرگو، ئالغوي ئەتراپىدىن، قۇمۇل يانبۇلاق، باركۆل، مورى، ئالتاي سارسۇمبا ناھىيىسىنىڭ كىرمۇچ دېگەن جايىدىن، قەشقەر مارالبېشىدىن تېپىلغان. بۇ ھال تارىم ئويمانلىقى بىر زامانلاردا «تەكلىك ماكان» (تەكلىك ماكان) دەپ ئاتالغان دېگەن رىۋايەتنى ئەسكە سالىدۇ.

---

① شۇ كىتابنىڭ 1989 ـ يىلدىكى خەنزۇچە نەشرى، 67 ـ بەت.

بىز مەركىزىي ئاسىيادا ئىشلەنگەن مىتال ئىدىشلارغا چېكىلگەن ئۇزۇم ۋە مەي قەدەھلىرى كۆرۈنۈشلىرىنى خوتەن (يوتقان)، تۇرپان (ئاستانە) دىن تېپىلغان مەي ئىدىشلىرىدىكى كۆرۈنۈشلەرنىڭ مىتال شەكىلدىكى ۋارىيانتى دەپ قارايمىز.

مەلۇمكى، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىللاردا كەيخۇسراۋنىڭ ئوغلى سىياۋۇش توغرىسىدىكى رىۋايەت مەيدانغا كەلگەندى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، سىياۋۇش گۈزەل ئوغۇل بولۇپ، ئۆگەي ئانىسى تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلگەن ۋە نائىلاج تۇران شاھى ئەپراسىياپ ئالدىغا پاناھلىق تىلەپ كەلگەن. ئەپراسىياپ ئۇنى كامىل ئىززەتتە كۈتۈپ كۈيئوغۇل قىلغان. قەسىر بىنا قىلدۇرۇپ بەرگەن. ئىغۋاگەرلەر ئارىنى بۇزغاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈلگەن سىياۋۇش بۇخارا (كۆلتېگىن ئابىدىسىدە «بۇقاراق ئۇلۇس» دەپ يېزىلغان) يېنىدىكى «گورىيان» دېگەن جايغا كۆمۈلگەن. مۇھەممەت نارشاھىنىڭ «بۇخارا تارىخى»دا يېزىلىشىچە، بۇخارا ئاھالىسى بۇ تراگېدىك قەھرىماننى ئۆزىنىڭ دىئونىسوسى بىلىپ، 10 ـ ئەسىرگىچە خاتىرىلىگەن. دەرۋەقە، بەدەخشان بىلەن ئورال تېغى ئەتراپىدىكى ئالكىنو دېگەن جايدىن يۇنان دىئونىسوس بايرىمى مەنزىرىسى ئىشلەنگەن، ئادەم قىياپەتلىرى بىر ـ بىرىدىن خېلىلا پەرقلىنىدىغان ئىككى كۈمۈش ئىدىش تېپىلغان.

د. ئېرلانگىر قاتارلىق مۇزىكا تارىخى ئالىملىرى بۇ رەسىمنىڭ ئاستىنقى قىسمىدا مەي تۆكىۋاتقان ئارسلاننىڭ يېنىدىكى ساز چالغۇچىلار تۇتقان سازنى ئەپراسىياب خارابىلىرىگە سىزىلغان، جۈملىدىن فارابىينىڭ «كىتابۇل مۇسىقۇل كەبىر» ناملىق ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان تەمبۇر دەپ ئىزاھلىغان①. بەدەخشاندىن تېپىلغان ئىدىشتىكى رەسىمدە② ئوتتۇردا ئولتۇرغان كىشى ساقاللىق، ياشانغان ئەركەك

---

① «مۇزىكىلىق ئاسارئەتىقىلەر» لېنىنگراد نەشرى، 63 ـ بەت.
② «ئۆزبېك تىياتىر تارىخى»، 1975 ـ يىلى تاشكەنت نەشرى، 1 ـ توم، 60 ـ بەت.

قىلىنغان، ئۇنىڭ ئاستىدىكى سەككىز يالقۇنلۇق قۇياش كۆرۈنۈشى 12 شادىلىق چاق (بۇددىزمدىكى سانسارا — ئالەمدە ھاياتلىقنىڭ دەۋر قىلىشى) قىلىنغان، ئۈزۈم تەكلىرى قويۇق ئىشلەنگەن.

## 4

ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدىكى مەي مەدەنىيىتى ھەرقايسى دەۋرلەردە ئىشلەنگەن سىنتاش (بالبال) سىزما رەسىملەردە تېپىك ئىپادىلەنگەن.

ئورخۇن ۋادىسىدىن تېپىلغان «كۆل بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» (716 — 734) نىڭ ئۇستۇنكى تەرىپىگە شۇڭقار، ئاستىغا قاغان ۋە بىللە دەپنە قىلىنغان خاتۇنلارنىڭ ئوڭ قوللىرىدا مەي قاچىسى تۇتقان كۆرۈنۈشى چېكىلگەن.

بۇ ھال مەينىڭ ئەڭ مەندار دىنىي ھەم مىللىيەتلىك قىممەتكە ئىگە تامغىلىق ئەھمىيىتىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ. بىز شىنجاڭ مەركەز قىلىنغان كەڭ مەركىزىي ئاسىيا دالالىرىدا كۆپلىگەن بالبالالارنىڭ ئەر - ئايال بولۇشىغا قارىماي، ئوڭ قولىدا مەي قاچىسىنى، سول قولىدا خەنجەر دەستىسىنى تۇتقان، مەي قاچىسىنى يۈرەك كۆكرىكى ئۈستىگە، خەنجەر دەستىسىنى جىگەر - ئۆت ئۈستىگە توغرىلىغانلىقىنى كۆرىمىز.

ساك ئادىمىنىڭ ئۇچلۇق تەلپەكلىك، تىزلانغان مىس قۇيمىسى قولىدا مەي قاچىسى تۇتقان قىياپەتتە ئىشلەنگەن. ئارغۇدىن تېپىلغان بالبال بىلەن تالاس كونا قەبرىگاھلىقىدىن تېپىلغان بالبال قاتارلىق نۇرغۇنلىغان بالبالار تېپىلغان.

شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەركى، بالبالار پۈتۈنلەي بالبالدىكى شەخسنىڭ قەبرە بېشىغا قويۇلغان بولماسلىقى مۇمكىن. مۇھىم قونالغۇ، جەڭگاھ، مۇراسىم مەيدانلىرىدىنمۇ بالبالار تېپىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، 6 - ئەسىرگە ئائىت پەنجىكەنت تام

رەسىملىرى ئارىسىدا بەللىرىگە قىلىچ ـ خەنجەر ئاسقان ئەركەك قەھرىمانلارنىڭ مەي قاچىلىرىنى تۇتقان كۆرۈنۈشلىرى ئۇچرايدۇ.

بۇ ھال ئەلۋەتتە ئۆلگۆچىگە ئاتالغان ئەمەس، بۇ ئەھۋالنى «قەھرىمانلىق ۋە شاد ـ خۇراملىق»، «ئىككى دۇنيالىق» دېگەن قاراش بىلەن بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتۇرۇش مۇمكىن.

بىز پەنجىكەنت تام رەسىملىرىدىن بىرىگە شىر پۇتلۇق تەختتە ئولتۇرغان غەربىي تۈرك يابغۇسىنىڭ ئۇزۇم نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن ئوردىسىغا ۋىزانتىيە ئەلچىسىنىڭ مەي كوزىسى تۇتۇپ تىزلىنىپ تۇرغان، يابغۇ قىلىچ ئاسقان، ئەمما قولىدا مەي قاچىسى تۇتمىغان ھالەتتىكى قەسىر كۆرۈنۈشى سىزىلغانلىقىنى كۆرىمىز①. بۇ ئېھتىمال، ۋىزانتىيە ئەلچىسىنىڭ يەرلىك خەلقلەر رەسمىيىتى بويىچە يابغۇغا كۆرۈنۈشكە كىرگەنلىكىنى ئىپادىلىسە كېرەك. پوگاچېنكوۋا بىلەن رېمپېل 1965 ـ يىلى تاپقان 8 — 10 ـ ئەسىرلەرگە ئائىت قارلۇق يابغۇسى تەختى مەنزىرىسى چۈشۈرۈلگەن كۈمۈش تاۋاقتا ئىككى شىر پۇتلۇق تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان يابغۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە گۈل تۇتقان ۋە ئىشۆرىق ـ ئىدىشتا مەي تۇتقان ئىككى كىشى ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن.

ستەين خوتەندىن بىر قولىنى تىزىغا قويۇپ، بىر قولىدا مەي پىيالىسى تۇتقان، كەمىرىگە خەنجەر ئاسقان، ئارقىسىدا يەنە گۈل ۋە يا ئوقى تۇتقان، ئىككى قولى كۆپەيتىپ سىزىلغان، پۈتىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرغان قارا ساقاللىق مەغرۇر ئەركەك رەسىمىنى تاپقان. ستەين رۇستەم ـ بۇدساتۋا دەپ ئاتىغان بۇ رەسىم ئومۇمەن بۇدساتۋا ئەمەس، بۇدساتۋالار مەي تۇتقان قىياپەتتە تەسۋىرلەنمەيدىغانلىقى سەۋەبلىك بىلەنمۇ رۇستەمنىڭ ئوبرازى يەرلىك مىللىي ئادەتكە لايىقتۇر②.

ئالاھىدە ئېتىبارغا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ستەين دەندان

① «مۇزىكىلىق ئاسارئەتىقىلەر»، 116 ـ بەت.

② «ستەين.سىرىنىدىيە».

ئۆيلۈكتىن تاختىغا سىزىلغان ئاتلىق ۋە تۆگىلىك ئىككى كارۋاننىڭ بىر خىل يۆنىلىشكە سەپەر قىلىۋاتقان رەسىمىنى تاپقان. يىراق سەپەرگە ئاتلانغان بۇ كارۋانلار قوللىرىدا (سىمۋوللۇق ھالەتتە) مەي تولدۇرۇلغان ئىككى پىيالە قەدەھنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈۋالغان. روشەنكى، مال يۈكلەنمىگەن كارۋان ئات ـ تۆگىلىرى بولمىسىمۇ، رەسسام مالنى ئەمەس، مەينى گەۋدىلەندۈرگەن.

## 5

تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىيەدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى جاڭ چيەن خەن ئوردىسىغا ھازىرقى شىنجاڭنىڭ ئۈزۈم مېۋىسىنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما تاڭ تەيزۇڭ (627 ــ 649) دەۋرىدىلا قوچۇنىڭ بىجاقى ئۈزۈم ھارىقى چاڭئەندە كېڭەيتىلگەن. «كىتاب مۇئەسسەسىنىڭ ئەسلىي پۈتۈكلىرى» (970 ـ جىلد) دېگەن كىتاب ۋە لى شىجېننىڭ «دورىلار قامۇسى» ناملىق كىتابىدا بۇ ۋەقە ئېنىق تىلغا ئېلىنغان.

مەينىڭ چاڭئەنگە تارقىلىشى ئوردىدىن تاكى ئاھالە رايونلىرىغىچە «چاڭئەن غەربىي دىيار مەي مەدەنىيىتى» ھادىسىسىنى پەيدا قىلغان. چاڭئەندە ئىشلەنگەن مەيلەردىن باشقا، قوچۇ قاتارلىق جايلاردا ئىشلەنگەن مەيلەر يۆتكەپ كېلىنىپ قىممەت باھادا سېتىلغان. چاڭئەننىڭ غەربىي تەرىپىدىكى بازاردا كۆپلىگەن ئۇيغۇر ۋە سوغدى مەيخانىلىرى ئېچىلغان.

خەنزۇ سودىگەرلىرىنىڭ ئاساسەن ئۆز ئىزىدا دۇكان ـ ساراي ئېچىپ «ھەتتار» شەكىللىك سودىگەرچىلىك ئەنئەنىسىدىن پەرقلىق ھالدا، ئۇيغۇر ـ سوغدى سودىگەرلىرى يۇرت كېزىپ، قوۋۇق ئاتلاپ، خەلقئارا سودا ھەم ئاۋات بازار

تىجارەتتى ماھىرلىقى ئەنئەنىسىگە ئىگە ئىدى. ئۇلار تاغ ـ داۋان، قاراقچى ۋە قاراۋۇل توسقۇنلىرىنى يېڭىپ، تېز ئارىدا سودىنى جانلاندۇراتتى. ئۇلاردىكى ياۋروپا، ئاسىيا مىللەتلىرىدە كەم ئۇچرايدىغان «ئەنئەنىۋى ئېرسىيەت» ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگە ئۆتۈپ كەلگەن. مەي سودىسى ئۇنىڭ مۇھىم تاپاۋىتىنىڭ بىر قىسمى ئىدى.

ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدىكى مەي مەدەنىيىتى تېببىي ـ دورىگەرلىك ۋە سەنئەت (بولۇپمۇ شېئىرىيەت) ئىجادىيىتىگە يېقىن تۇس كىرگۈزگەن.

لى بەي (701 ــ 762) نىڭ مەي ئىبارىسى بىلەن يازغان كۆپلىگەن شېئىرلىرى ئۇنىڭ لىرىك قەلبىنى ئىپادىلەش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئائىلىۋى مۇھىتىنىڭ روھىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇشى ئېھتىمال. ئۇ «بور» مېيىگە ھېرىسمەن ئىدى. ئۇ «ئۆسمۈرلۈك» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

«ئۆتتى ئۇلىندا ياشلىق، غەربىي گۈزەدە يەنە،
ئاق بوز ئات، كۈمۈش ئېگەر ئۇستىدە يېرىپ ھاۋا.
سورىسا كىمكى گۈل بېسىپ يول ئالدىڭىز قايغا دەپ،
كۈلۈپ كىرىپ كېتەتتىم ئۇدۇل خۇ① مەيخانىغا.»

ئۇ «ئاق قاشقا تۇلپار» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

«ئۇستىدە كۈمۈش ئېگەر، ئاق قاشقا تۇلپار ئوينىتىپ،
لاي كېچىپ، گاھى يېشىل كىمخاب زېمىننى بويلىتىپ،
بەرگ قېقىلغاندا زېمىنغا سۇس يېغىن شامال ئارا،
خۇ قىزى مەيخانىغا كىردىم ئوغۇل قامچا تۇتۇپ.»

---

① خەنزۇچە «胡» تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن ئاساسلىقى ئۇيغۇرلارنى ئىپادىلىگەن.

ئۇ «فېي تۇنەننى ئۇزىتىش» دېگەن نەزمىسىدە مۇنداق يازغانىدى:

«ئۇزىتىپ چىققاندا مەن بولماق ئۇچۇن سىزدىن جۇدا،
چىن چىمىن دەرۋازىسىغا بىر كېلىپ قالدۇق مانا،
خۇ قىزى تەكلىپ قىلۇر قول ئوينىتىپ مەي ئىچكىلى،
جىلۋە ئەيلەر مەي ـ شاراب قولىدىكى مەي جامىدا.»

لى بەي ئائىلە تەسىرىدە مەي، ئات ۋە مۇزىكىغا ھېرىسمەن بولغان. ئۇ «مەي سۇنماق» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

«ساز ياغاچتىن سورىسىڭىز لوڭمىڭ چىنارى ئەسلىدە،
قاشتېشى ئۆرىقىقا باقسام مەي تۆگەپتۇ تەكتىدە.
چالغۇنى باغرىم بېسىپ، پەيتارى چەكتىم سىز بىلەن،
ھال يۈزۈم بىر ئاقىرىپ، ئەمدى يېنىپتۇ ئەسلىگە.
خۇ قىزىدا گۈلنىگار، مەيخانىدىن خۇشبۇي تارار،
بولمىساق كەيپ، يەتكۈلۈك يوقتۇر ئەمىنلىك ۋەسلىگە».

ئۇ «كەيپلىكتىن كېيىن جۇلياڭغا نەزەر» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

«خەت پۈتۈن پۇچۇلدى مىڭ ـ مىڭ قىل قەلەم،
نەزم ئارتساق بولدى دوك ئۆكۈزمۇ ھەم.
ئەجدىھا ـ يولۋاسنى قىلدى، شىلتىساق قەلەم بىنا،
ئۇچتى بۇلۇت قەرىگە ئويناي ئۇسسۇل دەپ گۈل سەنەم.
ناخشا ئېيتۇر ئىككى خۇ قىز ساز چېلىپ تاڭدىن بېرى،
سىز بىلەن مەيزاب كۆتۈردۇق يول قويۇشماي دەممۇ دەم.»

ياڭ چۈي «خۇ قىزىغا نەزم» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

«ئەكس ئېتەر دەريادا ھۆسنى بىغۇبار،
شۇنچە مېھماندوستكى گويا نەۋ باھار،
ھەممە بىلگەي مەيچى قىزنىڭ ئادىتىن،
مەي تۇتار گەر ئىچمىسەڭ خىجىل قىلار.
جۇيزە ياپراق يەلپۈگۈچتەك خۇش پۇراق،
ياسىنىپ ئالدىڭغا بالىخانىدىن چىقار.
پۇل ساناشقا بارمىقىڭنى يايار تېخى،
قايغۇسىز ئۆتكەي جاھاندىن بەر قارار.»

ۋاڭ جيې «مەيخانىدىن ئۆتكەندە» دېگەن شېئىرىدا، ھەتتا نېسگە مەي ئىچىش خىجىللىقىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«بولسا يارماق ئىچكۈلۈك دەركار ئىدى مەينى ماڭا،
بولمىسا چۆنتەكتە پۇل ھاجەتمۇ مەي ئىچمەك يانا.
ھەر قېتىم خىجىل بولۇپ ئىچكەچكە مەينى تەمتىرەپ،
يۈزلىرىم مەيدەك قىزاردى خۇ قىزىنىڭ ئالدىدا.»

خې جاۋ «مەيچى خۇ قىزىغا» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

«باش باھار مەيخانىسىدا ئولتۇرۇر ئۇيغۇر قىزى،
قولىدا پەي تارى چالغۇ تۇن ئارا چاڭ ـ چاڭ چېكىپ.
سۇس قىرو بولسىمۇ ئاستى، كىيگىنى بۇلغۇن جۇۋا،
قىپقىزىل شىرداق تۆپىگە ئاي تۇرار شولا چېچىپ.
قاشتېشى تاۋاقتا پىشقان يېڭى چورتان بېلىقى،
چوغدا مىس داڭقان ئىچىدە قوي گۆشى تۇرغان پىشىپ.
بۇندا مېھمانلار زېرىكمەس، تارقىماس ھەر چاغدىمۇ،
تۇرغىنىدا ‹ياپىپېشىل رومال› كۈينى ئىشتىشىپ.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەينى زاماندا چاڭئەندە ئوينالغان ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق ئويۇنلاردىمۇ غەربىي دىيارلىقلارنىڭ فولكلور خاراكتېرىنى ئالغان مەي مەدەنىيىتى يوسۇنلىرى ئىپادىلەنگەن.

## 6

بىز غەربىي دىيار تاشكېمىرلىرىدىكى تام رەسىملىرى بىلەن تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىگاھلىقى لەھەت تېمىغا سىزىلغان رەسىملەردىن، جۈملىدىن تۇرپاندىن تېپىلغان «ئۇيغۇر مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ۋەسىقىلىرى» (جۇاڭ ۋېنشى ئەپەندى 1954 ـ يىلى ئېلان قىلغان)دىن ئەينى زاماندا تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە مەي مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى كۆرىمىز.

بىز ئاستانە لەھەت تاملىرىغا سىزىلغان «ئۆلگەندىن كېيىنكى زىياپەت» دەپ ناتوغرا چۈشىنىلگەن رەسىمنى قىزىل ـ مىڭئۆيلىرىگە سىزىلغان مەي قاچىسى تۇتقان بىر قاتار رەسىملەر بىلەن بىرلىكتە قوچۇ، كۈسەن «بۇرناچ» (ساقىي) ئۇسسۇلى دەپ تونۇيمىز.

ھازىرقى كۈندە «بىر پىيالە مەي»، «چىنە ئۇسسۇلى» دەپ ئاتالغان، ئەمما ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرىدە كەڭ تارقالغان مەيزاب (بەزى جايلاردا چاي) سۇنۇلىدىغان ئۇسسۇللار چاڭئەندىمۇ ئوينالغان. شائىر جاڭ خۇ «بۇرناچ ئۇسسۇلى»ناملىق شېئىرىدا، غەربىي دىيارلىق ئۇسسۇلچىنىڭ پادىشاھ تاڭ شۈەندىنىڭ ئالدىدا ئۇسسۇل ئويناپ، ئۇنىڭغا مەي تولغان قەدەھنى تۇتقانلىقىنى، پادىشاھ دەسلەپتە بىلەلمەي قېلىپ، كېيىن كۈلۈپ قولىغا مەي ئالغانلىقىنى مۇنداق يازغان:

«نەۋ باھار گۈللەر ئېچىلغان شىڭجۇ قەسرى باغىدا،
لياڭجۇ چوڭ نەغمە كۈچەپ ئايلاندى ئۇسسۇل سازىغا.

چۈشتى ئۇسسۇلغا تۇتۇپ زەر جامنى رەققاس قولىغا،
ئالدى جامنى بىر كۆلۈپ ئىلكىگە دەرھال پادىشاھ.»

بۇ پادىشاھ تاڭ شۇەندىنىڭ ئۆچلۈك (روشەن بۇخارى) ـ سۆيگۈن تويلىقىنى تىنچىتىپ قايتا تەختكە چىققانلىقىنى تەبرىكلەش بەزمىسىدىكى «بورناچ» ئۇسسۇلىنىڭ شېئىرىي ئۇچۇرى ئىدى. ئاستانە ۋە قىزىل تام رەسىملىرى قۇچۇ ـ كۇسەن ھۆكۈمرانلىرى ئالدىدا ئوينالغان بورناچ ئۇسسۇلىنىڭ جانلىق تەسۋىرىي كۆرۈنۈشى بىلەن بىزنى تەمىنلىدى.

داگۇ گۇاڭرۇي باشچىلىقىدىكى ياپونىيە ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى كۇچا سۇبېشى خارابىسىدىن ياپونىيىگە ئەكەتكەن جەسەت كۆلى قۇتىسى سىرتىغا سىزىلغان چالغۇ، ئۇسسۇل، دراماتىك كۆرۈنۈشتىكى رەسىملەر ئارىسىدا نىقابلانغان ئۇسسۇلچىلاردىن بىرىنىڭ بېلىگە مەي ئايىقى (مەي قاچىسى) ئېسىۋالغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

بىز فەن دىڭدىڭ، گۇڭ جيەنشېڭ، چى شېيۇي قاتارلىق يولداشلار سىزىۋالغان «كۇسەن تام رەسىملىرىدىن سىزىلمىلار» (1983 ـ يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان) ناملىق كىتابنىڭ 8 ـ، 10 ـ، 21 ـ، 74 ـ، 77 ـ، 78 ـ، 119 ـ، 121 ـ بەتلىرىدىن مەي كوزىلىرى ياساۋاتقان، مەي قاچىسى تۇتۇپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشلەرنى كۆرىمىز. بۇ كۆرۈنۈشلەر قويۇق يەرلىك ۋە مىللىي تۇستە سىزىلغان.

ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈش سىزىلغان مەي قاچىلىرى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ بېرىلغان. شاڭ دا ئەپەندىنىڭ «چاڭئەن ۋە غەربىي دىيار مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىدا چاڭئەن ۋە لوياڭدىن تېپىلغان ئۈزۈم نەقىشى چۈشۈرۈلگەن غەربىي دىيار ئىككى لېگەننىڭ رەسىمى بېرىلگەن. شىئەننىڭ تاڭفېن، ۋاڭفۇ دېگەن جايىدىن غەربىي دىيار (ئىدىقۇت) كىشىلىرىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن جام تېپىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خېنەن ئۆلكىسى ئەنياڭ ناھىيىسى خەنسۇي قەبرىگاھلىقىدىن تۆت سازەندە ۋە بىر ئۇسسۇلچى ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ياپىلاق سېرىق مەي قاچىسى تېپىلغان.

تۇرپاندىن تېپىلغان «ئۇيغۇر مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ ۋەسىقىلىرى» دە، موزاق ئىلىمقا تۇتۇق باشقۇرىدىغان روزغارلار قاتارىدا «بورلۇق يەر» (11 ـ، 24 ـ، 63 ـ قۇردا) تىلغا ئېلىنغاندىن باشقا، ئەر ـ ئايال راھىبلارنىڭ كۈندىلىك تامىقىغا ئۈزۈم هارىقى قوشۇپ بېرىش تەۋسىيە قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ قىلىچ ـ خەنجەر ۋە كاسە ـ مەي مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مەشرەپلىرى، نەغمە ـ ئۇسسۇللىرى، تىياتىر پائالىيەتلىرىگىمۇ سىڭگەن. سۇي لىڭچېن يازغان «ئوقۇتۇش مۇئەسسەسە خاتىرىلىرى» دە يېزىلىشىچە، ئەينى زاماندا «شىركەيپ غۇز» دېگەن ئويۇن بولغان. چىڭ ياڭ يازغان «نەغمىنامە» دە، «مەست غۇز» (醉胡) ئويۇنىدا ئوينايدىغان پېرسوناژنىڭ كىگىز قالپاق، قىزىل تون، كەمەر ـ خەنجەر ئاسقان قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن. «سۇڭ تارىخى. مۇزىكا تەزكىرىسى» دە، «شىركەيپ ئۇيغۇر تاقلىما تۈركۈمى» (醉胡腾队) دېگەن سۆز بولۇپ، بۇنىڭدا مەخسۇس شىركەيپ هالەتتىكى ئويۇن ئوينىغۇچى ئاكتىيورلار نەزەردە تۇتۇلغان. ئىچكى ئۆلكىلەردە قىلىچ ـ خەنجەر ئېسىش كەڭ ئەۋجىگە چىقىپ، ياپونىيىگىمۇ كېڭەيگەن. بۇ خىل مودا «خۇ ئۇسلۇبى» (胡风) دەپ ئاتالغان. «ئۇلۇغ ياپونىيە تارىخى» 347 ـ جىلدىدا «غۇزلارنىڭ مەي ئىچىشى» (胡饮酒) دېگەن مۇزىكىلىق ئويۇن تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ئۆزگەرگەن ۋارىيانتتا هازىرغىچە ئوينالماقتا. بۇ «مەست غۇز بەزمىسى» (醉胡乐) دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ مەي مەدەنىيىتى ئىسلامىيەتتىن كېيىن بەلگىلىك دىني ۋە ئەخلاقىي ئۆزگىرىشكە ئۇچرىسىمۇ، بۇ ئەھۋال ئوخشىمىغان رايونلاردا هەر خىل راۋاجلانغان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئەدىب ياللۇغ چۇساي «غەربىي دىياردا چوكانتال بايرىمى» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

«كۆيدۈرەر ئۆزۈم مېيى غەم بىلەن باغرىڭ قوشۇپ،
كەھرىۋا جامدا تۇرار مەي قاقىدەك ئالدىڭ توسۇپ.»

مىڭ سۇلالىسى شائىرى زېڭ چى «چېن ۋەنيۈەننى غەربىي دىيارغا ئۇزىتىش» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

«شاھى چىقتى خەن تىلىدا بىزگە ئەيلەپ مەرھابا،
تەخ ئىكەن ئۆزۈم ھارىقى كېمىر ئۆيلەردە يانا.
يۇزىدە خوتەنچە ئەگلىك رەقسى قىلدى قىزلىرى،
سازچىلار ئوينار تۇتۇپ كوسەن كۈينى قولىدا.»

چىڭ سۇلالىسى شائىرى لى لۈەنشۇن «قورۇلدا ئالتە نەزم» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

«ئۆزۈم شارابىنى ئىچىپ ياتساڭ زېمىندا مەست بولۇپ،
ئاسمان كۆزگە چۈشەر گاھى ئېگىز، گاھى پەس بولۇپ.»

## 7

ئۇيغۇر مەي مەدەنىيىتى چاغاتاي مۇئەللىپلىرى ئەسەرلىرىدە كۆپ سىمۋوللۇق، باي مەزمۇنلۇق پىكىر - ھېسسىيات ۋاستىلىرى سۈپىتىدە، جۈملىدىن خەلق مەشرەپ پائالىيەتلىرىنىڭ بىر مەزمۇنى سۈپىتىدە ئىزچىللاشتى. ئۇنىڭغىچە، ئىبنى سىنا ئەسەرلىرىدە، كەيكاۋۇس(شەمسۇلمائالى قابۇس)نىڭ «قابۇسنامە»سىدە، جۈملىدىن شەرق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ رىسالىلىرىدە مەي ۋە مەي ئىچىش ئەدەپلىرى توغرۇلۇق يېتەرلىك با-

يانلار بېرىلگەن.

ئىبنى سىنا «ئۇرجۇزا»، «تىب قانۇنلىرى» قاتارلىق كىتابلىرىدا مۇنتىزىم مەيخورلۇقنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي زىيانلىرىنى سۆزلەيدۇ ۋە «مەينىڭ ئازى داۋا، كۆپى زەھەر» دەپ كۆرسىتىدۇ.

كەيكاۋۇس «قابۇسنامە»نىڭ «شاراب ئىچىش ھەققىدە» ناملىق 11 ـ بابىدا، سۆزنى «ئەي ئوغلۇم، مەن ساڭا شاراب ئىچ ياكى ئىچمە دەپ ئېيتمايمەن» دېگەن جۈملە بىلەن باشلاپ، ئىچىشكە زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندىكى مەي ئەدەپلىرى ئۈستىدە توختالغان.

ئەرەب شائىرى ئەبۇل فەراج مەي ئىچىشكە كەسكىن ئېتىراز بەرگەن ھالدا، مەي ئىچىشتىكى تۆت خىل ھايۋانىي قىياپەت ــ تورزدەك تاۋلىنىش، مايمۇندەك ھىجىيىش، شىردەك تەكەببۇر بولۇش، چوشقىدەك پاسكىنا ھالەتكە چۈشۈشنى تىلغا ئالىدۇ. كامىل خوجەندى، بىرىنچى قەدەھ سالامەتلىك ئۈچۈن، ئىككىنچى قەدەھ كەيپىيات ئۈچۈن، ئۈچىنچى قەدەھ سۆرۈن يۈز بولماق ئۈچۈن، تۆتىنچى قەدەھ ئەقىلدىن چىقماق ئۈچۈن ئىچىلىدۇ، دەپ يازىدۇ. ئۆمەر ھەييام:

«ھوشيار بولسام مەندىن خۇشاللىق يىراق،
مەست بولسام ئەقلىمدىن ئاجرايمەن بىراق.»

دەپ يازسا، ئەلىشىر نەۋائىي مۇنداق يازىدۇ:

«بەد مەستلىك دەممۇدەم مەيدىن نە بەھىر،
كى ئادەملىك قەتلىگە قەدەھ ـ قەدەھ زەھەر.»

ئېيتىش كېرەككى، ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇرلار ھاراق تىجارەتچىلىرى سالاھىيىتىدىن تەدرىجىي قالدى. پەقەت

يېزىلاردا مەشرەپلەر ئۆچۈن، توي ـ تۆكۈن ئۆچۈن مەيزاب، مۇسەللەس ۋە دورا هاراقلىرى ئىشلەپ چىقىرىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مىڭلارچە مەي، ساقىي، مەيخانا ھەققىدىكى شېئىرلار شائىر قەلبىنىڭ ماجازى ۋاستىسى بولۇپ خىزمەت قىلدى. بۇ هال مەي مەدەنىيىتى هادىسىسىنىڭ خاس شەكلىنى هاسىل قىلدى.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مەي، ساقىي، مەيخانا (خارابات) ئىبارىلىرى پەلسەپىۋى ۋە ئىجتىمائىي مەنىدە شائىر قەلبىنىڭ ئوخشىمىغان پىكىر ـ ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان قاراتمىلىقلا ئىگە ئىدى.

مەي ئەركىنلىك، ئازادىلىك، بەھۇزۇرلۇق مەنىسىدە؛ غايە، ئۈمىد، مەستلىك مەنىسىدە؛ ئىشق، جانان، رەپىق مەنىسىدە؛ تەقدىر، هايات، مەڭگۈلۈك بىرلىك («ۋەھدەت شارابى»)، ئۆلۈم (ئەجەل) مەنىسىدە ماجازى سىمۋوللاشتۇرۇلدى. ئۇ زۇلۇم، هاكىمىيەتلەقلىق، چىقىش يولىنىڭ توسقۇنلىرىغا قارشى ئىنسانپەرۋەرلىك، ئىسيانكارلىق ئىدىيىلەرنى گەۋدىلەندۇردى.

مەي كاسەسى، جام، قەدەھ، قاچا ئىبارىلىرى هەر خىل قاراتمىلىقتا، جۈملىدىن جانانىڭ لېۋى مەنىسىدە ئىشلىتىلدى.

ساقىي ئىبارىسى ئومۇمەن گۈۋاھچى، ئۈلپەت، جانان، ھەتتا «ئەجەل ساقىيسى» دېگەندەك مەنىلەردە كەلدى.

مەيخانا ئالەم، راھەتخانا، مەزلۇملار دەرگاھى، ھەقىقەت قەسرى، پاك كۆڭۈللۈكلەر ئۆيى مەنىلىرىدە قوللىنىلدى.

مۇھەممەت خارازىمى «مۇھەببەتنامە» داستانىدىكى ھەربىر مەكتۇبات مەسنەۋىلەر تۇركۇملىرى ئاخىرىغا:

«كەل ئەي ساقىي كېتۈرگىل بادەئى ناب،
كۆلە، ئوينايۇ ئىچسۇنلەر بۇ ئەسھاب.»
«كەل ئەي ئاي يۈزلى ساقىي تۇت بىرەر كۈش،
بىرەر كۈش بىرلە قىلغىل بىزنى بىھۇش.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېگەندەك ئۆچىنچى شەخسكە ئىلتىماس قىلىش مىسرالىرىنى قوشۇپ ئىشلەتتى.

ئاتايى، سەككاكى ۋە لۇتفىلارمۇ مەي، ساقىي ئىبارىلىرىدىن پايدىلانغان. لۇتفى:

«ئاھكىم باغرىم فىراق ئوتى ئۆزە بولدى كەباب،
مەجلىسىم نۇقلى غەمۇ، ئاندۇخى كۆز ياشىم شەراب.»
«بىر جۇر ئەنى بۇخەستە قۇلىڭ يادىنە قىل نۇش،
ئول دەمكى ئەرۇر زۆھرە ئۇ گۇل مۇترىبى ساقىيىڭ.»

دەپ يازغان. ئۇ «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانىدا:

«بۇ ھالەتتە خىرامان بولدى ساقىي،
مەلىكزادىغە يەتتى دەۋر ئاياقى،
ئاياق ئالىپ ئىچە ـ ئىچمەستە ئول شاھ،
چاغىردا كۆردى ئۆز ئەكسىنى ناگاھ»

دەپ يازدى. بۇ يەردە «شاراب» مۇھەببەت كۆز يېشى ۋە سەلتەنەت نۆۋىتى مەنىسىدە كەلگەندى.

ئەلىشىر نەۋائىي مەي، ساقىي، مەيخانا ئىبارىلىرىدىن كەڭ ۋە رەڭدار پايدىلاندى:

«ئەي نەۋائىي ئەقلۇدىن ياغما قىلۇر دەۋران مەي،
چىق راۋان بۇ بەزمىدىن قىلجۇملە ھوشۇڭ بارىدا.»
«مەست بول ئەل مۇددۇئاسى يارى بىرلە ھەر نەپەس،
ئەلدىن ئايرۇ جاى تاپقاندا بۇ جامنى جام دېمە.»
«بۇ دىياردا ئەيىب ئەتمە گەر مەستى خاراب ئولسام،

كىم ھەرنە ئىمارەتتۇر، دەھرى ئەنى خاراب ئەيلەر.
مەست ئەيلە نەۋائىينى ئاڭلاي دىر ئىسەڭ كامىن،
ۋەسلىڭ تەمەئىن خۇشيار ئەيلەرگە ھىجاب ئەيلەر.»
«يوق ئېرۇر دەۋران جاپاسىدىن قۇتۇلماق، ئەي رەپىق،
تۇتمىساڭ مەيخانەنىڭ كۇنجىنى تا ئانداقكى مەن.»

بۇ يەردە مەي زامانىنىڭ ئەقىل بۇلغىغۇچىسى، ئەل مۇددىئاسى، زامان جاپاسىدىن قۇتقۇزغۇچى مەنىلىرىدە كەلگەن. دەرۋەقە، نەۋائىي ئەسەرلىرىدىكى شۇنچە كۆپ مەي، ساقىي، مەيخانا، مەجلىس، ئەنجۇمەن ئىبارىلىرى خاس تەتقىقاتقا لايىق تېما.

ئۇ يەنە مۇنداق گۇزەل بېيىتلارنى يازغان:

«مەي بىرلە يۇزىڭ تىم ـ تىم ئەخمەرمۇ ئىكەن ئايا ؟
يا شۆلە ئارا بىر ـ بىرىگە ئەخگەرمۇ ئىكەن ئايا ؟»
«باش قويارمەن كۇلۇپ ئاياغىندا مەي ئىچسەم پەيۋەست،
قېنى مۇغ دەيرىندە مېندەك يەنە بىر بادە پەرەست.»
«ساقىيا بۇغۇسسە دەفئى مەستۇ بىخۇدلۇغدۇرۇر،
تۇت شەپەقگۇن مەي تولا گەر خۇد ئېرۇر گەردۇن قەدەھ.»
«جام ئېرۇرمېن تەلبەگە قانلىغ كۆزۇمنىڭ كاساسى،
لالىلەر سەھرادا بەس گەر ئىستەسە مەجنۇن قەدەھ.»
«دەۋران ساڭا زۇلۇم ئېتسە قەدەھلەر تولا مەي ئىچ،
قان يۇتساڭ ئاياغلەر تولا دەۋرانغا نە پەرۋا.»
«سەن لەبىڭ شۇرغان سەيىن مېن قان يۇتەرمەن ئىي ھەبىب،
سەن مەي ئىچكىلىكىم ماڭا خۇنى جىگەر بولمىش شاراب.»
«چەك نەۋائىي نالە، كۆزمەي، بەرسۇن ئول باغرىم كاباب،
چۇن بولۇر ئول ئاي خىيالى بىزگە مېھمان ھەر كېچە.»
«مۇغەيىنى بىر ناۋانى تۇز، نەۋائىي نەغمەئى كىرگۇز،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاياقچى تامسا تۆت توققۇز، كى دارائى جاھان كەلدى.»
«ساقىيا، كۆز بىرلە كۆڭلۇمنى قارا قىلمىش خۇمار،
كەلكى، بۇ ئۆيلەرنى مەيْ خۇرشىدىن رەۋشەن قىلاي.»

مەشرەپ شېئىرلىرىدا مەي تۇركۇم ئىبارىلىرى يالقۇنلۇق، ئىسيانكارلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن:

«مەنسۇرى ھەللاجىدەك ئىچىپ شارابى ئەنتەھۇر،
چەرخ ئۇرۇپ يىغلاپ تۇرۇپمەن ئۇشبۇدەم دار ئالدىدا.»
«زاھىت ماڭا بىر شىشەئى مەي، ساڭا نامازىڭ،
مەڭ تەقۋانى بىر شىشەئى مەيگە ساتا قالدىم.»

زەلىلى شېئىرلىرىدا بۇ ئىبارىلەر شائىر غايىلىرىگە بېقىندۇرۇلغاندى:

«كەل ئى مەنسۇر بولۇپ ساقىي سىرىمنى ئاشكارا ئەيلەي،
ئىچىپ كۆز لالە يەڭلىغ خۇنى ھەسرەتتىن ئاياغىم بار.»
«زەلىلى پەقىرلەر مەيخانىسىدە سەلتەنەت كۆرگەچ،
تىكىپ توغىن ئەلەم مەسنەد نەشلى بارگاھىمدۇر.»
«زەلىلى زاھىت ئەھلىدىن بويى ئىپپەت تاپمىدىڭ ھەرگىز،
قەدەم قويغىن خارابات ئىچرە ئەرزۇيى تەۋەككۇلسەن.»

ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ھازىرغىچە مەي، ساقىي ۋە قەدەھ (جام) ئىبارىلىرىدىن كەڭ پايدىلىنىپ راۋاجلانماقتا. بۇ يەردە بۇ جەھەتتە توختىلىش ھاجەتسىز.

## 8

ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدىكى مەي مەدەنىيىتى يىراق قەدىمكى زامانلاردىن بېرى مەيدانغا كەلگەن ۋە داۋاملاشقان بىر پۈتۈن

ئېتنولوگىيىلىك مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ ئالاھىدە بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ تۇرمۇش قارىشىغا سىڭگەن ئالەم قاراشلىرىنى ئىپادىلىدى. خەنجەر بىلەن مەي ئالامەتلىرى ھايات ـ مامات ئالامەتلىرى گەۋدىلەنگەن بالباللار، ھەيكەللەر، رەسىملەردە نۇقتىلىق تەسۋىرلەندى. ئۇ مۇسبەتلىك ۋە مەنپىيلىك، جەڭگىۋارلىق ۋە كۆڭۈل ئازادىلىك، مۇھەببەت ۋە نەپرەت قاراشلىرىدىن پسىخىك ئەخلاقىي قاراشلارغىچە بىر پۈتۈن زىددىيەتلىك بىردەكلىكنى روشەن كۆرسەتتى. ئۇ ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ كۆپ قىرلىق، كۆپكە سىمۋوللۇق مىللىي مەدەنىيەت تارىخىدا خاس فولكلور ۋاستىسى بولۇپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سكىتاي ـ ساك ـ ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم مەدەنىيىتىدىكى ئېتنولوگىيىلىك ئىزچىللىق توغرىسىدا

بىز تارىخنى قانچىكى ئىچكىرىلەپ تەكشۈرسەك، كېلىپ چىقىشى بىر بولغان خەلقلەر ئارىسىدىكى پەرقنىڭ شۇنچە كۆپ يوقىلىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرىمىز.

— ف. ئېنگېلس

## 1

تارىخ ئىنفورماتسىيىلىك چۆكمىدىن ئىبارەت. ئۆتمۈش ئىزنا، تامغا، بەلگە، رەسىم، فىگۇرا، سىمۋول، دەپنە بۇيۇملىرى قاتارلىقلار ئارقىلىق ئۆز ئۇچۇرىنى قويۇپ كەتكەن.

ئۇچۇر دەۋرىدىكى تارىخىي تەتقىقات ھېرودوت ۋە سىماچيەندىن تارتىپ باغلانغان يازما بايان ئۇسۇلىنىڭ دەل ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىش بىلەن بىللە، تارىخنى سۆزلەيدىغان، ئەمما تارىخىي بۇيۇملارنى پەرق قىلالمايدىغان تارىخ تەتقىقاتىدىن پەرقلىق ھالدا، تارىخنى ئۇنىڭ ئۆز ئىزناسى ۋە يادنامىلىرى ئارقىلىق، باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۇچۇر چۆكمىسى ئارقىلىق ئىزاھلاش لازىملىقىنى شەرت قىلىدۇ.

مەن «غەربىي دىيار تاشكېمىر سەنئىتى» ناملىق رەسىملىك كىتاب بىلەن «سىكىتاي قەبىلىلىرىنىڭ مېتال ھۈنەر ـ سەنئىتى»، «مەركىزىي ئاسىيادا قۇياش ئېتىقادچىلىقى»،

«مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى ئۇسسۇللىرىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى»، «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئېللىنىزملىق سەنئىتى»، «كۇسەن رەسساملىرىدىكى ئېستېتىك ئاڭ توغرىسىدا» قاتارلىق رەسىملىك ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ مەنبەلىرىنى ئىزدەش جەريانىدا، هازىر ئېقىپ يۈرگەن سىكىتاي - ساك ۋە تۈرك - ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ قەدىمكى تارىخىنى بىر - بىرىدىن ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۇلارنى بىر - بىرىگە زىتلاشتۇرۇپ قويىدىغان مېتافىزىك ۋە قېلىپبازلىق قارشىنىڭ هاياتىي كۈچكە ئىگە ئەمەسلىكىنى هېس قىلدىم. بۇنىڭ بىر پاكىتى كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى ئىزچىللىقتىن ئىبارەت.

مەن ئوتتۇرا ئاسىيادا تېپىلغان مېترائىزم ئېتىقادىغا ئائىت هەيكەللەر، سىكىتاي مېتال بۇيۇملىرىدا ئىشلەنگەن كىيىم - كېچەك ۋە روزغارلار، بۇددا ئىلاهلىرىغا ئائىت هەيكەل ۋە تام رەسىملىرى، ئامۇدىن يەتتەسۇغىچە، ئەپراسىياپتىن بېزەكلىككىچە ساقلانغان تام ۋە باشقا ۋاستىلەرگە سىزىلغان ئادەم ئوبرازلىرى، هېرودوت، سىماچيەن ۋە كېيىنكى تارىخىي مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان ئېتنولوگىيىلىك بايانلاردىن ئېنگېلسنىڭ مۇشۇ ماقالىگە ئېپىگراف قىلىپ ئېلىنغان يۇقىرىقى هۆكۈمىنىڭ تامامەن توغرىلىقىنى هېس قىلدىم.

مەن بۇ ماقالەمدە بىۋاستە رەسىملىك پاكىت ئۈلگىلىرىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق كۇچا قىزىل تاشكېمىرىدىكى قەدىمكى كۇسەن رەسساملىرىنىڭ كىيىنىشىنى نۇقتا قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن هازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قەدىمكى سىكىتاي - ساكلارنىڭ كىيىنىشىدىكى ئېتنولوگىيىلىك ئىزچىللىق ئۈستىدە توختالماقچىمەن. بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئەت تارىخىدىكى مەدەنىيەت ۋارىسلىقى ۋە مەدەنىيەت قاتلاملىقى مەسىلىسىنى توغرا ئىزاهلاش ئۈچۈن بىۋاستە ئىلمىي ئەهمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 2

قەدىمكى «ئاۋىستا» دەستۇرىدا سىكىتايلار «ئىسكاتا» نامىدا تەلەپپۇز قىلىنغان. كۆك تۈرك (ئاسىنا) خانلىقى مەيدانغا كېلىشتىن مىڭ يىللار ئىلگىرىلا ساكلار «ئاۋىستا»دا «جەڭگىۋار تۇرلار» دەپ تىلغا ئېلىنغان.

قەدىمكى ھىندىستان ئارى قەبىلىلىرىنىڭ قەھرىمانلىق لېگىندىلىرى (داستانلىرى) «رامايانا»، «ماخاپخاراتا»دا «ئىسكىف» ئىبارىسى كۆرۈلگەن.

قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدە پرومېتېينى زېۋس ئىسكىف دىيارىدىكى تاغقا باغلاتقانلىقى تىلغا ئېلىنغان. يۇنان تارىخچىلىرى، تېبابەتچىلىرى (مەسىلەن، ھىپپوكرات) سىكىتايلارنى كۆپ قېتىم «Exieai» نامىدا تىلغا ئالغان. قەدىمكى يۇنان تارىخچىسى ھېرودوت (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 484 ــ 425) نىڭ «تارىخ» (تولۇق ئىسمى «يۇنان - پېرسىيە ئۇرۇشى تارىخى») ناملىق كىتابىدا سىكىتايلار ھەققىدە كۆپلەپ ئۇچۇر قالدۇرغان. ئۇ سىكىتاي ئىبارىسى بىلەن بىللە سارمات ئىبارىسىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ تىلى بىر خەلق ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. زىنو (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 ــ 4 - ئەسىر) «كىرىننىڭ ساۋاقلىرى» ناملىق ئەسىرىدە ماسساگېتلارنى ساكلار بىلەن بىر خەلق دەپ كۆرسەتكەن. سترابون (تەخمىنەن مىلادىيەدىن 64 يىل ئىلگىرى ــ تەخمىنەن مىلادىيە 21 - يىلى) «جۇغراپىيە» ناملىق ئەسىرىدە ماسساگېتلارنى ساكلارنىڭ بىر قىسمى دەپ ئىزاھلىغان.

پارس مەنبەلىرىدە سىكىتاي ئىبارىسى ئەمەس، ساك ئىبارىسى ئىشلىتىلگەن ۋە ماسساگېتلارنى خۇددى سترابونغا ئوخشاشلا ساكلار دەپ كۆرسەتكەن.

ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى يىلنامىلىرىدە بايقالدا ۋە چىلەنشەن

تېغىنىڭ غەربىدە ياشىغان سىكىتاي ـ ساك قەبىلىلىرىنى «رۇڭ»، «غەربىي رۇڭلار»، «خۇ (ئوغۇز)»، «ئۇلۇغ خۇلار» دەپ ئاتىغان. يەنە «塞 (ساك)»، «سەي قوۋمى (塞种)» دېگەن ئىبارىلەرمۇ ئىشلىتىلگەن. ھېرودوتىنىڭ ساك ئايال سەركەردىسى تۇمارىس ھەققىدىكى ھېكايىسى، ساك ئاقساقىلى ئامورگىنىنىڭ ئايالى سىپارېترانىڭ كىر قوشۇنلىرىنى چېكىندۇرگەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايىتى، دىئودورۇسنىڭ ساك ئايال قەھرىمانى زارىنانىڭ ئاخېمېنىدلار ئۈستىدىكى غالىبانە يۈرۈشلىرى ھەققىدىكى ئۇچۇرى، پولوئېنوسىنىڭ «ھەربىي ھىيلە» ناملىق كىتابىدا ساك چوپان يىگىتى شىراقنىڭ ئىران قوشۇنلىرىنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 513 ـ يىلى چەشتى چۆلگە ئالداپ ئەكىرىپ ھالاك قىلغانلىقى ھەققىدىكى تەپسىلاتى ساك ـ سىكىتاي ھاياتىنىڭ مەلۇم جەھەتلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

## 3

سىكىتاي ـ ساك قەبىلىلىرىنىڭ رەڭگىرويى تارىخىي مەنبەلەردە قاڭشارلىق، ئوراكۆز، قوڭۇرچاچ دەپ كۆرسىتىلگەن. ئۇلارنىڭ كىيىملىرى توغرىسىدا، بېشىغا ئۇچلۇق تەلپەك، پۇتىغا ئۆتۈك ياكى تېرە چورۇق، ئۈستىگە ياقىلىق پەشمەت، شالۋۇر (شىم) كىيەتتى، بېلىگە كەمەر تاقاپ، خەنجەر (ئەگىنەك) ئاساتتى دەپ خاتىرىلەنگەن ھەمدە ئۇلار دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندا، دۈشمەنىنىڭ باش سۆڭىكىدىن جام (قەدەھ) ياساپ مەي ئىچىدۇ، قازا قىلغۇچىنىڭ يېنىغا مەي قاچىسى قويۇپ دەپنە قىلىدۇ، دېيىلگەن.

نەقش رۇستەم قىيالىرىغا ئېروگلىفلىق يېزىقتا ساكلارنىڭ جايلاشقان جايلىرى ۋە ساك قەبىلىلىرىدىن ئۈچىنىڭ نامى يېزىلغان. بۇلار «ساكا ـ خائۇماۋاركا» (ئامۇرگا ساكلىرى) ــ

ئامۇ ـ ئارال ئارىلىقىدىكى ساكلار، «ساكا ـ تىئايتارا دەريىە» (دەريا كەينى ساكلىرى) ـــ سىر دەرياسىنىڭ شىمالى ۋە شەرقىي شىمالىي يۈنىلىشىدىكى ساكلار، «ساكا ـ تىگراخۇ ئۆرە» (ئۆرە تەلپەكلىك ساكلار) ـــ پەرغانە ـ ئالاي ـ تەڭرىتاغ ساكلىرىدىن ئىبارەت بولغان.

ئىراننىڭ بىستۇن قىيالىرىغا قاپارتما ھەيكەل شەكلىدە دارا ئالدىدا قول قىلىنغان ساك ئاقساقىلى سكۇنخاننىڭ ئوبرازى چېكىلگەن.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشر قىلغان كۆپ توملۇق «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى»نىڭ 1960 ـــ 1961 ـ يىللىق خەنزۇچە نۇسخىسىنىڭ 1 ـ تومى، 625 ـ، 629 ـ بەتلىرىدە «مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 6 ـــ 4 ـ ئەسىرلەردە ساك ـ سارماتىلارنىڭ مەدەنىيىتى ئوخشاش بولغان»، «ساك ـ سارماتىلار ئاندىرونوفلارنىڭ ئەۋلادلىرى» دەپ يازغان ھەم بايقال ـ مىنوسىنى، ئالتاي، شەمەي ـ زايسان رايونلىرىنى كونا دىڭلىڭلار پائالىيىتىگە باغلاپ ئىزاھلىغان. شۇ كىتابنىڭ 2 ـ توم، 237 ـ، 609 ـ بەتلىرىدە «دىڭلىڭلار غەربىي سىبىرىيىدىكى ياۋروپا ئاھالىلىرى بولۇشى ئېھتىمال»، «ئۇلارنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللاردا خۇاڭخې ۋادىسىغا كۆچكەن قەدىمكى دىڭلىڭلار بىلەن قانداق ئالاقىسى بارلىقى نامەلۇم» « يۇرچىلار ـــ ماسساگىت ـ كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلىرىنىڭ بىر ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت» دەپ يازغان. مېسوپوتامىيىدىكى شىستان ئېلىنى ساكلار قۇرغان «ساكىستان» ئىدى، دەپ كۆرسەتكەن. بۇ بايانلاردىن جەنۇبىي سىبىرىيىنى قاينار بۇلاق قىلغان ئاندىرونوف ئەۋلادى بولمىش سكىتايلارنىڭ خۇاڭخې، بايقال بويىدىن تاكى قارا دېڭىز ھەم غەربىي ئاسىياغىچە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

ئېلىمىز تارىخچىلىرىدىن شۆ زۇڭجېڭ قاتارلىق

تەتقىقاتچىلار ئىلمىز ۋە چەت ئەل مەنبەلىرىنى ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلىش ئاساسىدا سىكتاي ـ ساك خەلقلىرىنىڭ ئاسىيادىكى ئاق تەنلىك ئىنسان تۈركۈمى سۈپىتىدە ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ قارا دېڭىز، غەربىي ئاسىيا ۋە ھىندىستان، ئىران ئېگىزلىكىگە سۇرۇلگەن قىسمىدىن باشقا، يەنە بىر تۈركۈمىنىڭ شەرققە ـــ يەنسەي ـ بايقال ۋادىسىغا، جەنۇبقا ـــ موڭغۇلىيە دالاسى ۋە چىلەنشەن باغرىغا كۆچكەنلىكىنى، قاراسۇق مەدەنىيىتى ۋە بايقال ئەتراپىدىكى خۇرات ساك دۆلىتى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ، يەنە غەربكە ـــ قۇچۇ ـ پىشامشان ـ كۇسەن تەرەپكە، شىمالغا ـــ ئالتاي ـ يەنسەي ـ زايسان زېمىنىغا سۇرۇلگەنلىكىنى، تۇرپان خۇجىيې (呼揭)لىرى ئەنە شۇ خۇرات ساكلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي ئىزاھلىدى.

دارا ۋە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ھەربىي پائالىيەتلىرى ۋە ھون تەڭرىقۇتلۇقى يۈرۈشلىرى بىلەن ئالاقىدار بۇ خىل كۆچۈش ـ يۆتكىلىشلەر نەتىجىسىدە ساك قەبىلىلىرىنىڭ ئاسىنا ئۇرۇقى ئۆتكەن تاغلىرى ئاشىد غارلىرى نامىدا ئاتالغان مەلۇم موڭغۇلوئىد تەسىرىگە ئۇچرىغان قەدىمكى تېلىلارنىڭ ئاشىد قەبىلىلىرى بىلەن قوشۇلدى ۋە ئالتايدا جۇرجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قۇل قىلىنغان تۆمۈرچى قەبىلىلىرىگە ئايلاندى. قەدىمكى مىتال ھۈنەر ماھىرلىرى بۇ چاغدا تۆمۈرچىلىك ئۇستىكارلىرى بولۇپ مەيدانغا چىقتى. «ئاۋېستا» ۋە ئىران مەنبەلىرىدە «تۇر»، «تۇران» نامىدا ئاتىلىپ كەلگەن بۇ ئەپراسىياپ ساكلىرى ئالتاي ئېتەكلىرىدە ئاسىنا قوۋمىنى ئاساس قىلغان ھالدا «خۇرات» نامى بىلەن ئەمەس، «تۈرك» نامى بىلەن، ئېنىقراقى، «كۆك تۈرك» نامى بىلەن سىياسىي ھاكىمىيەت قۇردى ۋە ھون ـ خۇرات ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشتى. «تۈرك» ئىبارىسى ساكلارنىڭ خۇددى مۇشۇ ئەسىرگىچە ساقلانغان ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ گىرۋىكى تۇرۇلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قالپاقلىرىغا ئوخشاش ئۇچلۇق قالپاقلىرىنى ئېتنىك نام قىلدى. بۇ ماھىيەتتە «ئاۋىستا» دا تىلغا ئېلىنغان «تۇر» ئېتنونىمىنىڭ يېڭى ۋارىيانتى ئىدى. بۇ تارىخىي جەريان جۇڭگو يىلنامىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «چۇندې» (ھەر خىل دېلار)، «زاخۇ» (ئارىلاشما خۇلار)، «چاڭ خۇ» (چاڭ خۇلىرى)، كېيىنچە ئۇيغۇرلاشقان سۇغدىلار شەكلىدە تۇگەللەنگەن.

## 4

بىز يالغۇز ئۇيغۇرلاردا بىلىگە قاغان ھېكايىسىنىڭ بارلىقىنىلا ئەمەس، يەنە ئەپراسىياپ (ئالپ ئەرتۇڭا)① رىۋايىتىنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز. بىز يالغۇز ئالتاي، بايقال، شىمالىي موڭغۇل دالاسى، ئۇرۇمچى ئالغۇي، باركۆل، تۇرپان، خوتەنلەردىن سىكىتاي ـ ساك مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرىنىڭ كۆپلەپ تېپىلغانلىقىنىلا ئەمەس، يەنە ھازىرغىچە تارىم ۋادىسىدا «ساقساق»، «بەساق»، «ئىكساق»، «ئوغۇساق»، «ئونتۇساق»، «سۇزاق» قاتارلىق يۇرتلارنىڭ بارلىقىنى، يەكەننىڭ «ساكا» دەپمۇ ئاتالغانلىقىنى، «تۇرانقىز» «ئاسىگۇل» قاتارلىق ئىسىملارنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز. بۇ «ئاۋىستا»دا «جەڭگىۋار تۇر»لار دەپ ئاتالغان ساك قەبىلىلىرىنىڭ ئالتايدا «كۆك تۇرك» خانلىقىغا ئاساس سالغان يېڭى ئېتنىك ۋارىيانتىغا ئۆتۇش جەريانىدىكى قىسمەن ئۇچۇر، خالاس.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ھەرىكەتچان تارىخنى تۇرغۇن ئىبارىلەر بىلەن ئىزاھلاش مۇمكىن ئەمەس. بىرەر ئېتنىك تۇركۇم ئۆزىنىڭ ئېتنوگېنىز (قان تۇركۇمى) نى نىسپىي مۇقىم ساقلىغان ھالدا، كۆچۈپ ـ يۆتكىلىپ يۇرۇش ۋە مەھكۇملۇق تۇپەيلىدىن ئۆز تىلىنى باشقا تىلغا ئايلاندۇرۇشى، ئۆز نامىنى

---

① تۇڭا ــ قاپلان نامى بولۇپ، سىكىتايلاردا قوللىنىلغان. پارتا تۇڭا ئاسۇرىيىلىكلەر بىلەن ئۇرۇشقان سىكىتاي خانى ئىدى. مىتال قويىملاردا تۇڭا (قاپلان) ئوبرازى كۆپلەپ ئىشلەنگەن.

باشقا ئېتنونىمغا (مىللەت نامىغا) يۆتكىشى مۇمكىن. پەقەت ھەرىكەتچان تارىخ ئاساسىدىكى ئانتروپولوگىيىلىك تەتقىقات ئارقىلىقلا بۇ جەھەتتىكى تۈگۈنلەرنى ئېچىش مۇمكىن. ئاسىنا ئۇرۇقى ئاساسىدىكى ساك ۋە ئاشىد ئۇرۇقى ئاساسىدىكى تىللار كۆك تۈرك خانلىقىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئالتاي تۈركلىرىگە ئايلانغان بولسىمۇ، يەنىلا ئوغۇز ۋە قىپچاق ئالامەتلىرىنى ئۇزاق ساقلىغان. بۇ قىپچاق قەبىلىلىرى ياكى ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ قەدىمكى كۆك تۈرك تىلى لېكسىكىلىرىنى قايسىبىرى كۆپرەك ساقلىغانلىقى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ، ئەلۋەتتە. «ئوغۇز» ئىبارىسىدە «دەريا» مەنىسىنىڭ ساقلانغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم. ۋەھالەنكى، «ئۇچلۇق تەلپەك» كىيگەن ساك فىگۇرىلىرىغا ئالمائاتا شەھىرى يېنىدىكى «ئەسكىقورغان» قەبرىگاھلىقىدىن چىققان ساك ئاقساقىلىنىڭ ئالتۇن دۇبۇلغىلىق كىيىمى، خوتەن يوتقان خارابىسىدىن ستەين ئەكەتكەن كوزا سىرتىغا ئىشلەنگەن بالدامانچى ئوبرازى، قىزىل تاشكېمىرلىرىغا سىزىلغان «تاشپاقىنىڭ سودىگەرلەرنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈشى» ناملىق يارالمىش ھېكايىلىرى، شورچۇقتىن تېپىلغان قوراللىق كىشى ھەيكىلى، ئۇرۇمچى ئالغۇيدىن تېپىلغان برونزا ھەيكەل، تۇرپان ئاستانە قەبرىگاھلىقىدىن تېپىلغان «ئات باقار» فىگۇرىسى، شىئەندىن تېپىلغان قىزىقچىلىق قىلىۋاتقان سەنئەتكار قونچاق ھەيكىلى قاتارلىقلارنى مىسال قىلىش مۇمكىن. بۇ سىكتاي - ساك - تۇران قەبىلىلىرىنىڭ بۇ كەڭ تېررىتورىيىدە مىلادىيەدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## 5

كۇسەن تاشكېمىرلىرى ئارىسىدىكى «رەسسام» تاشكېمىرىغا ياقىسى قايرىلغان، ئېتەك - يانلىرىغا قوش سىزىقلىق زىغزىق قويۇلغان قەدىمكى كۇسەن رەسسامىنىڭ رەسىمى سىزىلغان ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ كېمىر «رەسسام كېمىرى» دەپ ئاتالغان. بىز بۇ خىل كىيىم نۇسخىسىنى گابائىن خانىم توخار دەپ كۆرسەتكەن «بۇ ساكىل» (بوساق) ناملىق كىشى فىگۇرىسىدىمۇ ئۇچرىتىمىز. بىز كۇسەن رەسساملىرىنىڭ بۇددا، بۇدساتۋا، ساماۋى ئوبرازلاردىن پەرقلىق بولغان يەرلىك ئىبادەت ۋە ساخاۋەتچىلەر (تابارلار) نىڭ رەسىملىرىنى، ھەتتا جاتاكا ھېكايىلىرىدىكى ئاددىي كىشىلەر ئوبرازىنى سىزغاندا يۇقىرىدىكى قايرىما ياقىلىق، ئېتەك ئالدى پەشلىرىگە زىغزىق تۇتقان كىيىم بىلەن تەسۋىرلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز.

كۇسەن تاشكېمىرلىرىگە سىزىلغان «قۇياش ئىلاھى» ئوبرازىمۇ يۇقىرىقىدەك كىيىندۇرۇلگەن. بىز قىزىل 14 ـ كېمىرىدىكى بۆرە باشلىق قېيىقتىكى ئاق ۋە قارا كەمزۇل كىيگەن ئىككى ئەركەكنىڭمۇ شۇ خىل قايرىما ياقىلىق يەرلىك كىيىم بىلەن سىزىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاق كىيىملىكى، بېشىغا ئاستى قاسقىنى تۇرۇلگەن ئۇچلۇق قالپاق كىيدۇرۇلۇپ سىزىلغانلىقىنى كۆرىمىز.

بىز كۇچا سۇبېشىدىن تېپىلغان جەسەت كۆلى قاچىسىنىڭ سىرتىغا سىزىلغان ھايۋان شەكلىدە نىقابلانىغان سازەندىنىڭ يەرلىك كىيىنگەنلىكىنى ۋە بۇ كىيىمنىڭ قايرىما ياقىلىق، نەقىشلىك جىيەكلىكلىكىنى، بېلىگە پوتا باغلاپ، ئەگىنەك خەنجىرى ئاسقانلىقىنى، پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇنداق كۆپلىگەن غەيرىي بۇددىزملىق كۆرۈنۈشلەردە تەكرار ئۇچرىغان كىيىنىش نۇسخىلىرى بىزگە بۇ خىل كىيىملەرنىڭ ئاشۇ تاشكېمىر سەنئىتىنى ياراتقان يەرلىك ئاھالىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىمى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بىز شورچۇقتىن تېپىلغان ھەربىي پاسۇندىكى ئەركەك ھەيكىلىنىڭ خۇددى شۇ تىپتىكى تون كىيگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ خىل كىيىنىش تۇرپان تاشكېمىر ۋە بۇددا خارابىلىرىدىمۇ

ئۇچرىغان. ئاستانە قەبرىگاھلىقىدىن تېپىلغان «ئات باقار» ھەيكىلىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

شۇ نەرسە دىققەتكە سازاۋەركى، بۇ خىل كىيىنىش ئۆلگىلىرى مىلادىيە 7 ـــ 8 ـ ئەسىرگە ئائىت پەنجىكەنت، ئەپراسىياپ تام رەسىملىرىدە كۆزگە چېلىقىپ قالماستىن، يەنە فوندۇكىستان ئىبادەتخانىسى تاملىرىغا سىزىلغان «ئاي تەڭرى» تەسۋىرىي ئوبرازىمۇ بۇ خىل كىيىندۇرۇلگەن.

بىز ئامۇ ـ ئارال كۆلى ۋادىسىدىكى تۇك قالادىن تېپىلغان 7 ـــ 8 ـ ئەسىرگە ئائىت ماتەم كۆرۈنۈشىدىنمۇ بۇ خىل كىيىنىش ئۆلگىلىرىنى كۆرىمىز. ماتەمدە خۇددى «تۈركىي تىللا دىۋانى»دا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئەپراسىياپ مەرسىيە قوشىقىدا ئىپادىلەنگەندەك ھازىدارلار «ياقا يىرتىپ، چاچ يۇلۇپ» تۇرغانلىقى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

بىز بۇنداق كىيىنىش شەكلىنى يەنە خۇراسان باميان بۇددا ئىبادەتخانىسىغا سىزىلغان ساكيامۇنى يېنىدىكى ئوبرازدىنمۇ كۆرۈۋالايمىز.

بىز موڭغۇلىيىنىڭ بىچىتقۇ ـ ئۇلاسۇتاي دېگەن يېرىدىكى بىر قەدىمكى قەبرىدىن تېپىلغان ھاسا تۇتقان ھەم «جەڭگىۋار تۇر» لارچە قىلىچ ئاسقان ئايال رەسىمىدىن ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئورخۇن ـ قوشۇ سايرامدىن تېپىلغان بىلگە قاغاننىڭ (716 ـــ 734) تاش ئابىدىسى ئۇستۇنكى قىسمىغا ئويۇلغان بىلگە قاغان ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى ئۇچلۇق تەلپەك كىيگەن كىشىلەر ئوبرازىدىن يۇقىرىقى كىيىنىش شەكلىنى ئېنىق كۆرىمىز.

## 6

سىكىتاي ـ ساك ـ تۇرك كىيىنىش ئۇسلۇبى يالغۇز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇددىزم يادىكارلىقلىرىدا ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىزچىللىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ قالماستىن، يەنە ئالتاي ـ جەنۇبىي سىبىرىيە، يەتتەسۇ ـ تالاس يايلاقلىرىدىن تېپىلغان بالبال‌لار (سىنتاش) بىلەن مېتالغا ئىشلەنگەن ئوبرازلاردىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن. بىز ئارغۇدىن بېرىنىشتام تاپقان 8 ـــ 10 ـ ئەسىرلەرگە ئائىت قىسمەن ئىسلام تەسىرى بىلىنىپ تۇرغان بالبالدىن بۇنى كۆرۈپلا قالماي، يەنە باشقا يايلاقلاردىن تېپىلغان بالباللاردىنمۇ كۆرىمىز.

يەتتەسۇ رايونىدىكى كوستاناي دېگەن جايدىن تېپىلغان كۈمۈش لېگەنگە قەدىمكى يۇنان تراگېدىيە يازغۇچىسى ئېۋرىپىدىسنىڭ «سىلېئىي» دراممىسى كۆرۈنۈشى چېكىلگەن. 8 ـ ئەسىردە ئىشلەنگەن بۇ رەسىمدە خۇددى خوتەن يوتقاندا تېپىلغان مايمۇن قىياپەتلىك سازەندە ۋە سىكىتاي ـ ساك ـ تۈرك ئۇسلۇبىدىكى كىيىنىش ۋە مەي تۇتقان كۆرۈنۈش بېرىلگەن.

ئەگەر بىز دىققەت ـ نەزىرىمىزنى مىلادىيەدىن 4 ـــ 5 ئەسىر ئىلگىرىكى سىكىتاي قەبىلە باشلىقىنىڭ هازىرقى ئالمائاتا يېنىدىكى ئەسكىقورغان قەبرىگاهلىقىدىن چىققان ئالتۇن كىيىمگە يۆتكىسەك، بۇ كىيىمنىڭ ئۇچلۇق دۇبۇلغا، ياقىلىق پەشمەت (زەنجىر كىيىمگە قايرىما ياقا ئورنىتىش ئەپسىز)، خەنجەر ئاسقان كەمەر ۋە ئۆتۈك شەكلىدىكى زەنجىر پايپاقتىن تەشكىل تاپقانلىقىنى كۆرىمىز.

بىز يەنىمۇ ۋادىسىدىكى ئورتا سارغول بېزەكلىك قىياغا سىزىلغان كىيىم ـ كېچەك ۋە چاچ خالتىغا ئېلىنغان چاچ ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن رەسىمگە نەزەر سالساق، قەدىمكى ئالتاي ـ يەنىمۇ ئاهالىسىنىڭ بىر تەرىپى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان قايرىما ياقىلىق كىيىم كىيىدىغانلىقىنى هېس قىلىمىز. بۇ ئۇلاسسۇتايدىن تېپىلغان هاسا ۋە قىلىچلىق ئايال رەسىمگە ياندىشىپ كېتىدۇ.

بىز غەربىي رايونلۇق قىياپەتتىكى ئوبرازلارنى دۇنخۋاڭدىكى 103 ـ ۋە 332 ـ كېمىرلارغا سىزىلغان رەسىملەردىكى كىيىملەرنىڭ شەكىللىرىدىن كۆرۈۋالالايمىز.

## 7

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 1863 — 1878 ـ يىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا 14 يىل تۇرغان شائىر شاۋشۇن ئۆزىنىڭ «شىجياڭ زاسۇسى» (غەربىي زېمىندا نەزملىك بايان) ناملىق ئەسىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەر ـ ئاياللار كىيىملىرى ھەققىدە مۇنداق يازغان:

1 ـ نەزم:

«گۈل جىيەكلىك بەقەسەم تونغا ئۇلار شۇنچىلىك ئامراق،
پېشى ئۇزۇن، يېڭى تار، قوش ياقىسى دومىلاق.
تومۇز چېغى ئۇستىگە كىيەر ئاپئاق يەكتەكنى،
بەل باغلىغان پوتىدا ساڭگىلاپ تۇرار پىچاق.»

2 ـ نەزم:

«پىيالىنىڭ ئاغزىدەك ئۆزى چاققان، ئىچى بوش،
قەدەھ يەڭلىغ كۆك دوپپا نەقىشى كۆمۈشتەك ئاقۇش.
تېقىرباشتىن چۈشمەيدۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دوپپىسى،
خانزادىنى كۆرسىمۇ بۆك ئېلىپ دېمەس: خوش ـ خوش.»

3 ـ نەزم:

«يېشىل پايپاق، قىزىل ئاياغ كىيىپ يۈرۈشى چاققان،
ئۆرۈلگەن قارا چېچى ئارقىسىغا ياراشقان.
پەقەت كىيىمدىن قاراپ ئەر ـ ئايالنى بىلمەك تەس،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەرگە تېگەي دەپ تۇرسا ئۇستىگە كىيگەن چاپان.»

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا خارۋېي، گىرىگورىيېف، رولىنسون، ستەين، ئېللوي سايكس، گرونىۋېدىل، لېكوك، سۋېن ھېدىن، دىيارد ئالماش، رېنا، پېللىئوت، بىچورىن، تىمكوۋسكىي، پېۋسوف، كوزلوف، مالوف قاتارلىق چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، لوپنۇر، تۇرپان، قۇمۇل، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىنىش ئېتنولوگىيىسىگە ئائىت كۆپلىگەن ھۆججەتلىك ماتېرىياللارنى ئەكېتىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىشتى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدىن لىيۇدمىلا چىۋېر يازغان (1990 ـ يىلى موسكۋا نەشرى) «19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ۋە قوشنا خەلقلەر» ناملىق كىتابىنىڭ 2 ـ بابىدا (91 ــ 160 ـ بەتلەر) ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى باشكىيىم، ئۇستى كىيىم ـ كېچەك ۋە ئاياغ كىيىملىرى رەسىملىك كۆرسىتىلگەن.

بىز مۇشۇ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىكى بىر قاتار ئۇيغۇر سەھنە (سەنئەت) كىيىملىرىگە نەزەر سالساق، قىسمەنلىك جەھەتتىن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ، ئومۇملۇق جەھەتتىن ھەرقايسى ئەسىرنىڭ سىكتاي ـ ساك ـ تۈرك كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ مۇئەييەن تارىخىي ئۆزگىرىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەنئەنىۋى داۋامى ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

يالغۇز ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلەردىلا ئەمەس، بەلكى خەلقئارادىمۇ كىيىم ـ كېچەك ئۇنىۋېرساللىقى يۈز بېرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇيغۇر خەلقى ئاھالىسى ئىچىدە بۇ خىل

ئەنئەنۋى مىللىي كىيىملەر يەنىلا كۆپلەپ ساقلانغان.

## 8

مىللىي مەدەنىيەت تارىخىنى ئېنىقلاشتا تىل ئوبيېكتى، رىۋايەت ۋە يازما تارىخىي مەنبەلەر ئوبيېكتى، ئېتنوگېنىز ئوبيېكتى، سۆڭەك ۋە قىياپەت ئوبيېكتى بىلەن بىللە كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى ئوبيېكتى ئۇستىدىكى تەتقىقات غايەت مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، تىل لېكسىكىلىرى بىر مىللەت تەرەققىياتىدا كۈچلۈك ئۆزگىرىشكە ئۇچرايدىغان ئوبيېكت بولۇپ، بىرەر ئېتنىك گەۋدىنىڭ ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت، ئېتنوگېنىز نىسپىي مۇقىملىقى ۋە ئىزچىللىقى ساقلانغان ھالەتتىمۇ، ئۇنىڭ ئەجداد بوغۇمى ۋە ئەۋلاد بوغۇمى ئوخشىمىغان باشقا تىلدا سۆزلىشىشى مۇمكىن. مېنىڭچە، ئاتالمىش كۆك تۈرك تىلى ھون تىلىنى لېكسىكا ئۆزىكى قىلغان بولۇشى، ئاشېد قەبىلىلىرى تىلى ئاسىنا (ساك) قەبىلىلىرى تىلىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولۇشى ئېھتىمال، ھەتتا ئۇ بىر پەرەز بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىز تۇرپان، كۇچا بۇددىستلىرىنىڭ بۇددا نوملىرىنى سوغدى ساكلىرى تىلىدىن تولىمۇ يەڭگىل تەرجىمە قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. سوغدى ۋە ئۇيغۇر تىلى تولىمۇ يېقىن بولغان. بۇ بىزگە نوقۇل تىل تەتقىقاتى تارىخنى ئىزاھلاشقا ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقىنى، تىل ئوبيېكتلىرىنى ئانتروپولوگىيىلىك ئوبيېكتلار ئورنىغا دەسسەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر يېزىق ئوبيېكتلىرى تارىخنى ئىزاھلاشنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى قىلىنىدىكەن، ئۇرغۇن يېزىق نەمۇنىلىرى تېپىلغان غەربىي دىيار تارىخى روشەنلىشىشتىن مۇرەككەپلىشىشكە يۈزلىنىدۇ.

رىۋايەتلەرنىڭ، جۈملىدىن يازما مەنبەلەرنىڭ پايدىلىنىش

قىممىتى چوڭلۇقىدا گۇمان يوق. ئەمما، يازما مەنبەلەرنى بىر ـ بىرىگە زىت قىلىپ قويۇش، بىر ـ بىرىدىن ئۈزۈپ قويۇش، بىر ـ بىرىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ تەكرارلاپ تۇرۇش، سىرتتىن تۇرۇپ يېزىش قاتارلىق بىر قاتار ئالامەتلەرنى نەزەردىن سارقىت قىلمىغان ھالدا تەتقىق قىلىش كېرەك. تەتقىقات خاھىشىمۇ بۇ يەردە غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ۋەھالەنكى، بىرەر مىللەت، مىللەتلەر تۇركۇمىنىڭ پۈتۈن تارىخىنى چەت ئەل مۇئەللىپلىرىنىڭ ياكى بىر زاماندىكى ئۆز تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەنلا تەلتۆكۈس روشەنلەشتۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ. يەنە كۆپلىگەن ئارخېئولوگىيىلىك، ئېتنوگرافىيىلىك، فولكلورلۇق، ئانتروپولوگىيىلىك ئوبيېكتلار ئۈستىدىكى تەكرار تەتقىقات نەتىجىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مەدەنىيەت — ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى، ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ ھەقىقىي ئۇچۇرى، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ئېتنىك ئەنئەنىسىنىڭ راۋان ئېقىمى. تىل ئۆزگىرىدۇ، يېزىق ئالمىشىدۇ، ئېتنوگېنېزدا، ئانتروپولوگىيىلىك ئالامەتلەردە روشەن پەرقلەر يۈز بېرىدۇ، ئەمما مەدەنىيەت نەتىجىلىرى جۇغلىنىش، راۋاجلىنىش جەريانىدا ئەنئەنىۋى ئىزچىللىق، ئەنئەنىۋى ئېنېرتسىيە ھاسىل قىلىپ بارىدۇ. ئەجدادلاردىكى مېلودىيە ئەۋلادلاردىكى كۈيدە تەكرار دولقۇن ھاسىل قىلىدۇ. كىيىم مەدەنىيىتى — مىللىي مەدەنىيەت قاتلىمىدا ساقلانغان مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىۋى ئىزچىللىقىنىڭ مۇھىم تارمىقى ھېسابلىنىدۇ.

بىز قەدىمكى قىيا رەسىملىرىگە سىزىلغان كىيىم مەدەنىيىتىنى سكىتايلار قاتلىمىدا، ساكلار قاتلىمىدا، تۈركلەر قاتلىمىدا، ئۇيغۇرلار قاتلىمىدا كۆردۇق. يۇنان تراگېدىيىلىرى تېما قىلىنىپ گەۋدىلەندۈرۈلگەن كوستاناي كۈمۈش تاۋىقىدىكى مايمۇن قىياپەتلىك سازەندە، سكىتاي ـ ساك شەكىللىك

كىيىم، ئەگىنەك خەنجىرى، كەمەر، ئۆتۈك ۋە قەدەھ يۇنان مەدەنىيىتى (ئېللىنىزم) تەسىرىدىمۇ بۇ ئەنئەنىۋى ئىزچىللىقنىڭ گەۋدىلەنگەنلىكىنى تەستىقلايدۇ. بۇ يەنە، بۇ تەسۋىرىي كۆرۈنۈشنى يۇنان مەدەنىيىتىدىن خەۋەردار يەرلىك ئۇستىلار ئىشلىگەنلىكىنى ئىزاھلاپ بېرىدۇ. ئوخشاشلا، كۇسەن رەسساملىرى گەرچە تاشكېمىر تاملىرىغا ئېكون (ئىلاھىي ئوبراز) لارنى ھىندىستان بۇددىزمىنىڭ كىيىندۇرۇش ئۇسۇلىدا سىزغان بولسىمۇ، ئەمما ئەپسانە ـ ھېكايىلەردىكى ۋە رېئال تۇرمۇشتىكى غەيرىي ئېكون ئوبرازلىرىنىڭ يەنىلا سىكىتاي ـ ساك ـ ئۇيغۇر كىيىم مەدەنىيىتى ئەنئەنىسى بىلەن سىزىلغانلىقىنى، بۇ غايەت چوڭ تەسۋىرىي سەنئەت پاۋىلىئونى يۇنان، ئىران، ھىندىستان مەدەنىيىتىدىن خەۋەردار يەرلىك ماھىرلارنىڭ بەدىئىي مۆجىزىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

مەن قەدىمدىن ھازىرغىچە، خاقاندىن ئات باقارغىچە بىر قاتار فىگۇرىلار كىيىم ـ كېچەكلىرىدىكى زامان قاتلاملىرىدىن ھالقىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ئىزچىللىقنى كۆرگىنىمدە، تارىخنى تارىخ قالدۇرغان بارلىق ئۇچۇرلار مۇجەسسەملىكى ئاساسىدا قايتىدىن ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىشنىڭ لازىملىقىنى، مۇھاكىمە ۋە ھۆكۈملەرنى تارىخنىڭ ئەينەن ئۇچۇرلىرى ئورنىغا دەسسىتىپ قويماسلىق لازىملىقىنى ھېس قىلدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كۇسەن رەسساملىرىدىكى ئىستېتىك ئاڭ توغرىسىدا

## 1. مۇقەددىمە

شىنجاڭ تاشكېمىر سەنئىتى پۈتكۈل بۇددا سەنئىتى تارىخىدا، بولۇپمۇ پۈتكۈل رەڭدار تام رەسىملىرى تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ تەسۋىرىي سەنئەت تارىخىدىكى ئۆزگىچە خاس ئورىگىناللىق، ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇب، ئۆزگىچە خاس سىستېما ھاسىل قىلغان بەدىئىي مۆجىزە.

شىنجاڭ تاشكېمىر سەنئىتى تام رەسىملىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، بىناكارلىق سەنئىتى، ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى، رەسساملىق سەنئىتى، خەتتاتلىق سەنئىتى، مۇھەت سەنئىتى قاتارلىق سەنئەت تۈرلىرىنى بىرلەشتۈرگەن مۇرەككەپ قۇرۇلما ۋە مۇجەسسەم گەۋدە بولۇپ، ئۇ گۈللەنگەن زامانلاردا كۆلىمى چوڭ، ۋاقتى ئۇزۇن، تۈرى كۆپ خىل، بەدىئىي قىممىتى ئۈستۈن، تەسىرى ۋە داڭقى زور بۇددا سەنئەت قەسرى ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۇسەن تاشكېمىرلىرى ئۆز ئالدىغا سىستېما ھاسىل قىلغان سەنئەت گۆھىرى سۈپىتىدە شىنجاڭ تاشكېمىر تۈركۈملىرى ئىچىدە نەمۇنىلىك ئورۇن تۇتقانىدى. مىڭ يىللاردىن بېرى ئىستىخىيىلىك تەبىئىي ئۆزگىرىشلەر، دىنىي ئېتىقاد ۋە مىللىي مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەر، ئىجتىمائىي بۇزغۇنچىلىقلار، ئەڭ ئاخىرىدا چەت ئەل قىدىرغۇچىلىرىنىڭ بۇلاپ كېتىشى تۈپەيلى، بۇ ئېسىل سەنئەت

پاۋلىئونلىرى خارابىلىككە ئايلانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا مەنسۇپ ئېسىل سەنئەت بۇيۇملىرى كىشىنى مەڭگۈ ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئېستېتىك قىممەت كىشى قەلبىنى مەڭگۈ ھاياجانغا سالىدۇ. بۇ كۇسەن سەنئەتكارلىرى، بولۇپمۇ كۇسەن رەسساملىرىدىكى ئېستېتىك ئاڭنىڭ ماددىلاشقان گەۋدىلىنىشىدىن ئىبارەت.

دەرھەقىقەت، يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا بەلۋېغىغا جايلاشقان كۇسەننىڭ رەسساملىرى بىر پۈتۈن رەسساملىق ئېستېتىكا كىتابى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ كۇسەن رەسساملىرىنىڭ بىر گەۋدىگە مەركەزلەشكەن بىر پۈتۈن ئېستېتىك قاراشلىرىنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇلغان تەسۋىرىي ئابىدىسى بولغان كۇسەن تاشكېمىر سەنئىتىدىن ئىبارەتتۇر.

## 2. بەشنى گەۋدىلەندۇرۇش

شىنجاڭ تاشكېمىر سەنئىتى ئومۇمەن، قەدىمكى غەربىي دىيار تەسۋىرىي سەنئەت ئەنئەنىلىرى راۋاجى ئۇستىگە چۆكمە ھاسىل قىلغان، ھىندىستان بۇددا سەنئىتى تەسىرىدە شەكىللەنگەن، كېيىنچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، چاۋشيەن، ياپونىيە قاتارلىق جايلارغا تەسىر كۆرسەتكەن ۋە بۇ جايلاردا داۋاملىق راۋاجلانغان بۇددا سەنئىتىنىڭ ئەكس تەسىرىدە ئۆز ھۆسنىنى ئېخىمۇ جۇلالاندۇرۇپ، يەنە ھىندىستان بۇددا سەنئىتىنىڭ كېيىنكى باسقۇچىغا ئەكس تەسىر كۆرسەتكەن بىر خىل دىنىي سەنئەتتىن ئىبارەت.

شىنجاڭ تاشكېمىر سەنئىتى خۇسۇسەن ھەيكەلتىراشلىق بىلەن تام رەسىملىرى مۇناسىۋىتىدە تام رەسىملىرىنى گەۋدىلەندۇرگەن، دىنىي سەنئەتتىكى دىن بىلەن سەنئەت مۇناسىۋىتىدە سەنئەتنى گەۋلەندۇرگەن، تەقلىدىي ئەكس ئېتىش بىلەن بەدىئىي ئىپادىلەش مۇناسىۋىتىدە بەدىئىي ئىپادىلەشنى

www.uyghurkitap.com

گەۋدىلەندۈرگەن، تەسۋىرىي سەنئەت ئوبرازلىرى نىسبەتەن ئادەم ئوبرازى ۋە بەدەن سەنئىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن، چەتنىڭ ئېتىنىك ئۇسلۇبىغا نىسبەتەن مەھەللە ئۇسلۇبىنى گەۋدىلەندۈرگەن. بۇ بەشنى گەۋدىلەندۈرۈش كۆسەن (جۈملىدىن پۈتۈن غەربىي دىيار) رەسساملىرىنىڭ ئۆز زامانىسىدا يۈكسەك مەدەنىيەت ئېڭى ۋە ئېستېتىك ئاڭغا ئىگە، تەپەككۇر قىلىشنى تەقلىد قىلىشتىن ئەلا بىلگەن سەنئەت ئىجادچىلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مېنىڭچە، شەرتلىك مەنىدە بۇ «بەشنى گەۋدىلەندۈرۈش»نى كۆسەن رەسساملىرىنىڭ ئورتاق ئېستېتىك پرىنسىپى دېيىش مۇمكىن. تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېيتقاندا، بۇ «بەشنى گەۋدىلەندۈرۈش» يىپەك يولى ئوتتۇرا بەلۋېغىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان غەربىي دىيار سەنئەت ـ مەدەنىيەت خادىملىرىنىڭ ئەينى زاماندىكى كۆپ مەنبەلىك، كۆپ قىرلىق، سىنكرېتىك مەدەنىيەتكە قارىتا قوللانغان ئۆز ـ ئۆزىگە ئىگە توپ قارىشىنىڭ دىنىي سەنئەتتىكى ئىپادىلىنىشى بولۇشى مۇمكىن. فرانسىيە رەسسامى كوربېت توغرا ئېيتىدۇ: «گۈزەللىكنىڭ قانداق ئىپادىلەنگەنلىكى سەنئەتكار ئېرىشكەن تەپەككۇر ئىقتىدارى بىلەن توغرا تاناسىپتۇر.» بىز بۇ سۆزنى چارلى بائودېلائېرنىڭ: «دۇنيا بىر پارچە لۇغەتتۇر. تەسەۋۋۇر كۈچى ئاجىز كىشىلەر پەقەت لۇغەتتىن كۆچۈرۈش بىلەنلا مەشغۇل بولۇشىدۇ» دېگەن سۆزى بىلەن قايتا قەيت قىلساق، كۆسەن رەسساملىرىنىڭ ھەقىقەتەن دەۋر تەلپۈنۈشلىرىنى ئىگىلىگەن، تەپەككۇر ئىقتىدارىدا يۈكسەك كامالەت ساھىبى بولۇشقانلىقىنى تېخىمۇ روشەن ھېس قىلىمىز.

## 3. رەسساملىقنى گەۋدىلەندۈرۈش

كۆسەن رەسساملىرى ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى بىلەن تام رەسىملىرى مۇناسىۋەتتە تام رەسىملىرى رەسساملىق

سەنئىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن. بىز ھىندىستاندا ئاپىرىدە بولغان بۇددىزىم تاشكېمىر سەنئىتى مەنبەسى ۋە ئېقىملىرىغا نەزەر سالساق، مەيلى قەندىھار ئارقىلىق غەربىي دىيار ـ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ـ چاۋشيەن ـ ياپونىيىگە تارقالغان بۇددا دىنى سەنئەت قەسىرلىرى بولسۇن، مەيلى سىرى لانكا ـ تايلاند ـ ھىندونېزىيە ـ ھىندىچىنىغا تارقالغان بۇددا دىنى سەنئىتى قەسىرلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن غەربىي دىيار (جۇملىدىن دۇنخۇاڭ) بۇددا دىنى سەنئەت قەسىرىسى بولغان تاشكېمىرلەردەك تام رەسساملىقىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە مىسلىسىز، بىقىياس مۆجىزە ياراتقان ئىككىنچى ئۈلگىنى تېپىش قىيىن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان جايلاردىكى بۇددا ئىبادەتگاھلىرى بىلەن بۇددا ئىستىقامەتگاھلىرىدا ھەشەمەتلىك بۇددا ۋە بۇدساتۋا ئىكونلىرى (بۇت ھەيكەللىرى) گەۋدىلەندۈرۈلمىگەن، ھەتتا سىزىلمىغان. ئېيتىش كېرەككى، ئومۇمەن ئايرىتام، پەنجىكەنت، ئەپراسىياپ، دەندان ئۆيلۈك، كونا نىيە، ئۈچماراۋان، دۆلدۆلئوقۇر، سۇبېشى، سىم ـ سىم، قىزىل، قۇمتۇرا، شورچۇق ـ سىڭگىم، يارغول، ئىدىقۇت (قۇچۇ)، بېزەكلىك قاتارلىق جايلارغا جايلاشقان قەسىر، ئېھرام، مۇنار، تاشكېمىر ئىستىقامەتگاھلىرىنىڭ تاملىرى، خوسۇسەن كۇسەن، شورچۇق، قۇچۇ تاشكېمىرلىرىنىڭ تام ـ تورۇسلىرى يىپەك يولىدا تەڭداشسىز تام رەسىملىرىنىڭ ئۇلۇغ پاۋلىئون تىزمىسىغا ئايلانغان. تام رەسىمچىلىكى ئىلاھىي ھەيكەللەر بىنا قىلىشقا قارىغاندا غەربىي دىيار رەسساملىرىغا تەسۋىرىي سەنئەت ئىجادىيىتىدە بىقىياس زور مۇمكىنچىلىك يارىتىپ بەرگەن.

كۇسەن رەسساملىرى ئۆز ئىجادىيىتىگە پىلانىمېترىيىلىك بوشلۇق ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ۋە بۇددا ئىستىقامەتگاھلىرى بىناكارلىق سەنئىتى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. گەرچە ھازىر خارابىگە ئايلانغان بولسىمۇ، ئەينى زامان كۇسەن تاشكېمىرلىرى جايلاشقان

جايلارغا ئەقىل كۆزى بىلەن تەپسىلىي نەزەر ئاغدۇرىدىغان بولساق، تاشكېمىر بىناكارلىق سەنئىتىدە مۇنداق تۆت نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلگەنلىكىنى كۆرىمىز:

بىرىنچى، پۈتكۈل ئىبادەتگاھ ۋە تاشكېمىر ئىستىقامەتگاھ-لىرى گارمونىيىلىك بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلغان. بىز مەيلى قىزىل، قۇمتۇرا، سۇبېشى بۇددا سەنئىتى بىناكارلىقىغا ياكى شورچۇق، قۇچۇ، بېزەكلىك بۇددا قەسىرلىرى بىناكارلىقىغا نەزەر سالايلى، تۈز جايغا سېلىنغان ئېھرام، باغ - ئارام، مۇنار (موراستۇپا) لار بىلەن تاغ بەللىرىگە قېزىلغان تاشكېمىرلار ۋە بۇ تاشكېمىرلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، ھەربىر تاشكېمىرنىڭ خانا مۇناسىۋىتى گارمونىيىلىك تەلەپ بويىچە بىر تەرەپ قى-لىنغان.

ئىككىنچى، ھەرقايسى تاشكېمىر تۈركۈملىرى بىلەن ھەربىر تاشكېمىر ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇددا ھەيكەللىرى ۋە تام رەسىملىرى گارمونىيىلەشتۈرۈلگەن. شۇنى ئىزاھلاش ھاجەتكى، بۇددا ساياھەتچىلىرىنىڭ خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، شىنجاڭدا بۇددىزم گۈللەنگەن، ھەتتا چۈشكۈنلىشىشكە يۈزلەنگەن زامانلاردا «بۇت يۈتكەش مۇراسىمى»، «بۇت يۇيۇش مۇراسىمى»غا قاتناشتۇرۇلغان غايەت زور بۇددا ھەيكەللىرى بولغان. شەھەر كوچىلىرىدا ئىبادەتخانىلارغا پاتمايدىغان زور ھەجىملىك بۇتلار بولغان. 20 - ئەسىرنىڭ 10 — 20 - يىللىرى چەت ئەل ئارخېئولوگلىرى كۆپلىگەن تاشكېمىر بۇتلىرى بىلەن ئائىلە ئىكونلىرى — كىچىك تىپتىكى بۇددا، بۇدساتۋا ھەيكەللىرىنى ئەكەتكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە گەج، مىس، ئالتۇن، ياغاچ ئويما ياكى قۇيما كىچىك ھەيكەللەر، ھەتتا ئۆلگەن راھىبنىڭ جەسەت كۈلىنى گەج - سېغىزغا ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان ياكى مىس، ئالتۇن ھەيكەلچىلەر ئىچىگە بۇنداق جەسەت كۈلىنى قاچىلىغان ئىكونلار بولغان. بۇنداق بۇت ياساش سەنئىتىنىڭ بولغانلىقىغا قارىماي، كۆسەن رەسساملىرى ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق،

خەتتاتلىق، نەقىش ـ بېزەك سەنئەتلىرىنى يەنىلا تەسۋىرىي رەسساملىق سەنئىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن ئاساستا گارمونىيىلىك ئورۇنلاشتۇرغان.

ئۈچىنچى، تام رەسىملىرىنىڭ ھەربىر تاشكېمىردا ۋە ھەرقايسى تاشكېمىر تۈركۈملىرىدە تېماتىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ھەرقايسى سۈژىتلارنىڭ ئوخشىمىغان نۇسخىدا كومپوزىتسىيىلەشتۈرۈلۈشى كۈسەن رەسساملىرىنىڭ ئەنداز، قېلىپ ۋە نوقۇل تەقلىد قىلىشتىن ئازاد، مۇستەقىل بەدىئىي تەپەككۇر ئىگىلىرى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغان. مۇنداق مۇرەككەپ تېماتىك گارمونىيىلەشتۈرۈش ماھارىتى كۈسەن رەسساملىرىدىكى ئېستېتىك ئاڭنىڭ ئۆزگىچە خاس كامالىتىنى كۆرسىتىدۇ. بىز «يارالمىش ھېكايەتلىرى» بىلەن «بۇددىغا قىسمەتلىرى» سۈژىتىنىڭ پۈتۈن بۇددىزىم سەنئەت سالونلىرىدىكى نۇسخىلىرىنى، جۇملىدىن بۇلارنىڭ غەربىي دىيار، ھەتتا كۈسەندىكى نۇسخىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەكلا، بۇ نۇقتىغا ئاپىرىن ئوقۇماي ۋە قايىل بولماي تۇرالمايمىز.

تۆتىنچى، كۈسەن رەسساملىرى تاشكېمىرلارنىڭ تاغ ئىچىگە قېزىلغانلىقى، ئالدى ـ ئارقا خانىلىق، ئۈدۈل ـ يان، ئاستى ـ ئۈستى، كېمىر ـ تورۇس قاتارلىق قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى، شۇنىڭدەك تەبىئىي يورۇقلۇقىنىڭ بۇ كېمىر خانىلىرى، تاملىرىغا ئوخشىمىغان چېچىلىش ئالاھىدىلىكى بىلەن بۇددىزىم ھېكايەت تېمىلىرىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك ماكان ئالاھىدىلىكى، ئالدىن ـ كېيىنلىك زامان ئالاھىدىلىكىنى گارمونىيىلەشتۈرۈپ ئۆز ئەسەرلىرىنى ئۇنىڭ تېماتىك مەزمۇنىغا مۇناسىپ بوشلۇقتا سىزىشقان. نەتىجىدە ساماۋى ئوبرازلار كېمىر تۈرۈسلىرىغا، ھاياتىي ۋەقەلەر يورۇق خانىلارغا، نىرۋاناغا ئائىت كۆرۈنۈشلەر غۇۋا خانىلارغا تولىمۇ لايىقىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 4. سەنئەتنى گەۋدىلەندۈرۈش

كۆسەن رەسساملىرى دىنىي سەنئەتتىكى دىن بىلەن سەنئەت مۇناسىۋىتىدە سەنئەتنى گەۋدىلەندۈرگەن.

ھەممىگە مەلۇم، دىن بىر خىل مەدەنىيەت مۇجەسسەمىدىن ئىبارەت. دىن ــــ غەيرىي ماددىي ئىلاھىي ئەقىدىنى يادرو قىلغان ۋە ئىلاھىي ئەقىدە بويىچە ھەر خىل پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي، ئىلمىي ۋە بەدىئىي كۆز قاراشلارنى، ئېتنىك ئادەت ۋە يوسۇننى تىزگىنلەپ، ئۆزگە خاس كومپوزىتسىيە ھاسىل قىلغان مەدەنىيەت مۇجەسسەمىدىن ئىبارەت. دىن ــــ رېئال دۇنيا ۋە ئېتنىك مەدەنىيەتنى ئىلاھىيلاشتۇرۇپ ئىزاھلىغان ئالاھىدە فورماتسىيىسىدىن ئىبارەت. شۇ سەۋەبلىك كارل ماركس: «دىنىنىڭ ئۆز ئالدىغا مەزمۇنى يوق، ئۇنىڭ مەزمۇنى رېئال دۇنيا» دېگەندى.

ئىپتىدائىي ئىنسان ئۆز ئېتىقادىدا ئىپتىدائىي سەنئەتتىن كەڭ بەھرىمەن بولغان. بىر خۇدالىق دىنلار، جۈملىدىن بۇددىزممۇ سەنئەت ۋاسىتىلىرىدىن كەڭ پايدىلانغان. سەنئەت ــــ ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىنى، ئۆز تۇرمۇشى ۋە روھىيىتىنى قايتا ئوبرازلاشتۇرۇش سەمەرىسى بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئىنسان روھىيىتىنىڭ تارىخىي راۋاجى، تارىخىي ھالىتىدىن مۇستەسنا بولغان ئەمەس. ھەقىقىي مەنىسىدە، سەنئەت تارىخى ــــ ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش تارىخى، روھىي مەدەنىيەت تارىخىدىن باشقا نەرسە بولغان ئەمەس.

كۆسەن تاشكېمىرلىرىدىكى سەنئەت جاۋاھىراتلىرى بىزگە كۆسەن رەسساملىرىنىڭ دىن بىلەن سەنئەتنىڭ نىسپىي قوش خاراكتېرىدىكى بىرىكمە تۈزۈلۈشىدىن ئاڭلىق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ. ئۇلار

تەخمىنەن دىنىي مەزمۇنلار بىلەن بەدىئىي ۋاستىلەرنىڭ زىددىيىتى ۋە نىسپىي بىر گەۋدىگە گارمونىيىلەشكەنلىكىنى، دىنىي ئابستراكت چۈشەنچىلەر بىلەن كونكرېت ئوبرازلىق تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ دىنىي سەنئەتتە زىددىيەتنىڭ بىرلىكى شەكلىدە گەۋدىلەنگەنلىكىنى، سەنئەتنىڭ تارىخىي مەڭگۈلۈكلىكىنى بىلگەن ياكى ھېس قىلغان.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، كۆسەن رەسساملىرى بۇددا دىنى سەنئىتىدە يەنىلا سەنئەتنى سەنئەت قائىدە ـ پرىنسىپلىرى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش ئاڭلىقلىقىنى كۈچلۈك ئىپادىلىگەن. ئۇلار گۈزەللىك قانۇنىيەتلىرى، شەكىل گۈزەللىكى قانۇنىيەتلىرى، تەسۋىرىي سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ قائىدە، ئۇسلۇب، ۋاستىلىرىدە باشتىن ـ ئاياغ ئۆز زامانىسىغا كۆرە، يۇقىرى دەرىجىدىكى ئېستېتىك ئاڭغا ئىگە بولغان. بۇ نۇقتا ئۇلارنىڭ سەنئەت ئۇسۇلى، سەنئەت ئۇسلۇبىدا يېتەرلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

بىرىنچى، كومپوزىتسىيىلىك لايىھىلەشتە «رەتلىكلىك»، «نىسبەتدارلىق»، «سىممېترىكلىك»، «مەركەزدارلىق»، «ئەۋرىشىملىك»، «رېتىمدارلىق»، «گارمونىيىلىك» قاتارلىق شەكىل گۈزەللىكى قانۇنىيەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن. بىز مايا ئانىدىن تۇغۇلغان سىدىخارتخا (ساكيامۇنى) نىڭ يالىڭاچ رەسىمىدە گەۋدىلەنگەن شەكىل گۈزەللىكى قانۇنىيەتلىرىنىڭ غەربىي ياۋروپا رېنېسسانىسى مەزگىلىدىكى مەشھۇر رەسساملار مىكېلانجېلو، داۋىنچى، رافائىل قاتارلىقلار خۇلاسىلىگەن شەكىل ئېستېتىكىسى پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن بولغانلىقىنى كۆرىمىز.

كۆسەن رەسساملىرى ئادەم ئاناتومىيىسىدىن خەۋەردار بولغان. بىز غەربىي دىياردىن شىزاڭغا تەكلىپ قىلىنغان مەشھۇر تېبابەتشۇناس زانباشلاقىنىڭ «تىرىك بەدەن ئۆلچەملىرى»، «جەسەتنىڭ تۈزۈلمىلىك رەسىمى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغانلىقىنى بىلىمىز. قىزىل 26 ـ كېمىرغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساكىيامۇنىنىڭ بىر تېرە، بىر سۆڭەك ھالەتتىكى باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان رەسىمى ۋە كۆپلىگەن تام رەسىملىرىدە سۆڭەك، مۇسكۇل، تېرە ۋە بوغۇم ـ پەيلەرنىڭ تولىمۇ جانلىق ئىپادىلەنگەنلىكى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

كۇسەن رەسساملىرىنى تۇرغۇنلۇقتا ھەرىكەتنى، ماكاندا زاماننى ئىپادىلەپ، كۆرۈش سەزگۈسى ئوبيېكتلىرىدىن ئاڭلاش سەزگۈسى ئۇنۇمىگىمۇ مۇيەسسەر قىلىدىغان نادىر ئەسەرلەر يارىتىشقا مۇيەسسەر قىلغان نەرسە ئۇلارنىڭ پۇتۇن بەدەن تۈزۈلمىسى ئاساسىدا شەكىل گۈزەللىكى قانۇنلىرى گەۋدىلەنگەن كۆرۈنۈشلەرنى ماھىرلىق بىلەن، كومپوزىتسىيىلىك لايىھىلەشنى ئاڭلىق ئىگىلىگەنلىكىدىن بولغان.

ئىككىنچى، سىزىق تەسۋىرى ئۇسۇلىدا يېڭىلىق ياراتقان كۇسەن رەسساملىرى يورۇق ـ غۇۋالىق، يېقىن ـ يىراقلىق، ئويما ـ قوپمىلىق، لەيلىمە ـ چۆكمىلىك قاتارلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى ئىشقا سېلىپ، تام رەسىملىرىدە جانلىق، ستېرېئولۇق كۆرۈنمە ھاسىل قىلغان. ئۇلار بەدەن بىلەن كىيىم مۇناسىۋىتىدە يەنىلا بەدەننى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن «تۆمۈر سىمچىلار ياتقۇزۇش» دەپ ئاتالغان ئىنچىكە ۋە قويۇق سىزىقچىلاردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشتىن تاشقىرى، يەنە «بەدەنگە ھۆل كىيىم كىيدۈرۈش» دەپ ئاتالغان كىيىمنى بەدەنگە چاپلاپ سىزىش ئارقىلىق، بەدەننى گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلىدىنمۇ ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان. بۇ خىل غەربىي دىيارغا خاس رەسساملىق ئۇسۇلى كېيىنچە قەدىنھار ھەيكەلتىراشلىقىدىمۇ قوللىنىلغان.

ئۈچىنچى، بوياق ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىش ۋە رەڭ بېرىش تېخنىكىسىدا لەيلىمە ـ چۆكمە كۆرۈنۈش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن قاتلاملىق رەڭ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. بىز كۇسەن رەسساملىرىنىڭ مۇنداق رەڭ بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئادەم بەدىنىنىمۇ، كىيىم ـ كېچەكىنىمۇ، ئويما ھالىتىنىمۇ،

قوپما ھالەتنىمۇ تەڭ گەۋدىلەندۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. گەج، گىل، كۆكتاش، يېشىل تاش، قىزىل سېغىز قاتارلىق بوياق ماتېرىياللىرىدىن «بەدىئىي جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن» (لېكوك سۆزى) مۇنداق گۈزەل تام رەسىملىرىنى بۇنيات قىلىش كۇسەن رەسساملىرىغا يۈكسەك سەنئەت گۈزەللىكى قاراشلىرى رەھنىمالىق قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس.

## 5. بەدىئىي ئىپادىلەشنى گەۋدىلەندۈرۈش

كۇسەن رەسساملىرى تەقلىدىي ئەكس ئېتتىش بىلەن بەدىئىي ئىپادىلەش مۇناسىۋىتىدە بەدىئىي ئىپادىلەشنى گەۋدىلەندۈرگەن.

شۇنى ئېيتىش ھاجەتكى، سەنئەت، جۈملىدىن تەسۋىرىي سەنئەت رېئاللىقنى ياكى ئۆزىنىڭ سۈژىتىنى ئەينەن، تەقلىدىي ئىنكاس قىلىشنى ئاساس قىلىش كېرەكمۇ ياكى سەنئەتكارنىڭ پىكىر - ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەشنى ئاساس قىلىش كېرەكمۇ، دېگەن مەسىلىدە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە، قەدىمدە ۋە ھازىرقى كۇندە ئوخشىمىغان قاراشلار ئىپادىلەنگەن. ئومۇمەن، غەربىي ياۋروپادا چىنلىق، تەقلىدىيەت قارىشى، جۇڭگو (جۈملىدىن شەرق) دا مەنە ئىپادىلەش قارىشى ئۈستۈنلۈك ئەكەلگەن.

ئىنكاس قىلىش بىلەن ئىپادىلەشنىڭ بىر پۈتۈن كومپوزىتسىيىسىدە ئىپادىلەشنى گەۋدىلەندۈرۈش، «ئۆزىدىكى نەرسە»نى «بىز ئۈچۈن نەرسە» قىلىپ قايتا گەۋدىلەندۈرۈش مەركىزىي ئاسىيا تەسۋىرىي سەنئەت تارىخىدىكى قەدىمكى ئەنئەنە ئىدى. بىز «ئالتۇن - كۈمۈش تەسۋىرىي سەنئەت ئۇسلۇبى» ماھىرلىرى بولغان سىكىف - ساكلار زامانىغا مەنسۇپ ھەر خىل مېتال نەقىش بۇيۇملىرىغا نەزەر سالساق، ھازىرقى غەربىي ياۋروپادا باش كۆتۈرگەن ئىپادىچىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇسلۇبىنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە كەڭ تارقالغانلىقىنى كۆرىمىز.

ئالمائاتا يېنىدىكى تامغىلىق تاش قىيا رەسىملىرىگە قۇياش باشلىق ئادەم، بۇقىغا چىقىۋالغان قۇياش باشلىق ئادەم، ئۆچكە ـ قويلارغا نۇر چېچىۋاتقان قۇياش باشلىق ئادەم كۆرۈنۈشى قۇياش ئىلاھىغا سىمۋول قىلىپ چېكىلگەن. ئالمائاتا يېنىدىكى ئەسكىقورغاندىن 1969 ـ يىلى تېپىلغان مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5 ـ ئەسىرگە ئائىت دۇبۇلغا ۋە ساۋۇت كىيىم پوتىسىغا تاغقا يۆلەنگەن ۋە ئارسلان قورساق قىسمىدىن ئارقىسىغا پۈكلەپ قايرىلغان كۆرۈنۈشتە، كەمەر توقىلىرىدىكى تۈلپارلارمۇ قورساق قىسمىدىن ئارقىسىغا پۈكلەپ قايرىلغان قىلىپ ياسالغان. ستەين خوتەن يوتقان خارابىسىدىن تاپقان سەنئەتلىك ئىدىش سۇنۇقلىرىدىمۇ مەنىنى ئىپادىلەشتىكى شەكىل (قىياپەت) نى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى كۆزگە چېلىقىدۇ. مىلادىيە 1 ـ ئەسىرگە ئائىت بۇ خىل ساپال بۇيۇملار قاتارىدا ساز چېلىۋاتقان سازەندىلەر مايمۇن قىياپىتىدىمۇ تەسۋىرلەنگەن. ستەين يەنە دەندان ئۆيلۈك خارابىسىدىن تاپقان تاختىغا سىزىلغان ئاتلىق ۋە تۆگىلىك ئىككى كارۋانچى يىراق سەپەرگە ماڭغانلىرىدا قوللىرىدا بىردىن كاسىگە مەي قۇيۇپ تۇتۇۋالغان قىلىپ سىزىلغان. ۋەھالەنكى، رەسسام دىلكەشلىك، دوستلۇق قاتارلىق مەنىۋى مەزمۇننى گەۋدىلەندۇرۇشنى مەقسەت قىلمىغان بولسا، مەي قۇيۇلغان قاچىنى تۇتۇپ ئۇزۇن كارۋان سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇش چىنلىقتا سىغمىغان بولار ئىدى. بىز كۆپلىگەن بالبال (سىنتاش) ئوبرازلىرىدا قولىغا قەدەھ تۇتقان بىر خىل مەنىۋى ــ سىمۋوللۇق كۆرۈنۈشنى ئۇچرىتىمىز.

ئەپراسىياپ قەسرە تېمىغا سىزىلغان غەربىي دىيارلىق ئۇچ ئەلچى رەسىمىگە نەزەر سالساق، ئۇلار كىيگەن تونىنىڭ ئالدىغا بىر ـ بىردىن پەرقلىق بولغان پۇل ـ تەڭگە، شىر ـ يولۋاس كۆرۈنۈشى، لېنتا چىشلىگەن قۇياش كۆرۈنۈشى

سىزىلغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ كۆرۈنۈشلەر دوستلۇقا دوستلۇق بىلەن، سودىغا سودا ئالاقىلىرى بىلەن جاۋاب قايتۇرىمىز، ئەگەر دۈشمەنلىك يۈز بەرسە شىرەدەك ئېتىلىمىز، دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. بۇ قەدىمكى ساك ـ ماسساگېتلارنىڭ بىر پاقا، بىر قۇياش قانىتى بىلەن بىر سادىقنى قوشنا دۆلەتكە ئەۋەتىپ، ئاسماندىن، دەريادىن كەلسەڭمۇ بەرىبىر ئوخشاش، دېگەن مەزمۇننى ئىپادىلىگىنى بىلەن ئوخشاش بولغان.

كۆسەن تام رەسساملىرى ھالەتنىڭ جىددىيلىكىنى، ھېس ـ تۇيغۇ ئالاھىدىلىكىنى، تەپەككۇر مەنىلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن مۇبالىغىلەش، ئارقىسىغا پۈكلەپ سىزىش، دۈم كۆمتۈ-رۈپ سىزىش، ئادەمنى كىيىندۈرۈلمىگەن قىلىپ سىزىش، ئادەم ئوبرازلىرىنى چوڭ ـ كىچىك قىلىپ ئىشلەش، چىراي ـ تۈر-قىنى پەۋقۇلئاددە مىمىكىلىق قىلىش ئارقىلىق خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈش، تراگېدىيىلىك ـ كومېدىيىلىك ـ ساتىرىك كۆ-رۈنۈش ھاسىل قىلىش قاتارلىق ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنى قوللانغان.

بىز ساكيامۇنى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ جەسەت كۆلىنى سەككىز دۆلەت پادىشاھلىرى تالىشىپ كۆچلۈك قوشۇن يۆتكەپ كەلگەن، شەھەر سېپىلىنىڭ ئىچى ـ سىرتى جىددىي ئۇرۇش ۋەھىمىسىگە تولغان ھالەتنى كۆسەن رەسساملىرى باشقا ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىشتىن تاشقىرى، يەنە سېپىل كۆنگۈرىلىرىنى يەر تەرەپكە قىلىپ سىزغانلىقىنى كۆرىمىز. ساكيامۇنى بۇددا دىنى تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇسسۇل ئويناپ ئاداشتۇرماقچى بولغان ئۈچ گۈزەل قىزنىڭ ساكيامۇنى كارامىتى بىلەن ئۈچ قېرى ـ ئاجىز ئايالغا ئايلىنىپ قالغانلىق ھېكايىتىنى كۆسەن رەسساملىرى ساكيامۇنىنىڭ باداشقان قۇرۇپ بۇددا تەرغىباتى ئېلىپ بېرىۋاتقان كۆرۈنۈشى ۋە بىر تەرەپتە ئۈچ قىز، ئىككى تەرەپتە ئۈچ قېرى موماي ئوبرازىنى بېرىپ، بىر ماكاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىككى زامان ئۇنۇمى ھاسىل قىلىش بىلەن ھەل قىلىغان. بىز قىزىل 8 ـ، 13 ـ كېمىرلىرىغا سىزىلغان ساكيامۇنىنىڭ ئانىدىن تۇغۇلغان تۇغما كۆرۈنۈشى چوڭايتىپ بېرىلگەنلىكىنى، ساكيامۇنىنىڭ بەدەن كۆرۈنۈشىنىڭ ئۈستى ۋە ئەتراپىغا پۈتۈن كائىنات تەسۋىرى، ساكيامۇنىنىڭ تۇغۇلۇش ئالدىدا 500 قېتىمدىن ئارتۇق ھەر خىل ئىنسانىي ياكى ھايۋانىي شەكىلدە ئالەمگە كەلگەنلىكى ئىپادىلەنگەن يارالمىش ھېكايىلىرى كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئۈستىلەپ سىزىلغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ھازىرقى زامان ئىپادىچىلىك ئېستېتىك قاراشلىرىنىڭ مۇخلىسلىرىمۇ ھەيرەتتە قالىدىغان سەنئەت تەپەككۇرى ۋە ئىپادىلەش ھېكمىتىدىن ئىبارەت. چەت ئەل ئالىملىرى «كوسمولوگىيىلىك تەسۋىر» دەپ ئاتىغان بۇ تام رەسىمى بۇددىزم دۇنيا قاراشلىرىدىكى «سانسارا» (ھاياتنىڭ تەكرارلىنىشى) ئەقىدىسىنى، ساكيامۇنى يارالمىش ھېكايەتلىرىنى تېپىك ئۈلگە قىلىپ ئوبرازلاشتۇرغان. قىزىلدىن ياپونىيىگە ئەكېتىلگەن قىزىل گىل رەڭدە بويالغان بىر ئايال ھەيكەلنىڭ ئىككى دولىسىدا ئىككى قىسقا قانىتى بار، ئىككى ئەمچىكى ئاستىدا ئىككى كۆزى بار، يان تەرەپتە بىر بۆرنى ئالاھىدە چىقىپ تۇرغان قىلىپ سىزىلغان. 7 ـ ئەسىرگە تەۋە بۇ كۆسەن يەرلىك ئاھالىسى قىياپىتىدىكى ئايال ھەيكىلى كۆرگۈچى ـ ئىشىتكۈچى «چارلام ئانا» (ئاۋالۇكىسۋارا) نىڭ كۆسەن شەكلىدىكى ۋارىيانتى بولۇشى ئېھتىمال. كۆسەن سەنئەتكارلىرى بۇ ھەيكەلنى ئىشلەشتە ئەڭ قەدىمكى توتېم ۋە شامان ئەپسانىلىرىدىن پايدىلانغان بولۇشى تەسەۋۋۇردىن يىراق ئەمەس. بۇنداق شەكىلدىن مەزمۇننى، قىياپەتتىن خاراكتېرنى، كومپوزىتسىيىدىن ماھىيەتنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى جىددىي ئىزدىنىش، لايىھىلەش نەتىجىسى بولۇپ، مۇستەقىل ئېستېتىك تەپەككۇرسىز روياپقا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس.

# 6. بەدەن سەنئىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش

كۆسەن رەسساملىرى تەسۋىرىي ئىپادىلەش كەسپىنىڭ ئەھلى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئەڭ ئىلىمپىنتار ئىستېتىك قائىدىنى، بارلىق سەنئەت تۈرلىرىنىڭ، جۈملىدىن تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ مەركىزىي ئىپادىلەش ھالقىسى ئىنسان، ئىنسانىي گۈزەللىك، جۈملىدىن ئىنسان بەدەن گۈزەللىكى ئىكەنلىكىنى بىلىشى تەبىئىي ئىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، كۆسەن رەسساملىرى بەدەن سەنئىتى ئاساسىي قائىدىلىرىدىن خەۋەردارلا ئەمەس، بۇ جەھەتتە قەدىمكى يۇنان ـ رىم، قەندىھار ـ بامىيان رەسساملىرىدىن خېلىلا ئۈزاپ كەتكەنلىكى جامائەتچىلىك بارغانسېرى ئېتىراپ قىلىۋاتقان تارىخىي پاكىتتۇر.

ئېھتىمال، بۇددا ئىستىقامەتچىلىكى دېھىيانا تەلەپلىرى بويىچە بېكىسون تالىپلىرىنىڭ سەزگۈ جەھەتتە گۈزەللىك ھېسسىياتلىرىنى ئۆلتۈرۈش مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن، ئىنسانىي بەدەن گۈزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئېھتىياجى تۇغۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇر بۇددىزمىدا «قاچىغ»، «ئوغرى قاچىغلار» دەپ قارىلىنىپ ئاتالغان سەزگۈ ـ ھېسسىياتقا پەسەنت قىلماسلىق ساكيامۇنى تەرجىمىھالى (قىسمەتلىرى) دا تەكرار تىلغا ئېلىنغان ئۈلگە كۆرستىپ تەربىيە بېرىش ئۇسۇلى ھېسابلانغان. كۆسەن رەسساملىرى بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان، بۇ ھەتتا بەدىئىي ماھارەت كۆرستىش بەيگىسى ياكى تىرىبونىغا ئايلانغان. كۆسەن رەسساملىرى نەزىرىدە سەنئەتنىڭ جېنى گۈزەللىك، گۈزەللىكنىڭ ئەڭ ئالىي ھالقىسى بەدەن گۈزەللىكى دېگەن ئادەتتىكى ئېستېتىك ئاڭنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. نەتىجىدە دىنىي سەنئەتتىكى «قاچىغ تەربىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش»، بەدەن سەنئىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن گارمونىيىلىشىش ھاسىل قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆسەن رەسساملىرى يەنە ساكيامۇنى، ئۇنىڭ ئانىسى مايا خېنىم، ساكيامۇنىنىڭ ئايالى ۋە كېنىزەكلىرىنى، ساماۋى مۆئەككەللەرنى ئەجايىپ، پائال جەھەتتىن گۈزەللەشتۈرۈپ تەسۋىرلەشنى يولغا قويغان بولۇپ، ئۇلار «مۇقەددەسلىك ئەلۋەتتە گۈزەللىك» دېگەن قائىدىنى ئاڭلىق چۈشىنەتتى. نەتىجىدە كۆسەن تاشكېمىرلىرىدىكى تام رەسىملىرىدە تەسۋىرلەنگەن بۇددا، بودساتۋا، مۆئەككەللەر ئوبرازلىرى گۈزەللەشتۈرۈلۈپ سىزىلىپلا قالماستىن، ھەتتا ئۇلارنىڭ ھەيكەللىرىمۇ گۈزەللەشتۈرۈلۈپ ياسالغان.

يالىڭاچ ۋە يېرىم يالىڭاچ سىزىش غەربىي دىيار تەسۋىرى سەنئىتىدە قىيا رەسىملىرى دەۋرىدىلا ئىپتىدائىي ئىپادىسىنى تاپقان بولسىمۇ، ئۇ گرېك يالىڭاچ ھەيكەلتىراشلىق ۋە رەسساملىق سەنئىتى تەسىرىدە كلاسسىك شەكىلگە كۆتۈرۈلگەنىدى. كۆسەن رەسساملىرى «يارالمىش ھېكايىلىرى»نى، «بۇددىھا قىسسەلىرى»نى، ساماۋى ئوبرازلارنى ئىپادىلىگەنلىكىدە كۆپلىگەن يالىڭاچ، يېرىم يالىڭاچ بەدەن قىياپەتلىرىنى تولىمۇ ئۇنۇملۇك سىزىشتى. بۇ جەھەتتە «بۇددىھا قىسسەلىرى» ـــ ساكيامۇنىنىڭ ئۆمۈر سەرگۈزەشتىلىرىنى سىزىش ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلىدى.

كۆسەن رەسساملىرى «بۇددىھا قىسسەلىرى»نى سىزغاندا مۇھىمى ئۈچ تۈركۈمدىكى پېرسوناژلارنى يالىڭاچ، يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە سىزغان. ئۇلار: ساكيامۇنى، ئۇنىڭ ئانىسى مايا خېنىم، ساكيامۇنىنىڭ ئايالى گوپا ۋە كېنىزەك قىزلارنىڭ ئوبرازى؛ ساماۋى مالائىك ۋە ساماۋى ئۇسسۇلچى ـ نەغمىچىلەرنىڭ ئوبرازى؛ ساكيامۇنىنى ئازاشتۇرماقچى بولغان ئالۋاستىلار، ئۇسسۇلچى قىزلار ئوبرازلىرىدىن ئىبارەت. بۇلارغا قىزىل 99 ـ كېمىردىكى ساكيامۇنىنىڭ مايا خېنىم بىقىنىدىن تۇغۇلغان ھالەتتىكى كۆرۈنۈشى؛ 76 ـ كېمىردىكى ئۈچ ئايال ئالۋاستىنىڭ تەسلىم بولۇش كۆرۈنۈشى؛ 175 ـ كېمىردىكى

شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش كۆرۈنۈشى؛ 110 ـ كېمىردىكى شاھزادىنىڭ ياسۇدىھارا ۋە كېنىزەكلەر يالىڭاچ ئۇخلاپ ياتقان جايدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىق كۆرۈنۈشى؛ 38 ـ كېمىردىكى ساماۋى ئۇسسۇل ـ نەغمىچىلەرنىڭ كۆرۈنۈشى قاتارلىقلارنى مىسال قىلىش مۇمكىن. ئېيتىش مۇمكىنكى، ستەين دەندان ئۆيلۈك ئىبادەتخانىسى خارابىسىدە ئۇچراتقان «قۇتلۇق ساماۋى خوتۇن» (لاكشىمى — ئۆز تەڭرى) ئوبرازى يەرلىك رەسساملار تەرىپىدىن پەۋقۇلئاددە گۈزەل سىزىلغان بولۇپ، ئۇنى ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئىشلەنگەن شۇ خىل ئوبراز بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ رەسىمنىڭ يېپەك يولى رەسساملىق سەنئىتىدىكى خۇددى ۋېناستەك مىسلىسىز مۆجىزە سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈش مۇمكىن.

كۇسەن رەسساملىرى يالغۇز يالىڭاچ ھالەتتە ئىپادىلەش لازىم ھەم مۇمكىن بولغان كۆرۈنۈشلەرنى يالىڭاچ سىزىپلا قالماستىن، يەنە يالىڭاچ ھالەتتە ئىپادىلەش مۇمكىن بولمىغان، كىيىندۈرۈلۈپ ئىپادىلەش لازىم بولغان كۆرۈنۈشلەرنى كىيىندۈرۈلمىگەن ھالەتتە سىزىپ، يۇنان، قەندىھار رەسىملىرىدىن كۆپ ئۆزاپ كەتكەن. قىزىل 10 ـ كېمىرغا ساكيامۇنى مۇخلىسلىرىدىن ماگانخا پادىشاھى ئاجا تاساترو رەپىقىسى بىلەن تەختتە ئولتۇرغاندا، ئۇنىڭغا ساكيامۇنىنىڭ قازا قىلىپ نىرۋاناغا سەپەر قىلغانلىقىنى يەتكۈزسە، ئۇلار ھوشىدىن كېتىشى مۇمكىن دەپ، ئۇلارنى باغقا يۇيۇنۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۇلار سۇدىكى چېغىدا بۇ خەۋەرنى رەختكە سىزىلغان رەسىم بىلەن يەتكۈزمەك بولغانلىقى ئىپادىلەنگەن. مەشھۇر تام رەسىمى سىزىلغان بۇ تام رەسىمى مۇشۇ سۇژىت كىيىندۈرۈلگەن ھالەتتە سىزىلغان تام رەسىملىرىدىن پەرقلىق ھالدا پادىشاھ ۋە رەپىقىسى تەخت ئۈستىدە يالىڭاچ ئولتۇرغان قىلىپ سىزىلغان.

www.uyghurkitap.com

# 7. ئېتنىك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن

كۈسەن رەسساملىرى ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىدە سىرتتىن كىرگەن تەسىر بىلەن يەرلىك ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئۇسلۇبىنىڭ مۇناسىۋىتىدە سىرتنىڭ مۇنەۋۋەر ئۇتۇقلىرىنى پائال قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ يەرلىك ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبىنى گەۋدىلەندۈرۈش پوزىتسىيىسىدە چىڭ تۇرغان. نەتىجىدە، ئۇلار ئۆزگە خاس مەشھۇر «كۈسەن ئۇسلۇبى»نى شەكىللەندۈرگەن. بۇ يىپەك يولى مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدە كۈسەن سەنئەتكارلىرىنىڭ مۇستەقىل، ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن، مۇستەقىل مىللىي ئالاھىدىلىككە پايدىلىق سىنكىرىتىزملىق يۆنىلىشتە تۇرغانلىقىنىڭ دەلىلى ۋە سەمەرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىز مىللىي - مەھەللىي ئېتنولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكنىڭ غەربىي دىيار تاشكېمىرلىرىدا گەۋدىلەندۈرۈلگەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ، بۇ تاشكېمىرلاردىكى بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق سەنئەت نەتىجىلىرىنى مۇتلەق مەندە ھىندىستان بۇددىزمىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى — «ئېشىندىلىرى» (شاڭدا ئەپەندى شۇنداق قارىغان) دەپ قارايدىكەنمىز، ئۇ چاغدا پۈتكۈل «غەربىي دىيار سەنئەت ئۇسلۇبى»، ئۇنىڭ ئۆلگىلىك نامايەندىسى بولغان «كۈسەن ئۇسلۇبى»نى ئىنكار قىلغان بولىمىز. بۇددىزم سەنئىتى ئۈستىدىكى كونكرېت سېلىشتۇرما تەتقىقات بۇنداق ئىنكارچىلىق (نىگىلىزم) قارىشىنى ئىزچىل رەت قىلدى. بىز ئەكسىچە «غەربىي دىيار ئۇسلۇبى»، «كۈسەن ئۇسلۇبى»نى ئېتىراپ قىلىدىكەنمىز، ئۇ چاغدا مىللىي - مەھەللىي ئېتنولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكنىڭ تاشكېمىر بىناكارلىقى، ھەيكەللەرنىڭ قىياپەت ۋە جابدۇنۇش ئالاھىدىلىكى، تام رەسىملىرىنىڭ قىياپەت، كىيىنىش، كومپوزىتسىيىلىك

ئورۇنلىشىش، رەڭ تاللاش، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرى، ھەر خىل نەقىش، ئۇسلۇبلۇك، ھايۋانلاردىكى جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىك، دىنىي ۋە رېئال تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىدىكى ئېتنولوگىيىلىك بىردەكلىك قاتارلىقلارنىمۇ ئېتىراپ قىلىمىز. ئېيتىش مۇمكىنكى، بۇ سەنئەت جاۋاھىراتلىرى مەلۇم مەنىدە غەربىي دىيارچە، كۆسەنچە ئېتنولوگىيىلىك تىپتىكى بۇددىزم سەنئىتىدىن ئىبارەت بولغان.

## 8. خاتىمە

ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتى مەيلى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ياكى مەنىۋى ئىجادىيەت پائالىيىتى بولسۇن، ئىنساننىڭ ئاڭلىق، مەقسەتلىك ئىدىيە، تەپەككۇر، غايىسى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنداق ئىجادىيەت ئېڭى يەنىلا ئەنئەنىۋى ئىجادىيەت ئۆلچەملىرى، ئەنئەنىۋى ئېستېتىك غايە ئاساسىدا، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كەلگەن يېڭى (زامانىۋى ياكى سىرتتىن كىرگەن) ئېستېتىك ئىدىيىلەرنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۇرگەن ئاساستا ئېلىپ بېرىلىدۇ. پۈتۈنلەي ئىجادىيەت ئەنئەنىسى، ئىجادىيەت ئېڭى ۋە ئۇنىڭ يېڭى تارىخىي سەۋىيىسى بولمىغان ئەھۋالدا سىرتتىن كىرگەن ئىجادىيەت ئىدىيىسى ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزلەشتۇرۇش مۇمكىنلىكى بولمايدۇ. روشەنكى، ھەرقانداق قوبۇل قىلىش ئۆزلەشتۇرۇش ئۈچۈن بولىدۇ، ئۆزلەشتۇرۇش يېڭىلىق يارىتىش بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە قوبۇل قىلغۇچىنىڭ ئۆزلەشتۇرەلەش ئىقتىدارى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئاساسى ۋە ئۇنىڭ سەۋىيىسىدە ئەكس ئېتىدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتى، مەيلى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ياكى مەنىۋى ئىجادىيەت پائالىيىتى بولسۇن، «گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئېلىپ

بېرىلىدۇ.» مۇنداق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ۋە ئىجادىيەت پائالىيىتى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئىنسان مېڭىسىدە ئېستېتىك چۈشەنچىلەر، ئېستېتىك ئاڭ سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. ئۇنىڭ ئەڭ ئالىي كۆرۈنۈشى سەنئەت ئىجادكارلىرىدىكى ئېستېتىك ئاڭدىن ئىبارەت. روشەنكى، كۆسەن رەسساملىرى ئېتنىك مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى بىلەن يىپەك يولى مەدەنىيەت ئۇنىۋېرسالىزمى ئاساسىدا ئەينى زامان سەنئەت مۇنبىرىدە يۇقىرى سەۋىيىدىكى ئېستېتىك ئاڭغا ئىگە بولغان. شۇ ئاساستا تەسۋىرىي سەنئەت تارىخىدا قەدىمكى يۇنان، ئەينى زاماندىكى قەندىھار سەنئىتىدىن ھەر تەرەپتىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە يېڭى ئېگىزلىك پەيدا قىلغان. بۇ فرانسۇز شەرقشۇناس رېنې گرۇئۇستىنىڭ «ھىندىستان مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىدا (خەنزۇچە، 1965 ـ يىلى نەشرى، 59 ـ بەت) توختالغان: «ئەگەر قەندىھار سەنئىتىنى بۇ خىل سەنئەت قەسرىسىنىڭ تاشقى ئايۋىنى ھېسابلىساق، كۆسەن تاشكېمىر سەنئىتىنى بۇ قەسىرنىڭ ئىچكى سارايخانىسى ھېسابلاش كېرەك» دېگەن تەلقىنگە ئاساس بولغاندى.

كۆسەن تاشكېمىر سەنئىتى جاۋاھىراتلىرى كۆسەن رەسساملىرىنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئاساس سالغان تۇرمۇش چۈشەنچىلىرى بىلەن پەلسەپىلىك چۈشەنچىلىرىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇلار نوقۇل تەقلىدىيەتچىلەر ياكى ھىندىستان ناتۇرالىزمچىلىرىدىن پەرقلىق ھالدا ئىنسانىي گۈزەللىك، ئېتنىك تۇرمۇش گۈزەللىكى، سەنئەت گۈزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ ئاتلىق ماھىرلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى سەنئەت رېئالىزملىق، سىمۋولىزملىق، كلاسسىكىزملىق، ئېپادىچىلىك ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ قىرلىق گۆھەرگە ئايلانغان ۋە دۇنياغا يۈزلەنگەنىدى. بۇ خىل ئېستېتىك ئاڭ ئەينى زاماندا كۆسەن شەھەر ـ قەلئەلىرى ھاياتىدا ناخشا ـ مۇزىكا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىدە ئوخشاش

ئىپادىلەنگەن ۋە كۆپلىگەن زوقلانغۇچىلار تەرىپىدىن «ساماۋى سەنئەت» دەپ مەدھىيىلەنگەن.

كۇسەن رەسساملىرىدىكى ئىستىتىك ئاڭ گۈل ـ چېچەكلىرى تەسۋىرىي سەنئەت تارىخىمىزدىكى مۇنەۋۋەر ئەنئەنىلەرنى قېزىش ۋە جارى قىلىشتا بىۋاستە نەزەرىيىۋى ھەم ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

**پايدىلانغان مەنبەلەر:**


1. «غەربىي رايون تەسۋىرىي سەنئەت كۆرگەزمىسى» (ياپونىيە. توپلام).
2. «جەنۇبىي ئۆزبېكىستان ئاسارئەتىقىلىرى» (ياپونىيە. توپلام).
3. ئانسىموف قاتارلىقلار: «شەرق ئەللىرى سەنئەت تارىخى».
4. لىتۋىنسكىي: «شىنجاڭ تاشكېمىرلىرىنىڭ ئارخىتېكتورىيىسى» («قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر شەرقىي مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا» ناملىق كىتاب، 81 ــ 124 ـ بەتلەر).
5. دىيومېزىل: «سىكىفلار ۋە نارتلار».
6. رودېنكو: «مەركىزىي ئالتاي ئاھالىسىنىڭ سىكىف دەۋرىدىكى سەنئىتى».
7. پېتېرخوپكېرك: «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار».
8. پوگاچېنكوۋا، زېمېل: «ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئەت تارىخىدىن ئوچېرك».
9. رېنې گرۇئۇست: «ھىندىستان مەدەنىيىتى».
10. تەنشەن شىنفۇ: «ياپلاقىنىڭ رەسىملىك تارىخى».
11. «داگۇ ئېكسپېدىتسىيىسىنىڭ رەسىملىك توپلىمى» (1 ـ، 2 ـ توم).
12. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى».
13. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىسلامىيەتكىچە غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتى تەسۋىرىي يادىكارلىقىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى

## 1

مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئالەمشۇمۇل دەبدەبە قوزغىغانىدى. بۇ قەدىمىي مەدەنىيەت دىيارى چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى، قەدىمكى يېزىق ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن ئاللىقانداق «يېڭى تېپىلغان ئاتلانتىكا»، «قۇم دېڭىزى ئاستىدىكى سېھىرلىك قەلئە» دېيىلدى. ئۇلارنىڭ خانلىق مۇزېيى ۋە ئارخېئولوگىيىلىك سارايلىرى بۇ غەيرىي ماكاندىن «تېپىۋېلىنغان» جاۋاھىراتلار بىلەن شۆھرەتلىنىشكە باشلىدى. شۇنىڭدىن بېرى بىر ئەسىر ئۆتتى، ۋەھالەنكى دەبدەبىگە مۇيەسسەر بولغان بۇ تەتقىقات مەركەزلىرىدىن مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتىنىڭ ئومۇم ئۇچىرىكلىرىدىن باشقا، خاس تېمىدىكى مىكرو تەتقىقات چىچەكلىرى جىلۋىلەنمىدى. ئېھتىمال، تارىخ بۇ خىل ئانالىتىك تەتقىقات بۇرچىنى بۇ مەدەنىيەتنى ياراتقۇچى خەلقىنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرىغا نېسىپ قىلغان بولۇشى مۇمكىن. مەركىزىي ئاسىيادىكى قۇياش ئېتىقادچىلىقى، ئانىمىزم ۋە توت زات قارىشى، مېتال ھۈنەر ـ سەنئىتى، كىيىم مەدەنىيىتى، تەسۋىرىي سەنئەت ئىزنالىرى، قەدىمىي ئۇسسۇل ـ مۇزىكا سەنئىتىنىڭ ئوبرازلىق ئۇچۇرى قاتارلىق خاس تېمىلىك

تەتقىقاتلار ئۇنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

مەن ئويلايمەنكى، مەدەنىيەت، ھەتتاكى مەنىۋى مەدەنىيەت سىرتلاشقان، ماددىيلاشقان تارىخىي نەتىجىلەر چۆكمىسى بولۇپ، مەدەنىيەت، جۇملىدىن سەنئەت تارىخى بۇ چۆكمىنىڭ ئوبرازلىق تارىخىي قاتلىمىدىن ئىبارەت. باشقىچە ئېيتقاندا، تارىخ، شۇنىڭدەك مەدەنىيەت تارىخى پاكىتلىق ئۇچۇر تارىخى سىستېمىسى بولۇپ، تارىخنى «ھېچقانداق يات قوشۇمچىسىز» (ئېنگېلسنىڭ سۆزى) ئەينەن يېزىشنىڭ توغرا يولى تارىخىي ماتېرىيالىزم ئاساسىدا، تارىخنى ئۇچۇر سىستېمىسى دەپ چۈشىنىپ، تارىخنى ئۇنىڭ ئۆز ئۇچۇرى بىلەن ئىزاھلاش بولۇشى لازىم.

زامانىمىزنىڭ ئېنفورماتسىيە دەۋرىگە قاراپ تېز سۈرئەتتە كىرىپ بېرىشى بىلەن تارىخىي تېمىلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتمۇ ئىلگىرىكى گەپ بىلەن بايان قىلىشتەك قۇرۇق، جانسىز ۋە ئەۋرىشىم ھالەتكە خاتىمە بېرىپ، تارىخنى تارىخنىڭ ئۆز سىگنالى، ئۆز تامغىسى، ئۆز ئىزناسى، ئۆز ئۇچۇرى، ئۆز قىياپىتى بويىچە ئىزاھلاشنىڭ يېڭى بايان قىلىش شەكلىگە يۈزلىنىشى مۇقەررەر. بۇ خىل يېڭىچە تەتقىقات تىپى تارىختىن سۆزلەيدىغان ۋە ئۆزى سۆزلىگەن تارىخنىڭ ماددىي يادىكارلىقلىرىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان تارىخ تەتقىقاتىدىكى «مەدرىسۋازلىق» ئىستىلىنى ئاياغلاشتۇرىدۇ، ئەلۋەتتە.

## 2

مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيەت مەنىسىدىمۇ پەۋقۇلئاددە رايون. ئۇ ئاسىيا تىپىدىكى ئاق جىنس ئىنسان تۈركۈملىرى بىلەن ئاسىيا تىپىدىكى سېرىق جىنس ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ بىر قىسمىنى بىرقانچە تارىخىي قاتلام بويىچە، بىرقانچە قېتىم ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئارىلاشتۇرغان. ئىچكى موڭغۇلدىكى

ئۆتۈكەن تاغلىرىنىڭ ئاشېد غارىنى ئاپىرىدە سىمۋولى قىلغان ئادەملەر تۈركۈمى پامىر تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىنى ھايات سەھنىسى قىلغان ئاسىنا ئۇرۇقىدىكى ساكلار بىلەن بايقال – يەنسەي ۋادىلىرىدا قوشۇلۇپ، ئاسىنا قوۋمىنى مەركەز قىلغان تۈركىي ئانتروپولوگىك تۈركۈمنى شەكىللەندۈرگەنلىكى ئۇنىڭ ئىلىم دۇنياسىغا ئايدىڭ بىر تىپىك مىسالى.

مەركىزىي ئاسىيا تاغ – جىلغا تىپىدىكى مەدەنىيەت دەۋرىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، يايلاق مەدەنىيەت تىپىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن بولۇپمۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 – يىللارنىڭ ئاخىرى ئاتقا مىنىش تېخنىكىسىنى ئۆزلەشتۈرگەندىن كېيىن، خۇددى زېمىن كۆكسىدىكى ئاپوللودەك ياۋرو ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى جەنۇبتا ئىلەم ئېگىزلىكى، شىمالدا دنېپىر – قارا دېڭىز ساھىلى ئارقىلىق كېسىپ ئۆتۈپ، تۇنجى قېتىم «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» ۋە «ئالتۇن يول» ئالاقىلەر لىنىيىسىنى بەرپا قىلدى. مەركىزىي ئاسىيانى مەركىزىي بەلۋاغ قىلغان، داڭقى ئالەمنى قاپلىغان «يىپەك يولى» (ۋىزانتىيىلىكلەر ئۇچۇن «يىپەك يۇرتى يولى») گەرچە بوستان مەدەنىيەت تىپى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن شەكىللەنگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئىلگىرىكى «ئاتلىقلار يولى»نى ئاساس قىلغانىدى.

مەركىزىي ئاسىيا يەرلىك مەدەنىيەت نۇقتىسىدىنمۇ، يىپەك يولى سىنكرىتىك مەدەنىيىتى نۇقتىسىدىنمۇ ئۆز ئالدىغا خاس سەنئەت ئۇسلۇبى، مەدەنىيەت چەمبىرى ھاسىل قىلىپ جاھان مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشۇپ كەلدى. مەركىزىي ئاسىيا ئۇسسۇل سەنئىتى ئۇنىڭ مۇھىم بىر جاۋاھىراتى بولۇپ، ئۇ ۋاقتى ئۇزاق، مەزمۇنى مول، بەدىئىي قىممىتى يۇقىرى، تەسىرى كەڭ سەنئەت ئېقىمىنى ھاسىل قىلدى. ئۇ يازما مەنبەلەردە، شائىرلارنىڭ ئويناق شېئىرلىرىدا، ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ ئۇسسۇللۇق پەرۋازلىرىدا ئۆز تەرىپى ۋە

ھاياتىي كۆچمنى ساقلاپلا قالماستىن، يەنە تەسۋىرىي سەنئەت يادىكارلىقلىرىدا ئۆزىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرىنى قويۇپ كەتكەن.

## 3

يېقىنقى يىللاردا تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئۇرۇمچى ئەتراپى، شەرقىي ۋە غەربىي قاناتلىرى بىلەن پامىر، كوئېنلۇن (قۇرۇم)، ئالتۇنتاغ، ئالتاي ۋە تارباغاتاي تاغ تىزمىلىرى بىلەن ئىچكى موڭغۇل يايلىقى، گەنسۇ كارىدورىدىكى چوغاي① ، چىلەنشەن (نەنسەن) تاغ تىزمىلىرى، بايقال ـ يەنسەي، سىر دەرياسى ۋە ئامۇ دەرياسى ۋادىلىرىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تاغ رايونلىرىدىن كۆپلىگەن قىيا رەسىملىرى تېپىلدى. بۇ تاشلارغا ئويرازلىق تامغا بىلەن چېكىلگەن مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرى مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۈمىنىڭ يېزىقتىن ئىلگىرى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى تۇرمۇش ۋە روھىيەت تارىخىنى دىققەت ـ ئېتىبارىمىزغا يايدى. تارىخنىڭ بۇ قەدىمىي ئوبرازلىق ئۇچۇرى، ئومۇمەن يايلاق مەدەنىيەت تىپىدىن ئىلگىرى، يەنە تولىمۇ ئۇزاق داۋام قىلغان تاغ ـ جىلغا مەدەنىيەت تىپىنىڭ بولغانلىقىنى جاكارلاش بىلەن بىللە، خۇسۇسەن ماددىي تۇرمۇش، روھىي ھاياتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە خاس تەتقىقات ئېلىپ بېرىش مۇمكىنچىلىكىنى كۆرسەتتى.

بىز مەركىزىي ئاسىيانى ئېتنىك مەدەنىيەت ئومۇملۇقى ۋە يېقىنلىقى جەھەتتە بىر «ئېتنولوگىيىلىك ـ مەدەنىيەت چەمبىرى»گە ئاجرىتىشىمىز مۇمكىن. مۇشۇ ئاساستا ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ قەدىمىي يادىكارلىقلىرىنى ھازىرقى چېگرىدىن ھالقىغان ھالدا سېلىشتۇرۇپ ئىزاھلىشىمىز ئاسان بولىدۇ.

ئەڭ ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنىڭ قىياغا سىزىلغان

① 1974 ـ، 1980 ـ يىللىرى چوغاي تاغلىرىنىڭ ئورات، دىڭكۇ، ئاراشان ناھىيىلىرى قىسمىدىن 10 نەچچە مىڭ قىيا رەسىمى تېپىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوبرازلىق كۆرۈنۈشلىرى ئۆزىنىڭ دەسلەپكى قاتلىمىدا خۇددى ئىسپانىيە ۋە فرانسىيىدىكى ئالتامىرا ۋە راسكو غارلىرىدىكىدەك قورقۇنچلۇق ھايۋانىنىڭ دەھشەتلىك ئېتىلىشلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇش ئارقىلىق، ئىنسان ھاياتىنىڭ تاشقى مۇھىتى ۋە ئەنسىز ئىچكى روھىيىتىنى ئىپادىلىگەن بولسا، كېيىنچە سان ـ ساناقسىز قىياپىتىنى سىزىش ئارقىلىق ئىپتىدائىي ئىنسانىنىڭ پايانسىز تەبىئەت دۇنياسىدا ھايۋانات دۇنياسىدىن قازانغان دەسلەپكى غەلىبە ئىپتىخارىنى ئىپادىلىگەن. مەھمۇد كاشغەرىي بۇنداق ئوۋچىلىق غەلىبىلىرىنىڭ شېئىرىي شەكلىنى ئۆز كىتابىغا مۇنداق يازغان:

«چاغرى بېرىپ قۇشلاتۇ،<br>تايغان ئىزلىپ تىشلەتۇ،<br>تىلكى، توڭغۇز تاشلاتۇ،<br>ئەردەم بىلە ئۆكلەلىم.»

يەشمىسى:

(لاچىن بىلەن قۇش قۇشلىتىپ،<br>تايغان بىلەن چىشلىتىپ،<br>تاش بىلەن تۈلكە، توڭغۇزنى ئېتىپ،<br>غەلىبىمىزدىن روھلىنايلى.)

ئەمما، يەنە بىر تەرەپتىن، تۇرمۇش ئىپتىدائىي ئىنساننى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇلارنىڭ روھىيىتى ئۆزلىرى ئوزۇقلۇق قىلغان ھايۋانىنىڭ جىسمانىي جەھەتتە ئۆلگەندىن كېيىن ئۆلمەي ھايات قالغان روھى ئالدىدا تېكىرقاپ قالغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئالەم ئىپتىدائىي ئىنساندىن ئۇ ئوزۇقلىنىۋاتقان ئۆسۈملۈك ۋە

ھايۋاننىڭ بەدىلىگە گۈلدۈرماما، بوران، چاقماق، ئوت ئاپىتى، تارقالما كېسەللىك قاتارلىق سېھىرلىك ۋە دەھشەتلىك ھادىسىلەر بىلەن ھالاك قىلىنغان ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلار ئۇچۇن قىساس ئالغاندەك كۆرۈندى. ئانىمىزملىق ئىپتىدائىي تەبىئەت ئىلاھىيچىلىقى قاراشلىرى بارغانچە ھەر خىل مەبۇدلارنى ۋە ئۇلارغا سىغىنىش پائالىيەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىنسان ئۆزى ئىشەنگەن، قورققان، ئېتىقاد قىلغان مەبۇد ـ ئىلاھلارغا پۇتۇن روھىيىتى بىلەن ئۆز ھۆرمىتى، ئۆز ئىلتىجالىرىنى گەۋدىلەندۈرگەندە، ئۆزىنىڭ بەدەنلىرىنى ئۆز قەلبىنى ئىپادىلەيدىغان «روھىيەت تىل ـ يېزىقى»، «روھىيەت تامغىسى» قىلىشتى.

## 4

پەيدا بولۇش ئىلمىي نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇسسۇل دەسلەپىدە سەنئەت تەرزىدە ئەمەس، سەنئەت قارىندا ياكى سەنئەتنىڭ گۈلشەنىدە ئەمەس، سەنئەتنىڭ «ئۆزى ئۇچۇن نەرسە» ياكى «ئەركىنلىك ئالەمى»دە ئەمەس، بەلكى تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى تەرزىدە، تۇرمۇش ـ ئىشلەپچىقىرىش ۋە دىنىي سىغىنىش قارىندا ياكى سەھنىسىدە، «ئۆزىدە نەرسە» ياكى سەنئەتكە نىسبەتەن «مۇقەررەرلىك ئالەمى»دە مەيدانغا كەلگەن. شۇنداق بولۇشقا قارىماي، ئۇسسۇل يەنىلا ئىپتىدائىي ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ روھىي قانىتى شەكلىدە، ئىپتىدائىي ئىنساننىڭ تۇنجى ئۆز ـ ئۆزىنى ئىختىرا قىلىشى، تۇنجى ئۆز سۇبيېكتىنى سىرتلاشتۇرۇشى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. ئۇسسۇل ئىپتىدائىي ئىنساننىڭ ئۆز قەلبىدە ھاسىل قىلىنغان روھىيەت بۇلاقلىرىنىڭ تاشقىنى، بۇ تاشقىننى بەدەن تىلى، قىياپەت ۋە ھېسسىياتى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرىدىغان سىگناللىق سىستېما شەكلىدە مەيدانغا

كەلگەن. ئۇ تېخى سەنئەت مەنىسىدىكى ئۇسسۇل بولماستىن، بەلكى تۇرمۇش ۋە روھىيەت جەملەشكەن ھېسسىياتچان پىكىرنىڭ فونتانى ئىدى. كىشىلەر ئۇ چاغدا ئۇسسۇلنى بەدىئىي زوق ۋاستىسى دەپ ئەمەس، بەلكى رېئال ۋە ئەپسۇنكار تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمى دەپ تەقەززا قىلىشقان.

قۇياشقا سىغىنىش مەركىزىي ئاسىيا ئىپتىدائىي ئىنسان گۆرۈھى روھىيىتىدە مۇقەددەس ئېتىقاد ۋە كوللېكتىپ پائالىيەت ھېسابلانغان. قازاقىستاننىڭ ئالمائاتا شەھىرى يېنىدىكى تامغالىق قىيالىرىغا بەھەيۋەت قوتاز ئۈستىگە چىقىۋالغان قۇياش ئىلاھى، ئانتروفومورفىزم (ئىنسان قىياپەتلىك تەسۋىرلەنگەن) شەكلىدىكى قۇياش ئىلاھى، ئىنسان ئۆسۈملۈك قىياپىتىدىكى قۇياش ئىلاھى كۆرۈنۈشلىرى چېكىلگەن.

ئىچكى موڭغۇلدىكى چوغاي تاغ تىزمىلىرىغا بىۋاستە قۇياشقا چوقۇنۇۋاتقان يالغۇز كىشىنىڭ ئوبرازى چېكىلگەن. يۇقىرىقىلار مەركىزىي ئاسىيا قۇياش ئېتىقادىنىڭ قىيا سىزمىلىرىدىكى بىر قىسىم تارىخىي ئۇچۇرى.

بىز ئۆزبېكىستاننىڭ بۇخارا ـ سەمەرقەند ئارىلىقىدىكى نەۋائىي شەھىرى يېنىدىكى سەرمىش تېغى قىيالىرىغا چېكىلگەن قۇياشقا سىغىنىش پائالىيىتىنىڭ رەسمىي ئۇسسۇللۇق مۇراسىم شەكلىنى ئالغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ قىيا رەسىمىدە خۇددى تامغالىق قىيالىرىدىكى ئادەم قىياپەتلىك قۇياش ئىلاھىغا ئوخشاش نۇرانە فىگۇرا ئالدىدا قوللىرىنى «ئىلتىجا» شەكلىدە ئېگىز كۆتۈرگەن بىر توپ كىشىنىڭ ئارقىلىرىغا قۇيرۇق بېكىتىپ، سىغىنىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى ئىپادىلەنگەن. بۇ ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم «ساما» ئۇسسۇلى كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بىر نەمۇنىسى بولۇشى مۇمكىن. خۇددى بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان قۇياشقا چوقۇنۇشقا مەزمۇن قىلىنغان ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈش قىرغىزىستان ـ ئۆزبېكىستان

ئارىسىدىكى پەرغانە ـ جالالئاباد يېنىدىكى سايمالتاش قىيالىرىغا چېكىلگەن.

## 5

مەركىزىي ئاسىيا ئىپتىدائىي ئىنسان گۇرۇھى پۈتكۈل ئىپتىدائىي ئىنسانىيەتكە ئوخشاشلا تۇرمۇشنىڭ بىۋاستە تەقەززالىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئوۋچىلىق، ئوۋ ھايۋانلىرىنى كۆندۈرۈش، كۆلالچىلىق قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى بىلەن بىللە، يەنە ئۆز نوپۇسىنى كۆپەيتىش، ئاياللار ۋە باللارنى ئاسراش پائالىيىتىنى مۇقەددەسلەشتۈرگەن. روشەنكى، ئۆز نەسلىنى كۆپەيتىش، نوپۇسنى كۆپەيتىش بىلەن چەكسىز ھايۋانات دۇنياسىدا خاتىرجەملىك تېپىش ۋە ئۆزىنىڭ تەبىئەت ھەم باشقا قەبىلىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىكى ئۈستۈنلۈك مەۋقەسىنى مۇستەھكەملەش، باشقا ئۇرۇقلار بىلەن تۈركۈملۈك نىكاھنى يولغا قويۇش ئەينى زامان قاراشلىرىدا مۇقەددەسلىك ئەخلاق قىممىتى ھېسابلانغان.

ئالتاي ۋىلايىتى چاغانتوقاي ناھىيىسى بارداكۆل قىيالىرىغا نەسىل مۇقەددەسلىكى ۋە جىنسىي ئېتىقاد گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئەر ـ ئاياللارنىڭ يالىڭاچ ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشى چېكىلگەن. بۇ قىيا رەسىمدە بېشىغا مۈڭگۈز تاقاپ، نىقابلانغان بىر كىشىنىڭ قولىغا ئىككى تاش ئېلىپ، ئىتنى قويۇپ بېرىپ تاغ تېكىسىنى قوغلاۋاتقانلىقى، باشلىرىغا ئۆكە، ئارقىسىغا قۇيرۇق قادىغان ئەر ـ ئايالنىڭ نىكاھلىنىشۋاتقانلىقى، ئاستىنقى قاتارغا بىر جۈپ ئەر ـ ئايالنىڭ ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت بىلەن جىنسىي خاھىشنى ئىپادىلەۋاتقانلىقى سۈرەتلەنگەن. بارداكۆلدىكى بۇ ئۈچ تۈركۈم رەسىم ئوۋچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى، نوپۇس ئېتىقادى ۋە ئۇسسۇللۇق قىياپەتتىكى جىنسىي خاھىشنى ئىپادىلەشنىڭ بىر زاماندا بىر گەۋدە قىلىنغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

يېقىندا ئۇرۇمچىنىڭ غەربىي شىمالىي يۆنىلىشىدىكى قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ قىزىليار (كاڭجياشى مىنزى) قىيا رەسىملىرىدە يالىڭاچ ئەۋلاد كۆپەيتىش مۇراسىمىغا ئائىت 200 ~ 300 پارچە ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر بايقالدى. ئالاھىدە قورغان شەكلىدىكى قىزىل قىيالىق، بوك - باراقسانلىق ۋە سېھرىي تۇسلۇك بۇ جاي ئېھتىمال قەدىمكى ئىنسان تۇركۇمىنىڭ مۇقەددەس مەشرەپ ۋە دىنىي ئىستىقامەت قارارگاھى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

قىياغا چېكىلگەن رەسىملەردە ئەر - ئايال فىگۇرلىرى بىر خىلى چوڭ، بىر خىلى ئۇششاق قىلىپ ئىشلەنگەن. ئەركەك جىنسى مۇبالىغىلەشتۇرۇلگەن. بىر جۈپ قوشۇلۇش ھالىتىدىكى يولۋاس رەسىمىنى سىزىش ئارقىلىق، جىنسىي قوشۇلۇش ۋە نەسىل كۆپىيىشنىڭ ئالەمشۇمۇل مۇقەددەسلىكى تەبىئەت ئىلاھىيچىلىقى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ئوتتۇرىغا ئەر - ئايال ئىككى باشلىق مەركىزىي ئادەم ئوبرازى چېكىلگەن. ئادەملەر يالىڭاچ، ئۈچ بۇرجەك كۆكسى، قوللىرى سەرمىش تېغىدىكى قۇياشقا ئېتىقاد قىلىش كۆرۈنۈشلىرىدىكىدەك ئاسمانغا سوزۇلماستىن، بىرى باشقا يېقىن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، بىرى بەلگە قويۇلۇپ، ھازىرقى ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى قىياپىتىگە ئوخشاش بولغان.

قىزىليادىن جىنسىي ئېتىقاد ئۇسسۇللۇق مۇراسىم كۆرۈنۈشلىرىنىڭ تېپىلىشى مەركىزىي ئاسىيا ئۇسسۇللىرىنىڭ، ھېچبولمىغاندا ئىپتىدائىي پولوگامىيە (كۆپ نىكاھلىق) پائالىيىتى ئىپادىلەنگەن ئۇسسۇللارنىڭ مۇقەددەسلەشتۇرۇلگەنلىكىنى، ئىپتىدائىي ئۇسسۇللارنىڭ، بولۇپمۇ ئىشقىي ئۇسسۇللارنىڭ شەكىللىنىش جەريانلىرىنى، مەركىزىي ئاسىيادىكى ئۇسسۇللۇق قىياپەت ھاسىل قىلىشنىڭ ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت شەكىللىرىنى داۋاملىق تەتقىق قىلىشنى ئەمەلىي مەنبە بىلەن تەمىنلىدى.

ئېيتىش كېرەككى، كېيىنكى زامانلاردا جىنسىي مۇراسىملار «مول ھوسۇل مۇراسىملىرى»غا ئايلانغان. تۇغۇت،

بالىلار هامىيلىرى ھېسابلانغان ئۇماي، لاكشمى (ئۈز تەڭرى) قاتارلىق گۈزەل ئايال ئىلاھلار مول ھوسۇل، بەخت مەبۇدلىرى بولۇپ قالغان. پروفېسسور ل. ئى. رېمپېل ئەپراسىياپ خارابىسىدىن مول ھوسۇل سەيلىسىدە سىمۋول قىلىنىدىغان «فالل» (جىنسىي ئەزا شەكلىدە ياسالغان نەرسە) تېپىلغانلىقىنى يازغان.

بىز توي مۇراسىملىرىدىمۇ مۇھەببەتلىشىدىغانلارنىڭ ئۆزئارا تونۇشۇشىنى يوللۇق كۆرىمىز. ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدە يەككە نىكاھ تۈزۈمى شەكىللەنسىمۇ، توي مۇراسىمى ئىلگىرىكى ئەنئەنىلەرنى ئۆزگەرگەن شەكىلدە داۋاملاشتۇردى. ئۇيغۇرلاردىكى توي مۇراسىم قوشىقى «ۋاي ـ ۋاي ئۆلەڭ» ـــ قۇمۇل خەلق مۇقاملىرىدىكى ئەڭ قەدىمىي «ئۇلۇغدۇر» (ماھادۇر) مۇقامىدا ھازىرغىچە ساقلانماقتا. ئۇنىڭدا:

«ۋاي ـ ۋاي ئۆلەڭ، ۋاي ئۆلەڭ،
يار قايدىدۇر، يار ـ يار؟
بىر ياخشىغا بىر يامان
ھەر جايدىدۇر يار ـ يار!»

دېگەن ئەن (ناخشا) كۈيلىنىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىي 15 ـ ئەسىردە يازغان ئاخىرقى داستانى «سەددىي ئىسكەندەر»دە ئىسكەندەرنىڭ بىر قېتىمدىلا رەۋشەنە ۋە ناز مېھىرگە ئۆيلەنگەن تويدا «ئۆلەڭ» ناخشىسى كۈيلەنگەنلىكىنى مۇنداق يازغان:

«مۇغەننى تۈزۈپ چاڭ ۋەزنىدە چاڭ،
ناۋا چەكتى: ‹ھەي، ھەي ئۆلەڭ، جان ئۆلەڭ›.
دېسەڭ سېكىن جان قەردىشىم يار ـ يار،
مەن ئەيتايكى، مۇڭلۇق باشىم، يار ـ يار.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇنداق جىنسىي مۇراسىم، نورۇز مۇراسىمى، مول ھوسۇل مۇراسىمى، نىكاھ مۇراسىملىرى تەبىئىي ھالدا ئۇسسۇل (بۇدۇك) دىن خالىي بولمىغان، تاخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە تىياتىر ئامىللىرىنى مۇجەسسەملەشتۇرگەن. ئارستوتېل «پوئېتىكا» ناملىق كىتابىدا كومېدىيە تارىخىنى يۇقىرىقىدەك تارىخىي ۋە ئەيش ـ ئىشرەت مۇراسىم ـ سەيلىلىرىگە باغلايدۇ.

## 6

مەركىزىي ئاسىيا قىيا رەسىملىرىدىكى مول ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر ئۇسسۇلنىڭ بارغانسېرى ئىشلەپچىقىرىش، دىنىي ئېتىقاد بىلەن بىللە ئۇنىڭ بىر روھىيەتتىكى تامغىسى بولۇشتىن، بارغانسېرى كىشىلەرگە ئىتتىپاقلىق، روھىي لەززەت بېغىشلايدىغان مەنىۋى پائالىيەت بولۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى.

قازاقىستان جامبۇل ئوبلاستى قاراتاۋ قىيالىرىغا سىزىلغان رەسىمدە ئىتنى كۆندۈرۈپ ئوقيا بىلەن ئوۋچىلىق قىلىدىغان دەۋرلەردىكى پۇت ـ قوللىرىنى رىتىمغا چۈشۈرۈپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كۆرۈنۈش چېكىلگەن.

بىز تاشكەنت چىرچىق رايونى مەيدانتال قىيالىرىغا ئېپتىدائىي ئوۋچىنىڭ ئۆچكە شەكلىدىكى قىياپىتى چېكىلگەنلىكى، نامازدىگەرتېپەدىن تېپىلغان يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت ساپالغا ئۇسسۇلچى ئوبرازى سىزىلغانلىقىنى كۆرىمىز.

بىز نەۋائىي شەھىرى يېنىدىكى سەرمىش تاغ قىياسىغا چېكىلگەن قوياشقا چوقۇنۇش مۇراسىمى رەسىمىنىڭ يان ئاستى تەرىپىدە ئۇسسۇلغا چۈشكەن ئىككى ئەركەكنىڭ كۆرۈنۈشىنى كۆرىمىز. خۇددى بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان كۆرۈنۈشتىكى ئىككى ئەركەكنىڭ ئۇسسۇللۇق ئوبرازى پەرغانە جالالئاباد يېنىدىكى

سايمالتاشقا چېكىلگەن قوياشقا ئېتىقاد قىلغان مۇراسىم ئۇسسۇلى يان ئاستى تەرىپىدە تەكرار كۆزگە تاشلىنىدۇ.
بىز يەنە سايمالتاش قىيالىرىدا مىلادىيەدىن 2000 — 3000 يىللار ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي كالا ھارۋىلىرى چېكىلگەن جايغا ئۇسسۇلغا چۈشكەن ئىككى ئادەم فىگۇرىسىنىڭ چېكىلگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇنداق ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر چاغانتوقاي بارداكۆل قىيالىرىغا، قازاقىستان سايغانساي قىيالىرىغا، ئىچكى موڭغۇل چوغاي تاغلىرى قىيالىرىغا كۆپلەپ چېكىلگەن.
بىز مەركىزىي ئاسىيا قىيا رەسىملىرىدە قول تۇتۇشۇپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشنى چىڭخەي (كۆكنۇر) نىڭ داتۇڭ ناھىيىسى سۇڭجيازەي يېزىسىدىن تېپىلغان مىلادىيەدىن 3000 يىل ئىلگىرىكى ساپال تاۋاقتا سىزىلغان بەش كىشىلىك قول تۇتۇشما ئۇسسۇل كۆرۈنۈشىدىن، چوغاي قىيالىرىدىكى دائىرە ئىچىگە چېكىلگەن تۆت كىشىلىك قول تۇتۇشما ئۇسسۇل كۆرۈنۈشىدىن، چىرچىق مەيدانتال، مۆلچەر دەرياسى قىيا رەسىملىرىدىكى تۆت كىشىلىك قول تۇتۇشما ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەردىن روشەن كۆرىمىز.
ئەگەر بىز ئالتاي ۋىلايىتى كۆكتوقاي ناھىيىسى قىيا رەسىملىرىدىكى بېشىغا ئۆكە قادىۋالغان ئۇسسۇلچى ئارقىسىدىكى تۆت ئۇسسۇلچىنى، ئۇلارنىڭ تۆۋىنىدىكى ئۆكە قادىغان ئۇسسۇلچى ئارقىسىدىكى تۆت ئۇسسۇلچى ۋە جيايۈيگۈەن قوۋۇقى يېنىدىكى خېشەنخۇ قىيا رەسىملىرىدىكى ئۆكە قادىغان بەش ئۇسسۇلچىنى يۇقىرىدىكى قول تۇتۇشما ئۇسسۇلچىلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، ئۇسسۇل كېيىنچە مەلۇم گۇرۇپپىلىق تۈزۈلمىدە ئوينالغان ياكى ئۆگىتىلگەنلىكىنى قىياس قىلىمىز. بۇنىڭغا سىبىرىيىدىكى قايگوردوك (قاي شەھەرچىسى)تىن 1905 ـ يىلى ئوكلادنىكوف تاپقان برونزىدا ياسالغان باش شامان ۋە شامانلار قول تۇتۇشقان تەسۋىرىي كۆرۈنۈشنى يانداشتۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىش مۇمكىن.

بىز چوغاي ـ چىرچىق مەيدانىتال، مۆلچەر دەرياسى قىيالىرى، كۆكتوقاي قىيالىرى، خىشەنخۇ، قايگوردوك فىگۇرلىرىدا بېشىغا ئۇكە، مۈڭگۈزسىمان پەر تاقىغان، ئارقىسى (قىسمەن)غا قۇيرۇق قادىغان ئادەم قىياپەتلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز. بۇ خىشەنخۇ ۋە مۆلچەر دەرياسى قىيا رەسىملىرىدە روشەن گەۋدىلەنگەن.

## 7

مەركىزىي ئاسىيا قىيا رەسىملىرىدە شامان ـ باخشىلارنىڭ ئوبرازى ئالاھىدە گەۋدىلەندۇرۇلگەن. ئالمائاتانىڭ غەربىدىكى تامغالىق قىياسىغا چېكىلگەن شامان فىگۇرىسى، بايقال ـ ساقان سابا قىيالىرىغا چېكىلگەن شامان، ئوكلادنىكوف 1905 ـ يىلى سىبىرىيەدىن تاپقان شامان شەكلىدىكى قىياپەتلىك رەسىم، لىنا دەريا قىيالىرىغا سىزىلغان بۇغا كىيىملىك شامانىنىڭ بىر ھايۋاننى قۇربانلىق قىلىپ (دۇم كۆمتۈرۈپ) ئاق چەمبەر بىلەن قارا چەمبەرگە ئوقۇۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن قىيا رەسىمى، 1905 ـ يىلى ئوكلادنىكوف سۋېردلوۋسكىيدىن تاپقان برونزا شامان فىگۇرىسى، قايگوردوكتىن تېپىلغان ۋە سانكىت پېتېربورگ ئېرمىتاژ مۇزېيىدا ساقلانغان ئۈچ شامان فىگۇرىسى چۈشۈرۈلگەن مىتال ئاسقا قاتارلىقلار شامان ـ باخشى پائالىيەتلىرىنىڭ ئۇسسۇللۇق قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنى ئېيتىش لازىمكى، مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى ئىنسان گۇرۇھىنىڭ روھنىڭ ئۆلمەسلىكى، ياخشى ـ يامان روھلار، ئىنسانىنىڭ تەبىئەتكە پاسسىپ ئىتائەتچىلا بولماي، يەنە شامانلار ئارقىلىق ياخشى روھلارنى چاقىرىپ، يامان روھلار، جىن ـ ئالۋاستىلارغا قارشى پائالىيەتچانلىق كۆرسىتىشى توغرىسىدىكى

قاراشلىرى شامان پىرىخونلۇقىنى ۋە ئۇنىڭ ئەپسۇنكارلىق ئۇسسۇللۇق پائالىيەتلىرىنى مەيدانغا كەلتۈردى.

شامانلار ئىپتىدائىي تۇرمۇشتىن قول ئىگىلىكى ۋە فېئوداللىق دەۋرلەرگىچە ئۆز پائالىيىتىنى توختاتمىدى، ئۇلار روھىي تۇرمۇشنىڭ داھىيلىرى، ھادىسىلەرنى ئىزاھلاشنىڭ نوپۇزلۇق كىشىلىرى، مۇراسىم باشقۇرغۇچىلار، ئەڭ دەسلەپكى كاھىنلار ئىدى. شامانلار قولىغا داپ، خەنجەر ئېلىپ، ئوت ـ چاچاتقۇ چېچىپ، پىر ئۇسسۇلى ئويناپ ۋە ئوينىتىپ، ئەپسۇن ئوقۇپ، دۇئايى بەند ۋە قەسىدىكەشلىك قىلىپ ئۇسسۇل، مۇزىكا، شېئىر (قوشاق)، ئەپسانە، تېبابەتچىلىك، يۇلتۇز بايقاش، چۆش جوراش، ھەتتا ئەڭ ئاددىي ئالخىمىيىنىڭ ئۇلىنى چىگىتتى. ئاكادېمىك ۋ. ۋ. رادلوف جەنۇبىي ۋە غەربىي سىبىرىيە قىرغىز ئاھالىلىرى ئارىسىدا ساقلانغان شامانىزم ئەپسۇنىمىلىرى، قونچاقلىرى، پائالىيەتلىرىگە ئائىت مەنبەلەرنى بىۋاستە توپلاپ، «شامانىزم توغرىسىدا» ناملىق كاتتا ماقالە يازغانىدى①.

## 8

بىز مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى ئاھالىلىرىنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىللار ئالدى ـ كەينىدە، ئاندىرونوف ۋە قەدىمكى دىغارلارنىڭ ئەۋلادى بولمىش ساك (ماسساگېت، سارمات) قەبىلىلىرى تۈركۈملىرى برونزا ۋە ئاتلىقلار مەدەنىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان زامانلاردا يەرلىك قاراخان تەڭرىم، مىترائىزم ئېتىقادى بىلەن ياسىغان لاي ۋە مېتال قونچاق (ھەيكەلچە) لىرىدا گۈزەل ئۇسسۇللۇق قىياپەتلەر ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. يايلاق مەدەنىيىتى ۋە دەسلەپكى

---

① ۋ. ۋ. رادلوف: «سىبىرىيىدىن»، 1989 ـ يىلى رۇسچە نەشرى، 355 — 481 ـ بەتلەرگىچە قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەھەر ـ قەلئە مەدەنىيىتىگە ئۆتكەن غوز ـ ساك قەبىلىلىرى ئارىسىدىكى بىرقەدەر تاكامۇللاشقان شامان ( قامان) دىنى، زاراتوسترازىم دەستۇرى (ئاۋىستا) ۋە ئىپتىدائىي براخمانىزم ھەم بۇددىزىم ئەپسانىلىرىگە مۇئەييەن يادنامە تاشلاپ كەتكەن قاراخان تەڭرىم ۋە مىترائىزىم مەبۇدلىرى ھەققىدە سېلىشتۇرما ئىكونولوگىيە (مەبۇدشۇناسلىق) لىك تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغىنى يوق. يەككە ـ يېگانە قارىلىۋاتقان بۇ مەبۇدشۇناسلىق ۋە قەدىمكى ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا فولكلور مەدەنىيىتى قاتلام نەزەرىيىسى ئاساسىدا سېلىشتۇرما تەتقىق قىلىنىدىكەن، كىشىنى تەئەججۈپلەندۈرىدىغان ئاستىنقى قاتلام يىلتىزداشلىقى كۆز ئالدىمىزدا جىلۋىلىنىشكە باشلايدۇ.

ھېرودوتنىڭ «تارىخ» («يۇنان ـ پېرسىيە ئۇرۇش تارىخى») ناملىق ئەسىرىدە[①] ئوتتۇرا ئاسىيا ساكلىرىنىڭ گۈلخان يېقىپ ئۇنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، ئوتقا مېۋىلەر تاشلاپ، مېۋە دۇتىدە مەست بولۇپ، قوشاق ئوقۇپ، ئۇسسۇللار ئويناشقانلىقى بايان قىلىنغان. ئۇلارنىڭ قوشاقلىرىنىڭ بىرى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەندى:

«ئۈزۈرىق باشى قازلايۇ،
ساغراق تولو كۆزلەيۇ.
ساقىنچ قۇدى كىزلەيۇ،
تۈن ـ كۈن بىللە سەۋلەنىم.»

(يەشمىسى: مەي ئۈزۈرىقلىرى غاز بېشىدەك تىزىلدى، ساغراق قەدەھلەر مەيگە كۆزدەك لىق تولدى، قايغۇنى يوق قىلىپ، ئامرىقىم كەل، كېچە ـ كۈندۈز ئوينايلى.)

---

① «تارىخ» 1 ـ قىسىم، 201 ـ بەت.

بىز شىنجاڭنىڭ بىرقانچە قىيا رەسىملىرىگە سىلىنغان «卐» (ئوت) بەلگىلىرىنى كۆرىمىز. ئوتقا چوقۇنۇش، ئوت شەكىللىك موللاق ئېتىپ ئۇسسۇل ئويناش، ھەر خىل ئوت ماھارەتلىرى — ئوتتىن ئۆتۈش، ئوت پۈركەش قاتارلىق سېرك - تىياتىر شەكىللىك ئويۇنلارنى كۆرسىتىش مىلادىيەدىن خېلى ئىلگىرىلا مەۋجۇت بولغان ۋە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تەسىر كۆرسەتكەن.

ئاررىئاننىڭ «ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى (ئانا بازىس ئالېكساندر)» ناملىق كىتابىدىمۇ ئىسكەندەر قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كىرگەندە، يەرلىك خەلقنىڭ خۇددى گرېكلاردىكى «دىئونىسوس» بايرىمىدەك بايراملىرى بارلىقىنى تىلغا ئالغان①. مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز كىتابىدا مۇنداق دەلىل كەلتۈرۈپ:

«يىگىتلەرىگ ئىشلەتۇ،
يىغاچ، يەمىش ئىرغاتۇ،
قۇلان، قەيىق ئاۋلاتۇ،
بازرام قىلىپ ئەۋنەلىم.»

يەشمىسى:

(يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ،
ياغاچ، مېۋە ئىرغىتىپ.
قۇلان، كېيىك ئوۋلىتىپ،
بايرام قىلىپ ئوينايلى.)

دېگەن قوشاقتا ھېرودوت ۋە ئاررىئان تىلغا ئالغان بايرام - مەشرەپلەر خەلق تىلىدا كۈيلەنگەن. بۇنداق «بايرام قىلىپ

① «ئانا بازىس ئالېكساندر» I، II .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئويناپدىغان» سورۇننىڭ ئۇسسۇلسىز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ف. ئېنگېلس توغرا ئېيتقان: «ھەربىر قەبىلىنىڭ ئۆز رەسمىي بايراملىرى ۋە مۇئەييەن سىغىنىش شەكلى — ئۇسسۇل ۋە ماھارەت مۇسابىقىلىرى بولىدۇ؛ بولۇپمۇ ئۇسسۇل بارلىق دىنىي مۇراسىملارنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان.»①

مەركىزىي ئاسىيادا ئۇۋچىلىق غەلىبىلىرىنى تەبرىكلەش مۇراسىملىرى، تېرىقچىلىقنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن تەدرىجىي «نوروز» سەيلىلىرى مەيدانىغا چىقتى. ئارقىدىنلا كۆزلۈك يىغىمدىن كېيىن ئاخىرقى يىغىم بولغان ماشقا قارىتىلغان «ماش ئابا» سەيلە ئويۇنلىرى شەكىللەنگەن. «تۈركىستان خەۋىرى» گېزىتىنىڭ 1906 ـ يىللىق 175 ـ سانىدا سەمەرقەند يېنىدىكى «دەرغ» يېزىسىدا كەچقۇرۇن چىراغلار يېقىپ، چالغۇ چېلىپ، قوشاق ـ بېيىت ئوقۇپ، جۈپتىن ئۇسسۇلغا چۈشۈپ مەشرەپ قىلىنغانلىقىنى، بۇنى «ماش ئابا» دەپ ئاتىغانلىقىنى يازغان.

پاكىتلار، ئىسكەندەر قوشۇنلىرىنىڭ كىرىشىدىن ئىلگىرى مەركىزىي ئاسىيادا ئۆز ئالدىغا ئېتنىك تۈس تۈزگەن مۇستەقىل ئۇسسۇللۇق فولكلور سىستېمىسىنىڭ خېلىلا راۋاجلانغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

## 9

ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيادا مىترائىزم ۋە شامانىزم گۈللەنگەن زاماندا — مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىردە ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈشى تۈپەيلى ئېللىنىزم مەدەنىيەت ھادىسىسى يۈز بەردى. بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئىتى روياپقا چىققۇچە بولغان تارىخىي جەرياندا يەرلىك فىگۇرىلار بىلەن بىللە ئېللىننىڭ (گرېك) فىگۇرىلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە

① «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»دىن ئېلىندى.

قىسمەن سىنكىرىتىلىشىش (ئارىلىشىش) بولۇپ تۇردى.

بىز خوتەن يوتقان خارابىسىدىن تېپىلغان، ھازىر سانكت پېتېربۇرگ ئېرمىتاژ ۋە توكيو دۆلەتلىك مۇزېيىدا ساقلانغان، مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىگە مەنسۇپ دېيىلگەن ساپال ئىدىشقا قاپارتمىلىق ھەيكەل شەكلىدە ئىشلەنگەن فىگۇرىلارغا نەزەر سالغىنىمىزدا، بۇ فىگۇرىلارنىڭ مايمۇن ۋە قىزىقچى كۆرۈنۈشتە چالغۇ چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بىزدە بۇ خۇددى مەھمۇد كاشغەرىي تىلغا ئالغان قەدىمكى قوشاقلاردىكى مەي كوزىلىرى بولسا كېرەك دېگەن پىكىرنى تۇغدۇرىدۇ. ئېيتىش مۇمكىنكى، بۇ فىگۇرىلار يوتقان ساكلىرىنىڭ بۇددىزمدىن ئىلگىرىكى تۇرمۇش مەزمۇنلىرىنىڭ بەدىئىي مېۋىسى.

بىز يەنە ئۆزبېكىستاننىڭ ئەپراسىياپ خارابىلىرىدىن خۇددى يوتقان خارابىلىرىدىن چىققان مۇزىكانت شەكىللىك فىگۇرىلارنىڭ كۆپلەپ تېپىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ئەمما، ئۇلار ئارىسىدا تولىسى ئىنسان قىياپىتىدە ئىشلەنگەن.

1954 - يىلى پودولىسكىي قىرغىزىستاننىڭ پەرغانىگە يېقىن قارابۇلاق دېگەن يېرىدىن بىرونزىدا ياسالغان ئايال ئۇسسۇلچى ھەيكىلىنى تاپتى. بىرونزىدا ئىشلەنگەن بۇ ئۇسسۇلچى فىگۇرىسى، جۈملىدىن ئايرىتامدىن تېپىلغان ئۇسسۇلچىنىڭ ياغاچ ھەيكىلى مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 10

گەرچە زامان جەھەتتىن بۇددىزم سەنئىتى قەندىھار ۋە كۇسەن، شورچۇقلارغا ئېقىپ كىرىشكە باشلىغان ۋاقىتتىن كېيىنرەك ماۋرائۇننەھر سوغدى رايونلىرىدا مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا خاس مەركىزىي ئاسىياچە ئالاھىدىلىكنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ساقلىغان بىر قاتار ئۇسسۇللۇق تەسۋىرىي سەنئەت نەمۇنىلىرى ھەر خىل ئاخىرەتلىكلەرگە سىزىلغان.

بىز تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى «دانىش» ئىنستىتۇتىدا ساقلانغان، سوغدىلارنىڭ ساپالدا ياسالغان جەسەت ساندۇقى سىرتىغا ئاددىي يوسۇندا ئىشلەنگەن ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈش بىلەن تاشكەنت دارىلفۇنۇنى ئارخېئولوگىيە فاكۇلتېتىدا ساقلانغان، قاشقار دەريا ئوبلاستى يەككەئابات رايونىنىڭ بېزرك① دېگەن يېرىدىن تېپىلغان ساپال جەسەت ساندۇقىنىڭ يان ۋە ئۇزۇن يۈزىگە ئويۇپ ئىشلەنگەن سازەندە ۋە ئۇسسۇلچى فىگۇرىسىدىن يالغۇز ئەينى زامان سوغدى ساكلىرىنىڭ ئۇسسۇللۇق قىياپىتىنى كۆرۈپلا قالماي، يەنە سىكتاي، ساك، تۈرك، توخرى خەلقلىرىنىڭ جەسەت ساندۇقى، بالبال، جەسەت كۆلى قۇتىسىغا ئۇسسۇل، مۇزىكا، دراما ۋە مەي تۇتقان ھالەتتە تەسۋىرىي ئوبراز قالدۇرۇش ئەنئەنىسىدىكى ئىزچىللىقنى كۆرىمىز. بۇنداق تېپتىكى، ئەمما تەسۋىرىي فىگۇرىلىرى ئۆرە تۇرۇپ ساز چالغان ۋە ئۇستىگە بەقەسەم تون كىيىپ، بېلىگە پوتا باغلاپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان شەكىل چۈشۈرۈلگەن ساپال جەسەت ساندۇقى قېلىپى قاشقار دەريا ئوبلاستى يەككەئابات رايونىنىڭ ئۆزقىشلاق دېگەن يېرىدىن تېپىلغان. بىز يەنە سەمەرقەند ئوبلاستى ئاقدەريا رايونىنىڭ موللاقورغان دېگەن جايدىن تېپىلغان ئۈچلۈق تۆۋاقلىق ساپال جەسەت ساندۇقىدىن يەنىلا ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشنى كۆرۈۋالالايمىز. جەسەت ساندۇقى قۇياش ۋە ئوتقا چوقۇنۇش ئادەتلىرى بويىچە ئوبرازلاشتۇرۇلغان. مەن 1983 ـ يىلى سەمەرقەند ئەپراسىياپ مۇزېيىغا قويۇلغان مۇنداق ساندۇقلاردىن بىرقانچىنى كۆردۈم ۋە 1986 ـ يىلى توكيو دۆلەتلىك مۇزېيىدىمۇ ئۇنىڭ باشقا نەمۇنىلىرىنى كۆردۈم. دىققەتكە

① شەھرىسەبىزنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

سازاۋىرى شۇكى، كۆچا سۈپىشىدىن تېپىلىپ، توكيو دۆلەتلىك مۇزىيىدا ساقلانغان، ياغاچتا ياسالغان جەسەت كۆلى قۇتىسى گەرچە بۇددىزم دەۋرى مەھسۇلى بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئەنئەنىۋى مۇزىكا، ئۇسسۇل، دراما كۆرۈنۈشلىرىنى ئاخىرەتلىككە سىزىپ قالدۇرۇش ئادىتى بويىچە ئىشلەنگەن. كىشىنى ھەيران قىلىدىغىنى شۇكى، 1985 - يىلى چەرچەن ناھىيىسى زاغۇنلۇق يېزىسىدىن تېپىلغان، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 - يىللاردا دەپنە قىلىنغان بوۋاق بالىنىڭ جەسىتىنىڭ بېشىنىڭ سول تەرىپىگە كالا مۈڭگۈزىدە ياسالغان جام (قەدەھ) قويۇلغان. دىئونىسوس بايراملىرىنى تەنتەنىلىك خاتىرىلەپ كەلگەن گرېكلاردىمۇ بۇ ئەنئەنە ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىدەك كۈچلۈك ئىزچىللىققا ئىگە بولمىغانىدى.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، «مۇغ (مەرسىيە)» مۇراسىملىرى يىغا، ناخشا، ئۇسسۇللۇق ماتەم پائالىيەتلىرىدىن ئايرىلمىغان. پەنجىكەنت تام رەسىملىرىنىڭ بىرىگە تاۋۇتتا ياتقان قىز، ئەرۋاھ قاراۋۇلى، ئۈچ ئايالنىڭ جەسەت يېنىدا چاچ يۇلۇۋاتقانلىقى، تاۋۇت كۆتۈرگۈچىلەر ئارىسىدا بىرىنىڭ مەي كوزىنى كۆتۈرۈۋالغانلىقى، ئەتراپتىكىلەر ئۇسسۇللۇق ماتەم پائالىيىتىدە بولۇۋاتقانلىقى سىزىلغان. بۇنداق «مۇغ» كۆرۈنۈشى «جەمئۇل تاۋارىخ» كىتابىنىڭ 1654 - يىلقى نۇسخىسى 195 - بېتىدە، خاقانىيە خانلىرىدىن بۇخارانى ئېلىشقا چىققان ئىلىك بۇغراخاننىڭ 992 - يىلى قازا قىلغانلىقى، جىنازا مەيىسىنى يۆتكەپ كېتىۋاتقاندا، بىرىنىڭ ئۇستۇنكى كىيىمىنى يىرتىپ يالىڭاچ ھالەتتە ماتەملىك ھەرىكەتتە بولۇۋاتقانلىقى سىزىلغان.

بىز بۇخارا ئەتراپىدا تاكى 10 - ئەسىرگىچە «سياۋۇش مۇغى» («كۇنى سياۋۇش») داۋام قىلغانلىقىنى (مۇھەممەد نارشاھى: «بۇخارا تارىخى» 1897 - يىلى كۆچۈرمىسى 33 - بەت)؛ ئەپراسىيابقا يېقىن پەنجىكەنت تام رەسىملىرىگە سياۋۇش ماتەم مۇراسىمى سىزىلغانلىقىنى (ئا. بېلىنسكىي: «پەنجىكەنت

رەسىملىرىدىكى بىرقانچە سۇژىت ھەققىدە» 1965 ـ يىلى نەشرى)؛ خارەزىمدىكى ساپال ئىدىشلاردا بۇ سۇژىتنىڭ ئىپادىلەنگەنلىكىنى (س. پ. تولستوف «قەدىمكى خارەزىم» 1948 ـ يىلى نەشرى، 201 ـ بەت) كۆرىمىز.

## 11

بىز كوشان (ئۇلۇغ يۇرچى) خانلىقى دەۋرىدە بىر تەرەپتىن يەرلىك مەركىزىي ئاسىيا ئەنئەنىۋى سەنئىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، يەنە بىر تەرەپتىن يۇنان ـ باكتىرىيە دەۋرىدە ۋە كېيىنچە ھىندىستان بۇددىزمى تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن يۇنان ـ بۇددا سەنئىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرىمىز. بۇ چاغدا دەسلەپ قەندىھارنى، كېيىنچە كۇسەننى ئۇلگە قىلغان بۇددىزم تاشكېمىر سەنئىتى، ھەيكەلتىراشلىقى ۋە تەسۋىرىي سەنئىتى راۋاجلاندى. مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىر سەنئەتلىرى شەھەر قەسىرلىرىدە، خەلق ئېتىنىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىدا بىۋاستە ئەنئەنىۋى شەكىلدە گەۋدىلەندۇرۇلدى؛ بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ۋە تاشكېمىرلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇددا ئىستىقامەتخانىلىرىدا بۇددىزم ئەپسانىلىرىنى تاشقى شەكىل قىلىپ، ۋاستىلىك گەۋدىلەندۇرۇلدى. شۇنىسى روشەنكى، ھەر ئىككى ئەھۋالدا مىللىي ۋە مەھەللىۋى مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىرلار ئەنئەنىسى گەۋدىلەندۇرۇلدى.

بىز تېرمىز يېنىدىكى زەرتېپىدىن، ئايرتامىدىن، سەمەرقەند ـ ئەپراسىياپتىن، سەمەرقەندنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى پەنجىكەنتتىن، بۇخارانىڭ غەربىي شىمالىدىكى ۋارامشادىن، خارەزىمدىكى ئەنقاقالا، قويقىرقىلغان قالا، تۇپراققالا قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى قەلئە ـ سارايلاردىن كۆپلىگەن مۇزىكا، ئۇسسۇلغا ئائىت ھەيكەل، فىگۇرا، قاپارتمىلىق ھەيكەللەرنىڭ

تېپىلغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرگە روشەن بولغىنى زەرتېپىدىن تېپىلغان 1 ـ ئەسىرگە ئائىت ئۇسسۇلچى هەيكىلىنىڭ باش ـ پۇتسىز گەۋدىسى، ئايرىتام خارابىسىدىكى قەسىر تاملىرىغا ئىشلەنگەن ئايال سازەندىلەرنىڭ قاپارتىملىق هەيكەل ئوبرازلىرىدىن ئىبارەت.

ئايرىتام خارابىلىرىدە ساقلانغان، ياغاچتىن ئىشلەنگەن يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇلچى قىزنىڭ 1 ـ، 2 ـ ئەسىرگە ئائىت هەيكىلى دىققەتكە سازاۋەردۇر. هەيكەل گەرچە بۇددىزم دەۋرى (هەشەم بېزەك) ئۇسلۇبىدا ئىشلەنگەن بولسىمۇ، مانىرىزىم (فۇزۇنكارلىق) ئەنئەنىۋى ئۇسسۇل شەكلىنى گەۋدىلەندۇرگەن.

دۇشەنبىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى خەلچىيان قەلئەسىنىڭ ساراي تاملىرى، قوبۇلخانا تاملىرىغا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىردىكى بەرباپچى قىز، گۈلچەمبەر كۆتۈرگەن ئۇسسۇلچى قىزلار، باللار، ئۇچار ئاتلار رەسىملىرى سىزىلغان.

خارەزىمدىن، بولۇپمۇ ئۆرگەنچنىڭ شىمالىدىكى (ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى) تۇپراققەلئەدىن س. پ. تولستوف 4 ـ ئەسىرگە ئائىت بەش تارلىق چالغۇ تۇتقان سازەندە ۋە ئۆتۈك كىيگەن ئەر بىلەن ئۇزۇن كۆڭلەكلىك قىزنىڭ ئۇسسۇللۇق تام رەسىمىنى تاپقان.

بىز سوغدى بىلەن ئوسروشان ئارىسىغا، سەمەرقەندنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان پەنجىكەنت خارابىلىرىدىكى تام رەسىملىرىدىن رەڭدار ئىشلەنگەن مۇزىكا كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرىمىز. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۆزبېكىستان ئارخېئولوگىيە ئىنستىتۇتى سەمەرقەند شۆبىسىدە ساقلانغان. بىز بۇ تام رەسىملىرىدىن ئۇزۇن پۇرمە ئېتەك، كالتە يەڭ ئۇسسۇلچى ئاياللار كۆرۈنۈشىنى؛ ئۇزۇن چاچ، بېلىگە گۈللۈك پوتا باغلاپ، كۆڭلىكىنىڭ ئالدى ئوتتۇرىسىدىن گۈللۈك پوتىنىڭ ئۇچىنى ساڭگىلاتقان ئۇسسۇلچى قىز كۆرۈنۈشىنى (بۇ كۆرۈنۈش

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

هازىرقى ئۇيغۇر، ئۆزبېك ئۇسسۇل كىيىملىرىگە ئوخشايدۇ)؛ بېشىغا كۇلا شەكىللىك باش كىيىمى كىيگەن، بويىنىغا تاكى كىندىكىگە كەلگۈچە ئۈچ بۇرج ھەم بويۇن ـ كۆكرەك بويلىغان ئاي شەكىللىك مارجان ئاسقان، قوللىرىدا نېپىز لېنتا روماللار ۋە زەنگۇلە (قوڭغۇراق) قادالغان قېلىن رەختلىك دەسمال تۇتقان ئايال كۆرۈنۈشىنى؛ مەرەپ شەكىللىك رامكىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان سىۋا (siva) نىڭ چوڭايتىلغان رەسمى ۋە ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە يەرلىك قايرىما ياقىلىق، بېلىگە ئەگمەك خەنجىرى ئاسقان، بەرباب چېلىۋاتقان قىزىل كىيىملىك سازەندىنى، سول تەرىپىدىكى ئاق كىيىملىك سازەندە كۆرۈنۈشىنى ئۇنىڭ مىسالى قىلىشىمىز مۇمكىن. بۇ ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەردە ئاساسىي پېرسوناژلارنىڭ بېشىغا نۇر چەمبىرىكى سىزىلغان بولسىمۇ، يەنىلا يەرلىك قىياپەت، كىيىم ـ كېچەك ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

تاجىكىستاننىڭ ـــ ئۆزبېكىستاننىڭ پەرغانە رايونىغا يېقىن پامىر ئېتىكىگە جايلاشقان بېزىرىق ئۆرە تۆپە دېگەن جايدىكى كاھكاھىسار قەلئەسىنىڭ① تام رەسىملىرىگە سىزىلغان چالغۇ چېلىۋاتقان سازەندىلەر ئوبرازى ھەققىدە نەغمەتوف كەڭ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەين بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇرۇشقان ئوسروشانىلىكلەرنىڭ ئەفشان سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەھسۇلات دەپ خۇلاسە قىلدى. بۇ سۇلالە ئىسمائىل سامانىي دەۋرىگىچە ساقلانغان بولۇپ، ئۇلار كوشان بۇددىزمى تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. گەرچە بۇ تام رەسىملىرىنىڭ سازەندىلەرنى گەۋدىلەندۈرگەن قىسمى ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، بىرىنچىدىن، ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشتىن خالىي بولمىغانلىقىنى؛ ئىككىنچىدىن، ئەينى زامان ئۇسسۇل كىيىملىرى مەدەنىيىتىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

---

① خوجەنتنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىشىدە.

# 12

شۇنى قوشۇپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ شەرققە يۈرۈشى، يۇنان ۋە ئىران، ھىندىستان، مەركىزىي ئاسىيا سەنئىتىدە مۇئەييەن سىنكرېتىك قوشۇلۇشنىڭ يۈز بېرىشى ئاساسىدا يۇنان مەركىزىي ئاسىيا سەنئىتىدە يۇنان مەركىزىي ئاسىيا ئالامەتلىرى گەۋدىلەنگەن بەزى تەسۋىرىي سەنئەت نەمۇنىلىرى مەيدانغا كەلدى. كوشان، ئارشاك (فارفىيە)، سوغدى، ساك ۋە كېيىنچە تۈركەش، قارلۇق رايونلىرىدا تېپىلغان ساپال ۋە كۈمۈش قاچىلاردا يۇنان دىئونىسوس بايراملىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان سورۇن كۆرۈنۈشلىرى، يۇنان دراماتورگلىرىنىڭ سەھنە كىتابىدىكى تېپىك مەيدان تەسۋىرى گەۋدىلەنگەن. بۇ خىل قاچىلار بىر تەرەپتىن يۇنان مەدەنىيىتى ئۇزاق داۋام قىلغان زامانلاردا ياكى ئۇنىڭ كېيىنكى تەسىرىدە يەرلىك كىشىلەر تەرىپىدىن ياسالغان ياكى ئىشلىتىلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئومۇمەن يەرلىك ئۇستىلار تەرىپىدىن ياسالغان ئىدىشلارغا يەرلىك ئالامەتلەر — ھايۋان قىياپىتىدىكى سازەندىلەر، ساك شەكلىدىكى كىيىملەر ۋە مەي قاچىسى، گۈل، قىلىچ تۇتقان كۆرۈنۈشلەر چېكىلگەن.

تېرمىزنىڭ شىمالىي سۇرخان دەرياسى بويىدىكى بالالىقتېپەدىن 5 ـ، 6 ـ ئەسىرگە ئائىت مەي ـ گۈل تۇتقان بەزمە كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن تام رەسىمى تېپىلغان.

تېرمىزدا پوگاچېنكوۋا تەرىپىدىن تېپىلغان 1 ـ ئەسىرگە ئائىت ساپال قاچىدا ئۈزۈم بايرىمى — دىئونىسوس مۇراسىمى ئىپادىلەنگەن. بەدەخشاندىن تېپىلغان 1 ـ ئەسىرگە ئائىت كۈمۈش قاچىدىمۇ ئوخشاش شەكىلدە دىئونىسوس ئايەم سورۇنلىرى تەسۋىرلەنگەن. بۇخارادا تېپىلغان 1 ـ ئەسىرگە ئائىت كۈمۈش قاچىغىمۇ يۇنان دراماتورگى ئېۋرىپىدىسنىڭ

دىئونىسوس بايراملىرىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان «ۋاكىخ قىزلىرى» دراممىسىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى چېكىلگەن.

1840 ـ يىلى باالىقتېپە (تېرمىزنىڭ شىمالى، سۇرخان دەرياسى بويىدا)دىن ستروگونوف تاپقان كۈمۈش ئىدىشقا ئېۋرىپىدىسنىڭ «سىلېي» دراممىسىنىڭ دىتاللىرى چېكىلگەن. بۇنىڭدا خوجايىن سىلېينىڭ گىراكىلنى ئۈزۈمزارلىقىدا ئەمگەككە سالغانلىقى ۋە خوجايىن سىلېي بىلەن گىراكىل ئارىسىدىكى كۈرەش ھېكايىسى تەسۋىرلەنگەن. بىر قىسىم ئالىملار بۇ كۆرۈنۈشلەرنى سىياۋۇش، رۇستەم ھېكايەتلىرى بويىچە ئىزاھلاشتى. ئۇلار 1872 ـ يىلى قوقاندا ئوينالغان «رۇستەم» تىياترىنىڭ شۇ خىل كۆرۈنۈشلىرىنى بۇنىڭغا مىسال قىلىشتى.

قازاقىستان يەتتەسۇ رايونى كوستانانىڭ تورغاي نامىلىق يېزىسىدىن تېپىلغان كۈمۈش قاچىغا ئېۋرىپىدىسنىڭ «ئاكىستىدا»، «ئالۇب»، «ھېپپولىت» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ مۇھىم كۆرۈنۈشلىرى چېكىلگەن دېگەن قاراشنى بۇ قاچا ساقلانغان نيۇيورك مۇزېيىغا بېرىپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئامېرىكا ئالىمى بېيسمان ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئەسلىي سەھنە كىتابىدىكى شېئىرىي تېكىستلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەتكەن.

پوگاچېنكوۋا 1965 ـ يىلى 8 ـ، 10 ـ ئەسىر قارلۇق يابغۇسىنىڭ ئوبرازى چېكىلگەن كۈمۈش تەخسىنى تاپقان. تەخسىدىكى كۆرۈنۈشلەردە گەرچە ئۇسسۇل ـ دراما كۆرۈنۈشى ئىپادىلەنمىسىمۇ، كۈمۈش قاچىغا تەسۋىرىي كۆرۈنۈش ئىشلەش ئەنئەنىسىنىڭ سىكتاي ـ ساك قەبىلىلىرىدىن قارلۇق ئوغۇزلىرىغا مىراس قالغانلىقىنى كۆرسەتتى. كۈمۈش تەخسىدە ئارسلان پۇتلۇق تەختتە ئولتۇرغان قارلۇق يابغۇسىنىڭ ئىككى يېنىدا شاراب قاچىلىرى ۋە گۈل ـ مېۋە تۇتقان ئىككى ئوبراز تەسۋىرلەنگەن.

ئۇرال تاغلىرىغا يېقىن جەنۇبىي رۇسىيە يايلىقىدىن تېپىلغان كۈمۈش ۋازا ۋە كۈمۈش قاچىغا يالىڭاچ ئەر - ئايال فىگۇرىلىرى، نۇر چەمبىرەكلىك يالىڭاچ بۇددىزم ساماۋى ئۇسسۇلچىلىرى، خۇددى كۆسەن سۈبېشىدىن تېپىلغان جەسەت قۇتىسى قاپقىقىدىكى قاناتلىق ئوغۇلغا ئوخشايدىغان فىگۇرىلار سىزىلغان. بۇ بىزگە ئاتەشپەرەسلىك دىنى ئىسرىقدانى ياكى بۇددىزمنىڭ قازا قىلغۇچىغا كۆجە كۆيدۈرىدىغان سەندەل قاچىسىنى ئەسلىتىدۇ. دىققەتكە تارتىدىغىنى شۇكى، ئۇرال تېغىدىكى ئاكسىنو دېگەن جايدىن تېپىلغان كۈمۈش قاچىنىڭ ئاستىنقى يېنىغا ئىشلەنگەن، مەي كومزىكىگە ئۆزىنى ئاتقان «مەيخور قاپلان» بىلەن بەرباب ۋە يان دۇمباق چېلىۋاتقان ئىككى سازەندە رەسمى دەل مەركىزىي ئاسىياچە ئۇسسۇللۇق شەكىلدە چېكىلگەن. بۇ خىل بەرباب ئەپراسىياپ، خوتەن يوتقان، كۆسەن قىزىل، تۇرپان بېزەكلىك تاملىرىغا كۆپلەپ سىزىلغان، فارابىينىڭ «كىتابۇل مۇسىقۇل كەبىر» ناملىق ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان هازىرقى تەمبۇرنىڭ شەكلىدىن ئىبارەت. ئېيتىش كېرەككى، پۇشپەك[1] يېنىدىكى توقماقا جايلاشقان سۇياب (ئاقپېشىم) تىن تېپىلغان، تۈركەش (658 ـــ 766) دەۋرىگە خاس تۆچ ئويما نۇسخىدىمۇ ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈش ئىپادىلەنگەن.

ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدا قىيا رەسىملىرىدىكى تېپىك ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر، قەبرىلەر ۋە خارابىلەردىن تېپىلغان ئۇسسۇللۇق فىگۇرا - هەيكەللەردىن باشقا، «مىڭئۆي» دەپ ئاتىلىدىغان تاشكېمىرلار تاملىرىغا سىزىلغان ئۇسسۇللۇق

---

① پۇشپەك ـــ فرونزى شەھىرىنىڭ ئەسلىي نامى بولۇپ، قالاچ (قارلۇق) قەبىلىلىرى بۇددىزم تەسىرىنى قوبۇل قىلغاندا، بىر بۆلەك ئىبادەتخانىلار قۇرۇلغان. هازىرمۇ ياتقان بۇددىھا هەيكەللىرى تېپىلدى. سانسكرىت تىلىدا «پۇشپەك» (Puspak) بىر ئىلاھ نامى بولۇپ، تۇرپاندىن تېپىلغان «ئۇيغۇرچە تېكىستلەر»دە «يېتتى ئېردىنىن ئېتىگلىگ پۇشپەك ئاتلىق سارۋاغىنىتاتۇرۇ تىگىنۇرمەن» دەپ يېزىلغان («قەدىمكى تۈركچە لۇغەت»، رۇسچە، 398 ـ بەتكە قارالسۇن).

رەسىملەر بارغانسېرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقتا.
شىنجاڭ بۇددىزمى دەۋرىگە ئائىت ساقلىنىپ قالغان مەنبەلەر ئەلۋەتتە تولىمۇ چەكلىك، ئەمما بىز ئۇنىڭدىن بۇ «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى»نىڭ ئۇسسۇل سەنئىتى جەھەتتىكى بىقىياس خەزىنە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.
خوتەن شۇبھىسىزكى، شىنجاڭ بۇددىزمىنىڭ قەدىمىي مەركىزى ئىدى. بىز يوتقان خارابىسى، سۇمىيا كەنتىدىكى سۇمرۇ ئىبادەتخانىسى خارابىسى، خوتەن تىم، قىزىلتام خارابىلىرى، خوتەن لاسكويدىكى بوّكەن ئۆيلۈك خارابىسى، چىرىيە دامىكو يېزىسىدىكى دەندان ئۆيلۈك خارابىسى، لوپ ئاقسىپىل ۋە راۋاقمۇنار خارابىلىرى، كېرىيە تۇزلۇقـقازناق، كۆكچىشەھەر خارابىسى، قاراقاش سېرىقلىق بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى، كونا نىيە خارابىلىرىدىن بىر قاتار ئۇسسۇل قىياپىتىدىكى ھەيكەل، ياغاچ ئۈستىگە ياكى تامغا، توقۇلما رەختكە سىزىلغان ئوبرازلارنى كۆرىمىز. «رەۋزە توسساپا»دا «قەدىمكى ئۇدۇن ئېلىدە، شەھەرنىڭ ئۆزىدىلا 500دىن ئارتۇق بۇتخانا بولغان» دېيىلگەن. بوّكەن ئۆيلۈك خارابىسىدىن بەخت مالائىكىنىڭ كۆكتىن يەرگە ئۇچۇپ چۈشۈۋاتقان قاپارتمىلىق گەج ھەيكىلى، تېرمىزغا سېلىنىشتۇرغاندا خوتەندىن بەرباب چېلىۋاتقان قىز ھەيكىلى، ھەيكەل قېلىپلىرى كۆپرەك تېپىلغان.
فاشيەن «بۇددا ئەللىرى خاتىرىسى»دە 410 - يىلى 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئېلىپ بېرىلغان بۇت يۆتكەش مۇراسىمى ھەققىدە كۆرگەنلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان ۋە خانلىق گۇماتى بۇتخانىسىدىن تۆت چاقلىق چوڭ ھارۋىغا بۇددا ھەيكىلىنى يۆتكەش پائالىيىتىگە خان ۋە خانىش، مەلىكىلەردىن تاكى كەڭ جامائەتكىچە قاتنىشىدىغان قىزغىن مەنزىرىنى تەسۋىرلىگەن.
ستەين دەندان ئۆيلۈك خارابىسىدىن تاپقان لاكشىمى (تۇرپان تېكىستلىرىدە «ئۇز تەڭرى» دېيىلگەن) — شەرق گۈزەللىك ئىلاھەسىنىڭ ئوبرازى بولۇپ، شىنجاڭ ئۇسسۇللىرىنىڭ

ھىندىستاننىڭ «Z» شەكىللىك ئۇسسۇللىرىدىن پەرقلىق «S» شەكىللىك ئەۋرىشىم گۈزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن. مىسالغا قۇيۇلغان لاكشمى ھەيكىلى ئىككى قولى ساڭگىلىغان، بېشىغا تاج كىيدۈرۈلگەن قىياپەتتە، ياپونىيىدە كۆپ پۆپۈكلۈك كىيىملەر بىلەن كىيىندۈرۈلگەن قىياپەتتە ئىشلەنگەنلىكىدىن پەرقلىق ھالدا يالىڭاچ، يالاڭۋاش، بىر قولىدا كۆكسىنى، بىر قولىدا كىندىكىنى توسقان ھايالىق قىلىپ سىزىلغان. بۇ قىياپەت شۈبھىسىزكى، ئۇسسۇللۇق قىياپەتتۇر. خوتەن خەلقى مازار ـ ماشايىخ نامىدا ھېلىمۇ بىر قىسىم بۇددىزىم سەنئەت خارابىلىرىنى ساقلاپ تۇرماقتا. خوتەندىكى ئىلانلىقتاغ، سەھۋالىم، ئىمام مۇساكازىم، كېرىيىدىكى تەڭگەقولاق، چىرىيىدىكى لىچىنئاتا، چولپانئاتا، گۇمىدىكى غازاخوجا، قاراقاشتىكى خوجاپاقلان، سېكىلەك پادىشاھىم، لوپتىكى ئىمام ئاسىم قاتارلىقلارنى بۇنىڭغا مىسال قىلىش مۇمكىن.

قەشقەردىكى ئۈچماراۋان، مارالبېشىدىكى توققۇزساراي، ئاقسۇدىكى غوڭراق، كۇچا ـ بايدىكى قىزىل، قۇمتۇرا، سىم ـ سىم، توققۇزئوقۇر، قىزىلقاغا، سۇبېشى، كورلىدىكى مىرەن، كروران، شورچۇق، تۇرپاندىكى تۇيۇق، سىڭگىم، قوچۇ شەھىرى، ئاستانە ئالتۇنلۇقى، يارغول، بېزەكلىك قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان ھەيكەللەر، قاپارتمىلىق ھەيكەللەر، فىگۇرىلار، تام رەسىملىرىدە كۆپلىگەن يالىڭاچ، يېرىم يالىڭاچ، كىيىندۈرۈلمىگەن، كىيىندۈرۈلگەن ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز.

شىنجاڭ بۇددا سەنئىتى تەركىبىدە ئىپادىلەنگەن ۋە ساقلانغان ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر مەزمۇنەن يەرلىك خەلقنىڭ ئۇسسۇللۇق قىياپىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولسىمۇ، شەكلەن «بۇددا قىسسەلىرى» (ساكيامۇنى تەرجىمىھالى) «ساماۋى نەغمە ـ ئۇسسۇلچىلار»، «يارالمىش (جاتاكا) ھېكايەتلىرى» (ساكيامۇنى تۇغۇلغۇچە ئۇنىڭ روھىنىڭ بىرقانچە يۈز قېتىم ھەر خىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جاندار ۋە ئادەم سۈپىتىدە يارالغانلىقى تەسۋىرى) ۋە خان ـ ئاۋامنىڭ ساخاۋەت قىلغىلى كەلگەن قىياپەتلىرى سىياقىدا سۈرەتلەنگەن. بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار خېلىلا ئىلىپ بېرىلغانلىقى ئۈچۈن ئارتۇقچە توختالمايمەن.

قىزىل تاشكېمىرلىرىنىڭ 99 ـ كېمىرىدىكى «ساكيامۇنىنىڭ تۇغۇلۇشى» ناملىق رەسىمدە ساكيامۇنىنىڭ ئانىسى مايا خانىم يېنىدا يالىڭاچ ھالەتتە تۇرغان كۆرۈنۈشى بېرىلگەن. گۈزەل ۋە ئۆلچەملىك بۇ ئىككى كۆرۈنۈش پۈتۈنلەي ئۇسسۇللۇق ئەۋرىشىم قىياپەتتە سىزىلغان.

ساكيامۇنىنىڭ بۇددىزم يولىغا مېڭىشىنى توسۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ دادىسى ئوردا گۈزەللىرىنى ئۇسسۇلغا سېلىپ ئۇنىڭ رايىنى بۇرىماقچى بولغان. قىزىلدىكى 76 ـ، 84 ـ، 99 ـ، 110 ـ، 118 ـ، 175 ـ كېمىرلارغا يۇقىرىقى تېمىدىكى تام رەسىملىرى سىزىلغان. 118 ـ، 175 ـ كېمىرلاردىكى «شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش» ناملىق رەسىمدە يالىڭاچ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئۇسسۇلچىلار تەسۋىرى بېرىلگەن. 84 ـ كېمىردىكى «پادىشاھنىڭ ئۇسسۇلچى قىزلارنى تاماشا قىلىشى» دا ئۇسسۇللۇق مەنزىرە كۆرسىتىلگەن. بۇ تام رەسىملىرىنى گرونىۋېدىل ئەكەتكەن ۋە «قەدىمكى كۇچا» ناملىق كىتابىدا ئاشكارىلىغان.

قىزىل 110 ـ كېمىردا ساكيامۇنىنىڭ كېچىدە ئۇخلاۋاتقان ئايالى ۋە ئوردا كېنىزەكلىرى ئارىسىدىن يوشۇرۇن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى تەسۋىرلىگەن «ياسۇدىھارانىڭ ئۇخلىشى» ناملىق تام رەسىمدە ئۇيقۇدىكى ئاياللار يالىڭاچ، ئەۋرىشىم، يېتىق ھالەتتىكى ئۇسسۇللۇق قىياپەتتە سىزىلغان.

قىزىل 76 ـ كېمىردا ساكيامۇنى ھېكمەت سۆزلەۋاتقاندا، ئۇنى ئاداشتۇرۇش ئۈچۈن ئۈچ ئالۋاستى گۈزەل ئۈچ قىز سىياقىدا كۆرۈنۈپ، يالىڭاچ ئۇسسۇل ئويناپ تەبەسسۇم قىلغانلىقى، ساكيامۇنىنىڭ ئۇلارنى ھېكمەت بىلەن ئۈچ قېرى

ئايالغا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. تام رەسىمى ئۈچ ئۇسسۇلچى قىزنى ئۈچ قىرىغا نىسبەتەن گۈزەل، تولغان قىلىپ، يالىڭاچ ئۇسسۇللۇق قىياپەتتە گەۋدىلەندۇرگەن. 80 ـ، 99 ـ، 161 ـ، 182 ـ 186 ـ كېمىرلاردىكى «ھېكمەت ئاڭلاش» ماۋزۇسىدىكى تام رەسىملىرىدىمۇ ئۇسسۇللۇق قىياپەتلەر ئىپادىلەنگەن.

101 ـ، 114 ـ، 117 ـ كېمىرلارغا سىزىلغان «ئۇسسۇلچىنىڭ بىكسۇنى بولۇشى» دېگەن تام رەسىمدە ساكيامۇنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ھېكمەت قۇدرىتىنى كۆرۈپ، ئۇسسۇلچىلىقنى تاشلاپ بىكسۇنى (ئايال تالىبە) بولغان ئايال ئۇسسۇلچىنىڭ ئۇسسۇل ماھىرىغا خاس كۆرۈنۈشى گەۋدىلەنگەن.

ساكيامۇنىنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرى تەسۋىرلەنگەن «بۇددىھا قىسمەتلىرى» سۇژىتى بويىچە سىزىلغان تام رەسىملىرىدىن ساماۋى ئەيتىم ـ چېرتىم (ناخشا ـ مۇزىكا) ۋە بۇدۇك (ئۇسسۇل) مۇئەككەللىرى ـ گاندىھارا، ناندا، ئوپا ناندا، جىننارا قاتارلىقلار بىلەن ھەرقايسى ساماۋى بۇدساتۋالار لاكشمى («ئۇز تەڭرى»)، ئاۋالوكسىۋارا (كۆرەر ـ تىڭلار تەڭرى) قىياپەتلىرى بىلەن ئۇچقۇر پەرىزاتلار ـ رەققاسلار شەكلىدە سىزىلغان. ئۇلار ئېسىل كىيىنگەن، يېرىم كىيىنگەن ياكى يالىڭاچ بېرىلگەن. ئۇلار گەرچە بۇددىزمنىڭ دىنىي ـ خىيالىي تەسەۋۋۇرلىرى بويىچە تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، يەنىلا يەرلىك خەلقنىڭ ئۇسسۇللۇق ھەرىكىتى، قىياپىتى، ھېسسىياتى ۋە كىيىنىش مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان.

ساكيامۇنى مۇخلىسلىرىدىن ماگارخا ئېلىنىڭ پادىشاھى ئاجاتاساترونىڭ ساكيامۇنىنىڭ قازا قىلىپ، نىرۋاناغا سەپەر قىلىشى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاش ئالدىدىكى رەسىمى پادىشاھ ۋە خانىشنىڭ ھەرەم قىزلىرى بىلەن تەختتە ئولتۇرغان ھالىتىدە بېرىلگەن بولۇپ، ھەرەم قىزلىرى كىيىنمىگەن، ئۇسسۇللۇق قىياپەتتە كۆرسىتىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاشكېمىر رەسىملىرىگە سىزىلغان ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەرنىڭ مۇھىم بىر تۈرى «يارالمىش ھېكايەتلىرى» (جاتاكا) سۇژىتىدىكى يالىڭاچ ياكى يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇللۇق قىياپەتلەردىن ئىبارەت.

شۇنى ئېيتىش ھاجەتكى، شىنجاڭ تاشكېمىرلىرىدىكى كىيىندۈرۈلگەن، كىيىندۈرۈلمىگەن، يالىڭاچ، يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇللۇق قىياپەتلەر گۈزەللىك ۋە سەنئەتنىڭ كۆپ قىرلىق ئۈتۈقى بولۇپلا قالماي، ئەينى زامان بۇددىزم ئىستىقامەتلىرىدە راھىبلارنى جىسمانىي گۈزەللىكنى كۆزدە كۆرۈپ، دىلدا كۆرمەسلىك، سەزگۈ ئەزالىرى (قاچىغلار) نى جىسمانىي گۈزەللىكتىن قاچۇرۇپ چېنىقتۇرۇش مەقسەت قىلىنغانىدى. ئەمما، تارىخىي مەنبەلەردە مەركىزىي ئاسىيا قىيالىرىغا يالىڭاچ ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر كۆپلەپ سىزىلغانلىقى ئىسپاتلانغان. بىز ئېلىمىزنىڭ شىمالىي دىغار جۇڭشەنگو ئېلىدىن كەلگەن ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئۇچلۇق سەندەل ئاياغ كىيىپ ئۇسسۇل ئوينىشىدىغانلىقى، شىمالىي چى سۇلالىسى شۇەندى پادىشاھ دەۋرىدە ئوردىلاردا گاھىدا يالىڭاچ - يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇللار ئويىنالغانلىقى، مەشھۇر «سۇمۇز» سەيلىسىدە يالىڭاچ سۇ سېپىشىپ ئۇسسۇل ئوينىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرىلەردىن يالىڭاچ ياكى يېرىم يالىڭاچ سىزمىلارنىڭ ئەنئەنىۋى يىراق قاتلاملىرىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

## 13

گاباىئىن خانىم «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى» ناملىق ئەسىرىدە (خەنزۇچە 111 ـ، 112 ـ بەت): «غەربىي دىيارنىڭ ئۇسسۇل ئويناش ماھارىتى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىچكى ئۆلكىلەرگە چوڭ تەسىر كۆرسەتتى» دەپ توغرا ئېيتقان.

تەخمىنەن غەربىي خەن سۇلالىسى ئەلچىسى جاڭ چيەننىڭ

چاڭئەنگە غەربىي دىيار (ئاساسلىقى قۇمۇل) نىڭ «ماھادۇر» مۇقامىنى ئەكىرىشىنى غەربىي دىيار سەنئىتىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشىنىڭ مۇقەددىمىسى دېيىش مۇمكىن. ئەمما، يېغىلىق دەۋرىدىلا شىمالىي دىلار قۇرغان جۇڭشەنگو (中山国) ئېلى ئۇسسۇلچىلىرىنىڭ خۇاڭخې - تەيخاڭشەن رايونىدا ئۆكچىسىز سەندەل ئاياغ كىيىپ، ئۇسسۇل سەنئىتى سېتىپ يۈرگەنلىكى[①]، غەربتىكى دىفاڭ، گۇيفاڭ، رۇڭ قەبىلىلىرىنىڭ ئۇسسۇل - نەغمىلىرى بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

جاڭ چيەندىن كېيىن لۈي گۇاڭ 384 - يىلى كۇسەن خانلىقىنى يېڭىپ، نۇرغۇن سەنئەتچىلەر ۋە سەنئەت بۇيۇملىرىنى لياڭجۇغا ئەكەتكەنىدى. لياڭجۇ نەغمە - ئۇسسۇللىرى غەربىي دىيار نەغمە - ئۇسسۇللىرىنىڭ بىر ۋارىيانتى سۈپىتىدە سۇي، تاڭ دەۋرىدە غايەت زور تەسىر پەيدا قىلغان. نەتىجىدە غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرى ئوردىلاردىن تاكى خەلق ئارىسىغىچە قىزغىن زوقلىنىش ۋە ئۆگىنىش ئوبيېكتىغا ئايلانغان. بۇ غەربىي دىيار ئۇسسۇل تارىخىدىكى غايەت زور ئېپتىخارلىق ھادىسىدۇر.

شىمالىي - جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، بولۇپمۇ 568 - يىلى موغانخاننىڭ قىزى ئاسىنا مەلىكە جۇ ئۇدىغا ياتلىق بولغاندا، غەربىي تۈرك يابغۇلۇقىغا قاراشلىق كۇسەن قاتارلىق جايلاردىن نۇرغۇن سەنئەتچىلەرنى چاڭئەنگە ئېلىپ بارغان. بۇ چاغدا سۇجۇپ ۋە بەي، ساۋ فامىلىلىك سەنئەت پېشۋالىرىمۇ چاڭئەنگە ئەكىرىلگەن. 606 - يىلى سۇي تاڭدى تەختكە چىققاندا كۆك تۈرك خانلىقى 30 مىڭ كىشىلىك ئويۇنچىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن سەككىز يول ئۇزۇنلۇقتا ئۇسسۇللۇق دالا مەشرىپى ئويناپ، سەنئەت دىپلوماتىيىسى ئىشلەتكەن.

---

① «تارىخنامە. خۇاجى تەزكىرىلىرى»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خېنەن ئۆلكىسى ئەنياڭ ناھىيىسى خەنسۇي قەبرىگاھلىقىدىن چىققان سىرىق ياپىلاق قاچىغا ئۇسسۇل ئويناپ، ساز چېلىۋاتقان غەربىي دىيار ئەلنەغمىچىلىرى سىزىلغان.

شەنشى ئۆلكىسى شىڭىڭ ناھىيىسى كونا بۇتخانىغا غەربىي دىيارنىڭ بىر ئەر، بىر ئايال ئۇسسۇلچىسى ۋە سەككىز سازەندە رەسمى سىزىلغان.

جېجياڭ ئۆلكىسى رۈيئەن ناھىيىسىدىن چىققان ئاشلىق قاچىلايدىغان ئىدىشقا بىر ئۇسسۇلچى بىلەن بىر سازەندە ئوبرازى ئويۇلغان.

چىڭدۇدىن بەش دەۋرگە ئائىت «ئالدىنقى شۇي خانلىقى» نىڭ قۇرغۇچىسى ۋاڭ جيەن (900 ــ 918) قەبرىگاھلىقىدىن ئىككى ئۇسسۇلچى، 22 سازەندىنىڭ، جەمئىي 25 دانە كۇسەن سەنئەتچىسىنىڭ قاپارتمىلىق ھەيكىلى چىققان.

سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە خېشى كارىدورىدىن شىمالىي قۇملۇقتىن غەربىي دىيار ــ ھازىرقى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئەتچىلىرى كۆپلەپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرىپ ئويۇن قويغان. ئۇلارنىڭ گۈزەل ئۇسسۇللىرى توغرىسىدا مەشھۇر شائىرلاردىن دۇفۇ، لى بەي، بەي جۈيى، ۋاڭ ۋېي، يۈەن جىن، ليۇ يۈيشى، جاڭ خۇ، فاڭ گەن، خۇا رۇي خېنىم قاتارلىق شائىرلار گۈزەل مىسرالار يېزىشقان. بۇ ئۇسسۇللارغا پادىشاھتىن پۇقراغىچە ھېرىسمەن بولغان، ھەتتا خانىش ياڭ گۈيفېيمۇ ئۆگىنىپ ئوينىغان.

تاڭ سۇلالىسى ئوردىدا «ئوقۇتۇش يولى»، «نەشپۈتلۈك باغ» نەغمە ـ ئۇسسۇل ھەرىمى قۇرۇپ، كۇسەن نەغمىلىرىنى ئاساس قىلغان ئون قىسىملىق مۇزىكا تۈزگۈزگەن. سۇي لىڭچىن «ئوقۇتۇش يۇرتىنىڭ خاتىرىسى»، گاۋ ماۋچىڭ «مۇزىكا مۇئەسسەسىنىڭ نەزم توپلىمى»، چىڭ داچاڭ «كۆپ خىل ئويۇنلار» قاتارلىق سەنئەتشۇناسلىق ۋە سەنئەت تەزكىرىسىگە ئائىت ئەسەرلەر يېزىشقان.

ئەينى زاماندا غەربىي دىيار مۇزىكا ـ ئۇسسۇللىرىنى، كېيىنىش مەدەنىيىتىنى، ئاتقا مىنىشنى ھەۋەس قىلىدىغان ۋە ئۆگىنىدىغان بىر خىل مەدەنىيەت خاھىشى شەكىللەنگەن. بۇ ھەقتە شائىر يۈەن جىڭ «فاچۇي نەغمىلىرى» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

«بولدى ئۇيغۇرچە ياسانماق قىز ـ ئايالлар مەشغۇلى،
زور ماھارەت بولدى چالماق سازنى ئۇيغۇرلارسىمان.
......
ئاتقا ئۇيغۇرچە مىنىش، زىبۇزىننەت، سازەندىلىك،
بولدى بەس ـ بەسلىك ھەۋەس بۇ ئەللىك يىلدىن بۇيان.»

مەنبەلەردە «پىرقىرىما ئۇسسۇلى»، «تاقلىما ئۇسسۇلى»①، «چەش ئۇسسۇلى»، «چاچ يېشىش»، «ئالان»، «يېشىل پوتا»، «رومال»، «باھار بۇلبۇل ناۋاسى»، «شۇشىرۇ»، «نالەش»، «ئاھۇ»، «شىر ئۇسسۇلى»، «گۈلپانۇس ئۇسسۇلى»، «ئەتلەس ئۇسسۇلى»، «ئۇۋرغول نەغمىسى»②، «ئۇيغۇر راھىبىنىڭ ساماسى»، «كۇچا ئەنى»، «ئۈچ تۈرك ئەنى»، «بەشبالىق نەغمىسى»، «تاشبالىق»، «سۇمۇز»، «باتۇر»، «قېيىق قاش»، «بور»، «شىر ئۇسسۇلى»③ قاتارلىق ئۇسسۇل ياكى ئۇسسۇللۇق چوڭ نەغمىلەر خاتىرىلەنگەن. شى باۋسەن، ئەن چىنۇ، ئەن پىشىڭ، ئەن لۇسەن قاتارلىق غەربىي دىيارلىق ئۇسسۇل ماھىرلىرى بىلەن گۇڭ سۇڭلىڭ، لى ئاۋ قاتارلىق خەنزۇ ئۇسسۇل ماھىرلىرى مەيدانغا كەلگەن. چاڭئەن، لوياڭلاردا ئۆتكۈزۈلگەن بەزى ئۇسسۇل ياكى چوڭ ھەجىملىك ئۇسسۇللۇق سەيلىلەرگە پادىشاھلارمۇ ئىشتىراك قىلىشقان.

---

① ۋاڭ گوۋېي ئەپەندى «تاقلىما ئۇسسۇلى» (خۇتىڭۋۇنى) «خوتەن ئۇسسۇلى» دەپ ئىزاھلىغان.
② ئۇنىڭ نوتىسى دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان.
③ ئۇنىڭ ھەيكەل شەكلى ئاستانىدىن تېپىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى تاملىرىغا سىزىلغان رەسىملەر قاتارىدا پەردىلىك سۇپىلىق سەيىنادا قۇچۇ (ئىدىقۇت) خان جەمەتى ئالدىدا ئۇسسۇل ئويناپ، تىزلىنىپ، قولىدىكى جامدا خانغا مەي (بور) سۇنۇۋاتقان كۆرۈنۈش تەسۋىرلەنگەن بىر پارچە تام رەسىمى سىزىلغان. بۇ تۇرپاننىڭ مەشھۇر «بور ئۇسسۇلى» بولۇپ، بۇ ئۇسسۇل چاغئەندىمۇ پادىشاھ ئالدىدا ئوينالغان. بۇ ھەقتە شائىر جاڭ خۇ ئۆزىنىڭ «بور ئۇسسۇلى» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغانىدى:

«نەۋ باھار جەنۇبىي باغدا گۈل يۈزىن ئاچقانىدا،
لياڭجۇ بەزمىگە ئۇسسۇل ئەۋجىگە چىقتى يانا.
قولىدا ئالتۇن قەدەھ، ئۇسسۇل تۈگەركى چاغىدا،
ئالدى شاھىم بىر كۈلۈپ ئالتۇن قەدەھنى قولىغا.»

لى رۇينىڭ «پىرقىرىما ئۇسسۇلى» ناملىق شېئىرىدىكى:

«قاش ئۇچۇرۇپ، كۆز ئوينىتىپ شىرداق كىگىز ئۈستىدە،
مارجان بۆكى يېنىدىن ئاقتى تەرلىرى راۋان.
......
پىرقىرىسا، قىز قويپسا چۇشەر چالغان پەدىگە،
بەلگە قويسا قولىنى خۇددى ئايغا ئوخشىغان.»

دېگەن مىسرالىرى، جۈملىدىن لىيۇ يەنىسىنىڭ «تاقلىما ئۇسسۇلى» ناملىق شېئىرىدىكى مىسرالار بىلەن قىزىل تاشكېمىرلىرىدىكى زىلچا ئۈستىدە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كۆرۈنۈش تولىمۇ ئوخشاش بولغان. بىز «بەلگە قويسا قولىنى خۇددى ئايغا ئوخشىغان» دېگەن ئۇسسۇللۇق تەسۋىر بىلەن غەربىي دىيار (مەسىلەن، قۇتۇبى قىزىلىيار) قىيا رەسىملىرىدىن تاكى ھازىرقى ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى قىياپىتىنىڭ بىردەكلىكىنى

كۆرىمىز.

ليۇ يەنسى مۇنداق يازغانىدى:

«ئاق ھەم قىزىل گۈللۈك زىلچا تۆپىسىدە قايناپ ئۇسسۇل،
تەسۋىرلىدى چىمەنلىكتە كەچتە يانغان شام ئوتىنى.»

بەي جۈيى، يۈەن جىن، لى رۈي، جاڭ خۇ، چېن سىن، گو كاڭ، شاڭ جۇ قاتارلىق تاڭ دەۋرى شائىرلىرىنىڭ نەزمىلىرىدە ئەينى زامان غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرىدىكى كېيىنىش، زىبۇزىنىنەت، ئۇسسۇللۇق قىياپەت ئەھۋاللىرى روشەن تەسۋىرلەنگەن ۋە يۇقىرى باھالانغان.

بەي جۈيى «رومال ئۇسسۇلى»نى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«تارى، نەي، چاۋاك ئىچىدە شايىسى ئويناپ تۇرار،
تاكى نەغمە پۈتكۈچە رومالچى نازۇك پىرقىرار.
ئەيلىگەچ ھەربىر پەدىسى رومال كۆيىنىڭ دىلىنى شاد،
ئاڭلىغان ھەربىر قېرىلار ئىختىيارسىز ئاھ ئۇرار.»

يۈەن جىن «بەرباب» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

«تىل بىلەر سازەندە ئۇيغۇر قاشتېشى چالغۇ چېلىپ،
تۇرىدۇ گەنجۇ ئۇسسۇلى بىزنى شۇنچە جەزب ئېتىپ.»

لى رۈي «پىرقىرىما ئۇسسۇلى» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

«گۈللۈك بۆكى بېشىدا، ئوتتۇرى كۆپۈپ تۇرار،
مەشۇت كۆڭلەك يەڭ ئۇچى شۇنچە تار، شۇنچە چاققان.
زەنگولە قوڭغۇرىقى پىرقىرىسا غۇڭۇلدار،
گۈللۈك يۇمشاق ئۆتۈكى خۇش پۇراق چاچار ھەريان.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جاڭ خـۇ «خـۇاڭجۇدا چـەش ئـۇسسۇلـــنى كۆرۈپ» دېـگـەن شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

«داپ ئۇرۇلدى باشتىكى نەغمە ئۇسسۇلغا ئۇلىنىپ،
ئەۋرىشىم چۇشتى ئۇسسۇلغا خۇددى كېپىنەك بولۇپ.
قىپقىزىل نىمچە يېڭىدىن چىقىرىپ ئاپئاق بىلەك،
ساغرىسىنى تولغىتىپ ئەگدى بېلىنى ئوينىتىپ.»

چىن سىن، گو كاڭ، شاڭ جۇلار غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرىنىڭ ئەينى زاماندىكى ئېستېتىك تەسىرىنى مۇنداق مىسرالار بىلەن باھالىغان:

«بۇ جاھان رەققاسلىرى بىلدى ئۇسسۇل ئويناشنىلا،
قامىتى، خۇلقى جەھەتتىن ئاڭا يەتمەس ھېچبىرى.»
«ھېچ كىشى ئالمايدۇ ‹فاچۇي› نەغمىسىنى ئاغزىغا،
كۆكمۇ تولدى شايى ـ ئەتلەس ئەيلىگەچ پەرۋاز بۇگۈن.»
«پۇتتى ئەتلەس ئۇسسۇلى، ئاسماندا قوزغالدى شامال،
ئون ۋىلايەت ئۇستىنى باستى ئىپار ئۆتمەي ھايال!»

غـەربىي دىـيـار ئۇسسۇلـلـىرى ئارىـسىدا «شىـر ئۇسسۇلـى»، «چىراغ ئـۇسسۇلـى»، «ئـۆچكە ئـۇسـسۇلى» قـاتـارلىق نـومـۇرلار بولغان.

غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتى ئىسلامىيەتكىچە بولغان ئۇزاق زامانلار ئىچىدە يەنە كۆپلىگەن تەسۋىرىي يادىكارلىقلارنى قالدۇردى. ئۇ ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى دالى ئېلىگە، چاۋشيەنگە، ياپونىيىگە بىۋاستە ئۇسسۇل ياكى «خۇ تىياتىرلىرى»، «خۇچوڭ نەغمىلىرى» نامى بىلەن يېتىپ بېرىپ، داۋاملىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز

تەسىرى ۋە شۆھرىتىنى ساقلىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىدا ئىسلامىيەت بەر قارار تاپقاندىن كېيىنمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە يىراق شەرق ئەللىرىدە غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرى ئىززەتلەندى. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ «ئىۋىرغول» ئەلنەغمىسى مەشھۇر بولدى. ۋاڭ يەندى (939 ــ 1006) ئىدىقۇتتا ئۈچ يىل تۇرۇپ، ئىدىقوت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە ئويۇن ـ تىياتىر ئەھۋالىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. لياۋ سۇلالىلىرى پادىشاھلىرىدىن يېلۈي يەنشى تيەنچىڭنىڭ 2 ـ يىلى (1112 ـ يىلى) ئوردا مۇزىكىلىرىنى رەتلىگەندە «پەرىزاتلار مۇزىكىسى»، «پەرىزاتلار ئۇسسۇلى» نامىدا بۇ خىل مۇزىكا ـ ئۇسسۇلغا ئالاھىدە ئورۇن ئاجراتتى①.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرى داۋاملىق مىللىي ـ مەھەللىۋى شەكىلدە، ئوردىلاردا، خەلق مەشرەپلىرىدە، ئەل ئارىسىدا راۋاجلاندى. يېڭى ئۇسسۇل نەمۇنىلىرى مەيدانغا كەلدى.

## 14

يۇقىرىدا غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئىسلامىيەتكىچە بولغان تەرەققىيات تارىخىنىڭ ماددىي بۇيۇملارغا چېكىلگەن تەسۋىرىي خاتىرىلىرى ئۈستىدە توختالدۇق. بۇ غەربىي دىيار ئۇسسۇل تارىخىنىڭ بىر قىسمى، شۇنداقلا ھۆججەتلىك، ئوبرازلىق تارىخىي ئۇچۇرى.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئىپتىدائىي قۇل ئىگىلىكى، فېئودالىزم دەۋرلىرىگە مەنسۇپ تارىخىي يادىكارلىقلىرىدىن مۇنداق يەكۈن چىقىرىش مۇمكىن:

① گابائىن: «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا ھايات»، 122 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرىنچى، بۇ ئۇسسۇللار مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى ئىنسان تۈركۈمىنىڭ تولىمۇ ئۇزاق ئەسىرلەر نېرىقى يىراق ئىپتىدائىي تۇرمۇشىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش زۆرۈرىيەتلىرى ئانا قارىنىدا، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش پائالىيىتى ۋە رېتىملىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى شەكلىدە تەدرىجىي مەيدانغا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان. ئەڭ قەدىمىي ئىپتىدائىي ئىنسان ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئىنتىلىش، مەنىۋى ئىلتىجا قىلىش ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ماددىي (ئىشلەپچىقىرىش ۋە قوغدىنىش) پائالىيەتلىرىنى تېخى سەنئەت دەپ قارىغان ئەمەس. ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ماددىي ۋە روھىي تۇرمۇشقا بېقىنغانلىقى غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتى تەرەققىياتىنىڭ كېيىنكى ھەرقايسى باسقۇچلىرىدىمۇ ئىزچىل ساقلانغان بىر قانۇنىيەتتۇر.

ئىككىنچى، بۇ ئۇسسۇللار تاغ ـ جىلغا مەدەنىيەت تىپى، يايلاق مەدەنىيەت تىپى، بوستان مەدەنىيەت دەۋرلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، تۇرمۇش شەكلى ۋە تۇرمۇش رېتىمىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزىنىڭ ھەرىكەت شەكلىنى داۋاملىق بېيىتقان. بۇ ئۇسسۇللار ئاسىيانىڭ كىندىكىدە ئاق جىنس ۋە سېرىق جىنس قەبىلىلەرنىڭ ئاق جىنسنى ئاساس قىلغان قوشۇلۇشى، شىمال ـ جەنۇب، شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ كۈچىيىشى، ھەر خىل دىنىي مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۈچرىشىشى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ئاساسىي گەۋدىسىگە يېڭى ئوزۇقلۇقلارنى قوشقان ۋە تەدرىجىي «ساماۋى ئۇسسۇل»، «پەرىزاتلار ئۇسسۇلى» شۆھرىتىگە ئېرىشكەن.

ئۈچىنچى، بۇ ئۇسسۇللار مەزمۇنەن ھەربىر دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي تېماتىكىسىنى ئاساس قىلغان. ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق، ئوۋچىلىقتا ئۆچكە ـ تېكە قىياپىتىدە نىقابلىنىپ ھىيلە ئىشلىتىش؛ قوياشقا، ئىلاھقا، ساماغا چوقۇنۇش ۋە ئىلتىجا قىلىش؛ جىنسقا سىغىنىش ۋە مۇھەببەتنى كۈيلەش؛ توتېم

مۇراسىملىرى ۋە مەۋسۇم مەشرەپلىرى؛ ياخشى ـ يامان روھلار، يورۇقلۇق ـ قاراڭغۇلۇققا مەدھىيە ۋە نەپرەت قاتارلىقلار غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ كېيىنكى تېماتىكىسى ۋە ئىپادىلەش شەكىللىرىگە ئاساس سالغان. بىز ئوتتۇرا ئەسىردە يېزىلغان كىتابلاردىكى قىستۇرما رەسىملەردىن ئۆچكە قىياپىتىدىكى ئۇسسۇللارنىڭ (جۈملىدىن شىر ئۇسسۇلى، توخۇ ئۇسسۇلى) داۋاملىق ئوينالغانلىقىنى كۆرىمىز. بىز بېشىغا ئۆكە، تاج، كۆپتۇرۇلگەن چاچ پۇرمە، لېنتا تاقاپ، پوتا، رومال بىلەن ئۇسسۇل ئويناشنىڭ كېلىپ چىققانلىقىنى كۆرىمىز.

قۇياشقا سىغىنىش قولنى ئېگىز كۆتۈرىدىغان ئىلتىجا ھەرىكەتلىرىگە، پىرقىرىما ھەرىكەتلەرگە، تىزنى پۈكۈش ۋە ساما ئۇسسۇلى ھەرىكەتلىرىگە سىڭىپ كەتكەن.

جىنسىي سىغىنىش مۇراسىملىرىدىكى ھەرىكەتلەر ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇللارغا، بولۇپمۇ ئەر ـ ئايالنىڭ ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇلى، لەپەر، بىر سازەندە ئەر ـ ئايال ئۇسسۇلچى ئوينايدىغان ھەرىكەتلەرگە ئاساس سالغان. بىز تاشكېمىرلارغا سىزىلغان ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇل ـ نەغمە ھەرىكەتلىرى ئىپادىلەنگەن تام رەسىملىرىدىن، مۇھەببەت تېمىسىدىكى ئۇسسۇللاردىن بۇ ئەنئەنىنى بايقايمىز.

مۇراسىم ئۇسسۇللىرى شادىيانە مەشرەپ شەكلىدە ئىزچىللاشتى.

ئۆتىنچى، بۇ ئۇسسۇللار مەركىزىي ئاسىيا ئۇسسۇللىرىدىكى قول ھەرىكىتىنى ئاساس قىلغان پۈتۈن بەدەن ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ رەڭگارەڭ ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى — بەدەن ھەرىكىتىنى تامغا (بەلگە) قىلغان ئۇسسۇللۇق تىل خەزىنىسىنى بېيىتتى. باشنى ئاتتەك ئېگىز ۋە سەزگۈر تۇتۇش؛ قولنى قۇش سىياقىدا ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىدىكىدەك لاچىن قانات سىياقىدا يۇقىرى پەرۋاز ماھارىتى بىلەن ھەرىكەتكە سېلىش؛ بويۇندا خۇددى سىكىتاي ۋە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن «خۇدخۇر»

دېگىنىدەك ئاتنا ئالدىغا كېتىۋېتىپ ئارقىغا ئوقيا ئۈزگەندەك، ئارقىغا بويىنىنى قايرىپ ئىما ـ ئىشارە قىلىپ ، ئۇسسۇللۇق قىياپەت ھاسىل قىلىش؛ پىرقىراش، سەكرەش، بىر پۇت بىلەن تىزلىنىش؛ بېغىش، دولا، كۆكرەك ئوينىتىش؛ ئېگىلىش، ئارقىغا ئېگىلىش، موللاق ئېتىش قاتارلىقلار بۇ ئۇسسۇللارنىڭ ـــ بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ ئۇسسۇللۇق ئوبراز ۋە قىياپەت يارىتىشىدىكى ئاساسىي ھەرىكەت شەكلى بولۇپ قالغان.

بەشىنچى، بۇ ئۇسسۇللار، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇسسۇلدا بەدەننى ئەۋرىشىم تۇتۇشنى ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي رېتىمى ۋە شەكىل گۈزەللىك ئالاھىدىلىكى قىلغان. بۇ ئۇسسۇللار مەيلى ئىرغاڭلاپ لەرزان مېڭىشتا، مەيلى كەينىگە قايرىلىپ قاراشتا، مەيلى بەدەننى قول ـ پۇت ھەرىكەتلىرىگە مۇۋازىنەت قىلىشتا، مەيلى ئۇسسۇللۇق قىياپەت ھاسىل قىلىشتا بولسۇن «T» ۋە «Z» شەكلىدىن پەرقلىق ھالدا «S» شەكلىنى تامغا قىلغان. بىز قىيا رەسىملىرى ياكى بۇددىزم دەۋرلىرىدە سىزىلغان رەسىملەر بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىدىن بۇ ئەنئەنىۋى قانۇنىيەتنى كۆرىمىز. بۇ خىل تامغا ھىندىستان ئۇسسۇللىرىدىكى «Z» (ئۈچ بۆكلىمە) تامغىدىن پەرقلىنىدۇ. كېيىمنىڭ نېپىز بولۇشى، كېيىمنىڭ بەدەنگە چاپلاشقان (كۆپتۈرۈلمىگەن) بولۇشى، ئىچكى كېيىمنىڭ قويۇق، تاشقى كېيىمنىڭ سۇس رەڭدە بولۇپ، بەدەن گۈزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشى ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىدىكى ئەۋرىشىم بەدەن گۈزەللىكىنى جۇلالاندۇرۇشنىڭ ئىزچىل ئەنئەنىسى ئىدى. بىز قىيالارغا چېكىلگەن يالىڭاچ ئۇسسۇللۇق رەسىملەر، تاشكېمىرلارغا سىزىلغان يېرىم يالىڭاچ ياكى بەدەنگە چاپلىشىپ تۇرغان كىيىملىك ئۇسسۇللۇق رەسىملەر بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىدىكى كىيىنىش ھالەتلىرىدىن بۇ ئەنئەنىنى

كۆرىمىز.

يۇقىرىقى بايان بىزگە هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ ئېتنولوگىيىلىك مەنبەلىرى، خۇسۇسىيەتلىرىنى توغرا چۈشىنىشكە، ئۇسسۇل سەنئىتىنى بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تارىخى، فولكلور تارىخى ئاساسىدا چۈشىنىشنى، ئۇنى ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى، ئۆز قانۇنىيەتلىرى بويىچە راۋاجلاندۇرۇش لازىملىقىنى چۈشىنىشكە ئۇنۇملۇك ياردەم بېرىدۇ.

**پايدىلانغان مەنبەلەر**


1. ھېپپوكرات: «تارىخ».
2. دىيومېزىل: «سىكىفلار ۋە ناراتلار».
3. رودېنكو: «مەركىزىي ئالتاي ئاھالىسىنىڭ سىكىف دەۋرىدىكى سەنئىتى».
4. م. ئا. دېۋلېت: «كۆچمەنلەر دالالىرىدىكى قىيا رەسىملەر».
5. تەنشەن شىنفۇ: «يايلاق ۋە غەربىي رايوننىڭ رەسىملىك تارىخى».
6. «ئۆزبېكىستاندا مۇزىكىغا ئائىت قېزىلمىلار» (نېمىسچە نۇسخىسى، كارامەتوف تۈزگەن).
7. «جەنۇبىي ئۆزبېكىستان قېزىلمىلىرى» (ياپونچە توپلام).
8. «تۈركىيات مەجمۇئەسى»، 1972 ـ يىللىق توپلام.
9. ئانسىموف: «شەرق ئەللىرى سەنئەت تارىخى».
10. رەھمانوف: «ئۆزبېك تىياتىر تارىخى»، 1 ـ كىتاب.
11. جۇدې: «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت تەتقىقاتى».
12. «جۇڭگو ئۇسسۇل تارىخى»، 1 ـ كىتاب.
13. شاڭدا: «چاڭئەن ۋە غەربىي دىيار مەدەنىيىتى».
14. پوگاچېنكوۋا، زېمېل: «ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئەت تارىخىدىن ئوچېرك».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتى تەسۋىرىي يادىكارلىقلىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى

## 1

ئۇلۇغۋار مەدەنىيەت خەزىنىسى — ئىنسانىيەت ياراتقان پۈتكۈل ماددىي ۋە مەنىۋى نەتىجىلەردىن تەسىرلەنگەن. دىن ئۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئەلۋەتتە.

— خىيال دەپتىرىمدىن

ئۇسسۇل سەنئىتى — ئىنسان روھىيىتىنىڭ بەدەننى تامغا قىلغان قايناق ئۇچۇرى. ئۇ ئىنساننىڭ ئۆزىنى تاشقى دۇنياغا ئىپادىلەش ئىقتىدارى بىلەن تەڭ يارالغان. ئىنسان روھىيىتى ئەپسانە ۋە دىنىي تەسەۋۋۇرلار بىلەن كۈندىلىك تەبىئەت ھەم تۇرمۇش رېئاللىقى قوچىقىدا ئۆسكەن زامانلاردا ئۇنىڭ روھىيىتى دىنىي تۈستىن خالىي بولالمىغانىدى. بۇ ھالەت ئىنساننىڭ پوتېنسىئال ئىقتىدىكى مۆرەككەپ، ئەمما تولىمۇ رېئال تەركىبلەر بىلەن بىللە تولىمۇ ئۇزاق ياشىدى ۋە ياشىغۇسى.

دىن رېئاللىقىنىڭ — تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە بىلىش رېئاللىقىنىڭ غەلىتە مۆرەككەپلەشكەن ئىنكاسى ۋە ئىنسان سۇبيېكتىنىڭ ماسلاشقان، يالقۇنلۇق ئىپادىسى بولۇپ كەلدى. تارىخ بۈگۈنكى كۈندە ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئامېرىكا بىلەن

ياپونىيىنىڭ ئەڭ چوڭ دىنىي ئېتىقاد دۆلىتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرماقتا.

دىنىي بىر خىل مەدەنىيەت شەكلى دېمەسلىك نادانلىقتۇر. دىن — ئەزەلدىن مۇئەييەن ئىلاھىي ئېتىقادنى ئۆزەك قىلغان مەدەنىي تۈزۈلمىسى ۋە مەدەنىيەت هادىسىسى شەكلىدە كىشىلىك تۇرمۇشقا چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقى روشەن.

ئىسلامىيەت بىر خىل دىن، ئوخشاشلا بىر خىل مەدەنىيەت هادىسىسى بولۇپ كەلدى. ئۇ هەرقايسى دۇنياۋى دىنلارغا ئوخشاشلا يالغۇز ئىبادەتخانىلار بىلەنلا چەكلەنگىنى يوق. ئۇ پەلسەپە، ئەخلاق، هوقۇق، سەنئەتنىڭ هەممە تەرەپلىرىگە تەسىر كۆرسەتتى. ئىسلامىيەت ئۆزى پائالىيەتكە كىرىشكەن كەڭ زېمىندا ئىسلام قائىدىلىرى ۋە ئەرەب مىللىي ئادەتلىرىنى هەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ يەرلىك تۇرمۇشىغا ئەكىرىشكە ئۇرۇندى. گەرچە بۇ جەھەتتە دەسلەپكى ۋاقىتلار بىرقەدەر روشەن زىددىيەت ۋە كۈرەشلەر يۈز بەرگەن بولسىمۇ، زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىسلامىيەت ۋە يەرلىك مەدەنىيەت ئارىسىدا مۇئەييەن ئۆزئارا ماسلاشقان مۇۋازىنەت شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ يەنىلا يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ ئىسلام تۈسىگە كىرىشىدىن ئىبارەت تارىخىي ئالامەتلەر بىلەن گەۋدىلەندى.

ئىسلامىيەت غەربىي دىيار مەدەنىيىتىگە يېڭى تارىخىي تۈس كىرگۈزدى. ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن غەربىي دىيار ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى تەدرىجىي يوسۇندا غەربىي دىيارغا خاس ئىسلام يېپىنچىسىدىكى ئېتنولوگىيىلىك مەدەنىيەت شەكلىدە ئۆزىنىڭ يېڭى تارىخىي قاتلىمىنى هاسىل قىلدى.

غەربىي دىيار مەدەنىيىتى ئەزەلدىن هەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە بىر خىل تەرەققىياتقا دۇچ كەلگەن ئەمەس. ئىسلامىيەت غەربىي دىياردىمۇ خۇددى ئۆز تەسىرىدىكى باشقا رايونلاردىكىدەك، نىسپىي مەندە بەزى سەنئەت تۈر ۋە ژانىرلىرىنى چەتكە قاقتى. بىناكارلىق ئىسلام سىمۋولىزمىدا

www.uyghurkitap.com

راۋاجلاندۇرۇلغان بولسا، ئىنسان قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن ھەيكەلتىراشلىق چەتكە قېقىلدى. مۇزىكا سەنئىتى بىر تەرەپتىن ھامىيلىق قىلىنىش، بىر تەرەپتىن تەقىپ قىلىنىش سادالىرى ئارىسىدا راۋاجلاندى①. ئىسلام دۇنياسىدا مۇزىكىنى گۇناھ دەپ بىلىپ، تەقىب قىلغۇچىلاردىن تاشقىرى مۇزىكىنى ئىنسان روھىنىڭ ئوزۇقى دەپ، ئۇنىڭغا ھامىيلىق قىلىش توغرىسىدا بىر قاتار رىۋايەتلەر، ھېكايەتلەر ۋە رىسالىلەر مەيدانغا كەلگەن. شەيخ سەئدى، كەۋكەبى، جۇنەيد باغدادى، ئابدۇللا ئەخرار يۈسۈپ ھەمەدانى، فارابىي ۋە ئىبنى سىنالار مۇزىكىنى قەلبنى پاكلىغۇچى، ئۇلۇغ (شەرىف) ئىلىم، ئىلاھىي سىرلارنىڭ بىر تارمىقى دەپ قاراشقان. يەنە بىر رىۋايەتتە، بۈۋى ئائىشە ئىككى ئايالنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغاندا، بۈۋى ئائىشەنىڭ دادىسى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرىپ ئۇلارنى گۇناھ ئىش قىلدىڭلار، دەپ رەنجىگەندە، مۇھەممەد پەيغەمبەر كىرىپ قېلىپ، بۈگۈن بىزنىڭ بايرىمىمىز، ئۇلارغا ئازار قىلماڭ، دېگەنلىكى سۆزلەنگەن. ئىسلام شەرقىدىكى مەشھۇر شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ مۇزىكا ۋە مۇزىكانت توغرىسىدا كۆپلىگەن ئەجايىپ بېيىتلار يېزىلغان.

ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئىسلامىيەت شارائىتىدىكى ئەھۋالى مۇرەككەپرەك تارىخىي قىسمەتكە دۇچ كەلدى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇ ئىلگىرىكىدەك ئەنئەنىۋى «ئەينەن شەكىل» دە، «ئەينەن نام» دا، «ئەينەن كۆرۈنۈش» تە ئەركىن ــ ئازادە ۋە ئوچۇق ــ ئاشكارا راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىنسىمۇ، ئەمما ئوخشىمىغان مىللەتلەر، رايونلار ۋە تەبىقىلەر ئارىسىدا بۇ ئەھۋال بىردەك بولمىدى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، غەربىي دىيارلىقلار «خۇدا بىلەن روسۇل، دۇتار بىلەن ئۇسسۇل»دىن ئىبارەت ھەر ئىككى

① رەجەپوف: «مۇقاملار مەسلىسىگە دائىر»، ئۆزبېكچە نەشرى، 99 ــ ، 102 ــ بەتلەردە بۇ جەھەتتىكى تېپىك قاراشلارنى، ھامىيلىق ۋە ئەيىبلەشلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن.

جەھەتنى بىرلەشتۈرۈپ ئىش ئېلىپ بېرىشتى. شۇنداق بولۇشقا قارىماي، غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۆز ئالدىغا خاس بىر تارىخىي ۋارىيانت ۋە بىر تارىخىي قاتلام ھاسىل قىلغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

ئىسلامىيەت ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە پەيدا بولۇشتىن تاكى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي قانىتىدىكى تۇرپان، قۇمۇللاردا يىلتىز تارتقۇچە يەتتە ئەسىر ۋاقىت ئۆتتى. بۇ ئىسلامىيەت بالدۇر تارقالغان ۋە كېيىن ھەتتا تېخىمۇ كېيىن تارقالغان رايونلار ئارىسىدىكى پەرقنى، ئىسلامىيەت بىۋاستە ئەرەب قوشۇنلىرى ئارقىلىق تارقالغانلىق ئارىسىدىكى پەرقنى، ئىسلام خەلىپىلىكىگە يېقىن ياكى يىراق مۇساپە ئارىسىدىكى پەرقنى، يەرلىك خەلقنىڭ ئېتنىك تۇرمۇشىدا ناخشا ـ ئۇسسۇلنىڭ، ناخشا ئۇسسۇللۇق مەشرەپ ـ مېلىسلارنىڭ تۇتقان ئورنى جەھەتتىكى پەرقنى روشەن گەۋدىلەندۈرگەن يەتتە ئەسىر بولدى. بۇ ئىسلامىيەتنىڭ پۈتۈن مەركىزىي ئاسىيادا توغرىدىن ـ توغرا ئەرەب ئېتنىك شەكلىدە تارقالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بېيىكتىنى ئەينەن، كونكرېت ئىزاھلاش تەتقىقاتىنىڭ ھەقىقىي ھۇزۇر ـ ھالاۋىتى، ئەلۋەتتە.

## 2

«مۇھەببەتسىز سەنئەتنى، سەنەملەرسىز مەشرەپنى، مەشرەپسىز ئەنئەنىۋى فولكلور ـ مۇقاملارنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.»

— خىيال دەپتىرىمدىن

ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ ماۋرائۇننەھرنى ئىستېلا قىلىشىدىن بۇخارادا سامانىيلار خانلىقىنىڭ (870 — 999) مەيدانغا كېلىشىگىچە يەرلىك سوغدى ـ توقۇز جاۋۇپ مۇزىكا ـ ئۇسسۇللىرى ئەرەب ئىستېلاچىلىرىنىڭ قىرغىنچىلىق

ئۆرۈشلىرى ۋە دىنىي ئەسەبىيلىكلىرى ئىچىدە قالدى. بۇددىزم ۋە مانىزم، زەردۇشت مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرى ۋەيران قىلىندى. تەبەرىنىڭ ئۇچۇر قىلىشىچە، قۇتەيبە سەمەرقەند شەھىرىنى ئالغاندا، مېتال ھەيكەللەرنى توپلاپ ئېرىتىش بۇيرۇقى بەرگەن. پەرغانىدىكى ئەرەب نائىبى قىممەت باھا بۇيۇمدا ياسالغان ھەيكەللەرنى ئەكەتكەن①. بۇلار ئارىسىدا ئۇسسۇل ـ مۇزىكىغا ئائىت تارىخىي يادىكارلىقلار بولغان. كۆپلەپ سۇغدىلار شەرقىي پامىر ئېتەكلىرىگە، قارلۇق ـ ياغما ـ تۈركەش رايونلىرىغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان.

ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇستەقىل سامانىيلار خانلىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ماۋرائۇننەھر يەرلىك مۇسۇلمان ھاكىمىيىتى ۋە بىرقەدەر تىنچ ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئىككى تارىخىي ئالامەتنى گەۋدىلەندۈردى.

ئەنئەنىۋى مۇزىكا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىدە ئىككى روشەن تارىخىي ھادىسە يۈز بەردى.

ئۇنىڭ بىرى، مۇزىكا بىرقەدەر ئىجابىي ھامىيلىق تەشەببۇسلىرى ۋە پائالىيەتلىرى بىلەن ئەينى زامان دىداكتىك قاراشلىرىنى تەرغىب قىلغۇچى ۋاستىگە ئايلاندى. ئەينى زامانغا ياندىش مۇئەللىپلەر ئۆز ئەسەرلىرىدە مۇزىكا (مۇسقى) ۋە سازەندىلەر (مۇغەننى)، ناخشىچىلار (ھاپىز) توغرىسىدا كۆپلىگەن ئىجابىي پىكىرلەرنى ئاشكارا بايان قىلىشتى. ئەل خارەزمى، فارابىي، ئىبنى سىنا، كەيكاۋۇس قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى بۇنىڭغا ئۆلگە قىلىش مۇمكىن.

ئۇنىڭ يەنە بىرى، ئۇسسۇل سەنئىتىدە ئىككىگە بۆلۈنۈش ھادىسىسى كۈچلۈك ئىپادىلەندى. ئوردا ھەرەملىرىدە كېنىزەكلەر نىقابىدا ماھىر ئۇسسۇلچىلار (رەققاس) ساقلاندى. لىرىك ئۇسسۇللۇق مۇزىكىلار لەرزان ئۇسسۇللار بىلەن ئۆزىنىڭ

---

① «تارىخى تەبەرى» 1694 ـ يىلى تاشكەنت قولىيازما نۇسخىسى، 2 ـ جىلد، 262 ـ، 263 ـ بەت.

ئوردا ـ ھەرەم ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇشتى. خەلق ئارىسىدا، بولۇپمۇ يىراق دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئايەم ـ سەيلە مۇراسىم ئۇسسۇللىرى ئانچە ـ مۇنچە داۋام قىلدى.

بۇ دەۋردىكى ئۇسسۇل سەنئىتى ئۆزىگە خاس تارىخىي خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئەنئەنىۋى ئۇسسۇل سەنئىتىدىن پەرقلەندى. ئومۇمەن ئەرلەر ئۇسسۇللىرىنىڭ كۆپلەپ ئوچۇق سورۇنلاردا ئوينىلىدىغانلىقى، ئۇسسۇللارنىڭ قىزىقچىلىق ـ دراماتىك تۈس ئېلىشى ھەم ھايۋان قىياپىتىدىكى ئۇسسۇللارنىڭ كۆپىيىپ قېلىشى؛ يازما مەنبەلەردە مۇزىكا ۋە ناخشا سەنئىتىنىڭ تىلغا ئېلىنماسلىقى؛ ئوردا ھەرەم ۋە ئەل ئىچىدىكى ئۇسسۇللارنىڭ ئۆزئارا يىراقلاپ كەتكەنلىكى بۇ دەۋردىكى ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى.

روشەنكى، مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى ئۇچۇن ئەر ـ ئاياللار ئۇسسۇلى ئەنئەنىۋى فولكلور مەدەنىيىتى ئىدى. ئەنئەنە سامانىيلار دەۋرىدە ئوچۇق ـ ئاشكارا سورۇنلاردىن قالدى. بۇ ئەر ـ ئاياللار ئۇسسۇلىدىن ئىبارەت تىپىك سەنئەت ئەنئەنىسىنىڭ پۈتۈنلەي يوقالغىنى ئەمەس ئىدى. ئۇ يىراق قىشلاقلاردا ساقلاندى. مەمەجان رەھمانوفنىڭ كۆرسىتىشىچە، سۇرخان دەرياسى ۋادىسىدىكى توخارلار جايلاشقان دېناۋ رايونىدىكى «كىچىك بەھشىۋار»، «كاتتا بەھشىۋار» دېگەن يېزىلاردا ئەر ـ ئاياللار ئۇسسۇل ئوينايدىغان، قىزىقچىلىق قىلىدىغان ئادەت ساقلانغان. 1900 ـ يىلى «جەنۇبىي كاسپىي ئوبرازى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان. س. د. ماسلوۋىسكىينىڭ «مەسخىرىۋازلار يېزىسى» دېگەن ماقالىسىدە سەمەرقەند يېنىدىكى «دەرخ» دېگەن تاغلىق يېزىدا ئەر ـ ئاياللار ئۇسسۇللىرى ۋە قىزىقچىلىق پائالىيىتى بولىدىغانلىقىنى يازغان①. «ساما»

---

① مەمەجان رەھمانوف: «ئۆزبېك تىياتىرى» 1 ـ كىتاب، 1975 ـ يىلى تاشكەنت نەشرى، 189 ــــ 190 ـ بەتتىن ئېلىندى.

نامىدا، بولۇپمۇ ئاياللار ئۆتكۈزىدىغان «ھېكمەت ساما» نامىدا ئۇسسۇللار ساقلاندى. ۋەھالەنكى، شىنجاڭدا بۇ زامانلاردا يېزىلاردا ئەر ـ ئاياللار قاتناشقان مەشرەپلەر كەڭ ساقلانغانىدى.
ئېيتىش كېرەككى، ئۇسسۇل سەنئىتى ئىجرا قىلىدىغان ئوچۇق سورۇنلاردىن ئەر ـ ئاياللار بىللە ئوينايدىغان سەنەم تىپىدىكى ئۇسسۇللارنىڭ چەتكە قېقىلىشى ئاياللار ئۇسسۇلىنىڭ چەتكە قېقىلىشى، يالغۇز ئاياللىقنىڭ ئىجتىمائىي پاجىئەسى ئەمەس، بەلكى گۈزەللىكنىڭ، نەفاسەتنىڭ، ئۇسسۇللۇق سەنئىتىنىڭ ئىجتىمائىي پاجىئەسى ئىدى.
تارىخ، بۇ پاجىئەنىڭ ۋاقىتلىق ھادىسە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

## 3

«يىپەك يولى ــ ئۇلۇغ بىر مۇزىكا ئەسۋابى، ئۇ ئۇسسۇلسىز كۈيلىمەيدۇ.»

ــ خىيال دەپتىرىمدىن

قاراخانىيلار (840 ــ 1219) سۇلالىسىنىڭ ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىشى بىلەن ئۇنىڭ سامانىيلار خانلىقىنى مۇنقەرز قىلىشى نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركىي ـ ئىسلام مەدەنىيىتى يېڭى ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلدى. غەزنەۋىيلەر (962 ــ 1187)، سالجۇقىيلار (1040 ــ 1157)، مىسىر تولۇنخان (868 ــ 905) ۋە ئىخشىدىيە (935 ــ 969) قاتارلىق تۈركىي سۇلتانلىقلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بۇ تارىخىي دەۋرنىڭ مۇھىم ئالامىتى بولۇپ قالغانىدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى (850 ــ 1335)، گەنجۇ سېرىق ئۇيغۇر خانلىقى (860 ــ 1035) تۈركىي ـ بۇددىزم مەدەنىيىتىنى تاكى بۇ خانلىقلارنىڭ ھالاكىتى ياكى تۈركىي ـ ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئۆتكىنىگىچە

ئىزچىللاشتۇردى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتى سامانىيلار دەۋرىدە شەكىللەنگەن دىنىي ئادەتكە ئېتىبار بېرىشتىن تاشقىرى، ئەل ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللارنىڭ بىرقەدەر كەڭرەك قانات يېيىشىغا يول قويىدى. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى:

بىرىنچىدىن، قاراخانىيلار دەۋرىگە كەلگەندە ئىسلامىيەت ئەرەب ئىستېلاسى زامانىدىكى زەربىدارلىقتىن قالغانىدى.

ئىككىنچىدىن، قاراخانىيلارنىڭ ماۋرائۇننەھردىكى غەلىبىلىك يۈرۈشلىرى دىنىي خاراكتېرنى ئەمەس، بەلكى مىللىي خاراكتېرنى روشەن گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك - سوغدىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئىستېلا قىلغان ئەرەب خەلىپىلىكى ۋە ئۇنىڭ ۋاسسالى — سامانىيلار ئۈستىدىكى غەلىبىسى شەكلىدە تارىخ بېتىدە نامايەندە قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى بۇ غەلىبىنى تېز قوبۇل قىلدى. يەرلىك خەلق مەلۇم مەنىدە ئەينى زامانىدىكى غەزنەۋىي، خارەزىمدىكىدەك يەرلىك مۇستەقىل ھاكىمىيەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى شەكلىدە بۇ ۋەقەنى ئەركىنلىك سىمۋولىدا تەنتەنە قىلىشتى.

ئۈچىنچىدىن، قاراخانىيلار دەۋرىدە ئەرەب - باغداد خەلىپىلىكى ئاجىزلاشقان، تۈركىي قوۋملار ھەربىي - ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئۆتكەنىدى.

تۆتىنچىدىن، ئەڭ مۇھىمى، يايلاق ۋە بوستان مەدەنىيىتى ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان ئۇيغۇر - ياغما - قارلۇق قاتارلىق قەبىلىلەر خەلقلىرى مۇزىكا - ئۇسسۇلنى ۋە ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ئەزىزلەيتتى. «تۈرك خانلىرى سەنئەتخۇمار ئىدى»①. قاراخانىيلارلا ئەمەس، ھەتتا مەھمۇد غەزنەۋىيمۇ (998 — 1030) سەنئەتخۇمار ئىدى. گەردىزىنىڭ

---

① مەمەجان رەھمانوف: «ئۆزبېك تىياترى» 1975 - يىلى نەشرى، 201 - بەت.

يېزىشچە، ئۇ 1025 ـ يىلى تېرمىزدا ئىشرەت ئاچىدىغان قەسىر ياساتقان. بۇ قەسىرنىڭ خارابىلىرىنى پوگاچېنكوۋا بىلەن رېمپىل قېزىپ ئېنىقلىدى①. تارىخىي رىۋايەتلەردە، يۈسۈپ قېدىرخان مەشھۇر سەركەردە بولۇپلا قالماي، يەنە تونۇلغان مۇزىكشۇناس بولغان. ماۋرائۇننەھردە قاراخانىيلار ئىلىك ـ تاۋغاچ خانلىرى بىلەن دىنىي مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن زىددىيەتلەر ئەخلاق ـ سەنئەت قىممەت قارىشىنى بىر مەزمۇن قىلغان.

مەھمۇد غەزنەۋىي فىردەۋسىنىڭ ئۇنىڭ نامىغا ئاتاپ ھەجۋىيە يازغانلىقى بىلەن، ئىبنى سىنا ۋە بىرۇنىنى ئۆز ئوردىسىغا چاقىرتقانلىقى بىلەن قاتتىق قول ـــ زالىملىقتا ئەيىبلەنمەكتە. مېنىڭچە، مەھمۇد غەزنەۋىي، بىرىنچىدىن، قابىلىيەتلىكلەرنى، جۈملىدىن فىردەۋسىنى ھۆرمەتلىدى، مۇھىم بىلدى؛ ئىككىنچىدىن، فىردەۋسىنىڭ ئىرانىيلارنى كۆتۈرۈپ، تۇرانىيلارنى خۇنۇكلەشتۈرگەنلىكىگە غەزەپلەندى. ئەڭ ئاخىرىدا، يەنىلا فىردەۋسىگە مۇكاپات يوللىدى.

قاراخانىيلار ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر ـ تۈركىي مەدەنىيەت بويىچە ئاياللارنى تولىمۇ مۆتىۋەر بىلەتتى. قاراخانىيلاردىن خارەزىم تۈركلىرىگە ياتلىق قىلىنغان تۈركان خاتۇنلار مۇزىكا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ھامىيلىرى بولۇپ مەيدانغا چىقىشتى. بىز بۇ ئەنئەنىنىڭ باتىسخان ئانا ـــ ئاسىنا مەلىكە ـــ تۈركان خاتۇن ـ ئامانىسساخاندا ئىزچىللاشقانلىقىنى كۆرىمىز.

قاراخانىيلار ۋە سامانىيلار زامانىسىغا مەنسۇپ ئالىملار دەل ئەبۇ نەسىر فارابىي، ئىبنى سىنا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرىيلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە مۇزىكا توغرىسىدا تارىخىي ئەھمىيەتلىك بايانلار مەيدانغا كەلدى. فارابىي سۆجۈپ قاتارلىق غەربىي دىيار مۇزىكا ئالىملىرىنىڭ نەغمە

---

① «ئۆزبېكىستان سەنئەت تارىخى» 1965 ـ يىلى نەشرى، 18 ـ بەت.

نەزەرىيىلىرىنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇپ، مۇقام تەلىماتىنىڭ ئۇلىنى راسلىدى. ئىبنى سىنا فارابىي مۇزىكا تەلىماتلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مۇزىكا ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا ئاھاڭ تۈركۈملىرىنى قېلىپلاشتۇرۇشقا مەنپەئەتلىك تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەرىي گەرچە مۇزىكا ھەققىدە مەخسۇس توختالمىسىمۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «ئەپسۇنچىلار» («قۇتادغۇ بىلىك» 4361 ـ بېيىتتا) دېگەن نامنى، مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئوكەمە»، «بۇرغا»، «سىبىزغۇ»، «تۈمۈرۈك»، «قورۇق»، «سۇرناي» قاتارلىق چالغۇلار نامىنى تىلغا ئالدى.

ئۇسسۇل ــ «بۇدىك» ئىبارىسى يازما ئەدەبىياتتا گابائىن خانىم 1958 ـ يىلى ئېلان قىلغان «تۇرپان تېكىستلىرى»، تەركىبىدىكى ئون ئىككى ۋاراقلىق «ئاتاۋاكا دېۋە» ناملىق لېنگىندىدا ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدا: «تەڭرىلەر ئىرىن ئويۇنىن ئىرلايۇ بۇديۇ» (تەڭرىلەر ناخشىلىق ئويۇندا ناخشا ئېيتىدۇ، ئۇسسۇل ئوينايدۇ) دېيىلگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ 6025 ـ بېيىتىدە:

«سەۋىنچ كۆرسەتۇشتە ئويۇن يا بۇدىك»
ساقىنچ قادغۇلارقا ئاچىلدى كەزىك»
(سۆيۈنچ كۆرسە چۈشتە ئويۇن يا ئۇسسۇل،
ئېچىلغاي ئەلەم ۋە قايغۇ ئۇچۇن يول.)

دەپ يازغان.

مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 1 ـ توم 537 ـ بېتىدە «بۇدىك» ئىبارىسىنى تىلغا ئالغان. «دىۋان»دا يەنە «سوغدىچ» (1 ـ توم) نامىدىكى قىشلىق مەشرەپ، «سۇرچەك» (1 ـ توم)، «شەنبۇي» (3 ـ توم) نامىدىكى كېچىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەزمىلەرنىڭ نامىلىرى كۆرسىتىلگەن.

ئەھمەد يۈكنەكى ئۆز كىتابىدا «رەقس» سۆزىنى مۇنداق تىلغا ئالغانىدى:

«ئارىف رەقس چىقارۇر ئۇرۇر خۇش سەما»
(دانىشمەن ئۇسسۇل[①] بىلەن خۇش ساما ئۇردى)

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئەنئەنىۋى خەلق ئۇسسۇللىرى — سەنەم، مەشرەپ، شادىيان، مۇراسىم ئۇسسۇللىرى، سىمۋوللۇق (نەرسە تۇتقان ياكى ھايۋان قىياپىتىگە كىرگەن) ئۇسسۇللار ئىسلام مۇھىتىغا ماسلاشقان ھالدا يەنىلا داۋاملاشتى.

مەرسىيە، توي مۇراسىملىرىمۇ ئۇسسۇل بىلەن ئالاقىدار بولغان. مىلادىيە 1317 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن «جەمئۇل تاۋارىخ» ناملىق كىتابنىڭ 195 ـ بېتىگە 992 ـ يىلى ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن تۇتۇلغان ماتەم كۆرۈنۈشى ئىپادىلەنگەن بىر پارچە قىستۇرما رەسىم بېرىلگەن. رەسىمدە ئالدى ـ ئارقىسىغا ئات قوشۇلغان تەختىراۋاندا جەسەتنىڭ يۆتكەپ كېتىلىۋاتقانلىقى، تەختىراۋاننى قوغداپ كېتىۋاتقان مۇھاپىزەتچى قوراللىق خادىملار، كۆكسىلىكىنى يىرتىپ، چېچىنى چۇۋۇپ، قويۇندەك پىرقىراپ نالە قىلىۋاتقان كىشىنىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن.

تېمۇرىلەر دەۋرىدە سىزىلغان بۇ قىستۇرما رەسىمدە، بۇخارانى ئىشغال قىلغان ۋە كېسەل سەۋەبىدىن قەشقەرگە قايتىش سەپىرىدە — ئاتبېشى دېگەن جايدا قازا قىلغان ھارۇن بۇغراخان جەسىتىنىڭ قەشقەر يولىدىكى ئاھالە تەرىپىدىن ماتەم ـ مەرسىيە بىلەن ئۇزىتىلىۋاتقانلىقى ئىپادىلەنگەن. بۇ كۆرۈنۈش

---

① ئەرەبچە «ئۇسسۇل» — ئۇسلۇب، ئېقىم، تەدبىر ئاتالمىسىنىڭ قاچان ۋە قانداق مەنىدە ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ خاس ئىبارىسى بولۇپ قالغانلىقى نامەلۇم. ھازىر بەزى ماقالىلەردە «ئۇسسۇل» دەپ يېزىلىشى پۈتۈنلەي ئاساسسىز سۈنئىيلىكتۇر.

بىزگە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئالىپ ئەر تۇڭا خان مەرسىيە قوشاقلىرىنى، پەنجىكەنت تام رەسىملىرىگە سىزىلغان «مۇغ (دەپنە)» مۇراسىمى رەسىمىنى، توققالا (ئامۇ دەرياسىنىڭ ئارال دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان جايىدىكى قەدىمكى شەھەر) تام رەسىملىرىدىكى جەسەت كۆمۈش مۇراسىمى ئىپادىلەنگەن رەسىمنى ئەسلىتىدۇ. بۇ رەسىملەردە چاچ يېيىپ، كىيىم يىرتىپ نالە ـ پەرياد قىلىنغان مۇراسىم كۆرۈنۈشى بېرىلگەن.

ئەلىشىر نەۋائىي غەزەللىرىدە مۇنداق مۇغ كۈيى ھەققىدە بىر قاتار بېيىتلار ساقلانغان. مەسىلەن:

«ئەي نەۋائىي، زۆھدىدىن يۈز قەتل ئارتۇق دەربەدەر،
بىر سەفال ئىلكىمدە مۇغ كويىدا قىلسام زارلىغ.»

بىزدە خەلق ئىچىدە ھازىرغىچە ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق مۇزىكا شەكلىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «ھارۇن بۇغراخان» قوشاقلىرى 992 ـ يىلقى مەرسىيە پائالىيىتىنىڭ يادىكارلىقى بولسا كېرەك.

بۇنداق «مۇغ» ئۇسسۇلى ئەنئەنىۋى شامان ئۇسسۇللىرىنى ئاساس قىلغان. شامان ـ پېرىخونلارمۇ «مۇغ» نامىدا ئاتالغان. «ئالتۇن يارۇغ» دا: «ئانتىن ئوڭى يولچى يورىتدى ئول مۇغۇچلارىغ» (ئاندىن ئۇ پېرىخونلار ئۆز يوللىرىغا مېڭىشتى) دېگەن جۈملە بار. لېكوك ئېلان قىلغان «تۈركچە ـ مانىيچە تېكىستلەر»دە: «ئارىغ تۇرۇغ مۇغۇچ نومى» (مۇقەددەس پېرىخونلۇق دەستۇرى) دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ. خەلقتە «مۇغ سۆيى» (جەسەت يۇيۇش) دېگەن سۆز بار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، مۇغ ئىبارىسى «مۇغەننى» (سازەندە) مەنىلىرىگىمۇ ئىگە.

998 ـ يىلى يەكەن، يېڭىسار، يوپۇرغا ناھىيىلىرى ئارىسىدىكى سەلقۇم دېگەن جايدا خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن بولغان جەڭدە ئەلى ئارسلانخان قازا تاپقاندىن كېيىن ھەر يىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ يەردە ماتەم شەكلىدىن ئۆزگەرگەن «ئوردىخان پادىشاھىم سەيلىسى» ئېلىپ بېرىلىپ تۇردى. بۇ چوڭ باخشى (بېدۇك باخشى) داپلىرى ۋە ئېگىز تۇغ ـ ئەلەملىك سەيلە تۇركۇمى ئېلىپ بارىدىغان ئۇسسۇللۇق پائالىيەت بولۇپ، يىغىنغىچە ئىزچىللىشىپ كەلگەن.

قاراخانىيلار دەۋرىدە مۇقام شەكلىدىكى ئۇسسۇللار ئوينالغانلىقى مەلۇم. ئا. ئاسىموف «ئۆزبېكىستان ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1938 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلغان «ئۆزبېك كلاسسىك مۇزىكىسىنىڭ تارىخى» ناملىق ماقالىسىدە، 10 ـ، 12 ـ ئەسىرلەردە پەرغانە، بۇخارا، بەلخ قاتارلىق شەھەرلەردە مۇقاملارنىڭ ئوينالغانلىقىنى تىلغا ئالغان. بۇ قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئاساستا تېخىمۇ راۋاجلانغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ غەربىي ئاسىياغا تارقىلىشىدا قاراخانىيلار دەۋرى ئاساسلىق بىر باسقۇچ بولدى.

قاراخانىيلار بىلەن زامانداش ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇسسۇل سەنئىتى توغرىسىدا «ئىسلامىيەتكىچە غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتى تەسۋىرىي يادىكارلىقىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرى» ناملىق ماقالىمىزدە توختالغاچقا، بۇ يەردە تەكرارلىمايمىز. تەكىتلەش ھاجەتكى، ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى، مۇقام ـ مەشرەپ ـ سەنەملىرى ئەينى زاماندا بىر پۈتۈن مىللىي تۈستە ئىزچىللىشىپ كەلدى. ئۇ ھازىرقى قۇمۇل ـ تۇرپان مۇقاملىرىدەك كۆچلۈك ئەنئەنىۋى مىللىيلىككە ئىگە ئىدى. شۇنداق قىلىپ، قەشقەر، پەرغانە، خوتەن، كۇسەن، ئىدىقۇت، قۇمۇل ئۇسسۇللىرى، ئۇسسۇللۇق مۇزىكا مېلودىيىلىرى، نەۋرۇز (سۇمۇلە ـ كۆك) مەشرەپلىرى ئىزچىل بىر سىستېمىدا داۋاملاشقان.

# 4

«چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئىككى خىل تەسىر قىلدى. ئۇ: بۇزۇش ۋە ئالەمگە يېيىتىشتىن ئىبارەت.»
—— خىيال دەپتىرىمدىن

چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن (1219) تاكى تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىنىڭ شەكىللىنىشىگىچە (1370) غەربىي دىيار تارىخى مۇرەككەپ مەدەنىيەت سەرگۈزەشتىلىرىنى باشتىن كەچۈردى. بۇ ئارىدا ئۆتكەن بىر يېرىم ئەسىرلىك ۋاقىت: چىڭگىزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى ۋە ھەربىي ھاكىمىيىتى؛ چاغاتاي موڭغۇللىرىنىڭ مۇسۇلمانلىشىشى؛ چاغاتاي موڭغۇللىرىنىڭ تۈركلىشىشى؛ تۇغلۇق تۆمۈرخان (1320 —— 1365) موڭغۇللىرىنىڭ مۇسۇلمانلىشىشى؛ ئاقسۇ - كۇچا - تۇرپان - قۇمۇل ئۇيغۇر بۇددىستلىرىنىڭ تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن ئىسلامغا كىرگۈزۈلۈشى؛ تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەۋلادلىرىنىڭ ئۇيغۇرلىشىشى؛ موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا شەرقنى ئىگىلىشى ۋە يەرلىك مۇسۇلمان ئاھالىگە ئۆزلىشىپ كېتىشى؛ ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىياغا كەڭ تارقىلىشى، «ئۇيغۇرىزم ھادىسىسى» (مالىرىنوۋىسكىينىڭ سۆزى) نىڭ يۈز بېرىشى بىلەن خاراكتېرلەنگەن.

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، چىڭگىزخاننىڭ ماۋرائۇننەھر، خوراسان، ئىرانغا قىلغان يۈرۈشلىرىگە قاراخانىيلار دەۋرىدە مۇسۇلمان بولغان ئۇيغۇرلار ئەۋلادلىرى بىلەن ئىدىقۇت بۇددا ۋە مانى دىنىدىكى ئۇيغۇر چەۋەندازلىرىنىڭ سالماقلىق بىر قىسمى قاتناشتى. ئۇلار تەركىبىدە ئۇيغۇر باخشى - زىيالىي - ئەللامىلىرى خېلىلا نۇرغۇن ئىدى. ئۇلارنىڭ

ئەۋلادلىرىدىن مۇھەممەد خارەزمى، يۇسۇپ سەككاكى، شەيخزادە ئاتائى، مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفى، ئەلشىر نەۋائىي، زوھۇرىددىن مۇھەممەد بابۇر قاتارلىق تارىخىي شەخسلەر مەيدانغا چىقتى.

چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى غەربىي دىيار تارىخىغا ئائىت مەنبەلەردە شېئىرىيەت، خەتتاتلىق، مەرگەنلىك، چاۋغان ئويۇنى قاتارلىق مەدەنىيەت تۈرلىرى بىرقەدەر خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، مۇزىكا، بولۇپمۇ ئۇسسۇل سەنئىتى ھەققىدە تولىمۇ كەم سۆزلەنگەن.

يىللۇچۇساي، جۇۋەينى، رۇبرۇك، ماركوپولو، ئىبنى بەتۇتە ئەسەرلىرىدىمۇ بۇ جەھەتتىكى ئۇچۇر ناھايىتى ئاز. بۇ ئەينى زاماندا غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ داۋاملاشمىغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

يىللۇچۇساي (1190 ــ 1244) چىڭگىزخان يېنىدا سەمەرقەند (1222 ـ يىلى) قاتارلىق جايلاردا بولغان. ئۇ پەقەت:

«تاغنى ماۋرائۇننەھرنى بېزەپتۇ گۈللەر تولدۇرۇپ،
سەيلە قىلدىم نەۋباھارنى ئات ئېگەردە ئولتۇرۇپ.
كۈزگى قوغۇنلار بۇياقتا ئۆتىدۇ قىش پەسلىدىن،
مېۋىلەر بىر خىل تۇرار تا يازغىچە خۇشبۇي ئۇرۇپ.»
«كىم بىلۇر غەربىي دىيار زىبالىقىنى مۇنچىلىك،
سېخىيلىق قىپتۇ قۇياش، ئاشقىمىكىن ياش شۇنچىلىك.»

دېگەندەك شېئىرىي ئىبارىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

جۇۋەينى «تارىخىي جاھانكۇشاي» دا مۇھىمى جەڭ يىلنامىلىرىنى، تەدبىر ۋە ھىيلىلەرنى بايان قىلدى. خرىستىئان شەيخلىرىدىن فرانسىيىلىك روبرۇك ۋە ۋېنېتسىيىلىك ماركوپولو (1254 ــ 1324) 13 ــ 14 ـ ئەسىرلەردە ئۆزى ساياھەت قىلغان جايلارنىڭ، مۇھىمى يۇەن ئوردىسىنىڭ پائالىيەتلىرىنى يېزىپ قالدۇرۇشتى. ماركوپولو ئۆز ساياھەتنامىسىدە قەشقەر، يەكەن،

خوتەن، چەرچەن، قۇمۇللارنىڭ گۈزەل مېۋىزارلىرى، قول ھۈنەر ماھارىتى، دىنىي ئېتىقادى ئۈستىدە توختالدى. ئۇ قۇمۇل توغرىسىدىكى سەھىپىلىرىدە، قۇمۇلدا چالغۇ قوراللار ياسىلىدىغانلىقى، خەتتاتلىق، كىتاب ئوقۇش، ناخشا ـ ئۇسسۇلغا بولغان ھېرىسلىق ئۈستىدە توختالغان. ئۇ گەنجۇ ـ شىلياڭ (ئېرگنول) دا بۇددىزمنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى، ھەتتا ئۈستىگە ئالتۇن يالىتىلغان بۇتلارنى كۆرگەنلىكىنى يازدى[1].

مولوگىلىق شەيخ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبنى بەتۇتە (1325 ـــ 1354) 14 ـ ئەسىردە خارەزىم، سەمەرقەند، بۇخارا بىلەن خۇراساندىكى تۆت شەھەر ـــ ھېرات، بەلخ، مەرۋى، نىشاپورنى ساياھەت قىلغان، 1346 ـ يىلى ھىندىستان سۇلتانىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ئېلىمىزگە كەلگەن. ئىبنى بەتۇتە ئاسترابانقا بېرىپ ئالتۇن ئوردا سۇلتانى مۇھەممەد ئۆزبېكخان بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇنىڭ ئۆزبېكخان ئوردىسىدىكى خاتۇن ۋە قىزلار (كېنىزەكلەر) توغرىسىدىكى تەسۋىرى بىرقەدەر ئومۇميلىققا ئىگە. ئىبنى بەتۇتەنىڭ يېزىشىچە، ھەربىر جۈمە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سۇلتان «ئالتۇن گۈمبەز» سارايىدا ئولتۇرىدۇ. گۈمبەزنىڭ تۈۋرۈكلىرى ساپ كۈمۈشتىن ياسالغان بولۇپ، تۈۋرۈك ئۈستىگە ياقۇت چېكىلگەن. سۇلتان تەختتە ئولتۇرغاندا ئوڭدا توغىل خاتۇن، كېپەك خاتۇن، سولدا بىيەرون خاتۇن، ئېردوست خاتۇن ئولتۇراتتى. خاتۇنلار كەلگەندە سۇلتان ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنى ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرغۇزاتتى. خاتۇنلار ـــ ئايال ۋەزىر ئورنىدا بولۇپ، بېشىدا ئېسىل تاشلاردىن نەقىشلەنگەن «بۆكتەگ» دېگەن كىچىك تاج ئۈستىگە توز پېيىدىن ئۇكە قادىلاتتى. ئۈستىگە رۇمچە «مونۇت» دېيىلىدىغان كىمخاب كىيىم كىيىشەتتى. قىزلار «كولان» دېگەن

---

[1] «ماركوپولو ساياھەتنامىسى»، 1981 ـ يىلى نەشرى 42 ـ، 43 ـ، 44 ـ، 45 ـ، 46 ـ، 51 ـ، 54 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

www.uyghurkitap.com

ئۇچلۇق بۆك كىيەتتى، بۇ بۆكنىڭ ئۇستىدىمۇ توز پېيى ئۇكىسى، ئەتراپىدا ئۇنچە ـ مەرۋايىت بېزەكلىرى بولاتتى. ئۇلارنىڭ مەيلىرىمۇ ئالتۇن يالىتىلغان كۆمۈش چىۋىقلار بىلەن ئالتۇن يالىتىلغان ياغاچ تاختىلاردىن ياسالغان. ھەربىر خاتۇن چۈشكەن مەپە ئەتراپىدا 10 ~ 15 نەپەر ھىندى ياكى رۇم يىگىتى ئالتۇن يالاتقان كۆمۈش ئۇمۇت بىلەن مۇھاپىزەت قىلاتتى، تۆت كېنىزەك قىز بىر مەپىدە ئولتۇراتتى.

ئىبنى بەتۇتە ھىندىستان دېھلى سۇلتانلىقىنىڭ «دۆلەتئابات» ناملىق ئەر ـ ئايال ناخشا ـ ئۇسسۇلچىلار بازىرى بولغانلىقىنى يازغان. ئۇنىڭ يېزىشىچە، بازاردا كۆپلىگەن دۇكانلار بولۇپ، قىز ئۇسسۇلچى، قىز ناخشىچىلار ئىلەڭگۈچتە ئولتۇراتتى ياكى ياتاتتى، دېدەكلەر ئۇلارنى تەۋرىتەتتى. بازار مەركىزىدە ياسىداق گۈمبەزسىمان بىنا بولۇپ، ھەربىر پەيشەنبە كۈنى ناخشا ـ ئۇسسۇلچىلار تاكى كۈن ئولتۇرغۇچە ناخشا ـ ئۇسسۇل ئىجرا قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر قاتار ئەركەك قۇللار مۇھاپىزەتكە مەسئۇل بولۇپ تۇرۇشاتتى[1].

ئىبنى بەتۇتەنىڭ بۇ بايانلىرى «دۆلەتئابات» (يەنە بىر ئىسمى تەلەپئابات) بازىرىنىڭ ئەينى زامان «يىپەك يولى» خەلقئارا سودىسىنىڭ بىر ھالقىسى ناخشا ـ ئۇسسۇل بازىرى ياكى بازار شەكلىدىكى ھەپتىلىك كونسېرت مەركىزىنى قىياس قىلدۇرىدۇ.

چىڭگىزخان زامانىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇسسۇللىرىغا ئائىت خۇراساندىن تېپىلغان قاچا ـ تاۋاقلارغا سىزىلغان ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەردە ئەينى زامان تۈركىي پاسونى روشەن گەۋدىلەندۇرۇلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئايال ئۇسسۇلچىلار، ئەر ـ ئايال ئۇسسۇلچىلار بىلەن ئەنئەنىۋى شىر ئۇسسۇلى ئويناۋاتقان

---

① «ئىبنى بەتۇتە ساياھەتنامىسى»، 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 270 ـ، 274 ـ، 474 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

بالىلار كۆرۈنۈشى ئەينى زامان شارائىتى ئۇچۇنمۇ ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە.

چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئات ئۇستىدە غەلىبە قىلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ زەپەر تۇغىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تاۋار ـ دۇردۇنلىرىدىن ياسىدى. بۇ مەدەنىيەت يېقىنقى زامانغىچە ئىران ئېگىزلىكى، ئىككى دەريا ئارىلىقى ۋە غەربىي ئاسىيا مەدەنىيەتلىرىدە جىلۋىلىنىپ تۇردى.

## 5

«ئەمىر تۆمۈر ئىستىلاچى سۈپىتىدە تارىخقا كىرىپ كەلدى. ئەمما، ئۇنىڭدىن قالغان مىراس ئىستىلا ئەمەس، بەلكى پارلاق مەدەنىيەت بولدى.»

— خىيال دەپتىرىمدىن

ئەمىر تۆمۈر ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشى (1370) دىن مۇھەممەد شايبانخان باشلىغان دەشتى قىپچاق ئۆزبېكلىرىنىڭ ماۋرائۇننەھر ۋە خۇراساننى ئىشغال قىلىشى (1519) غىچە ئۆتكەن بىر يېرىم ئەسىر غەربىي دىيار مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆزگە خاس بىر سەھىپە.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، تېمۇرىلەر دەۋرىدە ئىككىنچى قېتىملىق تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتى گۈللەنگەن مەنزىرە شەكىللەندى. بۇ دەۋردە ئەمىر تۆمۈر ئۆزى ئىشغال قىلغان بارلىق تېررىتورىيەلەردىن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئالىملار، بىناكارلار، شائىرلار، سەنئەتكارلار، ھۈنەر ـ ماھارەت ئۇستىلىرىنى ماۋرائۇننەھرگە توپلىغان، ھەتتا ئۇلارنىڭ قايتىپ (قېچىپ) كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئامۇ دەرياسىغا پوست ئورناتقانىدى.

تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى ئۇسسۇل سەنئىتى ھەققىدە تېمۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سارىيىدا تۇرغان كلاۋىخونىڭ «ئۇلۇغ تۆمۈرنىڭ هايات پائالىيىتى. تۆمۈر پايتەختى سەمەرقەندكە 1403 ـــ 1406 ـ يىللىقى ساياهەت» ناملىق كىتابىدىن، شەرەففىددىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» ناملىق داستانىدىن، تېمۇرىلەر دەۋرىدە ئۆرىددىن ئابدۇراهمان جامى، ئەلىشىر نەۋائىي ۋە باشقا شائىرلارنىڭ داستانلىرىغا سىزىلغان قىستۇرما رەسىملەردىن قىسمەن يازما ۋە تەسۋىرىي ئۇچۇر ئالالايمىز.

كلاۋىخونىڭ يېزىشىچە، ئەمىر تۆمۈرنىڭ سارىيى ئالدىدا ـــ فونتان بويىدا ئۇسسۇل ۋە قىزىقچىلىق ئويۇنلىرى بولاتتى. خەلق ئەدەبىياتىدا نەسىردىن ئەپەندىنى ئاقساق تېمۇرغا باغلاپ هېكايە قىلىنىشمۇ ئاساسسىز ئەمەس ئىدى.

كلاۋىخو بىلەن شەرەففىددىن ئەلى يەزدى 1404 ـ يىلى ئەمىر تۆمۈر هىندىستاندىن قايتىپ، سەمەرقەندنىڭ شىمالىدىكى كانىگول دېگەن جايدا چوڭ دۆلەت بەزمىسى ئۇيۇشتۇرغانلىقىنى يېزىشقان. ئۇنىڭدا: «يىپەك كىيىملەر ئۇستىدە ئولتۇرغان رەققاسلارنىڭ گۈزەل جابدۇنغانلىقىدىن هەتتا ۋېنېرا (زۆهرە) يۇلتۇزى خىجىل بولغان، گۈزەل ‹يەللەچى› ئاياللار سورۇنلىرى 104 جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان» دېيىلگەن. ئەلى يەزدى يەنە پىل، قوي، مولۇن، قاپلان، يالدار بۆرە، تىللا شاخلىق ئۆچكە قىياپىتىدىكى گىرىملىك ئۇسسۇللار ئوينىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

بېلىنىسكىي «14 ـ ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا بايراملىرى» ناملىق ماقالىسىدە[1] تۆگە قوشۇلغان تەختىراۋان ئۇستىدە ئىككى رەققاسنىڭ ئۇسسۇل ئوينىشى، ئۇنىڭ بىرىنىڭ قولىدا جىلدىرما داپ تۇتۇپ، قويۇندەك پىرقىراپ، دىلنى زىلزىلىگە سالغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

بارتولدنىڭ «ئۇلۇغبېك ۋە ئۇنىڭ زامانى» دېگەن كىتابىدا

---

① مەمەجان رەهمانوف: «ئۆزبېك تىياتىرى»، 1 ـ كىتاب، 220 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

بىر زامانلاردا، ھەتتا قەشقەر دىيارىنى ئۆز قولىغا ئالغان بۇ سۇلتاننىڭ (1394 ــ 1449) «باغى مەيدان» دېگەن جايغا «چىنىخانا» ناملىق گۈزەل قەسىر بىنا قىلدۇرۇپ، سەنئەتكە يول ئاچقانلىقى سۆزلەنگەن. بارتولد يەنە ئەينى يىللاردا ھىسامىددىن دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىدە ئەر ـ ئاياللار ئۇسسۇلى ئوينالغانلىقى ئۈچۈن سەئىد ئاشىق دېگەن زاھىتنىڭ دەرغەزەپ بولغانلىقىنى يازغان[1].

بۇ مۇھاكىمىلەر ئەينى زامان ئۇسسۇللىرىنىڭ ئومۇم ـ ئاشكارا مەيدانلاردا ئەرلەر ئۇسسۇلى ئىكەنلىكىنى، ئاياللار ئۇسسۇللىرىنىڭ خاتۇن ـ خانىشلار ھەرەملىرىدە ئوينىلىدىغانلىقىنى، ئەرلەر ئۇسسۇللىرىدىن ئاياللار ئۇسسۇللىرىغا ئۆتۈش ئارىسىدا باللار ئۇسسۇللىرى يولغا قويۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئايال ئۇسسۇلچىلار ئۇزۇن كۆڭلەك، كەڭ كەمزۇل كىيىپ، بېشىغا رومال ئارتىپ، پېشانىسىگە پېشانىدان (چېكىلىك) تاقاپ، «T» شەكلىنى ئاساس قىلغان، «S» شەكلىنى قوشۇمچە قىلغان ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتلەرنى ئۇسسۇل تىلى قىلغان. بۇ زاماندىكى كىيىنىش ۋە ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت شەكىللىرى بۇددىزم، مانىزم دەۋرىدىكى پەنجىكەنت، ئەپراسىياپ ۋە پۇتۇن غەربىي دىيار تەسۋىرىي سەنئەت يادىكارلىقلىرىدا بىردەك ئىپادىلەنگەن كىيىنىش ۋە «S» شەكىللىك ئەۋرىشىم ئۇسسۇل ئۇسلۇبىدىن كۆرۈنەرلىك پەرقلەندى.

بىز ئابدۇراھمان جامىينىڭ «ھەپتە ئەۋرەڭ» (يەتتە گۈزەل) داستانىغا 16 ـ ئەسىردە سىزىلغان قىستۇرما رەسىملەر، «بابۇرنامە» گە 17 ـ ئەسىردە ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىملەر، «شايىبانىنامە» گە 16 ـ ئەسىردە سىزىلغان باغ سەيلىسىدىكى

---

① شۇ كىتاب 228 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشتىن ئەينى زاماندىكى ئەرلەر ئۇسسۇلىنىڭ تەسۋىرىي ئۇچۇرىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئاياللار ئۇسسۇللىرىنىڭ ئوردا ـ قەسىرلەردە ئوينىلىشىنى ھېرات تۇرمۇشى ئىپادىلەنگەن قىستۇرما رەسىمدىن كۆرۈش مۇمكىن. بۇ رەسىملەردە بارگاھتا خان ۋە ئەمەلدارلار ئالدىدا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئىككى ئايال ئۇسسۇلچى تەسۋىرى بېرىلگەن . رەسىمدە خانىش ئالدىدا داپقا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئايال ئۇسسۇلچى تەسۋىرى سىزىلغان. ئەينى زامان قىستۇرما رەسىملەرگە ئايال سازەندىلەر ئوبرازىمۇ بېرىلگەن. بەزى رەسىمدە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «سەبئىي سەييارە» داستانىدىكى دىلارامنىڭ ئاق تۇلپار ئۈستىدە ساز چېلىپ كېتىۋاتقانلىقى ئىپادىلەنگەن. بۇ داستاندا يەنە ئايال سازەندىلەرنىڭ چىلتار چېلىۋاتقان تەسۋىرى بېرىلگەن.

ھۈسەيىن بايقارا ئوردىسى ھۇزۇرىدا مەخسۇس «خاراۋاتى» ناملىق ئايال ئۇسسۇلچىلار ئۆمىكى تەشكىل قىلىنغان. رەسىمدە ئۇلارنىڭ بىر قېتىملىق دائىرە ھاسىل قىلغان كوللېكتىپ ئۇسسۇلى كۆرۈنۈشى بېرىلگەن. ئۆزبېكىستان «باھار ئانسامبىلى» شۇ خىل دائىرە ئۇسسۇلىنى قايتا ئويناپ چىقتى.

بۇ خىل ئەر ـ ئاياللار ئۇسسۇللىرى كېيىنىش جەھەتتە ئومۇمەن ئىسلامىيەت تەلىپى بويىچە قېلىن ھەم ئۇزۇن كىيىنىشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئاياللار ئۇسسۇللىرىمۇ «T» شەكىلگە قېلىپلىشىش خاھىشىنى كۆرسەتكەندى.

تىياتىرلىق تۈس ئالغان قىزىقچىلىق ئۇسسۇللىرىغا كۆپىنچىسى ئەرلەر قاتنىشاتتى. 14 ـ، 16 ـ ئەسىر قىستۇرما رەسىملىرىدە ئۆچكە قىياپەتلىك ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر ئۇچرايدۇ. بىز ئابدۇراھمان جامىنىڭ «يۈسۈف ۋە زۇلەيخا» داستانىغا 15 ـ ئەسىردە سىزىلغان بىر قىستۇرما رەسىمدە كالا قىياپەتتە گىرىم قىلغان ئۇسسۇلچىنىڭ داپقا ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.

بۇنداق ئويۇنلارنى باللارمۇ ئويناشقان. ئەرەب

ساياھەتچىسى مەقدىسىنىڭ كىتابىدا[1] ئۇنىڭ تەسۋىرىي كۆرۈنۈشى بېرىلگەن.

مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، سەئىد بەدىر ئىسىملىك رەققاس «ھىراتى» ناملىق ئۇسسۇل ئىجاد قىلغان. بۇ ئۇسسۇل ناخشىلىق مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىنغان بولۇپ، ئەر ئۇسسۇلچى سۇپىدا ئوينايتتى. 15 ـ ئەسىردە ھىراتتا «ئىشرەت» ناملىق چالغۇ ئىجاد قىلىنغان. «تۈركىي»، «قەشقەرچە» ناملىق مۇزىكىلىق كۈي ۋە قوشاقلار بولغان. ۋەسفى مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، «چاقار خېنىم» ناملىق ناخشىچى ئايال، ئەلى، مەسئۇد ناملىق ئۇستا ئۇسسۇلچى يىگىتلەر بولغان. تۆمۈرىيلەر دەۋرى يالغۇز تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى ئىمپېرىيە دەۋرى بولۇپلا قالماي، يەنە «يىپەك يولى» ئالاقىلىرىنىڭ داۋاملىق راۋاجلانغان، ھۈنەر ـ سەنئەتنىڭ يېڭى ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلگەن دەۋرى بولدى. تۆمۈرىيلەر دەۋرى ئاخىرىغا كەلگەندە، غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە مۇزىكىسى كۆپلىگەن كلاسسىك كامالەتتىكى سەرخىل نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. تۆمۈرىيلەرنىڭ 13 ـ، 14 ـ ئەسىردە شەرق ۋە غەربتە تىكلىگەن مەدەنىيەت ئوبرازى ئەينى يىللاردىكى «يىپەك يولى» ئوتتۇرا بەلۋېغىنىڭ دۇنيادا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەنلىك مۇئەممالىرى بىلەن توغرا تاناسىپتۇر.

## 6

«پانتارىپى» (ھەممە ئۆتكۈنچىدۇر)

ـــ گراكلىت

سەئىدىيە ـ يەكەن خانلىقى (1514 ـــ 1678) دەۋرى مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيەت گۈللىنىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كەچكى شەپقى

---

[1] يۇقىرىقى كىتاب، 29 ـ بېتىدىن مىسال كەلتۈرۈلدى.

سىياقىدا تارىخ ئۇپۇقىنى بىر يېرىم ئەسىر زىنىنەتلىدى. بۇ دەۋردە ماۋرائۇننەھىردە مۇھەممەد شايبانىخان باشلىغان دەشتى قىپچاق ئۆزبېكلىرى ھاكىمىيىتى تىكلەندى ۋە تەدرىجىي يەرلىك ئۇيغۇر ـ تۈركىي ئاھالە ئۆز ناملىرىنى ئۆزبېك دەپ ئاتاشقا مەجبۇر بولدى. كېيىنچە، بەھەيۋەت تۆمۈرىيلەر مىراسى بۇخارا خانلىقى، خىۋا خانلىقىغا، قالدۇق تۆمۈرىيلەر نەسەبىدىكى پەرغانىلىقلار قوقان خانلىقىغا بۆلۈنۈپ كېتىشتى. ھىندىستاندا بابۇرىلار، تارىم ۋادىسىدا سەئىدىيە خانلىقى ئەينى زامان ماۋرائۇننەھر پاجىئەلىرىنىڭ ئەكسىچە بىر مەزگىل گۈللەندى ۋە ئۆچمەس مەدەنىيەت تۆھپىلىرىنى ياراتتى.

ئېيتىش كېرەككى، سەئىدىيە دەۋرىدىن بىر ئەسىردىن كۆپ ئىلگىرىلا، غەربىي دىيار خىزىر خوجىنىڭ 1397 ــ 1398 ـ يىللىقى جىددىي «غازات» ئۇرۇشى ئارقىلىق پۈتۈنلەي ئىسلاملىشىپ بولغانىدى. سەئىدىيە دەۋرىنىڭ گۈللەنگەن ۋاقىتلىرىدا خوتەندىن قۇمۇلغىچە يەكەننى پايتەخت قىلىپ بىرلەشتى. سەئىدىيە دەۋرى قاراخانىيلار، ئىدىقۇت خانلىقى ۋە تۆمۈرىيلەر مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلدى.

سەئىدىيە دەۋرىگە ئائىت غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتىنى خەلق مەشرەپلىرى، سەنەم ـ شادىيانە ـ ساما، نازىركوم ـ پىر ئۇسسۇللىرى، ئەينى زامان شېئىرىي خاتىرىلىرى، «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى قاتارلىق بىرقانچە جەھەتتىن ئىزاھلاش مۇمكىن:

بۇ دەۋر ئۇسسۇللىرى ھەققىدە زىنكچى ئۆز شېئىرىدا:

«رۇمدا شۇنچە نەم ـ تۇمان، خىرقىرايدۇ بۇرغىلار،
باركۆلدە چوڭ بوران، كىرىچلار يۇمشاپ قالار.
......
خوتەنچە پەرداز قىلىپ چىقار ئۇسسۇلچى قىزلار،
ئەمما ئۇلار ھېلىمۇ كۆسەن نوتىسىن ئۇقار.»

ئىدىقۇتنى تاغ ئوراپتۇ، تۆھپە ئابىدى تۇرار.»
ئاقسۇ قۇمباشنى بېسىپمۇ ئوت ـ گىياھ»

دېگەنىدى. چىڭ چىن «سەمەرقەند سەپىرىدە» ناملىق شېئىرلىرىدا تۇرپان توغرۇلۇق:

«چۆلسىرەپ قاپتۇ ئەنەتكەك قەسرىسى، زەربۇت يانا،
تاش پۇتۇكلەر دۆم يېتىپتۇ قاغجىراپ چۆپلەر ئارا.»

دېسە، يارغول شەھىرى توغرۇلۇق:

«شۇنچىلىك تىك بۇ خەتەرلىك قەلئەگە باقسام قاراپ،
تۇرلىرى، پەشتاقلىرى بوپتۇ تالاي يىلدىن خاراب.»

دەپ يازدى. بۇ شېئىرلار تەگرىتاغنىڭ شەرقىي ئېتىكىدە ئىسلامىيەت بەرقارار تاپقاندىن كېيىن بۇددىزمنىڭ خارابلاشقانلىقىنى، شەھەر ـ قەلئەلەرنىڭ جەڭدە ۋەيران قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرۈشتىن تاشقىرى، ماۋرائۇننەھىردىن پەرقلىق ھالدا ئاياللار ئۇسسۇللىرىنىڭ چەكلەنمىگەنلىكىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ.

خەلق مەشرەپلىرى غەربىي دىياردا، بولۇپمۇ تارىم ۋادىسى ۋە تۇرپان ـ قۇمۇل دىيارىدا ئەزەلدىن كەڭ ساقلانغانىدى. ئىسلامىيەتنىڭ بۇ رايونلاردىكى زەربىدارلىقى پەقەت ئىلاھىيەت ئەقىدە ۋە ئېتىقادنى ئىسلاملاشتۇرۇشتىن ناخشا ـ ئۇسسۇلنى مەنئى قىلىشقا ئۆتەلمىدى. گەرچە كېيىنكى زامانلاردا ئىشانچىلىق ئەسەبىيلىكى كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇ كىتاب كۆيدۈرۈش، بىر قاتار كىشىلەرنى جازالاش بىلەن چەكلەندى. خەلق يەنىلا ساتار، راۋاب ۋە ناغرا ـ سۇنايلىرىنى چېلىپ، ئۆز سەنئىتىنى ساقلاپ قالدى، ھەتتا ئېگىز جامە ـ مەسچىتلەرنىڭ

گۈمبەز ـ پەشتاقلىرىدا مۇراسىملىق شادىيانىلىرى چېلىنىشتى. خەلق مەشرەپلىرى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ يىمىرىلمەس قورغىنى، خەلق مۇقاملىرىنىڭ پائالىيەت مۇنبىرى ئىدى.

بىز خەلق مۇقاملىرىغا ــ قۇمۇل ۋە دولان مۇقاملىرىغا نەزەر سالساق، ئۇنىڭ باش نەغمىسىدىن كېيىنلا ئاساسەن ئۇسسۇللۇق ـ ناخشىلىق مۇزىكا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. كېيىنچە تەرتىپكە سېلىنغان كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام» مۇجەسسەممۇ مەيلى تەزە بىلەن باشلىنىدىغان چوڭ نەغمىدىكى مۇزىكىلار، مەيلى داستان نەغمىلىرى ۋە داستان مەرغۇللىرى، مەشرەپ نەغمىلىرى بولسۇن، يەنىلا ئاساسەن ئۇسسۇللۇق ـ ناخشىلىق مۇزىكا ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

شۇنى ئېيتىش ھاجەتكى، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان زامانىدا قېدىرخان، ئامانىساخان ۋەكىللىكىدە تەرتىپكە سېلىنغان «ئون ئىككى مۇقام» غا «چوڭ نەغمە»، «داستان نەغمە» قىسىملىرى مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا كۆچلۈك ئۇسسۇل مۇجەسسەملىك بەدىئىي خۇسۇسىيەتتىن چەتنىشەلمىگەن.

خەلقىنىڭ ساما ـ شادىيانە ـ سەنەم ـ نازىركۇم ـ پىر ئۇسسۇللىرى داۋاملىق ئۆركەشلەپ تۇردى. ساما ـ جەرى ئۇسسۇلى، شادىيانە ئۇسسۇللىرى مۇراسىملارنىڭ تەنتەنىلىك مەنزىرىسىنى بېزىدى.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، سامانىڭ ــ ئاسمانغا تەلپۈنۈش خاراكتېرلىك ئۇسسۇللارنىڭ گېنئولوگىيىلىك (پەيدا بولۇش ئىلمى جەھەتتىكى) يىلتىزى قەدىمكى تەبىئەت ئىلاھچىلىقىغا بېرىپ تاقىلىدۇ.

بىز قەدىمكى شامان قوشاقلىرىدىكى:

«قۇش ئانىسى قۇرغاي خان،
كىشى ئانىسى ئېنگاي خان،

كىشىلەر ئارىغا چۈشۈپ ئۆت،
ئۇلارغا قاراپ، ئەي، ئەي، دە.»

دېگەن ئىبارىلەردىن، «ئاۋىستا»دىكى:

«ئاسرا بىزنى، ئاسرىغىل مىترا،
يايلاقلىرى چەكسىز مىترا،
ئاتلىرىمىزغا ئەيلىگىل بەخش
ئەۋزەللىك، كۈچ ـ قۇۋۋەت، چىدام،
ئۆزىمىزگە ساق ـ ساغلاملىق،
جەڭلەر ئىچرە غەلىبە ئىلهام.»

دېگەندەك مىسرالاردىن قەدىمكى زاماندىكى ئاسمانغا سىغىنىش ئۇسسۇللىرىنىڭ مەنۋى مەنبەلىرىنى بايقايمىز. بۇددا مەدەنىيىتى دەۋرىدە «كىچىك ساما» نامىدا ئوينالغان ئۇسسۇللارمۇ ئاسمان ئىلاھلىرى (دىۋاراجا)غا سىغىنىش مەزمۇنلىرىدىن خالىي بولمىغان.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن، بولۇپمۇ سوپىزملىق ئەدەبىيات شەكىللەنگەندىن كېيىن ساما ئۇسسۇلى ئويناش قايتا يېڭى تۈسكە كىردى. «ساما» ئىبارىسى ئاسمان، ئىلاھىيەت دەرگاھى مەنىسىدىن باشقا، ئېيتىش، دەرد تۆكۈش مەنىسىنى، ئۇسسۇل ئويناش مەنىسىنى ئىپادىلىسىمۇ، ئۇ ئەمەلىيەتتە ھېيت ـ ئايەملەر ياكى خانىقالاردا توپلىشىپ ئۇسسۇل ئويناش مەنىسىدە ئىشلىتىلدى. ئۇيغۇر خەلقى ساما نامىدا ماھىيەتتە جۇلا ئۇسسۇلى، شادىيانە نامىدا جۇشقۇن سەكرەتمە ئۇسسۇل ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇردى. جۇلابى يازغان «كەشفۇل مەھجۇبە» ناملىق كىتابتا تىلغا ئېلىنىشىچە، ئەبۇ راھمان ئەس سۇلامى دېگەن كىشى «كىتابۇش ساما» ناملىق خاس ئەسەر يېزىپ، سوپىزم ئۇچۇن مۇھىم روھىي پائالىيەت ھېسابلانغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زىكىر ـ ساما مەسىلىلىرى ئۈستىدە توختالغان①. سوپىزىم قاراشلىرىدا ئۇسسۇل ـ مۇزىكا كۆڭۈلنى ئالەم كىرلىرىدىن تازىلاپ، دىلغا ئىشق ۋە مېھرىبانلىق خاھىشى جا قىلىشتا مۇھىم ۋاستە ھېسابلىناتتى.

نەۋائىي «نەۋادىرۇششەباب» دىۋانىدا مۇنداق يازغان:

«بەدەن ئەناسىرىنىڭ چارگاھىن ئەت خارىج،
نەۋائىيا، دېسەڭ ئەيلەي فەلەك سەرى ئاھاڭ.»

(مەنىسى: بەدەندىكى تۆت ئۇنسۇر قورۇۋالغان تۆت قەسىردىن خالاس بولاي دېسەڭ، ئەي نەۋائىي ساما ئاھاڭىغا ئوينا.)

ئاياللار ئۇسسۇللىرى گەۋدە قىلىنغان ئەر ـ ئايال ئۇسسۇللىرى ئۇيغۇر سەنەملىرىنىڭ ئاممىۋى، ئۆلگىلىك شەكلى ئىدى. بۇ ئوردىلاردا («چوڭ سەنەم»)، خەلق ئارىسىدا ھەرقايىسى يۇرتلار ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە ــ خوتەن، قاغىلىق، يەكەن، دولان، قەشقەر، كۇچا، كورلا، قۇمۇل، ئىلى سەنىمى (سەل كېيىنرەك) نامىدا داۋام قىلدى.

نازىركوم ئۇسسۇلى قۇمۇل ـ تۇرپانلاردا گەۋدىلىك كۆرۈندى. ئۇ قەدىمكى زاماندىكى قىزىقچىلىق ـ مەسخىرىۋازلىق ئۇسسۇللىرىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. بىز قىزىل 17 ـ كېمىر تام رەسىملىرىدىن ئۇنىڭ تەسۋىرىنى كۆرەلەيمىز. خوتەن ـ قۇمۇللاردىكى توخۇ ـ غاز ئۇسسۇللىرى، خوتەن، ئاقسۇ، ئۈرۈمچىلەردىكى شىر ئۇسسۇلى، قەشقەر، كۇچالاردىكى پەتنۇس ـ لېگەن، پىيالە ئۇسسۇللىرى ئەسلىدە ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللار بولۇپ، ئۇلار خەلق مەشرەپلىرىدىمۇ ئوينىلاتتى. بىز تۇرپان ئاستانە قەبرىگاھلىقتىن شىر ئۇسسۇلى تاش ھەيكەلچىسى

① بېرتىلس: «سوپىزم ۋە سوپىزم ئەدەبىياتى»، موسكۋا 1945 ـ يىلى نەشرى، 256 ـ بەت.

تىپىلغانلىقىنى، شىر ـ يولۋاس رەسىملىرى قىيا تاشلارغا چېكىلگەنلىكىنى، سىكىتاي مېتال بۇيۇملىرىغا شىر ئوبرازى چۈشۈرۈلگەنلىكىنى، غەربىي تۈرك يابغۇسى بىلەن كۆرۈشكەن بۇددا راھىبى شۈەن زاڭنىڭ بۇ يابغۇ شىر پۈتلۈق تەختتە ئولتۇرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغانلىقىنى، تاڭ دەۋرى شائىرلىرىدىن بەي جۈيى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ غەربىي دىيار شىر ئۇسسۇلى توغرىسىدا گۈزەل مىسرالار قالدۇرغانلىقىنى بىلىمىز.

ئوت ئۇسسۇلى، چىراغ ئۇسسۇلى، پىر ئۇسسۇلى قەدىمكى قۇياش ئېتىقادچىلىقى، شامانىزم ۋە زاراتوسترازم دەۋرىگە مەنسۇپ ئەنئەنىۋى ئۇسسۇل ئىدى. قىزىل 17 ـ كېمىردا چىراغ ئۇسسۇلى تەسۋىرلەنگەن تام رەسىمى ساقلانغان.

پېرىخونلۇقنىڭ ئۇسسۇللۇق شەكلى بولغان پېرە ئۇسسۇلىمۇ بىر خىل پىرقىرىما شەكىللىك داپ ئۇسسۇلى بولۇپ، مۇھىمى روھىي داۋالاش تەدبىرى سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلىپ، ھازىرغىچە داۋاملاشتى.

## 7

يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى تارىخىي خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي ئاپەت بولدى. بېكىنمىچىلىك ۋە نادانلىق ئۇنىڭ ئاساسىي يادنامىسىدىن ئىبارەت.

— خىيال دەپتىرىمدىن

يەكەن خانلىقى ئاخىرلاشقان زامان دەل 2000 يىل داۋام قىلغان يىپەك يولىنىڭ خارابلاشقان، قەدىمكى كارۋان يولى ئورنىغا دېڭىز ـ ئوكيان قاتنىشى غەربتە ئۈستۈنلۈك ئالغان، شەرقتە بېكىنمىچىلىك، غەربتە مەدەنىيەت گۈللىنىشى يۈز بەرگەن زامانغا توغرا كەلدى.

بۇخارا ـ سەمەرقەند قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئورنىدىن ئىشانچىلىق ئاستانىسىگە ئايلاندى. مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرى يەكەن خانلىقىغا كىلىپ، يەكەن خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ «يىپەك يولى»نىڭ خارابلىششىنىڭ ۋەقەلىك شەكىللىرىدىن بىرى ئىدى.

خوجىلار تېرروزلۇقى دەۋرىدە ئۇسسۇل ۋە مۇقاملار قاتتىق تەقىپ قىلىندى. خوجىلار باھاۋىدىن نەقشىبەندى نامىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ ھاياتنى خۇشال ئۆتكۈزۈش («خۇشدەر دەم») ۋە ئىنسانپەرۋەر تەشەببۇسلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلىشتى.

ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى بىلەن مۇقاملار كلاسسىك مۇھىت ۋە كامالەتتىن قالدى. ئۇيغۇر ئۇسسۇل ـ مۇزىكىلىرىنىڭ كېيىنكى ھاياتى پەقەت خەلق ئارىسىدا — كەڭ دېھقانچىلىق رايونلىرى، خەلق مەشرەپلىرىنى قورغان قىلدى.

خوجىلار قالايمىقانچىلىقى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلار ئارقىلىق شىنجاڭنى باشقۇرغان دەۋرلىرىدىكى ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى ئۆز ئۆتمۈشىنىڭ داۋامى ۋە ھازىرقى ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ رېئال خەزىنىسى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ جەھەتتە مۇھەممەد سادىق قەشقەرى، موللا مۇسا سايرامىنىڭ نوپۇزلۇق تارىخىي ئەسەرلىرى بىلەن چۇقان ۋەلىخانوف، دوبروۋسكىي، كروپاتكىن ساياھەتنامىلىرىدە تەسۋىرىي ئۇچۇر بېرىلمىگەن.

بىز چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭغا پالانغان بەزى خەنزۇ ئەمەلدارلارنىڭ شېئىرلىرىدىن بۇ جەھەتتە ئاز ـ تولا ئۇچۇر ئالالايمىز.

جى شۈەن (1724 — 1805) «ئۈرۈمچى نەزمىلىرى» توپلىمىدىكى بىر شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

«كەچ كىرىپ، ئوچاق، چىراغتىن ئۆچسىمۇ ئوت ھەم يانا،
توختىماس ئاي شولىسى ئاستىدا بەربابتىن ناۋا.»

لىن زېشۈي (1850 ــ 1875) «بامبۇكزارلىقنىڭ مۇسۇلمان دىيارىدىكى نەزملىرى» توپلىمىدىكى شېئىرىدىن بىرىدە:

«ئېپتار قىلىشار ئۇلار يۇلتۇزلار تۇغۇلغاندا،
خەتمە ئوقۇپ ئۆتىدۇ تالىپلار كەچ قۇرئانغا.
روزى ھېيت باشلىنار كۆرۈنگەندە يېڭى ئاي،
تۈمەن كىشى ھېيتتا ئۇسسۇل ئوينار ساماغا.»

دەپ يازغان.

شاۋسۇن «غەربىي زېمىن نەزم ـ نەسرلىرى» توپلىمىدا ئۇسسۇل ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئۇسسۇلنى ئويناش دەيدۇ، ئۇنى توغرا كەسىپ دەپ قارايدۇ. قىزلار ياتلىق بولۇشتىن بۇرۇن ئۇسسۇلنى ئۆگىنىدۇ ۋە تويدا يىگىت ـ قىز ئۇسسۇل مۇراسىمى بولىدۇ. ئۇسسۇللار گىلەم ئۈستىدە ئوينىلىدۇ، بەدەن ۋە قول ھەرىكەتلىرى سازغا ماسلاشقان بولىدۇ. ياندا داپەندە، سازەندىلەر ئولتۇرىدۇ. بىر نەغمە ئاياغلاشقاندا يەنە بىر نەغمىنى ئۇلاپ ساز چالىدۇ. قۇمۇلدا ‹تۆگە يېتىلەش› ئۇسسۇلى بار. دالىدا ناخشىنى يالغۇز ۋارقىراپ ئېيتىشىدۇ.»

شاۋسۇن:

«چوكانلار رەڭدار، يەڭگىل ئېگىنلەرنى كىيىشەر،
تۇل ۋە قېرى ئاياللار ئۇسسۇل ئۇچۇن كېلىشەر.
بىر پارچە گىلەم بولۇر ئۇسسۇل ئويناش مەيدانى،
نازىنىنلار قولىنى كۆتۈرۈشۈپ ئېگىشەر.
سازەندىلەر ئىچىدە سۇمباتلىرى ئاز ئەمەس،
ناخشىسى قاشتاش نەينىڭ ساداسىدەك كېلىشەر.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«قەدىمكى كۇسەندىكى چالغۇلارنىڭ بارى تەل،
مۇزىكىنىڭ ساداسى يېتۇر كۆككە شۇ مەھەل.»

دەپ يازغان.
شى بوخۇا ئۆز شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

«بىر قېرى قالۇن قۇچاقلاپ سازىن چالار،
ئولتۇرۇپ تال سايىسىدا دەم ئالار.
چەكسە ئوتتۇز ھەمدە بەش تارىنى ئۇ،
لەرزىگە كەلگەن زېمىن ھەيران قالار.»

«ئالتە ياشتا ئۇيغۇرلار ئۇسسۇلدا قىلۇر پەرۋاز،
ئۇزۇن ساقال بوۋايلار تەڭكەش قىلۇر دۇمباق ــ ساز.
ئۇسسۇل ئەۋجى قويۇندەك توختىمايدۇ پىرقىراپ،
كىم بىلىدۇ تۆكۈلگەن چېچەكلەرمۇ ئەمەس ئاز.»

«يېشى ئون بەشتە قىزلار كىيىنىدۇ ياسىداق،
ئىككى ئۆرۈمە چاچىدا مارجانلىرى يالتىراق.
سۇرگىنى تاغ ئوسمىسى قاشقا شۇنچە ئەگىتىپ،
كۆتۈرۈپ يەڭ نازىنىن ئۇسسۇلغا قويغاي ئاياغ.
ئولتۇرۇر سازەندىلەر باغرىغا سازىنى بېسىپ،
خۇشناۋاسى مەيداننى بىر ئالىدۇ ھەممە ۋاق.
گەر ئۇيغۇر ناخشىسىنىڭ مەنىسىن بىلمەس كىشى،
لېكىن كۆڭۈلدە بىردىن ئاچىدۇ شادلىق قۇچاق.»

فى جىڭفۇ ئۇسسۇلدىن زوقلىنىپ، ئۆزىنىڭ قومۇلدا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«بىلمىدىم قۇمۇلدا چالغاندا ئۇسسۇلغا ساز، لەۋەن،
ئىۋىرغولدا تۇرغىنىمنى مەست كەبى ئۇنتۇپتىمەن.»

بىز قۇمۇل ئۇسسۇللىرى توغرىسىدىكى فى جىڭفۇنىڭ شېئىرىدىن سۇڭ سۇلالىسى شائىرلىرى يەن جۇ بىلەن جياڭ شەنىنىڭ نەزمىلىرىدىكى تەسۋىرنىڭ تامامەن بىردەكلىكىنى ھېس قىلىمىز. يەن جۇ مۇنداق يازغان:

«چالغۇ ئاۋازىنى باستى ياڭرىغان ناخشا ـ سادا،
پىرقىرار ئۇسسۇل بىلەن تەڭ بەلدىكى رەڭدار پوتا.»

جياڭ شەن «قىسقا خەتلىك مۇلەن ئۇسسۇلى» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازغانىدى:

«ئوينىشى ئۇنىڭ ئىۋىرغول ئۇسسۇلى تېز پىرقىراپ،
چۈشمىدى باشتىكى گۈل سىيرىلىپ يەرگە قاراپ.»

دەل قۇمۇل مەشرەپ ئۇسسۇللىرىدا ئاياللار بېشىغا گۈلدىن ياكى گۈل نۇسخا ئالتۇندىن تاج قاداپ ئوينىشىدۇ.

سۋېن ھېدىن «ئاسىيا كۆكسىدىكى ساياھەت» ناملىق كىتابىدا قەشقەرنىڭ سۇبېشى يېزىسىدىكى ئات چېپىش مۇسابىقىسى، قوچقار سوقۇشتۇرۇش، ئات ئۈستىدە ئويۇن ئويناش ۋە ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇللىرىنى كۆرگەنلىكىنى يازغان. ئۇ 1899 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى يەكەن دەرياسى ئارقىلىق تارىمغا بېرىش سەپىرىدە يېزا بېگىنىڭ ئۇنى مەشرەپكە ئېلىپ بارغانلىقىنى يازغان. ئۇنىڭ يېزىشىچە، بۇ مەشرەپ يەكەن دەرياسى بويىغا گۈلخان يېقىپ، ئوت شولىسى سۇغا چۈشۈپ تۇرغان گۈزەل مەنزىرىلىك كەچتە ئۆتكۈزۈلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاياللار باشلىرىغا ئاق رومال ئارتىپ، ئۇزۇن چاچلىرىنى ساڭگىلىتىپ، قاراڭغۇ تۈن پەردىسى بىلەن يالقۇنلۇق گۈلخان شولىسى ئارىسىدا گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي سالماقلىق مەشرەپ ئۇسسۇللىرى ئويناپ، ئۇنى ھەيرەتتە قالدۇرغان.

سۆھن ھېدىن تەكلىماكاندىكى يىراق بىر يېزىدا ئاغرىپ قالغاندا، ساقاللىق ئۈچ ئۇيغۇر كىشىنىڭ ئۇ تۇرغان ئۆيگە كىرىپ ئۇنى داپ چېلىپ، پېرە ئۇسسۇلى ئويناپ داۋالىغانلىقىنىمۇ تەسىرلىنىپ يېزىپ قالدۇرغان.

ئەينى زامان كىيىنىشى توغرىسىدا شاۋسۇننىڭ شېئىرلىرى مەلۇم ئۇچۇر قىممىتىگە ئىگە بولغان. ئۇ ئەرلەر كىيىمى توغرىسىدا مۇنداق يازغان:

«گۈل چېكىلگەن بەقەسەم تونغا ئۇلار شۇنچىلىك ئامراق،
پېشى ئۇزۇن، يېڭى تار، قوش ياقىسى يۇمىلاق.
تومۇز چېغى ئۇستىگە كىيەر ئاپئاق يەكتەكنى،
بەل باغلىغان پوتىدا ساڭگىلاپ تۇرار پىچاق.»

ئاياللار كىيىمى توغرىسىدىمۇ مۇنداق يازغان:

«يېشىل پايپاق، قىزىل ئاياغ كىيىپ يۇرۇشى چاققان،
ئۆرۈلگەن قارا چېچى ئارقىسىغا ياراشقان.
پەقەت ئېگىنىدىن قاراپ ئەر ـ ئايالنى بىلمەك تەس،
يەرگە تېگەي دەپ تۇرغاچ ئۇستىگە كىيگەن چاپان».

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چەت ئەل قىدىرغۇچىلىرى ئۇيغۇر ئېتنىك تۇرمۇشىنى كۆپ تەرەپلىمە ئۆگەندى، رەسىملىك ئۇچۇر ۋە تەپسىلىي بايانلارنى قويۇپ كەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىچورىن (1829)، تىمكوۋسكىي (1824)، گرىگورىيوف (1873)، شار (1872)،

گورك (1876)، رىنس (1878)، پوتانىن (1881)، پرژېۋالىسكىي (1888)، پېۋسوش (1895)، گرومىم - گىرژىمايلو (1896)، دىئاسىي (1901)، ئالماسى (1903)، كارىدىفېرس (1914)، رۇسىيە ئېتنولوگىيە مۇزېيى فوتو كوللېكتىپى، سكتېس (1920)، لېكوك (1928)، سخومبېرگ (1933) بىرقەدەر مەشھۇر.

ئەينى يىللاردا بۇخارا، خىۋا ۋە قوقان خانلىقلىرىدا بۇخارا، خارەزىم ۋە پەرغانە ئۇسسۇللىرى داۋاملاشتى. «شەش مۇقام» شەكىللىنىشكە باشلىدى. ئۆزبېكىستاننىڭ سەمەرقەنت شەھىرىگە بارغان سۆېن ھېدىن «ئاسىيا كۆكسىدىكى ساياھەت» ناملىق ئەسىرىدا مۇنداق يازغان: «گۈزەل ئايالىلار ئىنچىكە قوللىرى بىلەن چاڭ ۋە غېجەك چالسا، باشقىلىرى قوڭغۇراقلىق داپلار چېلىشاتتى... نەغمە ساداسى كەچلىك ئاسماننى قاپلىغاندا ئۇسسۇلچى قىزلار يەڭگىل كىيىملىرى بىلەن لەرزان دەسسەپ مەيدانغا كىرىشتى. بەزى ئۇسسۇلچى قىزلار پارس ياكى ئافغان بولسىمۇ، قالغانلىرى تاتارلار (تۈركلەر — ئا) دىن ئىدى. ساز ساداسىغا ماسلاشتۇرۇپ، خۇددى ئادەم چۈشىدە كۆرىدىغان ئۇچار پەرىزاتلاردەك ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىشتى.»

ئۆزبېكىستان سەنئەتشۇناسى رازىيە كەرىموۋا «پەرغانە رەقسلىرى» (1973 - يىلى)، «خارەزىم رەقسلىرى» (1975 - يىلى) ناملىق كىتابلىرىدا پەرغانىدە رەقسنى «ئۇسسۇل» دەيدىغانلىقى، «سەدر»، «كاتتا ئويۇن» (ناغرا ئۇسسۇلى)، «گۈل ئويۇنى»، «قالدىرغاچ»، «پىلە»، «شادلىق»، «گۈلسارە»، «چەرخ»، «قەشقەرچە»، «سوۋارا»، «ئەندىجان» قاتارلىق ئۇسسۇل - ئۇفەرىلەرنىڭ ئويىنالغانلىقىنى يازدى. ئۇ يەنە خارەزىم رەقسلىرى — «مۇقام ئۇفەرى»لىرى — «نارىم - نارىم»، «ئارازباڭ» قاتارلىقلار بىلەن «خان بەزم ئۇفەرى»لىرى دەپ ئاتالغان ئائىلىۋى ئۇسسۇللار؛ سېرك - تىياتىر خاراكتېرلىك «دارباز»، «سىم دار»، «ياغاچ ئاياغ»، «مەشئەل»، «ئەجدىھا»،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«پىچاق ئۇفەرى» قاتارلىق ئۇسسۇللار؛ كومپدىيىلىك ئۇسسۇللار («گۈل ئويۇنلىرى») تەركىبىدىكى «ھايۋان ئۇفەرى» لىرى بولغان مۇشۇك، قوي، توخۇ، غاز، بېلىقئالغۇچ (چاغالاق) قاتارلىق ئۇسسۇللار بىلەن «تەقلىدىي ئۇفەرى»لىرى بولغان دوراش ئۇسسۇللىرىنى تونۇشتۇرغان. بۇ ئۇسسۇللار ھازىرقى زامان ئۆزبېك خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ قالدى.

## 8

«تارىخ — ئۆتتى ـ كەتتى ھېكايىتى ئەمەس، ئۇ ماھىيەتلەر جەمغىرلەنگەن خەزىنە.»

— خىيال دەپتىرىمدىن

غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى تارىخىي تەقدىرىدىن مۇنداق يەكۈن چىقىرالايمىز:

بىرىنچى، غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتى ئىسلامىيەتتىن كېيىن 1000 يىلدىن ئارتۇق تارىخنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇ زامان دولقۇنلىرىدا گاھ ئەزىلەندى، گاھ خارلاندى. مۇزىكانت ـ مۇغەننىلەر دىۋانىلەر قاتارىدا پەس كۆرۈلدى. يۇقىرى تەبىقە مۇزىكا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنى خەلقتىن غايىبانە شەھۋانىي لەززەت ۋاستىسى دەپ قارىغاندا، خەلق ئاممىسى ئۇنى مىللەت مەنىۋى ھاياتىنىڭ دائىمىي تىنىقى دەپ قارىدى. زامان دولقۇنلىرى بەزى ئۇسسۇل تۈرلىرىنى يوقاتتى، بەزىلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، بەزىلىرىنى ياراتتى. ئەمما، خەلق ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇقام ـ مەشرەپلىرىنى تاشلىمىدى، ئۇلارنى يېڭىلاشتى، مەزھەپ ئۆزگەرتىشتى، يېزىق ھەتتا ئىسىم ـ فامىلىلىرىنى ئەرەبچىگە ماسلاشتۇرۇشتى، ئەمما تىلىنى، روھىيەت خەزىنىسى — مۇزىكا ـ ئۇسسۇللىرىنى ئىزچىل

داۋاملاشتۇرۇشتى. بۇ جەھەتتە قېدىرخان يەركەندى، ئامانىساخاندىن ئۇلار ئىشلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەكىلى تۇردىئاخۇن ئاكىغىچە بىر ئېپتىخارلىق نەمۇنە. ئۇلار دىنىي تەشۋىقات ياكى خوجىلار قىلىچلىرى ئالدىدا مىللىي ھايات جەۋھىرى — خەلق مەدەنىيىتى ۋە خەلق سەنئىتىدىن بىر دەقىقىمۇ يۈز ئۆرۈگەن ئەمەس. بىز بۇ جەھەتتە ھەرقايسى يۇرتلاردا ياشاپ ئۆتكەن خەلق سەنئەتچىلىرىگە تارىخىي ئاڭلىقلىق بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرىمىز. بۇنداق مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان پىداكار ـ قەيسەرلەرسىز مىللىي ئۇسسۇلىمىز، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ يېشىل ئورمانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئىككىنچىدىن، غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى دىنىي بايرام ۋە سەيلە ـ ئايەملەر كۆتۈرۈلگەن چاغلاردا ھەر دائىم ئۆزىنى ئۇنىڭ مۇھىم تەركىبى ۋە ئەۋجى شەكلى قىلىپ كەلدى. ئىپتىدائىي مۇراسىم ئۇسسۇللىرى، تىلاۋەت، سىغىنىش، قەسىدە، مەرسىيە، مۇناجات روھى سىڭگەن ساما ئۇسسۇللىرى ئۇنىڭ تىپىك بىر مىسالى بولدى.

قاراخانىيلار زامانىدا، ئۇيغۇر تىلى ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن مۇھىتتا، مىللىي سەنئەت بويىچە خېلىلا خاسلىق ئەنئەنىسىنى ساقلىغان ئۇيغۇر خەلقى ئەڭ چوڭ جامەلەرنىڭ پەشتاقلىرىدا، كېيىنچە ھېيتگاھ جامەسى پەشتىقىدا ناغرا ـ سۇناي چېلىپ، ھېلىلا ھېيت نامىزى بەجا قىلىنغان سورۇندا ساما ئۇسسۇلى ئويناشتەك مۆجىزىنى ئىسلام دۇنياسىدا يېگانە ئىزچىللاشتۇرۇپ كەلدى.

ئۈچىنچى، غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىمۇ، ئىسلامىيەتتىن كېيىنمۇ ئەر ـ ئاياللار ئۇسسۇل ئويناش ئەنئەنىسىنى چۆرۈپ تاشلىغىنى يوق. بىز سەنەم ئۇسسۇللىرىدىن ئىپتىدائىي مۇھەببەت ۋە نىكاھ ئۇسسۇللىرى بىلەن ئىسلامىيەتتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىلگىرىكى لىرىك ئۇسسۇللار ئالاھىدىلىكلىرىنى ئېنىق كۆرىمىز. ئەر ـ ئايال بىللە ئوينىلىدىغان ۋە ئايال ئۇسسۇللىرىسىز ئۇيغۇر خەلق مۇقاملىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

تۆتىنچى، غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرى مەيلى سەنەم، ساما، شادىيانە، تەقلىدىي (جۈملىدىن «نازىركوم») ئۇسسۇللار قەدىمكى ئۇسسۇللار بىلەن ئەنئەنىۋى ئىزچىللىق ھاسىل قىلغان. سەنەم، ساما ئۇسسۇللىرىدىن باشقا، يەنە شادىيانە ئۇسسۇللىرى قەدىمكى جەڭ ـ جېدەلگە ئاتلىنىدىغان ئۇسسۇللىرىدىن، ئەرلەرگە خاس جاسارەتلىك زەپەر تەنتەنىلىرىدىن راۋان ھاسىل قىلىنغان مۇھىم بەدىئىي ئېقىم سۈپىتىدە ھېلىمۇ ناغرا ـ كاناي ياكى باشقا چالغۇلار بىلەن كىشىنى، قەلبنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدۇ.

تەقلىدىي ئۇسسۇللارمۇ ئىپتىدائىي نىقابلىق ياكى ھايۋان، دىۋە، جىن ـ ئالۋاستى قىياپەتلىك تىياتىر ئامىللىرى بىلەن تاكى ھازىرقى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلدى. نازىركوم ئۇنىڭ بىر ۋارىيانتى، خالاس. تەقلىدىي ئۇسسۇللار مەيلى ھۈنەر كۆرسىتىش — گۈل چىشلەش، چىراغ ـ ئوت بىلەن ئويناش، تەخسە ـ لېگەن، پىيالە ئۇسسۇللىرى ياكى شىر، توخۇ، ئۆچكە شەكىلدىكى ئۇسسۇللار، ياكى ياغاچ ئاياغ ئۇسسۇلى، تەختىراۋاندا ياكى چاي شىرەسىدە ئوينىلىدىغان ئۇسسۇللار بولسۇن، بۇلار ئۇزاق تارىخقا ئىگە بىر خىل ئۇسسۇللۇق ژانىر بولۇپ كەلگەن.

سەنەم، ساما، شادىيانە، تەقلىدىي ئۇسسۇللار ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرىنىڭ «چوڭ ئويۇن»لۇق مۇجەسسەم گەۋدىسىنى ھاسىل قىلغان.

بەشىنچى، غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى ئۆزىنىڭ بەدەن ھەرىكىتى ئالاھىدىلىكلىرىنى نەچچە ئون مىڭ يىللىق يىراق ئىپتىدائىي تۇرمۇش فوندى ئاساسىدا، شامانىزم، زاراتوستىرازم، مانىزم ۋە بۇددىزم دەۋرلىرىدە ئىزچىللاشتۇرغان ۋە بېيىتقانىدى. ئىسلامىيەتتىن

كېيىن گەرچە كېيىنىش ۋە ئەۋرىشىم ھەرىكەتلەردە ئىلگىرىكى تولىمۇ يالاڭ ياكى يېرىم يالىڭاچ كىيىنىش، زىبۇزىننەتتە مانىرىزمىلىق (فوزونكارلىق) ئەھۋالى بىلەن بەدەننى تولىمۇ ئەۋرىشىم («S» شەكلىدە) قىلىنىۋېتىش چەكلىنىشكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما قول، پۇت، باش، گەۋدە ھەرىكەتلىرىدىكى «ئۇسسۇل تىلى» داۋاملىق راۋاجلاندى. لاچىن قانات، تېكە مۈڭگۈز، ئورغاق - ئاي، تىزلىنىش، پىرقىراش قاتارلىق مۇكەممەل بىر يۈرۈش ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتلەر قۇتۇبى قىزلىيار قىيا رەسىملىرىدىكى ۋە شىنجاڭ بۇددىزىم تاشكېمىرلىرىدىكى ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت تىلى بىلەن بىر سىستېمىدا بولغان. بىز خېنەن ئۆلكىسى ئەنياڭ ناھىيىسىدىن تېپىلغان، شىمالىي چى دەۋرىدىكى سېرىق ياپىلاق چۆگۈن قورسىقىغا سىزىلغان غەربىي دىيارلىق ئۇسسۇلچى، گۇگۇڭدا ساقلانغان، شىمالىي سۇلالە زامانىدا ئىشلەنگەن يېشىل ۋازىغا سىزىلغان غەربىي دىيار ئۇسسۇلچىسى قىياپەتلىرىگە نەزەر سالساق، بىز يەنە ھەرقايسى دەۋرلەردە غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرى قىياپىتى توغرىسىدا يېزىلغان مىسرالارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىدىكى «ھەرىكەت تىلى» بىردەكلىك ۋە ئىزچىللىقىنى كۆرىمىز.

*　　*　　*

مەن غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي زامانلاردىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىغىچە بولغان ئۇزاق تارىخىنى قانداق قىلىپ تارىخنىڭ ئۆز راۋاجى جەريانىدا تاشلاپ كەتكەن ئوبرازلىق ئۇچۇر يادىكارلىقلىرى — تەسۋىرىي رەسىملەر ئارقىلىق تىزىپ كۆرسىتىش ھەققىدە ئىزدەندىم. مېنىڭچە، تارىخنى تارىخنىڭ ئۆزى ئىسپاتلىغىنى، بىز پەقەت ئۇنىڭغا مۇناسىپ يازما خاتىرىلەر ئارقىلىق تولۇقلاش ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بارغىنىمىز تۈزۈك. تارىخ بىر ئىلىم، يەنە كېلىپ، تارىختىن ئىبارەت ئۆتكەن ۋە بىزگە قاراڭغۇ بولغان زامان ھالقىلىرىنى قايتا يورۇتۇشنى ئوبيېكت قىلغان ئىلىم. قەدىمكى ھايۋانلار تارىخىنى پەقەت ئۇلارنىڭ تاشقا ئايلانغان سۆڭەكلىرى تېپىلغاندىن كېيىنلا بىلەلەيمىز. دىۋە، پەرى ۋە ئەجدىھا، يەتتە باشلىق يالماۋۇز ھەققىدە قانچە - قانچە كىتابلار يېزىلسۇن، ئۇلار ئەپسانىدىن ئىبارەت.

توپلىغان رەسىملىرىم كۆپ بولمىسىمۇ، ئۇ يېگانە چىنلىقتىن تېپىلىك ئۆرنەك. مەن رەسىملەرنىڭ كېيىنىش شەكلىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ دىنىي - ئىدېئولوگىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ھېسابقا ئېلىپ، بىر پۈتۈن غەربىي دىيار ئۇسسۇل سەنئىتىنى تارىخنىڭ رەسىملىك تىزمىسىنى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئىككى قىسىمغا بۆلدۈم ۋە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق سانلىرىدا ئېلان قىلدىم.

20 - ئەسىردە غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرى يېڭى تارىخىي دەۋرگە كىردى. ئېلېكتر ۋە فوتو تېخنىكا مۇناسىۋىتى بىلەن توپلانغان رەسىملەرمۇ كۆپ. بۇ ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىنىدىغان خاس تېما، ئەلۋەتتە.

# سكتاي قەبىلىلىرىنىڭ مىتال هۈنەر ـ سەنئىتى

هۈنەر ـ سەنئەت ــ هۈنەردىن ئىبارەت ئانا قارنىدا دۇنياغا كەلگەن تۇنجى سەنئەت پەرزەنتتۇر.

ــ خاتىرە دەپتىرىمدىن

## 1

سەنئەت ــ ئىنسانىيەت ياراتقان ئىككىنچى تەبىئەت، ئىنسان سۇبيېكتىنىڭ سىرتلاشقان ئىجادىيەت شەكلى، روھىيەتنىڭ ماددىي بۇيۇمغا كۆرسەتكەن ئەكس تەسىرىدىن ئىبارەت. ئىنسانىيەت ئەڭ قەدىمكى كونا تاش قورال دەۋرى (palaeolithic period) دىلا ئۆزىنىڭ سەنئەت ئىقتىدارىنى نامايەندە قىلغان. ۋەهالەنكى، ئىپتىدائىي سەنئەت دەسلەپتە ماددىي ئىشلەپچىقىرىش، ئۆز نەسلىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە دىنىي ئېتىقاد، خىيالىي تەسەۋۋۇرنى بىر گەۋدە قىلغان ئىپتىدائىي تۇرمۇشنىڭ ئانا قارنىدا، تۇرمۇش تەقەززالىرىنىڭ ئەمەلىي ـ مەنپەئەتدار تەركىبى قىسمى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. كىشىلەر بۇنداق «ئۆزگە ئىچىدىكى» نەرسىنى «ئۆزى ئۈچۈن» نەرسە ــ سەنئەت دەپ چۈشەنمىگەن. سەنئەتنىڭ «ئۆزى ئۈچۈن» نەرسىگە ئايلىنىشى، يەنى خاس سەنئەت چۈشەنچىسىدىكى سەنئەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىپتىدائىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىنساننىڭ كېيىنكى ھايات قاتلاملىرىدىلا مۇمكىن بولالىغانىدى.

قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۈمى ياراتقان مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى تۈرمۇشىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى:

ئەڭ ئىپتىدائىي تامغا — بەدگۇ (Sign) ئۇچۇر ۋاستىسى قىلىنغان، غار ـ جىلغا ئاساسلىق تۇرمۇش سەھنىسى قىلىنغان ئەڭ قەدىمكى ئوۋچىلىق دەۋرىدە، ئىنسانىيەت غار ـ قىيا رەسىملىرى ئارقىلىق ئۆز ھاياتىنى تەسۋىرلەپ، ئۆز تارىخىنى يازدى. مەن تەكرار تەكىتلىگىنىمدەك، غار ـ جىلغا مەدەنىيەت تىپى خاس تارىخىي كاتېگورىيە تەرىقىسىدە ئېتىراپ قىلىنىشى لازىم. بىرقانچە قېتىملىق مۇز دەۋرى ھادىسىسى، چاقما ـ يارما تاش قوراللار، ئوت ۋە ئانىمىزم، پېرىخون (坐) ۋە ئەپسۇنكارلىق (符咒)، جۈملىدىن ئەڭ قەدىمكى توتېمىزم ئالامەتلىرىگە ئىگە بولغان بۇ مەدەنىيەت تىپىنى ئاددىي ھالدىلا «يايلاق مەدەنىيەت تىپى» بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك.

يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا، مېتالغا ئىشلەش بىلەن ئاتلىقلار تۇرمۇش شەكلىنى ئاساس قىلغان يايلاق مەدەنىيەت تىپى ئىپتىدائىي كۆچمەن چارۋىچىلىق ۋە تار كۆلەمدىكى تېرىقچىلىقنى تۇرمۇش تىرىكى قىلغانىدى. تاغ ـ جىلغا مەدەنىيەت تىپى بىلەن يايلاق مەدەنىيەت تىپى توتېمىزم ۋە قانداشلىق ئۇرۇق — ئانا ئۇرۇقى بىلەن ئاتا ئۇرۇقى جامائەسى ئاساسىدا ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ھاياتى ۋە تارىخىنىڭ گەۋدىسىنى تىكلىدى. يايلاق مەدەنىيەت تىپى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 ~ 3000 يىللار ئالدىدىلا باشلىنىپ، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى بىرقانچە ئەسىرگىچە داۋام قىلدى.

يايلاق مەدەنىيەت تىپى شەھەر ـ قەلئە مەركەز قىلىنغان، قول ئىگىلىكى ياكى خەلقئارا سودىنى ئاساس قىلغان بوستان

مەدەنىيەت تىپىغا يول ھازىرلىدى. «ئاۋېستا»دا ساقلانغان قەدىمكى يازما يادىكارلىقلاردا كۆچەپ تەرغىب قىلىنغان بوستان مەدەنىيىتىدىن كېيىنمۇ، يايلاق مەدەنىيىتى بىلەن بوستان مەدەنىيىتى يەنە ئۇزاق بىللە داۋام قىلدى. كارل ماركس كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر بىلەن ئولتۇراقلاشقان دېھقان قەبىلىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى «شەرق تارىخىنى چۈشىنىشنىڭ ئاچقۇچى» دېگەندە، مانا مۇشۇ «ئۇزاق بىللە داۋام قىلىش»نى نەزەردە تۇتقانىدى.

قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ دەسلەپكى يايلاق مەدەنىيىتى تىپىغا مەنسۇپ ئىنسان تۈركۈمى زادى كىملەر ئىكەنلىكى نامەلۇم. ئەمما، ئارخېئولوگىيىلىك ـ ئانتروپولوگىيىلىك تەتقىقاتلار ئاندىرونوف ـ ئارى ئىنسان تۈركۈملىرىنى يايلاق مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ بىرقەدەر قەدىمكى خەلق دەپ ئىسپاتلىدى.

قەدىمكى يۇنان تارىخچىسى ھېرودوت (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 484 — 425) نىڭ «تارىخ» (يەنە بىر ئىسمى «يۇنان — پېرسىيە ئۇرۇش تارىخى») ناملىق كىتابىدا سىكىتايلار ھەققىدە تارىخىي ئۇچۇر قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. كېيىنكى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار سىكىتايلارنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىدىن تاكى شىمالىي ـ شەرقىي قارا دېڭىز ساھىلىغا كەڭ تارقالغان؛ ئاسۇرىيە، مېدىيە ۋە يۇنان تارىخىغا چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان جەڭگىۋار ھەم ھۈنەرساز خەلقلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

## 2

ھازىرقى كۈندە «سىكىتاي» («سىكىف»، «سىكەت») ئىبارىسى بىرقانچە زامان ۋە ماكان چەمبىرىدىكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى، بىر قاتار ئېتنونىملىق (مىللىي نامغا ئىگە) ئىنسان

تۈركۈملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاسىيا تىپىدىكى ئاق تەنلىك ئېتنوگېنىز ۋە ئېتنولوگىيىلىك ئىبارە بولۇپ تونۇلدى. رەسمىي تارىخ يەكۈنلىرى سىكىتايىلارنى ئاندىرونوفلارنىڭ ئېتنوگېنىز ۋە برونزا مەدەنىيىتى جەھەتتىكى ۋارىسلىرى، ئورال ـ ئالتاي، ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىدىن بىرى، مىتال ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ ئالاھىدە ئۇسلۇب تىپىنى ياراتقۇچىلار دەپ ھۆكۈم قىلماقتا.

سىكىتايلارنىڭ ئۆز رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، خان جەمەتى مۇنداق ئۇرۇق سىخېمىسىغا ئىگە بولغان.

قەدىمكى يۇنان تارىخچىلىرىدىن ھىرودوت سىكىتاي ۋە سارمات تىلىنىڭ بىردەكلىكىنى تەكىتلىسە، زىنو (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 355 — ؟) ئۆزىنىڭ «كىرنىڭ ساۋاقلىرى» ناملىق كىتابىدا ماسساگىتاي (ماسساگىت) لار بىلەن ساكلارنى بىر خەلق دەپ يازغان. ستىرابون (تەخمىنەن مىلادىيەدىن 64 يىل ئىلگىرى — تەخمىنەن مىلادىيە 21 ـ يىلى) «جۇغراپىيە» ناملىق ئەسىرىدە ماسساگىتلارنى ساكلارنىڭ بىر قىسمى دېگەن. پارسلار بارلىق ماسساگىتلارنى «ساك» دېسە، ھىندىلار ئوتتۇرا ئاسىيا سىكىتايلىرىنى ساكلار دەپ ئاتىغان. ئۇلاردا سىكىتاي ئاتالمىسى بولماستىن، «سەك»، «ساك» ئاتالمىسى بولغان. جۇڭگو يىلنامىلىرىدە سىكىتاي ئاتالمىسى بولماستىن، «ساك» (سەي جۇڭ) ئاتالمىسى بولغان ۋە ئومۇمىيۈزلۈك «رۇڭ خو» (مويلاۋلۇق غوزلار) دېگەن ئىبارە قوللىنىلغان.

قەدىمكى رىۋايەتلەر ئاساسىدا تۈزۈلگەن زارا توستىرازم ئىلاھىيەت كىتابى «ئاۋىستا»دا سىكىتاي (سەكەت) نامى «سىكاتا» نامىدا، كۆچمەنچى چارۋىچى ساكلار «تۇر»، «تۇران» نامىدا تىلغا ئېلىنىسا، ھىندىستاندىكى ئارىلار لىگىندىسى (قەھرىمانلىق رىۋايىتى) «ماخاپخاراتا»دا بۇ نام «سىكىف» ياكى «سىكىف ـ ئارى» نامىدا، يۇنان يېزىقلىرىدا «Σχiθαi» نامىدا تىلغا ئېلىنغان.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى نامىدا نەشر قىلىنغان كۆپ توملۇق «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى»نىڭ 1960 — 1961 - يىللىرى نەشر قىلىنغان خەنزۇچە نۇسخىسىنىڭ 1 - توم، 625 — 629 - بەتلىرىدە: «مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 — 6 - ئەسىرلەردە ساك - سارماتلار مەدەنىيىتى بىردەك ئىدى»، «ساك - سارماتلار ئاندىرونوفلارنىڭ ئەۋلادلىرى» بولغان دەپ يېزىلغان ھەم ئۇلار بايقال - مىنوسىپنىڭ، ئالتاي، شەمەي - زايسان رايونلىرىدىكى قەدىمكى دىڭلىڭلار بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان. شۇ كىتابنىڭ 2 - توم 237 - 609 - بەتلىرىدە: «دىڭلىڭلار غەربىي سىبىرىيىدىكى ياۋروپا نەسىللىك ئاھالە بولۇشى ئېھتىمال»، «ئۇلارنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىللاردا خۇاڭخې ۋادىسىغا كۆچكەن قەدىمكى دىڭلىڭلار بىلەن قانداق ئالاقىسى بارلىقى نامەلۇم»، «يۇرچىلار - ماسساگېت كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلىرىنىڭ بىر ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت» دەپ يازغان، مېسوپوتامىيىدىكى «ستان» ئېلىنى ساكلار قۇرغان «ساكىستان» ئىدى، دەپ كۆرسەتكەن. بۇ بايانلاردىن ساك، ساكەت، سىكەت، سىكاتاي، ماھاساك، ماھاساكەت (چوڭ ساكلار) ئاتالمىلىرىدىكى ياندىشلىقنى، جۇملىدىن، جەنۇبىي ۋە غەربىي سىبىرىيىنى قاينار بۇلاق قىلغان ساك - سىكىتاي قەبىلىلىرىنىڭ خۇاڭخې، بايقال ۋادىسىدىن تاكى قارا دېڭىز ساھىلى ھەم شىمالىي ھىندىستان. غەربىي ئاسىياغىچە تەسىر كۆرسەتكەن قەدىمكى چەۋەندازلار تۇركۇمى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

## 3

مۇز دەۋرىنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن يايلاق مەدەنىيەت تىپىنىڭ شەكىللىنىشى ئىلگىرىكى تاغ - جىلغىلارنى ياقىلاپ قاتنايدىغان «ئوۋچى يولى» ۋە ئاددىي «كەپە» قونالغۇلىرى

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئورنىغا تارىخىدا ئۇلۇغ «برونزا يولى»نى بەرپا قىلدى. ئاتقا مىنىش تېخنىكىسى بارغانسېرى «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» ۋە چەۋەندازلار يۈرۈشلىرىنى باشلىۋەتتى. بۇ «يىپەك يولى» دىن ئىلگىرىكى ئاسىيا ـ ياۋروپا قاتناش لىنىيىسى ئىدى. بايقال ـ بالقاش ـ باغراش، ئالتاي ـ ئورال دىيارىنى قاينار بۇلاق قىلغان ئاندىرونوف ئەۋلادلىرى ھەر 1000 ـ يىللاردا چوڭ كۆلەملىك چەۋەنداز يۈرۈشلىرى ۋە قەبىلىلەر يۆتكىلىشلىرىنىڭ تارىخىي تىياتىرلىرىنى ئويناپ تۇرۇشتى.

سكىتايلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىللاردا ئىلگىرىكى ئارىلار، كىممېرىلار (سىممىلئانلار) ئىزىنى بېسىپ غەربىي سىبىرىيە ۋە جەنۇبىي رۇسىيە يايلاقلىرىغا داۋاملىق سۈرۈلدى.

كىممېرىلار سكىتايلارغىچە غەربكە ۋە جەنۇبقا سۈرۈلۈپ، غەربىي ئاسىيادا ئاتلىق ئوقياكەش ھەربىي كۈچ سۈپىتىدە غايەت زور تەسىر قوزغىغانىدى. ئۇلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 8 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى ئورارتۇ پادىشاھى روسا I نى، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىرنىڭ 5 ـ يىلى قۇدرەتلىك ئاسسۇرىيە ھەربىي دۆلىتىنىڭ پادىشاھى سارگون II نى جەڭدە ھالاك قىلغانىدى.

سكىتايلار بۇ جايلاردا پەيدا بولغاندىن كېيىن تېزلىكتە كىممېرىلارنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىردە مېدىيىنى بېسىۋالدى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى ئاسسۇرىيە بىلەن سوقۇشتى. سكىتاي سەركەردىسى ئىسپارخان ئۆلۈپ، ئوغلى پارتا تۇتاخان جەڭنى داۋاملاشتۇردى. ئاسسۇرىيە شاھى ئاسار قاتۇن پارتا تۇتاغا ئۆز قىزىنى ياتلىق قىلىپ، ئىككى تەرەپ ياراشتى. پارتا تۇتانىڭ ئوغلى موري خان كىچىك ئاسىيادىكى كىممېرىلار سېپىنى تارمار قىلىپ، غەربىي ئاسىيادا قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچكە ئايلاندى. ئۇلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 633 ـ يىلى ئاسسۇرىيە،

سۇرىيە، پەلەستىننى ئىشغال قىلىپ، مىسىرنى لەرزىگە كەلتۈردى.

تارىخ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىرگىچە سىكىتاي چەۋەندازلىرىغا ئاتا قىلغان «تەڭرىنىڭ ئەركىسى» سەلتەنىتىنى يىغىشتۇرۇۋالدى. تۆمۈرنىڭ كەڭ قوللىنىلىشى گاللىيە ۋە ئىئونىيە قاتارلىق ئاربلاشما شەكىلدە مەيدانغا چىققان يۇناننى يېڭى تارىخي پەللىگە باشلاپ كىردى. قەدىمكى بابىل، ئاسۇرىيە، مېدىيە ئىزىدا كىر باشچىلىقىدىكى ئاخېمېندىلار سۇلالىسى مەيدانغا كەلدى. گرېك ۋە پارسلار سىكىتاي قوراللىرى، چەۋەندازلىقى ۋە ئوقياچىلىقى بىلەن قوراللاندى. سىكىتاي قەبىلىلىرى شەرقتە چىن، غەربتە يۇنان، جەنۇبتا ئاخېمېندىلار سۇلالىسى ئارىسىدىكى تارقاق ئىجتىمائىي كۈچكە ئايلاندى. ھەرقايسى يېڭى گۈللەنگەن سۇلالە ۋە ئىمپېرىيە ھەم خانلىقلار سىكىتاي ـ ساك ـ ماسساگېت قەبىلىلىرىدىن پايدىلىنىپ ياكى ياردەم سوراپ ئۆز ئىستراتېگىيىسىنى ئورۇنداشقا تەمشەلدى. كىر دەل گرېكلارغا قارشى جەڭدە ماسساگېتلاردىن ياردەم سورىغاندى.

يۇنان تارىخچىلىرىنىڭ ۋە ئىران مەنبەلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئاخېمېندىلار شاھىنشاھلىرى ساك ـ ماسساگېتلارنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئۇرۇنغان.

ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانلار تۈركۈمىدە پارسلارنىڭ ئاخېمېندىلار سۇلالىسىگىچە، بولۇپمۇ كىياندىلار زامانىدا تۇرانى ساكلار بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى كەيخۇسراۋ بىلەن ئەپراسىياپنى مەركەز قىلغان ھالدا بايان قىلىنغان. شائىر دەسلەپى تۇران ساكلىرىنى قۇدرەتلىك، كېيىنچە پارسلارنى قۇدرەتلىك قىلىپ تەسۋىرلىگەن.

ھېرودوت ساك ئايال سەركەردىسى تۇمارىسنىڭ كەيخۇسراۋنى ھالاك قىلغانلىقىنى ھېكايە شەكلىدە يېزىپ قالدۇرغان. ئاخېمېندىلار پادىشاھى كىر ماسساگېتلارغا يۈرۈش قىلغاندا،

ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقى ئامورگىنى تۇتقۇن قىلغان. بۇ چاغدا ئامورگىنىڭ ئايالى سپارېترا قوشۇنغا رەھبەرلىك قىلىپ كىرنى ھالاك قىلغان. مىلادىيەنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە ياشىغان دىئودورۇس ئۆزىنىڭ «بىلىم خەزىنىسى» ناملىق كىتابىدا ساك ئايال قەھرىمان زارىنا① نىڭ ئاخېمېنىدىلار ھۇجۇمىنى تارمار قىلغانلىقىنى يازغان. پولو ئېنوسنىڭ «ھەربىي ھىيلە» ناملىق ئەسىرىدە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 513 ـ يىلىقى ساك قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا كەلگەن قوشۇننى شىراق ناملىق پادىچى بالىنىڭ چەكسىز دەشتكە ئالداپ كىرىپ ھالاك قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. تارىخ ئاخېمېنىدىلارغا تاكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ئىستېلاسى ۋە يۇنانلاشقان دۆلەتلەر سىستېمىسى شەكىللەنگىچە «تەڭرىنىڭ ئەركىسى» پېرسوناژلىقىنى بەرگەنىدى.

## 4

سىكىتاي ـ ساك قەبىلىلىرى مىلادىيەدىن ئىلگىرى ـ كېيىن ئۆزى تارقالغان جايلاردىكى ئېتنىك ـ سىنكرېتىك قاتلامغا گاھى ئاساسىي گەۋدە، گاھى قوشۇمچە تەركىب بولۇپ سىڭىپ كەتتى. ئەمما، سىكىتاي ـ ساك قەبىلىلىرى مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيەت ۋە سەنئەت تارىخىغا ئۆچمەس يادىكارلىقلىرىنى قويۇپ كەتتى.

سىكىتاي ـ ساك قەبىلىلىرى ئۆزلىرى ياراتقان ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىدا، دىنىي مۇئەككەللەرنىڭ مېتالغا ئىشلەنگەن فىگۇرا (قونچاق)لىرىدا ئۆز ئوبرازىنى قالدۇرۇپلا قالماستىن، يەنە ئىران ۋە ھىندىستان بۇددىزمى تەسۋىرى سەنئەت

① «زارىنا» ـ «سىكىتاي تىلىدا «بۇغا» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ قەھرىماننىڭ نامى «زارىنا زىلا» ئىدى.

يادىكارلىقلىرىدىمۇ ئۆز ئوبرازىنى قالدۇرۇپ كەتتى.

پېرسىيە (ئىران) دىكى نەقىشنى رۇستەم قىياسىغا يېزىلغان ئېروگلىف يېزىقلىرىدا ساكلارنىڭ نامى ئۇلار جايلاشقان پەرغانە ـ ئالاي، يەتتەسۇ ـ ئىلى، ئامۇ ـ ئارال يۆنىلىشى بويىچە «ساكا ـ تىگراخا ئۆرە» (ئۆرە ـ ئۇچلۇق تەلپەكلىك ساكلار)، «ساكا ـ تىئايتارا دەريىە» (دەريا ئارقىسىدىكى ساكلار) ۋە «ساكا ـ خائۇماۋاركا» (ئارمورگا ساكلىرى) دەپ يېزىلغان. ئۇلارنىڭ ئوبرازى ئىراننىڭ بېستۇن قىيالىرىدىكى قاپارتمىلىق ھەيكەل تەسۋىرىدە دارا ئالدىدىكى قۇتلاشتۇرغۇچىلار قاتارىنىڭ ئارقىسىدىن ئۈچىنچىسى ئېگىز كۇلا كىيگەن «ساك سىكۇنخا» دەپ يېزىلغان.

بىز ھېرودوتنىڭ ئۇچلۇق كىگىز تۇماق (تۇماق)، شالۋۇر (شىم) ۋە تېرە ئۆتۈك كىيگەن سىكىتاي ئېتىنىك كىيىنىش پورمىسى ھەققىدىكى خاتىرىلىرى بىلەن خالچايان، نىسا، ئايرىتام، ئەپراسىياپ قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان مېترا، ئاناخىت ئىلاھلىرى ئوبرازلىرى، ئۇچلۇق كۇلا كىيگەن ھەيكەل ـ قونچاقلار، چالغۇچىلار ئوبرازلىرى، خوتەن يوتقان خارابىسىدىن تېپىلغان ساپالغا قاپارتمىلىق ئىشلەنگەن ئادەم قىياپىتى كۆرۈنۈشلىرى بىلەن قەندىھار بۇددىزمى قاپارتما ھەيكەللەر تەسۋىرىدىكى ئۆتۈكلۈك راھىبلار قىياپەتلىرىدىن ماسساگېت ـ ساك سىكىتايلىرىنىڭ ئېتنىك شەكلىنى قىياس قىلالايمىز. بۇنىڭدىن باشقا كۆلئوپادىن چىققان كوزىغا سىزىلغان سۇنغان پۇتنى تېڭىۋاتقان سىكىتاي جەڭچىلىرىنىڭ كۆرۈنۈشى بىلەن سىكىتاي چەۋەندازلىرىنىڭ ئارقىغا قاراپ ئوق ئۈزۈپ، تايغان ئەگەشتۈرۈپ ئىلگىرىلەش ۋە قورشاۋغا چۈشۈپ قالغاندىكى تىركىشىش ھالىتى تەسۋىرلەنگەن كۆرۈنۈشلەر سىكىتاي ئېتنىك قىياپىتىنى ئېچىپ بېرەلەيدۇ. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىردە ياسالغان ئالتۇن كۆكرەكتانىغا سىكىتايلارنىڭ سىيىر سېغىش ۋە تېرە ئەيلەش ھالىتىدىكى كۆرۈنۈشى

تەسۋىرلەنگەن. بىز دنېپر دەرياسى بويىدىن تېپىلغان ۋە مىلادىيەدىن 4 ــ 5 ئەسىر ئىلگىرى ياسالغان ئالتۇن تاراقنىڭ ئارىلىقىغا بەش شىرنىڭ سوزۇلۇپ ياتقان كۆرۈنۈشى بېرىلگەن، ئۈستىگە سىكىتاي ـ رايئون ئۇرۇش مەنزىرىسىدىن بىر دېتال ئىشلەنگەن كۆرۈنۈشنى سىكىتاي ئېتنىك تەسۋىرىنىڭ يەنە بىر نۇسخىسى دەپ بىلىمىز. بۇ گۈزەل ئالتۇن تاراق سىكىتاي ھەيكەلتىراشلىقى ۋە ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ نەقەدەر نەپىسلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان يەنە بىر مۇھىم تارىخىي ـ مەدەنىي يادىكارلىق.

سىكىتايلار ھەربىي چەۋەندازلار ئىتتىپاقلىرىغا بىرلەشكەنىدى. ھېرودوت سارماتلارنى يۇنان ئەپسانىلىرىدە نامى ساقلانغان ئامازۇن ئاياللىرى بىلەن سىكىتاي يىگىتلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن پەيدا بولسا كېرەك، دېگىنىدە، ئېھتىمالىم سارماتلاردا ئاياللار مەۋقەسىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى نەزەردە تۇتسا كېرەك. ئۇلار سارمات ئىبارىسىنى «ماتا» (ئايال)، «سارۋا» (بارلىق) دېگەن ئارى تىلى بىلەن (كېيىنكى سانسكرىت تىلىغا سىڭىپ كەتكەن تىل بىلەن) تەھلىل قىلىشقان. يۇنان تېبابەتچىسى ھىپپوكرات (بەقرات) «سارمات قىزلىرى ئۈچ دۈشمەننى ھالاك قىلمىغۇچە ئەرگە چىقمايدۇ» دېسە، ھېرودوت «سارمات ئاياللىرى ئەرچە كىيىنىپ، ئاتلىق جەڭ قىلىدۇ» دېگەن. ئەگەر قەبرىلەر كوللېكتىپ جەسەتگاھ (شام گۆر) بولسا، ئايال جەسەت مەركىزىي ئورۇنغا قويۇلاتتى.

سىكىتايلار قۇلاق تۇسۇلىدىغان ئۇچلۇق تۇماق، شالۋۇر (شىم)، قارا تېرە ئۆتۈك ياكى چورۇق كىيىشتىن تاشقىرى، بېلىگە قېيىش كەمەر تاقايتتى. ئوقيا، خەنجەر، ساكاس (ساك) پالتىسى بىلەن قالقان تۇتاتتى. ئۇلار تۆت ۋە ئالتە چاقلىق ھارۋىلارغا بوز ئۆيلەرنى قۇرۇۋېلىپ كۆچۈپ يۈرەتتى. ئۇلار ئاساسلىقى كۆچمەن چارۋىچىلىق، قوشۇمچە تېرىقچىلىق ۋە ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار تەدرىجىي ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن پىيادە ئەسكەر تەشكىل قىلىشتى.

ئۇلارنىڭ ھەربىي ئىنشائاتلىرىدىن ئىگوٚرفىنلار، سىلاۋىيانلار، ماكېدونىيىلىكلەر پايدىلىنىشتى.

سىكىتايلار كۆك تەڭرىگە، قۇياش مېتراغا، ئاناخىست ئىلاھىغا، ئاي، سۇ، ئوت، يەر ۋە ئەجدادلار روھىغا ئېتىقاد قىلاتتى. قىلىچ ـ خەنجەر ئۇلارنىڭ جەڭ خۇداسى بولۇپ، ئۇنى يەرگە سانجىپ قويۇپ ئات ـ قوللان قۇربانلىق قىلىشاتتى. غەلىبە ۋاقتىدا رەقىبىنىڭ باش سۆڭىكىدىن قەدەھ ياساش، قان ئىچىپ ئەھدىلىشىش، ۋاپات قىلغۇچى بىلەن بىللە ئات دەپنە قىلىش، تاش قەبرە ۋە ياغاچ قەبرىلەر بىلەن ئۆلگۈچىنى ئاخىرەتلىككە ئۇزىتىش ئۇلاردا ئومۇملاشقان ئادەت ئىدى. ئۇلاردا ئىبادەتخانا بولمىغان، كاھىن بولمىغان، ئېكون (بۇت) بولمىغان دېگەن قاراش قايتا تەلقىن قىلىنىشقا لايىق بولۇپ، ئۇلاردا كۆپلىگەن برونزا ئىلاھىي ئوبرازلىرى ۋە سىكىتاي شامانلىرى بولغان. كېيىنچە براخمانىزم مەبۇدى ھېسابلانغان ئىندىرا ئەسلىي سىكىتاي ئىلاھىي ئوبرازىدىن بىرى ئىدى. بۇ ئىلاھىي ئوبرازلار «ماخاپخاراتا» ۋە زاراتوستىرازم، بۇددىزم ئېتىقادلىرىغا سىڭىپ كېتىشتى.

سىكىتاي تىلى گەرچە «ئۆلگەن تىل» ھېسابلانسىمۇ، ئۇ باشقا «ئەۋلاد تىللىرى» غا سىڭىپ كەتكەن. «Tavuti» (ئوت)، «zarina» (بۇغا)، «sualiyu» (قۇياش)، «ماھاخا» (ئۇلۇغ پادىشاھ)، «پەغپۇر» (پادىشاھ)، «باتىرا» (قەھرىمان)، «چاھرا» («چارۋا» ـ ئائىلە)، «چاكار» (قۇل) قاتارلىق بىرقانچە سۆزلۈك ئۇنىڭ مىسالى خالاس.

## 5

سىكىتاي قەبىلىلىرىنىڭ مېتال ھۈنەر ـ سەنئىتى گەرچە ھايۋان ئوبرازلىرى بىلەن چەكلەنمىگەن بولسىمۇ، يەنىلا ھايۋان ئوبرازلىرى سەنئىتىنى (animalart) ئاساسىي تېماتىك سۆزىت قىلغانىدى.

سكىتايلار برونزا، جۇملىدىن ئالتۇن (مانجىگەن) ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ ئۆز زامانىسىغىچە مىسلىسىز ماھىرلىرى ئىدى. ئۇلار ھەر خىل ھايۋان ئوبرازلىرىنى گرېكچە تەقلىدىي ئۇسۇلدا ئەمەس، بەلكى مۇبالىغە ۋە تەسەۋۋۇر ۋاستىسى بىلەن جانلىق ئىپادىلەشنىڭ خاس ئىستىلىنى ئىختىرا قىلىشتى. ئۇ مەلۇم مەنىدە ھازىرقى زامان ئىپادىچىلىك ئۇسلۇبىغا ئوخشاپ قالغانىدى. جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى مىنۇسىنىڭ يېنىدىكى تاكار ئارىلىدىن تېپىلغان ۋە كېيىن ئالتۇن قورغان دەپ نام ئالغان سكىتاي قەبرىگاھلىقىدىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىللاردا داۋام قىلغان سكىتاي مېتال ھۈنەر ـ سەنئىتى يادىكارلىقلىرى تېپىلدى. بۇ بىر ھەربىي قەبىلە ئىتتىپاقى قالدۇرۇپ كەتكەن قەبرىگاھ بولۇپ، چىققان بۇيۇملار ئىچىدە ئەر ـ ئايال سكىتايلارنىڭ جەڭ تەسۋىرى، ئاتلىق چەۋەنداز (ۋەھالەنكى، قاراسوق قەبرىلىرىدىن ئاتقا مىنىش ئەمەس، ئات ھارۋىغا ئولتۇرۇش كۆرۈنۈشى چىققان)، قىسمەن تۆمۈر بۇيۇملار چىققان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا تۆمۈرنىڭ كۆپلەپ ئىستېمال قىلىنىشى بىلەن ئېرتىش بويىدىكى مىس كانلار خارابىلىشىپ قالدى.

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر قاراسوق، بازىرىق، تاكار مەدەنىيەت قاتلاملىرىدىن ئورال، دنېپر ۋە قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي ساھىللىرى بىلەن يەتتەسۇ، پامىر، خوتەن ۋە ئالتاي ـ تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە سكىتاي ـ ساك مېتال ھۈنەر ـ سەنئەت يادىكارلىقلىرىنىڭ كۆپلەپ تېپىلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلەندى. 1969 ـ يىلى ئالمائاتا يېنىدىكى «ئەسىكقورغان»دىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5 ـ ئەسىرگە ئائىت ئالتۇن دۇبۇلغا ۋە زەنجىرلىك ئالتۇن ساۋۇت كىيىم قاتارلىق بۇيۇملار تېپىلدى. بۇ دۇبۇلغىغا قاناتلىق تاغ تېكىسى، بېلى پۈكلەنگەن شىر تەسۋىرى، بۇ ئالتۇن ساۋۇت كىيىمىنىڭ ياقا ـ ئېتەكلىرىگە قاتار بۆرە بېشى نەقىشى، كەمەر تاقىلىرىغا بېلى پۈكلىنىپ ئىشلەنگەن ئات تەسۋىرى ئىشلەنگەن. سكىتايلار ئات بىلەن

شىرنىڭ جىددىي ئېلىشىش كۆرۈنۈشلىرىنى تەسۋىرلىگەن بىر قاتار ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئىشلىگەن. 12 ـ ئەسىردە پېتىر I ئەۋەتكەن ئەترەت سىبىرىيىدىن ئېرمىتاژ مۇزېيىغا قولان ۋە شىرنىڭ ئېلىشىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن ئالتۇن ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇمىنى ئەكەلدى. بازىرىقتىن ئېيىقنىڭ بۇغىغا ئېتىلىشى بىلەن بىللە ئات ئوبرازىغا ئائىت كۆپلىگەن مانجى (ئالتۇن) ۋە برونزا بۇيۇملىرىنى تاپتى. سىكىتايلار ئالتۇندىن ياسالغان ئات بېشى كىف تارىخ مۇزېيىدا ساقلانماقتا. بۇ قەبىلە ئاقساقىلى كوراش مىنگەن ئاتنىڭ تەسۋىرى دېگەن سۆز بار. سىكىتاي ھۈنەر ـ سەنئەت ماھىرلىرى كالا، تاغ تېكىسى، يىلپىز قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ھەرىكەت ئۈستىدىكى قىياپەتلىرىنى مېتال ئارقىلىق جانلىق ئىپادىلەشكە ئۇستا بولغان. قارا دېڭىزنىڭ شەرقىي ساھىلىدىكى كراسنودار ئەتراپىدىكى كولېرنوس كونا قەبرىسىدىن تېپىلىپ، ھازىر ئېرمىتاژدا ساقلىنىۋاتقان برونزا ئەينەك كەينىگە سەككىز پارچە ئۈچ بۇلۇڭلۇق تەسۋىرىي رەسىم سىزىلغان بولۇپ، قاناتلىق يىلپىز بىلەن كۆرۈشۈۋاتقان يالىڭاچ ئادەم، قاناتلىق ئادەم، ئادەم باشلىق قاناتلىق شىر، شىر ۋە يولۋاس، تاغ تېكىسى، ئىت ـ بۆرە، ئارقار قاتارلىق ئوبرازلار چېكىلگەن. بۇ مىلادىيەدىن 4 — 5 ئەسىر ئىلگىرىلا گرېك، مېسوپوتامىيە، ئاندىرونوف ـ ئارى مەدەنىيەتلىرىدە روشەن سېنكرىتىك مۇناسىۋەت شەكىللەنگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

## 6

سىكىتاي مېتال ھۈنەر ـ سەنئىتى سارمات ـ ساك قەبىلىلىرىدىمۇ بىردەكلىك بىلەن ئىپادىلەنگەن. بۇنى بىز ساك كەمەر تاقىسىغا ئىشلەنگەن، ئارقا تەرىپى ئات شەكىللىك بۇغا ئوبرازى بىلەن ياقۇت كۆزلۈك ساك سىرغىسىدىن روشەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆرىمىز. سىبىرىيىدىن تېپىلغان يولۋاس بىلەن بۇغىنىڭ ئېلىشىشىنى كۆرسىتىدىغان ئالتۇن ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇمى بىلەن ئىككى سارمات جەڭچىسىنىڭ ئوقدانىنى دەرەخكە ئېسىپ قويۇپ، ئىككى ئاتنى تۇتۇپ، بىر جاراھەتلەنگەن ئايال (قىز)نى تىزىغا ياتقۇزۇپ تۇرغان كۆرۈنۈشتىكى ئالتۇنغا ئىشلەنگەن ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇمى بۇ ئەنئەنىۋى بىردەكلىكنىڭ روشەن پاكىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئەنئەنىۋى ئوخشاشلىق سىكىتاي ـ ساك ـ ماسساگىت ـ سارماتلارنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئىشلىگەن «ھايۋان تەسۋىرى ئۇسلۇبى»دىكى برونزا، تۆمۈر بۇيۇملىرىدىمۇ كۆپلەپ گەۋدىلەنگەن.

بىز بازىرىق قەبرىگاھلىقىدىن چىققان قوش قىياپەتلىك يەڭگىل ياسالغان سەنئەت بۇيۇمى ئارقار بىلەن نامەلۇم ھايۋاننىڭ ئېلىشىشى تەسۋىرلەنگەن ئۈچ ئاسقۇلۇق تومار ۋە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 6 ـ ئەسىردە بازىرىق قەبرىسىگە دەپنە قىلىنغان 60 ياشلىق جەسەت بەدىنىدە ساقلىنىپ قالغان كۆك چەكمە قاتارلىقلاردىمۇ سىكىتايچە «ھايۋان تەسۋىرى ئۇسلۇبى» مەۋجۇتلۇقىنى كۆرىمىز. بۇنداق ھالەت ئالتاي شىمالىدىن تېپىلغان پالاس، زىلچا نەقىشلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ.

بىز نوئىن ئۇلاردىن تېپىلغان ھون قەبىلە باشلىقى كۇلاش بىلەن بىللە كۆمۈلگەن مىس بۇيۇمغا ئىشلەنگەن قاپارتمىلىق فىگۇرا (ئېھتىمال ئات بولۇشى مۇمكىن) دىن بۇنداق ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن سىكىتاي ئۇسلۇبىنى كۆرىمىز.

## 7

سىكىتاي مېتال ھۈنەر ـ سەنئىتى ئاندرونوفلارنىڭ كوزا ۋە ساپال (كاھىش) بۇيۇمغا گېئومېترىيىلىك ئابستراك نەقىشلەر سىزىش ئۇسلۇبىدىن ئۆزىنىڭ ھايۋان ئوبرازى، ئابستراك گېئومېترىيىلىك تامغا ۋە ئاددىي قىياپىتىنى

بىرلەشتۈرۈش ئۇسلۇبىنى قوللانغانلىقى بىلەن زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىدى. ئاندىرونوفلارنىڭ ئۆركەش، كەلكۈن شەكىللىكى ئابستراك گېئومېتىرىيىلىك نەقىش نۇسخىلىرى مەركىزىي ئاسىيا پالاس – گىلەمچىلىكىگە سىڭدى. بىز سىكىتاي – ساك مېتال ھۈنەر – سەنئىتى ئۇسلۇبىدا گەۋدىلەندۇرۇلگەن بىر قاتار ئېستېتىك قاراش ۋە بەدىئىي ئۇسۇللارنىڭ مەركىزىي ئاسىيانىڭ كېيىنكى ئاھالىلىرى تەرىپىدىن داۋاملاشتۇرۇلغانلىقىنى كۆرىمىز.

شىنجاڭ بۇددىزم سەنئەت يادىكارلىقلىرىدا سىكىتايچە ئەۋرىشىم فىگۇرا ئۇسلۇبى نەمۇنىلىرى ساقلانغان.

بىز بايقال، موڭغۇلىيە، تۇۋا چەمبىرىكى؛ غەربىي سىبىرىيە (لىنا – يەنسەي) چەمبىرىكى؛ ئالتاي (بولۇپمۇ بازىرىق، باشادار، كاتانقورغان) چەمبىرىكى، ئالمائاتا – يەتتەسۇ چەمبىرىكى؛ پامىر – خوتەن چەمبىرىكى ۋە شەرقىي ياۋروپاغىچە سوزۇلغان سىكىتاي مېتال ھۈنەر – سەنئەت چەمبىرەكلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، ئالتۇن، بىرونزا، مىس ۋە تۆمۈرگە ئىشلەنگەن تەسۋىرىي سەنئەت فىگۇرىلىرىنىڭ ئالاھىدە ئېستېتىك قاراش ۋە ئېتنىك ئالاھىدىلىك ئەنئەنىلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ ھەقتە ئا. ن. ئانىسموف «شەرق ئەللەر سەنئىتى» (1986 – يىلى، موسكۋا) ناملىق كىتابىنىڭ 63 – بېتىدە: «‹ھايۋان تەسۋىرى ئۇسلۇبى›دىكى سەنئەت خۇددى ئەينەكتەك ئىنسانىنى قورشاپ تۇرغان تەبىئەتكە بولغان بىۋاسىتە مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۇردى ۋە ئىنسان پائالىيىتىدىكى ياخشىلىق – يامانلىق، ھايات – مامات قاراشلىرىنى ئىپادىلىدى» دەپ يازغانىدى.

بىز سىكىتاي مېتال ھۈنەر – سەنئىتىدە مەنپەئەتدارلىق پرىنسىپى بىلەن ئېستېتىك پرىنسىپنىڭ بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، سىكىتايلار ئىشلىگەن قاناتلىق ئات، قاناتلىق تاغ تېكىسى فىگۇرىلىرى ئۇنىڭ تۇرمۇشتىكى

مەنپەئەتدارلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش شەرتى ئاستىدا قانات تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق، ئۇنىڭ تېزلىكى سىمۋوللاشتۇرۇلغان. بۇنداق «ئۇچقۇر قانات» سىمۋولى يەنىلا ئۇ خىل هايۋانلارنى مىنگەن ياكى دۈبۈلغىسىغا تامغا قىلىپ بېكىتكەن ئىنساننى، ئىنسان سۈبيېكتىنى، ئىنسان ئېپتىخارلىرىنى ئۇل قىلغان.

بىز سىكتاي مىتال هۈنەر - سەنئىتىدە نوقۇل مەۋجۇت هايۋان ئوبرازى ئىنكاس قىلىنىپ قالماستىن، يەنە «زوئومورفىزملىق» — هايۋانلاشتۇرۇلغان تەسەۋۋۇر ۋە ئىجادىيەت ئىستەكلىرىنىڭ گەۋدىلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئادەم باشلىق قۇش، ئادەم باشلىق هايۋان، بۈركۈت باشلىق شىر، هەر خىل ئەپسانە شەكلىدىكى هايۋان قىياپەتلىرى بۇ نۇقتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ هۈنەر - سەنئەت ئۇستىلىرىنىڭ نوقۇل تەقلىدىيەت، نوقۇل ئەينەن ئىشلەش ئۆلچەملىرىدىن هالقىپ، ئۆز تۇيغۇ ۋە قاراشلىرىنى ئىجادىي زونومورفىزم ۋاستىلىرى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىز سىكتاي مىتال هۈنەر - سەنئىتىدە ئىپلاستىك ئۇسۇلنىڭ ئەڭ تىپىك نەمۇنىلىرىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ قەدىمكى بايقال، موڭغۇلىيە، ئالتاي دالىلىرىدا خۇددى يول بەلگىسىگە ئوخشايدىغان «بۇغا تاش»لارغا نەزەر سالساق، تاشقا چېكىلگەن بۇغا ئوبرازلىرىنىڭ ئىپلاستىك ئۇسۇلدا ئۆرلەپ چېپىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. هايۋان ئوبرازىنى بىر ياكى بىر قانچە قاتلاپ ئىشلەش سىكتاي هۈنەر - سەنئىتىدە ئىپلاستىكلىق ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىشنىڭ يۇقىرى نەتىجىلىرىنى ياراتقان. ئەگەر ئالمائاتا يېنىدىكى «ئەسكىقورغان» قەبرىسىدىن تېپىلغان يۈزدىن ئارتۇق ئالتۇن هالقىدىن تەشكىل تاپقان سىكتاي ئاقساقىلى دۈبۈلغىسى ۋە كەمەر پوتىسىغا نەزەر سالساق، ئۇنىڭدا ئاتنى پۈكلەپ چاپقان هالەتتە تەسۋىرلەنگەنلىكىنى، دۈبۈلغىغا ئىشلەنگەن دەرغەزەپ ئارسلان (خانلىق ئالامىتىنىڭ) پۈكلەنگەن هەم قاناتلىق ئىشلەنگەنلىكى

دىققىتىمىزنى جەلپ قىلىدۇ. بۇ قەبرىلىكتىن بىلىگە «ئەگىنەك» ئاسقان قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ ئالتۇن كىيىمىدىن باشقا، يەنە خۇددى ئورخۇن يېزىقلىرىغا ئوخشاپراق كېتىدىغان خەتسىمان بەلگىلەر چېكىلگەن كۈمۈش قاچا چىققان.

ئېلاستىكىلىق يىلان شەكىللىك ئات ئوبرازى بىلەن ئىشلەنگەن تۇرمۇش بۇيۇمىدا تېخىمۇ ھەيران قىلارلىق قىياپەت ھاسىل قىلغان. بۇ ئۇسلۇبتىكى بۇيۇملار موڭغۇلىيە ۋە ئېلىمىز جۇڭگودىمۇ تېپىلغان.

بىز سىكىتاي مېتال ھۈنەر ـ سەنئىتىدە ھالقىسىمان ئات تۇۋاقلىرى، دولقۇنسىمان بوغا مۈڭگۈزلىرى ئۇچقان ھالەت، بۆرۈلۈپ كەينىگە قارىغان ھالەت، چىرمىشىپ كەتكەن ھالەتتىكى ھايۋان ئوبرازلىرىدىن ئەينى زامان سىكىتاي ـ ساكلارنىڭ روھىي تاشقىنلىرىنى، ئۆزلۈككە بولغان قايناق ئېھتىيارىنى كۆرىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا مانى تەسۋىرى ۋە شىنجاڭدىن تېپىلغان مانىزم سىزما يادىكارلىقلىرى

## 1

كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز بىرقانچە ئون يىللىق ماكرو تېماتىكا تەتقىقاتى ئاساسىدا يېقىندىن بېرى مىكرو تېماتىك تەتقىقاتىغا يۈزلەنمەكتە. بۇ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا جاۋاھىراتلار خەزىنىسىنى ئومۇميۈزلۈك قايتا ئىختىرا قىلىشىمىزدا، مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى زەنجىرسىمان ئەنئەنىۋى تېماتىك ئىزچىللىق بىلەن ئىجادىيەت رەڭگارەڭلىكىنى بىلىۋېلىشتا مۇھىم ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىز بىر قاتار كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ غەزەل ۋە داستانلىرىدا مانى ئىبارىسىنىڭ مەشھۇر ئالىم، ھەيكەلتىراش (قارەن)، رەسسام (مۇسەۋۋىر)، بىناكار (مۇھەندىس)، خەتتات (قەلەمزان) شەخس سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. مانى نامىنى ئۇلار بەزىدە «مانى» دەپ يالغۇز تىلغا ئالسا، بەزىدە «ئازەر»، «بانى»، «جابۇك»، «لۇك»، «قارەن» ناملىرى بىلەن قاتارلاشتۇرۇپ تىلغا ئېلىشقان. بۇنداق قاتارلاشتۇرۇپ تىلغا ئالغاندىمۇ، يەنىلا مانىنى ئالدىنقى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈشكەن. كىشىنى قىزىقتۇرىدىغىنى شۇكى، مانى نامى ۋە ئوبرازى «چىن»، «خوتەن» سەنئىتى بىلەن بىر گەۋدە قىلىنىپ تەسۋىرلەنگەن. مانى نامى ئوت (ئازار) ۋە بابىك —

بابۇك ئىبارىلىرى بىلەن ياندىشتۇرۇلغان①.

مانى نامىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى كلاسسىك شېئىرىيەتكە قاچان كىرىپ كەلگەنلىكى ۋە قاچانغىچە ساقلانغانلىقى مۇتلەق مەنىدە بولسىمۇ، ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىي (940 ــ 1020) نىڭ «شاھنامە»سىدىن كېيىن، بولۇپمۇ نىزامى گەنجەۋىي (1141 ــ 1203) نىڭ «خەمسە» تۈركۈمىدىكى «خۇسراۋ ۋە شىرىن» داستانىدىن كېيىن بولسا كېرەك. بىز بۇ داستان نۇسخىسىدىكى ئابدۇرېھىم نىزارىي (19 ـ ئەسىر) نىڭ «پەرھاد ۋە شېرىن» داستانىدىمۇ «مانى» بىلەن «بانى» ناملىرىنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ داستانلار ئارىلىقىدا ئۆتكەن بىرقانچە ئەسىر مابەينىدە يېزىلغان كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدە مانى ئىزچىل چىن سەنئەتكارى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن.

## 2

ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىي «مانى» نامىنى ئىشلەتمىگەن، ئەمما پادىشاھ شاپۇر بىلەن بەھرامنىڭ ئۇستازى سۈپىتىدە «مەنزەر» بىلەن «نومان» ئىبارىسىنى، باشقىچە ئېيتقاندا، «م» ھەرپى بىلەن «ن» ھەرپىدىن تەشكىل تاپقان ئىككى ئىسمنى تىلغا ئالغان. «مەنزەر» ئىبارىسى «سۈرەت» مەنىسىگىمۇ ئىگە ئىدى. مېنىڭچە، ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىي مانىنىڭ شاپۇر (241 ــ 272) تەختكە چىققان تەنتەنىلىك مۇراسىمدا ئۆز دىنىنى ئېلان قىلغانلىقىدىن بىخەۋەر بولمىسا كېرەك. فىردەۋسىي مانىنىڭ سەلتەنەتكە ئولتۇرغان بۇ ياش پادىشاھقا تەربىيەتچى بولغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي ۋەقەلىكنى مەنزەر ـ نومان

① 830 ـ يىللاردا قوزغالغان ئىران، ئەزەربەيجان، ئەرمەنىستاندىكى دېھقان ـ ھۈنەرۋەنلەر قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى بابەك (بابەك 800 ــ 838).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نامىدا تىلغا ئالغان.

بىز «شاھنامە»نىڭ خۇسراۋ پەرۋىز ۋە دىتىرىنىگە ئائىت داستانلىرىدا «ۋىس قەسرى» بىلەن «مەدايىن قەسرى» بىناكارلىقىدا مانى نامى ياكى پەرھاد نامى تىلغا ئېلىنمىغانلىقىنى كۆرىمىز. فىردەۋسىي پادىشاھ قۇۋىتىنىڭ مازداق ئېتىقادىغا كىرگەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ، ئەينى زامان خەلق ھەرىكىتى روھىيىتىگە مۇتەپەككۇرانە ھۆرمەت بىلدۈرگەن.

## 3

سالجۇقىيلار خانلىقى (1038 — 1308) زامانىدا ياشىغان ۋە ئابدۇراخمان جامى (1414 — 1494) نىڭ «باھارىستان» ناملىق ئەسىرىدە «شېرىن سۇخەن شائىر، دانا ئالىم» دەپ تەرىپلەنگەن مەشھۇر ئەدىب سابىر ئىبنى ئىسمائىل تىرمىزىي (؟ — 1151) مانى ۋە چىن رەسساملىقىنى ئوچۇق ۋە يالقۇنلۇق شېئىري ئۇنچىلەر بىلەن كۆپ قېتىم بېزەكلىگەن. بەلكى بۇ تۈركىي قەبىلىلىرىنىڭ ئىران تېررىتورىيىسىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشىنى بەلگە قىلغان ئەينى زامان شېئىرىيىتىدىكى تەنھا ھادىسە بولمىسا كېرەك.

سابىر تىرمىزىي بىر تۈركۈم باھار گۈزەللىكلىرىگە بېغىشلىغان بېيىتلىرىدا، باھار پەسلىنى قەندىھار بۇددا سەنئەت تاشكېمىرلىرىدىكى رەڭدار كۆرۈنۈشكە، باھار گۈللىرىنى چىن ـ قەشقەر سەنەملىرىگە تەققاس قىلىپ، باھارنىڭ زىننىتى گۈل ـ چېچەك ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان:

«باھار پەسلى كېلىپتۇر يېڭى تەرخى باھار ئەيلە،
ئۆيۈڭنى قەندىھار بۇتخانىسىدەك لالىزار ئەيلە.»

«بولدى باغ بۇتخانا ياڭلىغ لالە گۈللەر ھۆسنىدىن،
راستتىن ئېيتسام، چىنۇ قەشقەرلىك سەنەملەر بەرق ئۇرار.»
«گۈلىستانغا كېلىپتۇ قايسى خىلدا بۇ گۈزەللىكلەر،
بولۇپ چىن سۈرەتىيۇ قەندىھار زىبباسىدەك دىلبەر.»
«گۈل دىلى شادلىق بىلەن ھىندۇ باھارىدەك گۈزەل،
گۈل يۈزى دىلبەرلىكىدىن بولدى سۈرەتگاھى چىن.»

سابىر تېرمىزىي يەنە بىر بۆلەك بېيىتلىرىدا ئىشق كەيپىياتىنى چىن رەسساملىرى سىزغان گۈزەل ئوبرازلارغا تۇتاشتۇرۇپ، گاھى ئۈمىد، گاھى ئۈمىدسىز روھىي كەچۈرمىشلىرىنى ئىزھار قىلغان ۋە مانى ئىبارىسىنى ئۆز بېيىتلىرىدە مۇنداق تىلغا ئالغان:

«سىزىپتۇ قانچە سۈرەت مانى ئازەر يۈرۈپ، ئەمما،
سېنىڭ ئايدەك يۈزۈڭ، ئەنبەرساچىڭغا تەڭ ئەمەس ئەسلا.
مېنىڭچۈن سۈرەتنى ئاي يۈزى، ئەنبەر ساچلى يارىمنىڭ،
سىزىشقا مانىيۇ ئازەرگە ھاجەت قالمادى ئەسلا.»

سابىر تېرمىزىي مانى ـ ئازەرنى سەنئەت گۈزەللىكىنىڭ يۇقىرى ماھىرلىرى دەپ بىلىپ، ئۆز دىلبىرىنىڭ تېخىمۇ گۈزەللىكىنى بۇ يۇقىرى ئۆلچەمگە سېلىشتۇرۇپ مۇبالىغە ئۇسۇلى ئىشلەتكەن.
سابىر تېرمىزىي مانى نامىنى رەسسام سۈپىتىدە قوللانغىنىدا، مانىنىڭ مانىزىم ئىختىراچىسى، مانى دەستۇرىنىڭ مۇئەللىپى ئىكەنلىكىنى بىلگەن، ئۇنىڭ ئۆلۈمگە ئېچىنغان، ئۇنى ئۆز كىتابىدا ھايات دەپ مۇنداق كۆرسەتكەن:

«بەسكى، گۈل گۈلشەن ئارا تۇتتى ماكان،
مانى ئەرجەڭ ئىچرە بولدى بوستان.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 4

تۆمۈرىيلەر خانلىقى (1369 ــ 1507)نىڭ تەسۋىرىي سەنئەت تارىخىدا تاكى ئۇستا رەسسام گون ئاتا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد شاگىرتلىرى جاھانگىر (رەسساملار باشچىسى)، سەئىد ئەھمەد تېرمىزىي، كامالىددىن بېھزات (1455 ــ 1544) قاتارلىق كىشىلەرگىچە چىن رەسساملىقىغا ناھايىتى ھۆرمەت بىلەن قارىغان. «تارىخى رەشىدىي» نىڭ مۇئەللىپى مىرزا ھەيدەرمۇ ھۇمايۇن سارىيىدا ئۇستا مۇسەۋۋىر دوست مۇھەممەدتىن رەسساملىقنى ئۆگەنگەن. بايسۇنقۇر مىرزا① سەلتەنەت سۈرگەن (1397 ــ 1434) زاماندا رەسساملار چىن رەسساملىرىنى ئۈلگە قىلىشقاندى. بايسۇنقۇر مىرزا كىتابخانىسىدىكى ئالىم ـ شائىر شاھى سەبزەۋارىي بىر ماھىر رەسسامنى مەدھىيىلەپ مۇنداق يازغانىدى:

«گەر بەچىن نۇسخەئى تەسۋىر زى پېشى ئۇ بەرەند،
تاچىھۇ رۇيى دىھىد دەر فەننى خۇدا مانىرا.»
(سىنىڭ سىزغان نۇسخىلىرىڭ ئەۋەتىلسە چىنگە ئەگەر،
مانى ئۆز ئىلمى پەنىدە يۈزىن قانداق كۆتۈرەر.)

ئەلۋەتتە، بۇ چاغدا مانى قازا قىلغانغا مىڭ يىلدىن ئارتۇق بولغان بولۇپ، بۇ ئەينى زاماندا چىن تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ بېرىلگەن غايەت چوڭ ھۆرمەت ئىدى. غەربىي ياۋروپادا ئويغىنىش ھادىسىسى يۈز بەرمىگەن زاماندا بۇ چۈشىنىشلىك بولسا كېرەك.

15 ـ ئەسىر ھىراتتا ياشىغان ۋە تۆت توملۇق (مەجمەئەت ـ

---

① شاھرۇخ بىلەن گۆھەر شادبېگىمدىن تۇغۇلغان.

تەۋارىخ» ناملىق ئەسەر (1430 ـ يىلى يېزىلغان) نىڭ ئاپتورى ھافىز ئەبرۇ ئۆز ئەسىرىنىڭ تۆتىنچى تومى «زۇبدەتەت ـ تەۋارىخ» تا ھىراتقا 1409 ـ، 1412 ـ، 1417 ـ يىللىرى جۇڭگو (مىڭ سۇلالىسى)دىن ئۈچ قېتىم كەلگەن ئەلچىلەرگە جاۋابەن 1419 ـــ 1422 ـ يىللىرى شاھرۇخ مىرزا، ئۇلۇغبەگ، بايسۇنقۇر مىرزىلارنىڭ (جۈملىدىن شىرازدىكى مىرزا ئىبراھىم سۇلتان، خارەزىمدىكى شاھ مەلىك، ئىسفاھاندىكى مىرزا رۇستەم قاتارلىقلارنىڭ) ئەمىر شادى خوجا باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكى خانبالىققا (بېيجىڭغا) باردى. بۇلار قاتارىغا بايسۇنقۇر مىرزا سۇلتان ئەھمەد دېگەن كىشى بىلەن مەخسۇس تەسۋىرچي سەنئەت مۇتەخەسسىسى خوجا غىياسىددىن نەققاشنى قوشىدۇ. ئۇلۇغبەگ سۇلتان شاھ بىلەن مۇھەممەد باخشىنى قوشىدۇ.

بۇ ئەلچىلەر 1420 ـ يىلى 25 ـ ئاپرېل قاراتېگىن بويلاپ قەشقەرگە ئۆتىدۇ. يۇلتۇز، ئۇرۇما (تۇرپان)، قاراخوجا، سوفىئاتا، قۇمۇل، قاراۋۇل (جيايۇيگۇەن)، ھۆسناباد (لەنجۇ)، قارامۇرەن (خۇاڭخې) ئارقىلىق 26 ـ دېكابىر خانبالىققا (بېيجىڭغا) يېتىپ باردى ۋە جۇدى (مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭزۇ پادىشاھى 1403 ـــ 1424) تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، 1422 ـ يىلى 2 ـ سېنتەبىر ھىراتقا قايتىدۇ. ئۇلار جيايۇيگۇەندىن تەكلىماكان جەنۇبىي يولى ئارقىلىق خوتەن، يەكەن، قەشقەر، ئەركەشتام ئارقىلىق فەرغانىگە چىققان ۋە ئۇ يەردىن ھىراتقا قايتقاندى. ھافىز ئەبرۇ ۋە ئابدۇرەززاق سەمەرقەندىي («مەتلەئى سەئدەين» ناملىق ئەسىرىدە) جۈملىدىن كېيىنچە ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان «ئەجايىبۇل ـ لەتايىف» (ئاجايىپ گۈزەللىكلەر) ناملىق ئەسىرىدە، غىياسىددىن نەققاشنىڭ 1420 ـ يىلى 11 ـ ئىيۇلدىن 13 ـ ئىيۇلغىچە تۇرپاندا، 16 ـ ئىيۇلدىن 21 ـ ئىيۇلغىچە قاراخوجىدا، 30 ـ ئىيۇل ۋە 1 ـ، 5 ـ ئاۋغۇستلار سوفىئاتا ۋە

قۇمۇللاردا، جۇملىدىن ئىچكى ئۆلكىلەردە كۆرگەن بۇددىزم سەنئىتى ھەققىدە بايسۇنقۇر مىرزىغا يوللىغان «سەپەرنامە»سى بېرىلگەن. غىياسىددىن نەققاش چىن مەدەنىيىتى ۋە تەسۋىرىي سەنئىتىگە يۇقىرى باھا بەرگەن ۋە شېرىن مەدھىيىلەر ئوقۇغان.

## 5

ئەلىشىر نەۋائىي (1441 — 1501) «خەزائىنۇل - مەئانىي»دىكى دەسلەپكى شېئىر دىۋانى «غەرايىبۇس - سىغەر»دىن باشلاپ، تۈركىي ۋە فارسىي دىۋانلىرىنىڭ ھەممىسىدە، «لىسانۇت - تەير» (قۇشلار تىلى)، «پەرھاد ۋە شېرىن» داستانلىرىدا مانى ۋە چىن رەسساملىق سەنئىتى ھەققىدە كۆپ توختالغان. ئۇ مۇنداق يازغان:

«ئۇيلەكىم مانى ئىشىدە زايىئ ئولدى نەقشى چىن،
ئول بۇتى چىن سۇرەتىدىن بولدى نەقشى مانەۋىي.»

«ئارەزىڭ چىن نەقشى، زۇلفىڭ مۇشكى ھەريان ئېرۇر،
ھىند ئېلىكىم چىنغا كەلمىش مۇشكى سەۋدا قىلغالى.»

«ۋاھ، نې يۈزدۈر ئولكى تەقلىدىن قىلىپ نەققاشى چىن،
چەكسە يۈز سۇرەت بېرىپ، يۈزدىن نەمۇدار ئەيلەسەم.»

«ئارەزىڭ نەقشىدە چىن سۇرەتگەرى بولدى زەبۇن①،
چىن بۇ دۇركىم كىلكى سۇنئ② ئەتمىش ئانى نەققاشلىق.»

---

① زەبۇن — ئاجىز كەلگەنلىك، يېڭىلىش.
② كىلكى سۇنئ — ياراتقۇچى، ئىجاد قىلغۇچىنىڭ قەلىمى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«سۈرەتىڭدىن ئاجىز ئولسە مانى، ئېرمەستۇر ئەجەب،
قايدا نەققاش ئەيلەگەي كىلكى قەزا[1] تەسۋىرىدىن.

«بۇيلە[2] نىسبەتلەردىن ئەقىل مەئنەۋي،
چىندە دېرلەر كارگاھى مانەۋي[3].

نەۋائىي يۇقىرىدىكى بېيىتلىرىدا «مانى» ئىبارىسى بىلەن «نەقشى چىن» ئىبارىلىرىنى ئالەمنى ياراتقۇچى نەققاش ۋە گۈزەللىك ساھىبجامالىغا ماجازى تەققاس ئۈچۈن ئىشلەتكەن. ئۇ «فانىي» تەخەللۇسىدىكى پارسچە غەزەللىرىدىمۇ بۇ ماجازى ۋاستىنى قوللانغان:

«چۇئەكسى سۈرەتەت دەربادە زاھىر گەشت نەتۋانەد،
بەدىن سان ئابۇ رەنگى ساختەن نەققاشى چىن ئۇرا»
(مەي ئىچىدە كۆرۈنگەن ھۆسنۈڭنىڭ سۈرىتىنى،
چىن نەققاشمۇ شۇنداق تىنىق رەڭدە سىزالماس)

«باپەرىخانەئى چىن رەختەمۇ چەمشىم ئەفكەندەم،
دىيدەم ئەز ھۇسنى تۇرا ھەر سۇيى نەمۇدارى چەند.»
(چىن رەسىمخانىسىغا بېرىپ ھەر تەرەپكە كۆز تاشلاپ،
ھەر تەرەپتە ھۆسنۈڭدىن نەچچە نەمۇنە كۆردۈم.)

يۇسۇپ ئەمىرىي «دەھنامە» ناملىق ئەسىرىدە باھار تەسۋىرى بىلەن بىللە مانى نامىنى مۇنداق تىلغا ئالغان:

«بارىپ بۇلبۇلنى قىلغالى مەجلىس ئەفرۇز،
دېگىل: ئاھاڭ تۈز كىم، بولدى نەۋرۇز.

---

① كىلكى قەزا ــ تەقدىر قەلەمى.
② بۇيلە ــ بۇ خىل، بۇ كەبى، مۇنداق.
③ كارگاھى مانەۋى ــ مانى ئىشخانىسى (رەسىمخانىسى).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رەۋان شەمشادغە سۈۋىن يىبەرغىن،
كى مانەندەك بېزەسۈن شاخى بەرگىن.»

ئەلىشىر نەۋائىي خاقانى چىن ئۇستىدە توختالغىنىدا مانى ئوبرازىنى تىلغا ئالغان. ئۇ «پەرھاد ۋە شىرىن» داستانىنىڭ 15 ـ، 16 ـ، 28 ـ، 39 ـ بابلىرىدا مانى ئوبرازى ئارقىلىق پەرھادنى قەدىمكى ھەم داڭدار چىن مەدەنىيىتىنىڭ پەرزەنتى قىلىپ تاۋلاش بىلەن بىللە، ئۇنى كېيىن يەنە سوقرات ھېكىم ئارقىلىق گرېك (يۇنان) ھېكمەتلىرىنىڭ شاگىرتى قىلىپ كۆتۈردى ۋە ئاخىر پۈتۈن يىپەك يولى مەدەنىيىتىدىن ئوزۇقلانغان بۇ قەھرىماننىڭ بەھەيۋەت ئوبرازىنى شەخسىيەتچىلىك ۋە رەشك ھەسەت كۈللىرى ئارىسىدا ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەن خۇسراۋ ئوبرازى ئالدىغا قويدى. نەۋائىي شىرىن قەلبىنىمۇ قايتا قۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئاياللىق پەزىلىتى ۋە پاجىئەلىرىنىڭ ھەممە ئالامەتلىرىنى تەقدىم قىلدى.

«خىتا مۇلكىدە ئېردى ئىككى ئۇستاد،
ئىكەۋلەن تەۋئەمانلىغ[1] بىرلە ھەمزاد.
لەقەبدە بىرى بانى، بىرى مانى،
مۇنى كۆرگەن تەسەۋۋۇر ئەيلەپ ئانى.
قىلىپ مىئمارلىق بانى ئىشنى فاش.
كېلىپ مانى خىتا مۇلكىدە نەققاش.
ۋەلى مانى ئانىڭدەك نەقشى بەندى،
كى نەقشىنە چەرخ ئاڭا نەقشىن پەرەندى[2].
يەنە بىر ئۇستادى جابۇك ئېردى،
كى ھەم لۇك سەنئەتى ھەم نازۇك ئېردى».

---

① تەۋئەمانلىغ ــ قوشكېزەك.
② ئۇنىڭ نەقشىنى پەرۋانىدەك ئايلىناتتى.

«تاشىدا قىلدى قارەن سەنئەتۇ ساز،
ئىچىدە بولدى مانى نەقشى پەرداز.
قايۇ سۈرەتكى مانى قىلدى تىمسال،
ئاڭا پەرھاد ئاچتى چېھرە فىلھال①.

«يەنە مانىغە كىم نەققاشى چىندۇر،
ئاڭا كىلكى قازادىن ئافەرىندۇر②.

ئەلىشىر نەۋائىي بۇ يەردە ئۆزىنىڭ مانى ھەققىدە بىلىدىغانلىقىنى، ئەمما پەقەت ماجازى ۋاستە، ئوبراز لەقەبى ئورنىدا ئۇنىڭ نامىنى ئىشلەتكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. نەۋائىي مانىنى خىتا مۈلكىگە كېلىپ نەققاشلىق قىلغان دېگەن ئىبارە بىلەن مانىنى چىن نەققاش دېگەن سۆزنى بىللە ئىشلىتىدۇ. بۇلار مېنىڭچە، نەۋائىينىڭ تارىخىي بىلىمى بىلەن بەدىئىي ماھارىتىنىڭ بىرلىكىدىن بولسا كېرەك. نەۋائىي مانىنى باشقا ـ بانى، چابۇك، لۇك، قارەنلەردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى پەرھادقا تۇتاشتۇرىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىي خۇددى سابىر تېرمىزىيدەك مانىغا ئاپىرىن ئوقۇش بىلەن بىللە چىن سەنەم (بۇت) سەنئىتىگە گۇمانىستىك ئەقىل بىلەن مۇئامىلە قىلغان. ئۇ مۇنداق يازدى:

«كېتۇر، ساقىي، شەرابى چىن ئەيلەگىن،
كى جام قەسدىدە ئىچىمىش بىر بۇتى چىن.»

كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا نەۋائىي دەۋرىدە چىن

---

① تەلمۈرۈپ دىققەت بىلەن قارايتتى.
② ئۇنىڭغا قازا قەلىمىدىن ئافەرىن بولغاي. بۇ يەردە ئۇنىڭ نامىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش مەنىسىدە كەلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رەسساملىرى ھەققىدىكى چۆشەنچە بىر قاتار مۇئەللىپلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەندى. بۇ ھال 16 ـ ئەسىردە ياشىغان مەجلىسىينىڭ «قىسسەئى سەيفۇلمۇلۈك» داستانىدىمۇ:

«دىدىلەر: چىندە خوپ نەققاشلار بار،
جەھان گەشتە ھېكايەت فاشلار بار.»

دىگەندەك مىسرالاردا ئىپادىلەندى. ئەمما، بارغانسېرى پەرھاد نامى تىلغا ئېلىنسىمۇ، چىن رەسساملىقى ۋە مانى نامى ھەققىدىكى تەسۋىرات قورۇقدىلىپ قالدى. ئۆمەر باقىي (19 ـ ئەسىر) بىلەن ئابدۇرېھىم نىزارىي (19 ـ ئەسىر) ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «پەرھاد ـ شىرىن» داستانىنىڭ نەسرىي ۋە نەزم ۋارىيانتىنى ئىشلەپ چىققان ۋە بۇ ھېكايەتنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئەلىشىر نەۋائىي يېگىلىغان تېماتىكا بويىچە ئۆيۈشتۇرغان بولسىمۇ، ئىلگىرىكى مەنىۋى تېرەنلىك بىلەن مانى ۋە چىن تەسۋىرىي سەنئىتى تىلغا ئېلىنمىغان:
ئابدۇرېھىم نىزارىي مانى ھەققىدە مۇنداق يازغان:

«كى چىن مۇلكىدە بار ئىدى ئىككى زات،
بۇلار ئەھلى سەنئەت مۇھەندىس نىھاد.
بىرى ئىسمى ئۇستاد بانى ئىدى،
بىرى ئاتى نەققاش مانى ئىدى.
يەنە بار ئىدى قارۇنى سەڭتاراش،
قىلار ئىدى تاشنى ياغاچتەك خاراش.»

نىزارىي سابىر تېرمىزىي ئەلىشىر نەۋائىيدەك مانىغا ئايرىن ئوقۇغاندا سەنەملەر بىلەن مەي ئىچىش سىياقىدىكى ھېسسىياتچان ئىبارىلەر ئىشلەتمىگەن ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆز دەۋرىنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدىن ئۆچۈر قالدۇرغان. باشقا

كلاسسكلار غەزەللىرىدە پەرھاد نامى ھەرقايسى ئاشىقلار قاتارىدا شائىر سۆيگۈسىنىڭ تىمسالى قىلىنىش بىلەن چەكلەنگەن. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

مەلۇمكى، 16 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قەدىمدىن مەۋجۇت بولغان دېڭىز قاتنىشى ئاساسىي ئورۇنغا كۆتۈرۈلدى؛ ياۋروپادا رېنېسانس (مەدەنىيەت ئويغىنىشى) ۋە كاپىتالىزم شەكىللىنىش ھادىسىلىرى يۈز بېرىپ ئۆتتى؛ قەدىمكى يىپەك يولى خارابلىشىشقا باشلىدى؛ يىپەك يولى ئوتتۇرا بەلۋېغىدىكى خەلقلەرنىڭ يېڭى ئەۋلادلىرى بېكىنمىچىلىك، نادانلىق ۋە نامراتلىقنى ئۆزىنىڭ رېئال تۇرمۇشى ۋە روھىي قىياپىتىگە ئايلاندۇرۇۋالدى؛ پەن ـ مەدەنىيەت ۋە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئورنىغا ھەر خىل ئەسەبىي ئىدىيە ۋە پىكىر ئېقىملىرى دەسسىدى. ئاتالمىش «خوجىلار دەۋرى» مانا مۇشۇ خۇنۇكلەشكەن روھىيەتنىڭ تىپىك شەكلى سۈپىتىدە ئىسلام شەرقى مەدەنىيەت گۈللىنىش ۋە گۇمانىستىك پىكىرلەر ئۈستۈنلۈك ئالغان زامانلاردا داۋاملىق خاتىرە سۈپىتىدە ساقلانغان مانىزم، بۇددىزم دەۋرىدە يارىتىلغان، ھەتتا بايسۇنقۇر مىرزىنىڭ ۋەكىلى غىياسىددىن نەققاش كۆرۈپ كەتكەن تەسۋىرىي سەنئەت يادىكارلىقلىرىغىمۇ ھالاكەت سېلىشقا بېرىپ يەتتى. ۋەھالەنكى، كۆپلىگەن ئاقىل كىشىلەر بۇ تەسۋىرىي سەنئەت يادىكارلىقلىرىنى رېئال ئېتىقادتىن قالغان قەدىمكى ھۈنەر مۆجىزىسى دەپ قاراپ كېلىشكەنىدى. بۇ خۇددى كارل ماركسنىڭ بۇددىزم ھەققىدە توختالغاندا ئېيتقان مۇنۇ باھاسىغا ئوخشاپ كېتەتتى: «بۇ دىن ھەم ھەۋەسكارلار دىنى، ھەم دەرۋىشلەر دىنى، ھەم لىنگا دىنى، ھەم زاگىنات دىنى، ھەم راھىب دىنى، ھەم ئۇسسۇلچى ئايالنىڭ دىنىدىن ئىبارەت.»①

---

① «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 2 ـ توم، 62 ـ ، 63 ـ بەتلەر.

بىز تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ 10 ــ 20 ـ يىللىرىغىچە بۇ تەسۋىرىي سەنئەت خەزىنىلىرى ئۆزىنىڭ مەپتۇنكارلىقىنى يوقاتمىغانلىقىنى كۆرىمىز. گەرچە كۆپ ئەسىرلىك خارابە ھېسابلانغان بولسىمۇ، ئۇ سۋېن ھېدىن، ستەيىن، گرونوۋېدىل، لېكوك، فىللىئوت ۋە داگو ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكىدىكىلەرنى ھەيرەتتە قالدۇرغانىدى. بۇ قاتاردا ئىدىقۇتتىن تېپىلغان مانىنىڭ ھەيۋەتلىك چوڭ رەسىمى ۋە باشقا مانىزم قولىيازمىلىرى بار ئىدى. پاجىئەلىكى شۇكى، مانىنى 273 ـ يىلى بەھرام ئۆلتۈرۈپ، تېرىسىگە سامان تىقىپ شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويغاندىن 1672 ـ يىل ئۆتۈپ، لېكوك تەرىپىدىن بېرلىنغا ئەكېتىلگەن دۇنيادا يېگانە ساقلىنىپ قالغان بۇ مانىنىڭ رەسىمى 2 ـ جاھان ئۇرۇشىدا بېرلىننى بومباردىمان قىلغان ئامېرىكا قوشۇنلىرى تەرىپىدىن بومباردىمان قىلىنىپ، يەنە بىر قېتىم «ھالاك» قىلىندى.

## 6

ئەبۇ رەيھان بىرۇنىي (973 ــ 1048) نىڭ ئېيتىشىچە، مانى 215 ــ 216 ـ يىللىرى پارسىنىڭ نەھىي كۇفە دەرياسى يېنىدىكى مەردىنو يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى پەتەك لەقەملىك كىشى بولغان. مانى كىچىكىدە توكۇر بولۇپ قالغىنىغا قارىماي تىرىشىپ ئۆگەنگەن، ھىندىستان، كەشمىردىن تاكى ۋىزانتىيىگىچە كېزىپ چىققان. ئۇ دەسلەپ زارائاستىر (ئاتەشپەرەسلىك) دىنىدا بولۇپ، كېيىن بۇددىزم ۋە خرىستىئان دەستۇرلىرىنى ئوقۇپ چىقىپ، يۇقىرىقى دىنلاردىن پايدىلانغان ھالدا يېڭى دىن ــ مانىزمنى ياراتقان. مانى يالغۇز پەھلىۋى يېزىقى بىلەن ئەسەر يېزىپ قالماي، (كېيىن ئەننەرىمنىڭ ئېيتىشىچە) پارس ۋە سۇرىيە يېزىقلىرى ئاساسىدا

مانى يېزىقىنى ئىجاد قىلغان. بۇ يېزىق «ئېسترەنجىلو» نامىدا مەشھۇر بولغان.

مانى ساسانىيلارنىڭ ئەردەشىر (220 — 228) زامانىدا مانىزمنى رەسمىي تەشۋىق قىلىشقا باشلىغان ۋە ئۆز ئەسەرلىرىنى يېزىپ تاراتقان. مانىزمنىڭ دەسلەپكى دەستۇرى مانى يازغان 22 جىلدلىق پەھلىۋى تىلىدىكى «بونگاھاڭ» ناملىق ئەسەر بولۇپ، بۇ كىتاب «ئەردەھاڭ»، «ئەرتەڭ» دەپ، كېيىنچە «ئەرجەڭ» دەپ ئاتالغان. سابىر تېرمىزىينىڭ «مانى (ئەرجەڭ) ئىچە بولدى بوستان» دېگەن مىسراسى مانىنىڭ بۇ دەستۇرىنى ئۆز غايىلىرىنىڭ بوستانى قىلغانلىقىغا قارىتىلغاندى.

مانى ساسانىيلارنىڭ پادىشاھلىرىدىن شاپۇر I (241 — 274) تەختكە چىققاندا، ئۆز دىنىنى مۇشۇ تاج كىيىش مۇراسىمىدا ئېلان قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئاتاپ «shabuhragan» ناملىق كىتاب يازغان. شاپۇر قازا قىلىپ، 272 ـ يىلى ئورنىغا ھورمۇز چىققاندا، مانى ساسانىيلارنىڭ ھۆرمىتىگە داۋاملىق مۇيەسسەر بولغان. ھورمۇز پەقەت بىر يىللا تەختتە تۇرۇپ، ئورنىغا بەھرام (273 — 293) پادىشاھ بولغاندىن كېيىن مانىزم تەقىب قىلىنغان، مانى 277 ـ يىلى ئۆلتۈرۈلۈپ، تېرىسىگە سامان قاچىلىنىپ، ھەمەدان شەھرىنىڭ دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويۇلغان. بۇ دەرۋازا كېيىنچە ئېغىزدا «مانى دەرۋازا» دەپ ئاتالغان. مانىزم مۇخلىسلىرى ھەر تەرەپكە تارقالغان ۋە يوشۇرۇن پائالىيەتكە ئۆتكەن ئۇلار بىر خىل خوش پۇراق ماتېرىيالنى بىر ـ بىرىنى پەرقلەندۈرىدىغان «پارول» قىلىشقان. ئۇلارنىڭ سۇرىيە، مىسىر، ئەرمەنىستان، بۇلغارىيە، بالقان، ئىتالىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە ۋە ئەنگلىيىدىكى دىن تارقاتقۇچىلىرى خرىستىئان چېركاۋلىرى تەرىپىدىن قاتتىق باستۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ ماۋرائۇننەھرگە قاچقانلىرى مانىزمنىڭ

يېڭى ۋەتىنىنى بەرپا قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالىغان.

ئوتتۇرا ئاسىياغا مانىزم مانىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن كېيىن تارقالغان دېگەن پىكىر بىرقەدەر سالماقلىق. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، مانى ھىندىستان ۋە كەشمىرگە كەلگەندە قەشقەر تەرەپكە كېلىپ كەتكەن، دېگەن تەخمىنىمۇ مەۋجۇت. «ھۇدۇدۇل ئالەم» ناملىق كىتابتا يېزىلىشىچە، ھىجرىيىنىڭ 372 (981) ـ يىلىغىچە سەمەرقەندتە مانىچىلار «نوفۇر ۋە ۋۇجۇد» (مەۋجۇت) بولغان. بۇ سۆك سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭ يەندىنىڭ 981 ـ يىلى ئىدىقۇتتا مانى مانىسلىرى (ئىبادەتخانىلىرى) بولغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇرىغا ئوخشاش بولغان. بۇنىڭدىن شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، مانىزم ئاللىقاچان ئىرانلىق مانىزمچىلاردىن باشقا، ئاساسەن سوغدلار ئارقىلىق شىنجاڭ رايونىغا تارقالغان. مەنبەلەردە 694 ـ يىلى (ۋۇزېتيەن زامانىدا) «ئاختادان» ئۇنۋانلىق مانى ئۆلىماسىنىڭ ئوتتۇرا دىياردا مانىزمنى تارقاتماققا ھەرىكەت قىلغانلىقى يېزىلغان. بىراق، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە مانىزم قانات يايالمىغاندىن كېيىن ئۇلۇغ موزاك قاتارلىق مانى مۇخلىسلىرى ئۆزىنى داۋجياۋ ئېقىمىنىڭ بىر مەزھىپى دەپ ئاتاشقا مەجبۇر بولغان. 760 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى مانىزمنى رەسمىي دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىن تەكلىپكە بىنائەن 768 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى دايۈن گۇاڭمىن ئىبادەتخانىسىنى قۇرغۇزغان ۋە كېيىنچە خېنەن، شەنشىلەردە مۇنداق ئىبادەتخانىلار كۆپەيگەن. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشىدىن كېيىن بۇ ئىبادەتخانىلار تەقىب قىلىنغان.

شىنجاڭدا مانىزم خېلىلا يىلتىز تارتقاندى. ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ ئىستېلاسى تۈپەيلى ماۋرائۇننەھىردىن قاچقان (731 ـ يىللىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە) مانى مۇخلىسلىرى شىنجاڭدىكى مانىزم تەسىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. 840 ـ يىلى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن كەلگەن مانىزم ئېتىقادىدىكى ئاھالە شىنجاڭدا، بولۇپمۇ ئىدىقۇت خانلىقى تەۋەسىدە مانىزمنى بىر مەزگىل بىرىنچى دەرىجىلىك دىنىي ئېتىقاد دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىمۇ مانىزمغا ئاساسلىق ئېتىقاد قىلغانىدى. بۇ ئەھۋال تەدرىجىي بۇددىزم ئۈستۈنلۈك ئالغان ۋەزىيەت بىلەن ئالماشتى. شۇنداقتىمۇ، بۇددىزم بىلەن مانىزمنىڭ بىللە ياشاش مۇھىتى داۋاملىق ساقلاندى.

## 7

قىزىقارلىق ھادىسە، قەدىمكى ھىندىستان يېزىقى ھىندىستاندىن ئەمەس، كۇسەندىن تېپىلغاندەك، قەدىمكى مانىزم يادىكارلىقلىرى ئىراندىن ئەمەس، ئىدىقۇت ـ دۇنخۇاڭدىن تېپىلدى! ھىجرىيىنىڭ 1354 ـ يىلى تۈزۈلۈپ، «سىھامى خاس» نەشرىياتى نەشر قىلغان «نىگاھى بەنگەرگەرى دەرئىران» ناملىق كىتابنىڭ 25 ـ، 30 ـ، 31 ـ بەتلىرىدىكى ئىدىقۇتتىن تېپىلغان مانىزم دەستۇرلىرىنىڭ پارچىلىرى بىلەن مانى ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىنىڭ چوڭ تىپتىكى رەسىمى بېسىلدى.

دەرۋەقە، مانى ئۆزى ماھىر رەسسام بولغان ۋە كىتاب سەھىپىلىرىنى زەر ۋە رەڭدار نەقىشلەپ، ئۇنىڭغا قىستۇرما (مىنياتۇرا) رەسىملەر سىزىش مانىزم خەتتاتلىقى، كىتابەتچىلىكى (كالىگرافىيە) قوللانغان مۇھىم تۈھپە ئىدى. ئىدىقۇتتىن تېپىلغان بۇ دەستۇر پارچىلىرى ئەنە شۇنداق بېزەكلەر ئارىسىغا سىزىلغان ئاق كىيىملىك سازەندىلەر، ئۆلىمالار، تالىپلار ئوبرازلىرى بىلەن نەقىشلەنگەن.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىدە ستەين، لېكوك، گرو-نوۋېدىل، فىللىئوت قاتارلىق چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن ئېلىمىز ئالىمى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى تۇرپان ـ دۇن-خۇاڭلاردىن تېپىشقان تام رەسىملىرى ۋە قولىيازمىلار ئىچىدە ئىدىقۇت شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان مانىزىم «ئىككى يىلتىز-لىق نومى» پارچىلىرى، «مانى قەسىدىسى» (ماھىرنامەگ)، موزاڭ ئىلمىگە تۇتۇق باشقۇرغا مانىس (ئىبادەتخانا) نىزامى، ئاپرىنچور تېكىننىڭ مانىغا بېغىشلىغان شېئىرلىرى، مانىزىم كالېندارى، مانىنىڭ مۇخلىسلىرى ئارىسىدا ھېكمەت سۆزلەۋاتقان (دۇنيادا بىردىنبىر) تام رەسىمى، مانىزىمغا ئائىت مۇخلىسلارنىڭ قەلەم تۇتقان، تۆت تارلىق بەرباپ چېلىۋاتقان، مانىغا ئېھسان قىلىۋات-قان رەسىملىرى، ئايال مۇخلىسلار (ئوپاسانىخ) نىڭ رەسىملىرى پارچىلىرى، ئەر مۇخلىس (ئوپاس) ۋە ئايال مۇخلىسلارنىڭ رە-سىم پارچىلىرى تېپىلدى.

## 8

مانىزىمنىڭ «ئىككى يىلتىز» (ياخشىلىق ــ يورۇقلۇق، يامانلىق ــ زۇلمەت)، (ئۈچ ئۆتكۈ زامان)، (ئۆتكەن، ھازىرقى، كەلگۈسى زاماندا ئىزچىل بولغان يورۇقلۇق ۋە جاھالەت ئارىسىدىكى كۈرەشلەر) تەلىماتى بىلەن تۇرپان ـ دۇنخۇاڭدا تېپىلغان مانىزىم ھۆججەتلىرىنىڭ مەزمۇنى تەتقىقاتى بۇ ماقالىمىزنىڭ ئوبيېكتى ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇنداقتىمۇ، ئىدىقۇتنى مەركەز قىلغان شىنجاڭ مانىزىمىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تىلغا ئالماي ئۆتەلمەيمىز.

دۇنخۇاڭدا تېپىلغان ۋە ھازىر لوندون ۋە پارىژدا ساقلانغان «مانى يورۇق بۇرھان ھېكمەت بايانى» ناملىق دەستۇردا مانىزىمنىڭ يەتتە پارچە رەسمىي دەستۇرىنىڭ ئىسملىرى تىلغا ئېلىنغان، بۇلار «چەكسىز تومەن قائىدىلەر يىلتىزى ئەقىل

ئىكەنلىكى ھەققىدىكى دەستۇر»①، «پاك روھلار خەزىنىسى نومى»②، «قائىدە نومى»، «خۇپىيانە قائىدە نومى»، «ئۆتمۈشنى دەلىللەش نومى»، «باھادىرلىق نومى»، «مۇناجات نومى»دىن ئىبارەت، بۇ دەستۇرلارنىڭ ناملىرىدىن باشقا تەپسىلىي ھېچقانداق سەھىپە تېپىلمىغان. بۇ كىتابنىڭ ئۆزىدە مانىزم ئىلاھىي تەسۋىرى، مانى دىنىغا ئائىت نام ـ ئاتالمىلار، دىنىي ئۇنۋانلار، بەلگە ـ ئالامەتلەر، ئىبادەتخانا قائىدىلىرى، راھىبلىق نىزاملىرى يېزىلغان. ئۇنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنى ستەيىن ئەكەتكەن بولۇپ، لوندون مۇزېيىدا، كېيىنكى يېرىمىنى فىللىئوت ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلانماقتا.

دۇنخۇاڭدىن يەنە «مانىزمنىڭ تۆۋەن نەزم توپلىمى» دېگەن كىتاب تېپىلغان. بۇنىڭدا بايرام، روزا ۋە قازا بولغانلارنى خاتىرىلىگەندە ئوقۇلىدىغان نەزملەر توپلانغان بولۇپ، لوندون مۇزېيىدا ساقلانماقتا. مانىزمغا ئائىت تۇرپان ـ دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان پارچە دەستۇرلارنىڭ بەزىلىرى پارىژ دۆلەتلىك كىتابخانىدا، بەزىلىرى بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

تۇرپان ئىدىقۇت شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان ئىككىنچى مانى تۇركۇمىگە (ئىككى ئانچىم تېڭرىلەر) قاراشلىق ئىبادەتخانا باشقۇرۇش نىزامىدا «ئۇلۇغ قۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر» دۆلىتىنىڭ مانى دىنىنى قوللايدىغانلىقى، ئىبادەتخانىغا بېرىلگەن ئىمتىياز ۋە راسخوت، باش راھىب «ئېۋىرخان تەڭرى موزاك»، باش ئۆلىما «ئاختادان»، ئەر (ئوپاس ـ ئايال «ئوپاسانىخ) راھىبلار، باش راھىب ۋە باش ئۆلىما ماڭغاندا جار سېلىپ ماڭغۇچى «شىرۇخان»، تېۋىپ «ئوتاچى»، مالباقار «سۇرگۇنچ»، غازباقار «قازچى»، جېسەكچى «يارغان» ۋە جازا «قاۋرىق» تۈزۈملىرى بېكىتىلگەن.

---

① يەنە بىر ئىسمى «ھايات نىجادلىقى».
② يەنە بىر ئىسمى «ھايات خەزىنىسى».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرپاندىن تېپىلغان «مانى قەسىدىسى (ماھىر نامەگ)» ھەققىدە موللېر 1913 ـ يىلى مۇلاھىزە ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ سېلىشتۇرۇپ كۆرسىتىشىچە، كىتابنىڭ 1 ـ پارچىسى 227 قۇر بولۇپ، بۇنىڭ 159 قۇرى ئۇيغۇرخانى، جەمەتى، بولۇپمۇ خاننىڭ يەتتە پەرزەنتى ئىچىدىكى يۈلتۇز بىلگە تېكىنگە مەدھىيىلەر بېرىلگەن. خان — تەڭرى ئەلچىسىنىڭ (مانىزمچىلارنىڭ) ھامىيسى دېيىلگەن. 160 ـ، 227 ـ قۇرلاردا يورۇقلۇق ئەلچىسى مانى تۇغۇلۇپ ئارىدىن ئۆتكەن 546 يىل جەريانىدا بولغان پائالىيەتلەر يېزىلغان. بۇنىڭدىن مانى (216 — 247) قازا قىلىپ ئۆتكەن ئارىلىق چىقىرىۋېتىلسە، بۇ قەسىدە 761 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا يېزىلغان، كېيىن ئىدىقۇتتا قايتا ئىشلەنگەنلىكىنى بايقىغىلى بولىدۇ. چۈنكى، يىل سانى ئۆزگەرتىلمىگەن بىلەن ئىدىقۇت خانلىقى تېررىتورىيىسى، شەھەرلەر تىلغا ئېلىنغان.

بىز بۇ مەدھىيىلەر، ئاپرىنچۇر تېكىننىڭ مانىزملىق شېئىرلىرى ئايرىم تەتقىقات تېمىسى سۈپىتىدە كۆپلەپ بېسىلغانلىقى ئۈچۈن تەكرار مۇلاھىزە ئېلىپ بارمايمىز.

ئومۇملاشتۇرۇپ قارالغاندا، تۇرپان ئىدىقۇتنى مەركەز قىلغان مانىزم يادىكارلىقلىرىدا ئۇيغۇر مانىلارنىڭ ئىمتىيازلىق ئىقتىسادىي ۋە ئىدېئولوگىيىلىك كۈچ بولغانلىقىنى، ئۆز كىتابلىرىنى ئۇيغۇر، سوغدى، پارس، توخار يېزىقىدا يازغانلىقىنى، مانى ئۆلىمالىرى شاھزادىلاردەك ئۇزۇن چاچ قويۇپ، ئاق ئېگىز بۆك كىيىپ، يېنىغا ئېگەككىچە ساڭگىلايدىغان قىزىل لېنتا تاقىغانلىقىنى، ئايال راھىبلار ئاق چۈمبەل تاقىغانلىقىنى، مەيدىسىدە ھەر خىل ئۇنۋان كارتىلىرى بولغانلىقىنى، ئالىي راھىبلار بىلەن پەرىزات ئوبرازلىرىغا ئاي ـ كۈن شەكلىدە نۇر چەمبىرىكى سىزىلغانلىقىنى كۆرىمىز. كىشىلەر بۇ رەسىملەردىكى دەل ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان نۇر چەمبەرلىك ئۇستاز ماننىڭ ئوبرازى دەپ تەخمىن قىلىشتى.

تۇرپاندىن يەنە مانىزم كالېندارى مەلۇماتلىرى تېپىلغان. بۇ ھەر خىل ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەرگە پەھلىۋى ھەپتە ناملىرى، يىللارغا چاشقان، كالا، يولۋاس دېگەندەك 12 مۇچەل ناملىرى ئىشلىتىشتە ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇرلار مانىزم ۋە بۇددىزم دىنى ئاتالغۇلىرىنى، ھەتتا ئىلاھ ناملىرىنى (مەسىلەن ھورمۇزبۇرخان دېگەندەك) ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەن. ئاتالغۇلارنى ئەنەتكەك (سانسكرىت) لېكسىكىسى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر ـ سوغدىچە ئالغان. گراماتىكىلىق سۆز تۈزۈلمىسىمۇ ئۇيغۇر ـ سوغدىچە بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى.

ئىدىقۇت ۋە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىدىكى مانىزم تىبەت ـ موڭغۇل بۇددىزمىغا مەلۇم تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇيغۇرلار كېيىنچە مانىزمدىن بۇددىزمغا ئۆتكەن بولسىمۇ، ئىدىقۇت شەھىرىدە مۇشۇ ئەسىرگىچە ساقلانغان مانى ئىبادەتخانىسى ۋە مانى كىتابخانىلىرى، مانى تام رەسىملىرى ۋە دەستۇرلىرى بولغانلىقى مانىزمنىڭ بۇددىزم بىلەن بىللە خېلى ئۇزاق ياشىغانلىقىنى ۋە ھەر يىلى 3 ـ ئايدا مانىنىڭ ئاسمانغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى خاتىرىلەيدىغان «ۋېما» ئايىمى داۋام قىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرسەتتى.

## 9

مەلۇمكى، شىنجاڭ ۋە ئۇنى قورشاپ تۇرغان مەركىزىي ئاسىيادىن تېپىلغان قىيا تام رەسىملىرى، مىتالغا ئىشلەنگەن سىكىتاي ئۇسلۇبىدىكى ھۇنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى، توقۇلمىغا چېكىلگەن نەقىش ـ رەسىملەر، بالباللار، قەبرى ۋە تاشكېمىر تام رەسىملىرى، ھەر خىل قورچاق ۋە ھەيكەل شەكلىدىكى ئوبراز ـ سىزما ئوبرازلار — شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىر شەرقىدىكى تەسۋىرىي سەنئەت ئوچاقلىرىدىن

بىرى، يىپەك يولى گۈزەل سەنئەت ماكانى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ بىرىنچى قەرنىسىدە، جۇملىدىن ئىلگىرىكى ئەسىرلەردە شىنجاڭغا كەلگەن ئەلچى، ساياھەتچىلەرنىڭ، راھىب ۋە ئارخېئولوگلارنىڭ ھەيرانلىق بىلەن يازغان ئەسەرلىرى بۇ جەھەتتىكى يازما ھۆججەت بولۇپ قالدى. بۇ ئەھۋالنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتتا ئەكس ئېتىلگەنلىكى ھېچقانداق سىر ئەمەس ئىدى.

شىنجاڭ تەسۋىرىي سەنئىتى شىنجاڭ خەلقىنىڭ مىڭلىغان يىللار داۋامىدا ياراتقان مەدەنىيەت خەزىنىسى بولۇپ، ئۇ بىرەر سەنئەتكارنىڭ ئىجادىيەت تۆھپىسى بىلەن چەكلەنمىگەن. مانى ۋە مانىزم مۇخلىسلىرىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل ـ رەڭدار تەسۋىرىي رەسىملىرىمۇ پۈتكۈل شىنجاڭ تەسۋىرىي سەنئەت خەزىنىسىدە مۇھىم مەدەنىي بايلىق بولۇپ مەيدانغا كەلگەن. بۇ ھۆججەتلىك تارىخىي رېئاللىق.

كلاسسىك ئەدەبىياتتا، ئېنىقراق ئېيتقاندا 10 ـ ئەسىردىن كېيىنكى ئاروز شېئىرىيىتىدە شىنجاڭ تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ مانى نامىدا تىلغا ئېلىنغانلىقىنىڭ سىمۋوللۇق خاراكتېرىنى مۇنداق ئىزاھلاش مۇمكىن:

بىرىنچى، ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى زاماندىلا ئەمەس، يەنە ئەرەب سەركەردىلىرى ماۋرائۇننەھرگە بېسىپ كىرگەندىمۇ مانىزم ئېتىقادىنىڭ ئاساسىي ئوچىقى ئىدى. ئىسلامىيەت بۇخارا، سەمەرقەند سامانىيلار ھاكىمىيىتىنى مەيدانغا كەلتۈرگەندىمۇ، بۇ جايلاردا يەنىلا مانىزم ئېتىقادىدىكى بىر قىسىم تۈركىي قەبىلىلەر ياكى ئاھالىلەر ياشىغان. سامانىيلار مانىيىت تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىكى مۇسۇلمان مۇھاجىر ياكى ئاھالىلەرنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن، ئۆز زېمىنىدىكى مانىزم مۇخلىسلىرىنىڭ دەخلىسىزلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى شەرتلىك مۇۋازىنەت بولۇپ قالغانىدى.

ئىككىنچى، ئىسلامىيەتنىڭ ماۋرائۇننەھرگە ھەربىي

شەكىلدە كىرىپ كېلىشى بىلەن كۆپلىگەن مانىزم سۇغدىلىرى، مانىزم تۇركلىرى شىنجاڭ رايونىغا يۆتكەلگەن. بۇ سۇغدى مانىستلىرى ئىلگىرىكى سۇغدى ۋە مانىزم بازىلىرىنى كۇچەيتكەنىدى. كېيىنچە ئۇلار تۇرك ئاھالىلىرىگە، ئېنىقراقى ئىدىقۇت، قاراخانىيلار ئۇيغۇر قارلۇقلىرىغا ئايلاندى. ئۇلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا شىنجاڭدىن ماۋرائۇننەھرگە سودا ۋە باشقا ئالاقىلەر بىلەن بېرىپ - كېلىپ تۇرۇشتى. بۇ ماۋرائۇننەھر ئەرەب - پارس ئاھالىلىرى ئارىسىدا مانىزم چىندىن كېلىدۇ، دېگەن قاراشنى شەكىللەندۇرگەنىدى.

ئۇچىنچى، مانى يېزىقى — سۇغدى يېزىقى - ئۇيغۇر يېزىقى بىر تومۇرداش يېزىق ئىدى. چىڭگىزخان ئىستېلاسىدىن كېيىن كۆپلىگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ماۋرائۇننەھر، خۇراسان، ئىران، مىسىرغىچە كەڭ يېيىلدى. سالجۇقىيلار ۋە تولۇن خانلىقلىرى بىلەن ئىلخان ئۇلۇسلىرىدا ئۇيغۇر باقشى - خەتتاتلىرى كۆپ ئىدى. ئەلىشىر نەۋائىي، ئەبەيدۇللا لۇتفىي، سەئىدىددىن كاشغەرىي قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئەنە شۇلاردىن ئىدى. بۇ زاماندا كەڭ قوللىنىلغان ئۇيغۇر يېزىقى (كونا شەكلى ۋە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېڭى شەكلى) ۋە كىتابقا ئىشلەش سەنئىتى مانىزمنىڭ مېنىراتۇرا (قىستۇرما رەسىم) ۋە خەتتاتلىق ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغانىدى. نەتىجىدە تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى خەتتاتلىق، رەسساملىق، كىتابقا زەر ۋە رەڭدار نەقىشلەر سېلىش سەنئىتى ئۆزىنى مانىزم تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ ۋارىسلىرى ھېسابلاشتى. بۇنى 1970 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان نەئىم نەرقۇلۇۋ، ئىلياس نىزامىدىنوۋنىڭ «تۆمۈرىيلەر دەۋرى نەفىس كىتاب سەنئىتى» ناملىق كىتابىدىن بىلگىلى بولىدۇ. بۇ كىتابنىڭ 36 - بېتىدە مۇنداق يېزىلغان: «سەمەرقەند قەدىمكى تەسۋىرىي سەنئەت ئىجادكارى ھېسابلانغان مانى تەلىماتى داۋامچىلىرىنىڭمۇ ۋەتىنى ئىدى.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانىدا باھار چېچەكلىرى

## 1

شىنجاڭ ــــ قەدىمكى ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى. شىنجاڭدا ياشىغۇچى ئۇيغۇر مىللىتى ۋە باشقا مىللەتلەر بىرلىكتە ياراتقان ھەرقايسى قەبىلە خەلقلىرى ئۆزلىرىنىڭ ناخشا ـ مۇزىكا، ئۇسسۇل، مەشرەپ، دراما، بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق ۋە ھۈنەرسازلىق سەنئىتى بىلەن تارىختا شۆھرەت قازانغان.

تارىختا «غەربىي دىيار» دەپ ئاتالغان كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلغان شىنجاڭ ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ مۇھىم بىر ئاپىرىدىگاھى ئىدى. بىز مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3000 ــــ 4000 يىللاردا كۆچا قۇرۇقتاغ تاش قىيالىرىغا سىزىلغان ئۇسسۇللۇق قىياپەت رەسىملىرى بىلەن شۇ زامانلاردا تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىكى، ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىكى سارچۇق، تانبالتاش قىيالىرىغا سىزىلغان ئۇسسۇللۇق قىياپەت رەسىملىرىدىن يالغۇز كىشىلىك ماھارەتلىك ئۇسسۇللار بىلەن ھەر خىل ئۇسسۇللۇق چاتما ھەرىكەتلەردىن مۇجەسسەملەشكەن كوللېكتىپ ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەگەر بۇ ھالنى بىز ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قاشتمار دەريا ياقىسىدىكى قىياغا سىزىلغان

ئوۋچىلىق ئۇسسۇلى كۆرۈنۈشى، زاراتساي، سايمالتاش، تاشكەنت يېنىدىكى چىرچىق ۋە نەۋائىي شەھىرى شىمالىدىكى سارمىشتاغ قاتارلىق جايلاردا تاشقا سىزىلغان ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر بىلەن بىرلەشتۇرۇپ قارىساق مەسىلە تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ. بىز قەدىمكى دىيارىمىزنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈش يادىكارلىقلىرىدا ئىپتىدائىي تۇرمۇش رىتىمى ۋە ئۇسسۇللۇق رىتىمنى ئىپادىلىگۈچى ئۆلگىلىك خاراكتېر ئالغان پانتومىملىق ئاملىلارنىڭ خېلىلا قويۇقلۇقىنى، ھەر خىل ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتلەرنىڭ مىمىكىلىق ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرىمىز. شۇنىسى قىزىقارلىقكى، بۇنىڭدىكى ئۇسسۇللۇق ئالاھىدىلىكلەر بىلەن مىلادىيەدىن كېيىنكى بولۇپمۇ، بۇددىزم ۋە مانىزم دەۋرىگە ئائىت ئۇسسۇللار ئارىسىدا، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ھازىرقى ئەنئەنىۋى مىللىي ئۇسسۇللىرى ئارىسىدا تارىخىي ئىزچىللىق ساقلانغان.

شۇنى ئىزاھلاش ھاجەتكى، قەدىمكى خەلقىمىز توتېمىزم دەۋرىدىلا تەبىئەت ئىلاھچىلىقىنى ئۆزىگە ئېتىقاد قىلغانلىقى تۇپەيلى كۆپ ئىلاھلىق سىغىنىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. توتېمىزم ۋە كېيىنكى تويىن ــ شامان ئېتىقادى بىلەن بىللە شەكىللەنگەن كۆپلىگەن ئەپسانىلەر ئۆزىگە يارىشا ئۇسسۇللۇق پائالىيەتلەردىن ئايرىلىپ كېتەلمىگەنىدى. يەر ئىلاھى ئاناختى، سۇ ئىلاھى خۇبىي، جەڭ ئىلاھى مىررىخ قاتارلىقلار ھەققىدىكى ئەپسانىلەر ئەڭ قەدىمكى سەيلە ــ مۇراسىم پائالىيەتلىرى، ئۇسسۇللۇق ئويۇنلار بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن. ئاتەشپەرەسلىك دىنىدىكى يورۇقلۇق ئىلاھى ئورمۇزدا بىلەن قاراڭغۇلۇق ئىلاھى ئاخرامازدا (نەۋائىي ئەسەرلىرىدە «ئەھرەمەن دىۋە» دەپ ئىشلىتىلگەن) كېيىنچە يۇقىرىقى كۆپ خىل ئىلاھلارنىڭ ئۆزىنى ئىگىلىدى. باشلانغۇچ بوستان شەھەر ــ

قەلئە مەملىكەتچىلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ قەھرىمانلىق ئوبرازلىرى مەيدانغا كەلدى ۋە تەدرىجىي ساماۋى ئىلاھلار ئورنىنى تارتىۋېلىشتى. بىز «ئاۋىستا»، «رىگاۋىدا»، «چىستانى ئىلىك بەگ»، «ئوغۇزنامە» ۋە ئىران ـ تۇران ئۇرۇشلىرىغا ئائىت ئېپىك رىۋايەتلەر بىلەن ئەپراسىياپ ھەققىدىكى قەھرىمانلىق داستانلىرىدىن قەدىمكى خەلقىمىزنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرىدا سەنئەتتىكى تىپىك سىغىنىش ئوبيېكتىنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازلىرىغا يۆتكەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ رېئالىزملىق سەنئەت ئېقىمى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى «تۇمارىس» ئېپوسى، «شىراق» ئېپوسى، «زارشادىر ۋە ئادادىتا»، «زەرىنا ۋە سترىئانگىيە» قاتارلىق مۇھەببەت قىسسىلىرىدىن تاكى «قۇتادغۇ بىلىك»، «گۇل ۋە نەۋرۇز»، «خەمسە نەۋائىي»، نىزارىي «مۇھەببەت داستانلىرى» يولىنى بويلاپ ئىزچىللىشىپ كەلمەكتە. سەنئىتىمىز تارىخىدىكى بۇ مەنتىقە تەرەققىياتىنىڭ ھەربىر قەدىمى ھەممىدىن ئىلگىرى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنى مەركەز قىلغان باي تىياتىرلىق ئالامەتلەرگە تولغان خەلق ئويۇن ـ تاماشا سەنئىتىنى ئۆزگە مۇنبەت تۇپراق ۋە قاينام بۇلاق قىلغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ بولمايدۇ.

بۇددىزم قەدىمكى دىيارىمىز ئۇسسۇل سەنئىتىگە يېڭى يۈزلىنىش ۋە يېڭى يۈكسىلىش بېغىشلىدى. قەدىمكى دىيارىمىز سەنئەتچىلىرىمۇ بۇددىزمنى ئوبرازلاشتۇرۇش، مۇزىكىلاشتۇرۇش ۋە ئۇسسۇللاشتۇرۇشقا ئۆزىنىڭ مەھەللىي تۆھپىسىنى قوشتى.

شۇ نەرسە دىققەتكە سازاۋەركى، بۇددا (كېيىنچە مانى دىنى) سەنئىتىدىكى ئوبرازلار قەھرىمانلىق دەۋرىنىڭ ئەپسانە دەۋرى ئۈستىدىكى تارىخىي ئۈتۈقىنى يوققا چىقارغىنى يوق. باشقىچە ئېيتقاندا، بۇددىزم دەۋرىدە ساماۋى ئىلاھلار توغرىسىدىكى ئانىمىزملىق تەسەۋۋۇرلار بەدىئىي ئوبراز تېمىسىنىڭ ئاساسىي

ئورنىنى ئىگىلىگىنى يوق. ئەكسىچە، ساكيامۇنى ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى ھەر خىل تەمسىللىك ئىبرەت بېرىش قىممىتىگە ئىگە ھايۋانات ھېكايەتلىرى، قىسقىسى جانلىق ۋە رېئال ئىنسان ھاياتى ئىلاھلاشتۇرۇلدى ياكى سىرلىقلاشتۇرۇلدى، خالاس. بۇددىزم سەنئىتى تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا قەھرىمانلىق دەۋرى سەنئىتىنىڭ دىنىي تۈستىكى راۋاجىدىن ئىبارەت بولۇپ قالدى.

بۇددىزم دەۋرىدىكى دىيارىمىز ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغانلىقى، ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭغا قېرىنداش قەبىلە ۋە خەلقلەر ئۇسسۇل ماھارىتىنىڭ شەرق ۋە غەرب سەنئەت مۇنبىرىدە غايەت زور بەدىئىي زوق ۋە شېئىرىي مەھلىيالىق قوزغىغانلىقى ئەمدىلىكتە جامائەتچىلىككە ھېچقانداق سىر ئەمەس.

بىز تارىم ۋادىسى ۋە تۇرپان ئويمانلىقىغا جايلاشقان، دوكتور ئالبېرت رېگېل تەرىپىدىن «خۇددى رىم خارابىسى سىياقىدىكى خارابە» دېيىلگەن بۇددىزم تاشكېمىر يادىكارلىقلىرىدىكى مۇزىكا ـ ئۇسسۇلغا ئائىت تام رەسىملىرىگە نەزەر تاشلىغىنىمىزدا «ۋاقتى ئۇزۇن، سەنئىتى مۇنەۋۋەر، قىممىتى يۇقىرى» ئۇيغۇر كلاسسىك ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تولىمۇ نەپىس، تولىمۇ رەڭگارەڭ، تولىمۇ جەلپ قىلغۇچ ھەرىكەت ۋە قىياپەت شەكىللىرىدىن چوڭقۇر تارىخىي ھەيرانلىق ۋە ئېستېتىك ھاياجانلىقتا چۆكىمىز. بۇ ھەقىقەتەن ئالەمشۇمۇل تارىخىي قىممەتكە ئىگە بىر سەنئەت مۇزىكىسى، ئەلۋەتتە.

ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانىنىڭ شۆھرىتى ئاللىقاچان ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىغا ئۆزىنىڭ ئېپتىخارلىق تەسىرىنى كۆرسەتكەنىدى. بۇ ھەقتە ئېلىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا، بۇددىست ساياھەتچىلەرنىڭ خاتىرە نامەلىرىدە، مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ شېئىرىي دۇردانىلىرىدە يازما مەلۇماتلار ساقلانغاندىن سىرت، دۇنخۇاڭ «دەشتئاتا» تاشكېمىرلىرىنىڭ

ئالدىنقى چىڭ خانلىقىنىڭ جەنيۇەنىنىڭ 2 ـ يىلىدىن (مىلادىيە 366 ـ يىلى) شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ پادىشاھى شياۋ ۋېندى تەيخې يىللىرى (مىلادىيە 477 ـ يىلى) ئىسلاھات ئېلىپ بارغۇچە ئارىلىقتىكى بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدىكى دەسلەپكى سەنئەت ئۇسلۇبىدا، بەزى قەبرىلەر ۋە بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدا ئۆيۈلگەن رەسىملەردە، جۇڭگونىڭ يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان ئاسارىئەتىقىلەردە ئۇچرىتىش مۇمكىن.

خەن سۇلالىسى سەركەردىسى خوچۇيبىڭنىڭ شەنشى ئۆلكىسى شىڭپىڭ ناھىيىسىدىكى قەبرە يېنىغا قويۇلغان بۇددا ھەيكىلىگە قاڭشار بۇرۇن، كۆزى چوڭقۇر غەربىي دىيار ئەر ئۇسسۇلچى بىلەن زىلۋا گەۋدە، ئۇزۇن كۆڭلەك ئايال ئۇسسۇلچى ۋە تۆت سازەندىنىڭ رەسىمى ئويۇلغان. خېنەن ئۆلكىسى ئەنياڭ ناھىيىسىدىكى خەنشۈي قەبرىگاھلىقىدىن تېپىلغان سېرىق سىرلىق ياپىلاق چۆگۈنگە ئۇستىگە قايرىما ياقىلىق ئۇزۇن دەريايى تون كىيگەن، بېلىنى پوتىدا باغلىغان، بەرباپ، جەللا، نەي چېلىۋاتقان غەربىي دىيار سازەندىلىرى بىلەن ئۇسسۇل ماھىرىنىڭ روشەن رەسىمى ئويۇلغان. 16 پادىشاھلىق دەۋرىگە ئائىت جېجياڭ ئۆلكىسى رۇيئەن ناھىيىسىدىن قېزىۋېلىنغان ئاشلىق قاچىلايدىغان چوڭ ساپال ئىدىشقا ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئوخشاش كىيىنگەن، بىر قولىدا دوپپىسىنى تۇتۇپ مىمىكىلىق ئىپادىلەۋاتقان ئۇسسۇلچى بىلەن سازەندىنىڭ رەسىمى ئىشلەنگەن.

شىمالىي ـ جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن باشلاپ، بولۇپمۇ سۈي ـ تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىن كېيىن دىيارىمىز ئۇسسۇللىرى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا كەڭ تارقىلىپ، ئېلىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سەنئەت گۈلزارىدا ئالاھىدە شۆھرەت قازاندى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سۇلې، كۇسەن، ئىدىقۇت مۇزىكا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى تۇرلۇك ۋاسىتىلەر بىلەن

يىراق شەرق ۋە ئۇلۇغ ئوكيان ساھىلىغا تەسىر قىلغانلىقى ھەققىدىكى تارىخىي مەلۇماتلار بارغانسېرى شەرق سەنئەت تارىخى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلماقتا. ئەينى زامان غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرىنىڭ خۇددى ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇللىرىدا ساقلانغان روشەن مىللىي كۆرۈنۈشىنى تاڭ دەۋرىدىكى شائىر لى رۇينىڭ «پىتىرىما ئۇسسۇلى» ناملىق تۆۋەندىكى شېئىرىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:

«لياڭجۇنىڭ ئۇيغۇرلىرى قايناپ ئۇسسۇل ئوينىغان،
قاڭشار بۇرۇن، ئەتلىرى يورۇقاش تېشىسىمان.
يەرگە تېگىپ سۆرىلىپ تۇرار شۇڭدەك پوتىسى،
كاناپ كۆڭلەك پەشلىرى قايرىلىپتۇ ئىككى يان.
كېلىپ چېدىر ئالدىغا ئۆز تىلىدا پىچىرلاپ،
كۆكرەك سىيپاپ، يەڭ تۇرۇپ چۇشتى ئۇسسۇلغا شۇئان.»

لياۋ سۇلالىسى ۋاقتىدا يېزىلغان «تۇڭ بو ھەزرەتلىرى بىلەن كېچىدە ئۇسسۇل كۆرۈش» ناملىق بىر شېئىردىمۇ:

«جى ئېلى ئايۋاندا ئوينالدى ئۇيغۇر ئۇسسۇلى،
تولدى جەۋلانغا شۇ دەم ئۆتەر كارىدورنىڭ يولى.»

دەپ يېزىلغان.

ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇلچىلىقى قەدىمكى دىيارىمىز ئۇسسۇلچىلىقى ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا مىڭلىغان يىللاردىن بېرى داۋام قىلىپ ئېلىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سەنئەت خەزىنىسىگە سالماقلىق تۆھپىلەر قوشتى. ئۇ ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشى ۋە بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەنىۋى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش ۋە گۈللەندۈرۈشتە ئىلمىزنىڭ ھەرقايسى ئەللەر بىلەن دوستانە ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئۆچمەس تارىخىي تەسىر كۆرسەتتى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئىلمىز تارىخىنىڭ، جۈملىدىن مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئەت تەرەققىيات تارىخىنىڭ يېڭى ئېراغا قەدەم قويغانلىقىنىڭ ئۇلۇغۋار نامايەندىسى بولدى. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇلچىلىقى ئۆتمۈشتىكى خەلق ئۇسسۇللىرى ۋە كلاسسىك ئۇسسۇللار تارىخىي ئەنئەنىسى ئاساسىدا يېڭى دەۋر روھى ۋە يېڭى تۇرمۇش رىتىمى ئاساسىدا يېڭى گۈللىنىش مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. مانا بۇ قەدىمكى ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانىدا پورەكلەپ ئېچىلغان يېڭى باھار چېچەكزارلىقىدىن ئىبارەت ئىدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 30 يىللىق توينى قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن ئازادلىقتىن بېرىقى ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ خۇشباھار مەنزىرىسىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، قولغا كەلگەن غايەت زور نەتىجىلەردىن زوقلانماي تۇرالمايمىز. بۇ جەھەتتىكى نەتىجىلەرنىڭ بىر قىسمىنى جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرۇش ئارزۇسى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ تاپشۇرۇشى بىلەن «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانىدا باھار چېچەكلىرى» ناملىق بۇ كىتاب ئىشلەندى.

«ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى» بىلەن ئۇنىڭ «باھار چېچەكلىرى» بۇ كىتاب مۇئەللىپىگە چەكسىز ئىلھام بېغىشلىغان يالقۇنلۇق تېما.

بىز كەڭ جامائەتچىلىكنى بۇ ئىلھامبەخش يالقۇنلۇق تېما بىلەن تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئازادلىقتىن كېيىنكى مەشھۇر ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى، تونۇلغان ئۇسسۇل رېژىسسورى مەرھۇم ھاجى راخمانىنىڭ ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇل

سەنئىتىگە قوشقان «گۈل سېۋىتى»دىكى نەمۇنىلىك «گۈلدەستىلىرى»نى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىزچىللىقى ۋە بەدىئىي ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن ئۇنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىزھار قىلماقچىمىز. روشەنكى، ھاجى راخمان ئىجادىيىتىدە ئازادلىققىچە بولغان ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ ئەڭ نادىر جەۋھەرلىرى ئۆزىنىڭ يېڭى ھاياتى ۋە نەپىس كۆرۈنۈشىگە مۇيەسسەر بولغاندى.

ئەلۋەتتە بۇ تۇنجى قەدەم. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇللىرىنى تارىخىي جەھەتتىن، ئېستېتىكىلىق جەھەتتىن، بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىن تەتقىق قىلغۇچىلاردا ئۇيغۇر كلاسسىك ئۇسسۇلى تەتقىقاتچىلىرىدا، ئۇسسۇل ئىجادىيىتى ۋە ئىسلاھاتىغا قىزىققۇچىلاردا، جۈملىدىن، كەڭ ئوقۇرمەنلەردە كۈچلۈك تەسىر قوزغىشى شۈبھىسىز.

## 2

سامادىن سىرغىدى چولپان، ساما يىغلايدۇ ھەسرەتتىن،
چىمەندىن كەتتى خۇش باغۋەن تۆكۈلدى بەرگى سەنئەتتىن.
نېتەيكى زەر باھاسى ـ قەدرىگە يەتكەندە بۇ دەۋران،
جۇدا قىلدى جۇلا زىننەتلىرىنى تاجى زۇمرەتتىن.
سېنىڭدىن ئېپتىدا تاپقان ئۇسسۇل باغىدا بىر ئەۋلاد،
ئېمىپ تاڭدىن قۇياش نۇرىنى، قېنىپ گۈلشەندە شەربەتتىن.
ئۇسسۇلدىن بىر مۇھەندىسنى ئاتا قىلغايمۇ بۇ قەرنە،
سېنىڭدەك ئاق كۆڭۈل، ماھىر، يېڭىلمەس تىل ـ ھاقارەتتىن.
ئەسىرلەر پەخرىسەن ھاجى، ۋەتەن كۆكسىدە ئۇنۋانىڭ،
قەدىرلەيدۇ سېنى خەلقىڭ ئۇلۇغلاپ مىڭ رىۋايەتتىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى، ئۇيغۇر يېڭى ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى، ئاتاقلىق ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسى يولداش ھاجى راخمان 1982 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت توققۇز يېرىمدا بېيجىڭدا چەت ئەلگە چىقىش سەپىرى ئالدىدا سەھنىدە ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ بەختكە قارشى تۇيۇقسىز ۋاپات بولدى. ئۇ ۋاپات بولغاندا 50 ياشتا ئىدى.

يولداش ھاجى راخمان شىنجاڭنىڭ ئاتۇش ناھىيىسىدە كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۆسمۈرلۈك چېغىدىن باشلاپلا ئۇيغۇر خەلق ئەلنەغمىلىرى، يېزا خەلق مەشرەپ ـ باراۋەتلىرى، ئايەم ـ سەيلىلىرى ۋە سەھنە ئۇسسۇللىرىغا ھېرىسمەن بولۇپ ئۆستى. ئۇ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىلا مەكتەپتىكى سەنئەت پائالىيىتىنىڭ پائال ئۇيۇشتۇرغۇچىسى بولغان. ھاجى راخمان ئۆز يېزىسىدا باشلانغۇچ مەكتەپنى تاماملاپ، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ تولۇقسىز ۋە تولۇق سىنىپلىرىدا ئوقۇغاندىلا كۆرۈنگەن سەنئەت ماھىرى بولۇپ قالدى. ئۇ 1950 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە ئۇسسۇل ئارتىسى ۋە ئۇسسۇل كەسپى مۇئەللىمى بولۇپ خىزمەتكە كىرگەندىن باشلاپ ئۆزىنىڭ سەھنە ھاياتىنى باشلىدى. ئۇ 1952 ـ يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدە تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئارتىس، ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى، رېژىسسور، رېژىسسورلار گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنباسار رەئىسى قاتارلىق خىزمەتلەردە بولغان.

يولداش ھاجى راخمان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاجايىپ سەۋرلىك

ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسى سۇپىتىدە ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇلچىلىقى گۈلزارىغا ئىپتىخارلىق تۆھپە قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 50 تىن ئارتۇق ھەر خىل نەپىس ئۇسۇل نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلىپ، ئۇيغۇر يېڭى ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ ئىجاد قىلغان بۇ نومۇرلار ھەرقايسى سەنئەت تەشكىلاتلىرىدا ئوينالغانسېرى يېڭىلىنىپ، ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئالاھىدە بىر كۆركەم چىمەنزارلىقىنى ھاسىل قىلدى. ئۇ ئىجاد قىلغان ئۇسسۇللار مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارا سەھنىلەردە ئۆزىنىڭ نەپىس شەكلى، ساغلام ئېستېتىك مەزمۇنى تۇپەيلى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىكى مۇھىم دۇردانىلەر قاتارىدا ئېلىمىزگە، ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇل سەنئىتىگە شەرەپ كەلتۇردى. 1959 ـ يىلى ۋېنا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ياشلىرى ۋە ستودېنتلىرى پېستىۋالىدا ئۇ ئىجاد قىلغان «ئۇزۇمچىلىك ئۇسسۇلى» ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. «قوغۇنچىلىق ئۇسسۇلى» خەلقئارا كۈمۈش مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 1979 ـ يىلى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە بېغىشلانغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكىدە ئۇ ئىجاد قىلغان «ئەللەي ئۇسسۇلى» بىرىنچى دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا، «دولان سەنەمى يېڭى ئۇسسۇلى» ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1980 ـ يىلى مەملىكەتلىك يالغۇز ئۇسسۇل، ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇل، ئۈچ كىشىلىك ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە ئۇ ئىجاد قىلغان «مېنىڭ راۋابىم» ناملىق يالغۇز كىشىلىك ئەرچە ئۇسسۇل بىلەن «پىلچى قىز ئۇسسۇلى» ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىجادىيەت (ئالدىنقىسى) ۋە ئورۇنداش (كېيىنكىسى) مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئىجاد قىلغان ئۇسسۇللار كۆپ قېتىم چەت ئەللەرگە ئاچىقىپ ئوينالغان. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ 1976 ـ يىلى غەربىي ئاسىيادىكى ئافغانىستان، پاكىستان، كۇۋەيت، شىمالىي

يەمەن، جەنۇبىي يەمەن، ئىراق، سۈرىيە قاتارلىق يەتتە مەملىكەتكە، 1980 ـ يىلى نىررىيە، دۇكا، يۇقىرى ۋولت، گانا قاتارلىق غەربىي ئافرىقا ئەللىرىگە زىيارەتكە چىقىپ ئويۇن كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ تويۇقسىز ۋاپاتىمۇ ئۇنىڭ چەت ئەللەرگە چىقىش سەپىرى ھارپىسىدا يۈز بەردى.

يولداش ھاجى راخمان «لەيلىگۈل»، «خەلق كوممۇنىسى» ناملىق ئۇسسۇللۇق درامىلارنىڭ بەدىئىي رەھبەرلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە ئۇنىڭدىكى بىر قاتار ئاساسلىق ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەرنى ئىشلەپ چىققاندى.

يولداش ھاجى راخمان قەدىمكى ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانىدا يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇسسۇل ماھىرلىرىنىڭ كۆچەتزارلىقىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن 1955 ـــ 1963 ـ يىللىرى ئارىسىدا 20 چاتما ھەرىكەتتىن ئىبارەت 270 خىل ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتلىك بىر يۈرۈش ئاساسىي ماھارەت مەشىق سىستېمىسىنى تۈزۈپ چىققانىدى. بۇ دەرسلىك ماتېرىيالىدا قەدىمكى كۇچا، قەشقەر، تارىم ۋە تۇرپان ئويمانلىقى، قۇمۇل تاغلىرىدىكى كەڭ خەلق ئۇسسۇللىرى، سەنەم، ساما، دولان ئۇسسۇلى، نازىركۇم قاتارلىق ئۇسسۇل تىپلىرى ئىخچاملاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ پەرۋىشى ئاستىدا قانچىلىغان ئۇسسۇل پورەكلىرى خۇش پۇراق چاچتى. ئۇنىڭ تەربىيىسى ئارقىسىدا قانچىلىغان ئۇسسۇل قۇشلىرى قانات چىقىرىپ پەرۋاز قىلدى ...

يولداش ھاجى راخماننىڭ سەھنە ھاياتى ۋە ئىجادىيەت يولى تەكشى، ئوڭۇشلۇق ئۆتكىنى يوق «سولچىل» سىياسىي ـ ئىدىيىۋى ئېقىم ئۈستۈنلۈكنى ئالغان يىللاردا ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى تۈرلۈك رامكىلار بىلەن توسۇلۇپ، ئۇسسۇلدا ئەڭ نەپىس گۈزەللىك ۋە ئېستېتىك غايىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. لىن بياۋ ـ جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى ئەڭ زۇلمەتلىك ۋە ئەڭ پاجىئەلىك

مەدەنىيەت ئىنكارچىلىقى ۋە ھاكىممۇتلەقلىقى يۈرگۈزگەن، چىنلىق - ياخشىلىق - گۈزەللىك دەپسەندە قىلىنغان، سەنئەت ۋە ئىجادىيەت خارلانغان چاغلاردا يولداش ھاجى راخمان قاتتىق چەكلىنىش، يولسىز كەمسىتىلىش ۋە ھاقارەتلىنىشكە ئۇچرىدى. ئۇ ئىدىيە، سىياسىي ھايات ۋە شەخسىي تۇرمۇش جەھەتلىرىدىمۇ بولمىغۇر روھىي ئازاب ۋە ماددىي قىيىنچىلىققا ئۇچرىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ھاياتبەخش روھى ئىزچىللاشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۇسسۇل ئىجادىيەت يولى يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. ئۇ ئۆز ھاياجانلىق ھېسسىياتىنى باسالماي، «گۈل - گىياھ باھار ۋە قۇياش نۇرىغا قانداق تەشنا بولسا، سەنئەت خۇشباھار ۋە زەرقۇياش دەۋرانىغا شۇنداق موھتاج. بۇ ھەقىقەتنى ئۆز سەرگۈزەشتلىرىمىز ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىمىدۇقمۇ؟» دېگەنىدى.

بۇ كىتاب يولداش ھاجى راخماننىڭ 1979 - يىلقى تەكلىپى ۋە تەشەببۇسى بويىچە بىر قانچە يىللىق ئىزدىنىش ئاساسىدا تولۇقلىنىپ تۈزۈلگەن. بۇ كىتابتا ھاجى راخماننىڭ ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇلىدا ئاياللار ئۇسسۇلى گۈزەللىك يارىتىش يولىدىكى 30 يىللىق جاپالىق ئىزدىنىش مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاساسەن يىل تەرتىپى بويىچە تونۇشتۇرۇلدى. كىتابنىڭ ئاخىرىغا ئۇ ئىجاد قىلغان ۋەكىل خاراكتېرىدىكى ئۇسسۇللۇق ئەسەرلەرنى سەھنىدە دەسلەپ ئويىنىغان بىر قىسىم ماھىر ئۇسسۇلچىلار قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدى. بۇ يالغۇز ھاجى راخماننىڭ سەھنە ھاياتىغا ئائىت بىر پۈتۈن بەدىئىي كوللېكتىپنى ئۇنىڭغا قوشۇپ تونۇشتۇرۇشقا پايدىلىق بولۇپ قالماي، يەنە قەدىمكى ناخشا - ئۇسسۇل ماكانىدا ئازادلىقتىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئەڭ خۇش مەنزىرىلىك يېڭى ئۇسسۇل چېچەكزارلىقىنى تونۇشتۇرۇشقىمۇ مەنپەئەتلىك، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 3

يولداش هاجى راخماننىڭ ئۇسسۇل ئىجادىيىتىدىكى ئاساسلىق ئىستىتىك خۇسۇسىيەتلەرنى: «ۋارىسلىق قىلىش ـ يېڭىلىق يارىتىش»، «يېڭى پىكىر ـ ھېسسىيات ۋە يېڭى ئۇسسۇللۇق تەسەۋۋۇر»، «ئۇسسۇلدا گۈزەللىك يارىتىش — ئۇسسۇل ئارقىلىق يېڭىچە ئېستېتىك غايە يېتىشتۇرۇشكە تەسىر قىلىش» تىن ئىبارەت ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلەشتۇرۇش مۇمكىن.

## ۋارىسلىق قىلىش ـ يېڭىلىق يارىتىش

«ئۆزگە خاس مۇنبەت تۇپراققا تېرەن يىلتىز تارتمىغان گۈل ـ گىياھتىن گۈزەل ۋە خۇشبۇيلۇق چېچەك ئېچىلمايدۇ». بۇ هاجى راخماننىڭ 30 يىللىق سەھنە ھاياتىنى يەكۈنلىگەندە ئېيتقان بىر جۈملە سۆزى.

ئىجادىيەت ئاسماندىن چۈشمەيدۇ. ئىجادىيەت يىلتىزسىز گۈل، مەنبەسىز ئېقىن ئەمەس. بىز ھاجى راخماننىڭ ھايات يولىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇنىڭ پۈتۈن ئىجادىيەت ھاياتى ئۆز نۆۋىتىدە ئۆگىنىش، ۋارىسلىق قىلىش، شۇ ئاساستا يېڭىلىق يارىتىش يولى ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇ پات ـ پاتلا: «بىزنىڭ قەدىمكىلەردىن ئۈستۈن بولۇشىمىزدىكى بىر سەۋەب، بىزنىڭ ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرىگە ئومۇميۈزلۈك ۋارىسلىق قىلىشىمىزدىن بولغان. ئوخشاشلا بىزنىڭ خەلق سەنئەتچىلىرىدىن نەپىس بولۇشىمىزدىكى بىر سەۋەب، بىزنىڭ ئۇلاردىن قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەنلىكىمىزدىن بولغان. ۋارىسلىق ۋە ئۆگىنىشسىز يېڭىلىق كىرگۈزۈش ۋە ئىجادىيەت ھەققىدە ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ» دەيتتى.

يولداش ھاجى راخمان خەلق ئۇسسۇللىرىدىن ئۆگىنىشكىمۇ، پېشقەدەم ئۇسسۇل ئۇستازلىرىدىن ئۆگىنىشكىمۇ ماھىر ئىدى. ئۇنى خەلق ئىچىگە يوشۇرۇنغان ۋە گاھى ـ گاھىدا بۇلاقتەك قايناپ ـ تاشقان ناخشا ـ ئۇسسۇل غەزىنىسى ئۆزىگە دائىم مەھلىيا قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ دەسلەپ سەھنىلەشتۇرگەن «پەتنۇس ئۇسسۇلى»، «لىگەن ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئۇسسۇللار بىلەن ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا سەھنىلەشتۇرگەن «دولان سەنىمى يېڭى ئۇسسۇلى» بىۋاسىتە خەلق ئويۇن ـ مەشرەپلىرى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغانىدى.

يولداش ھاجى راخمان ئىجادىيەتنىڭ مەنبەسى يالغۇز خەلق ئۇسسۇللىرى بىلەن چەكلىنىپ قالمىدى، بەلكى ئۇ خەلقنىڭ ھاياتى، باي ۋە رەڭگارەڭ مىللىي تۇرمۇش شەكىللىرىنى ئۆگىنىش زۆرۈرلۈكىنى ياخشى چۈشىنەتتى. ئۇ ئىجاد قىلغان «قوغۇنچىلىق ئۇسسۇلى»، «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى»، كوللېكتىپ ئۇسسۇل «ئۈزۈمچى قىزلار»، «چىمەندوپپا»، «پىلىچى قىز» قاتارلىق نومۇرلار ئۇيغۇر خەلقى تۇرمۇشىدا مىڭ يىللاردىن بېرى تۇرمۇشىنىڭ دائىمىي رېئاللىقىغا ئايلانغان مىللىي تۇرمۇش شەكىللىرى ئاساسىدا سەنئەتچىگە خاس نازۇك تاللاش ۋە ئۆزگىچە ھەرىكەتلەر بىلەن ئۇرۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن.

يولداش ھاجى راخمان ئىجاد قىلغان مۇنەۋۋەر ئۇسسۇللۇق نومۇرلار ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئۇسسۇللىرىنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسىگە ئۇيغۇن، ئۇيغۇر مىللىي ـ ئېتنىك ھاياتىنىڭ رېئالىستىك مەنبەلىرىگە ئۇيغۇن بولۇشتەك تارىخىي مەنتىقىلىقىغا ئىگە بولغانلىقى تۇپەيلى ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇل سەنئىتى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى بىر سەھىپىسىنى بېزەپ، كەڭ كۆرۈرمەنلەرنىڭ سۆيۈپ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان.

www.uyghurkitap.com

# يېڭى پىكىر ـ ھېسسىيات ۋە يېڭى ئۇسسۇللۇق تەسەۋۋۇر

«ئۇسسۇل سەنئىتى نوقۇل تۇرمۇشنىڭ كۆچۈرمىسى ئەمەس، ئۇ تۇرمۇش رېئاللىقى بىلەن ئېستېتىك غايىنىڭ، چىنلىق بىلەن ئەقىل ۋە يۈرەكنىڭ ئىجادىيەتتىكى بەدىئىي قوشۇلمىسى». بۇ ھاجى راخماننىڭ 30 يىللىق سەھنە ھاياتىنى يەكۈنلىگەندە ئېيتقان يەنە بىر جۈملە سۆزى.

يولداش ھاجى راخمان ئۇيغۇر خەلقى تارىخىدىكى ئەنئەنىۋى ئۇسسۇل بايلىقىنى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى بۈگۈنكى دەۋرگە، بۈگۈنكى دەۋر كىشىلىرىگە خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن باشتىن ـ ئاياغ ئۇسسۇل ئىجادىيىتىدە يېڭى پىكىرنى، دەۋرنىڭ ئەڭ ئىلغار يېڭى روھىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. ئۇ پات ـ پاتلا بۇنى «مىللىي ئۇسسۇلدىكى شېئىرىيەت» دەيتتى. شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، يولداش ھاجى راخمان ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇللىرى ئەنئەنىسىگە خانىقا ھاپىزلىرىدەك ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ سوتسىيالىزم دەۋرىنىڭ سادىق پەرزەنتى سۈپىتىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېڭى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيىتى تارىخىنى ياراتقۇچىلاردىن بىرى سۈپىتىدە، بۈگۈنكى تۇرمۇش رىتىمى، ئېستېتىك غايە بويىچە مۇئامىلە قىلدى. ئۇنىڭ ئۆز ھاياتىنى ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇللىرىنىڭ يېڭى باھارىغا بېغىشلىشىغا ئىلھام ۋە تۈرتكە بولغان نەرسىمۇ، جۈملىدىن ئاشۇ ئۆچمەس مۇۋەپپەقىيەت بېغىشلىغان نەرسىمۇ مانا مۇشۇ قەيسەر دەۋر روھى ۋە يېڭى پىكىر ـ ھېسسىياتتىن ئىبارەت ئىدى.

يولداش ھاجى راخمان بۇ مەقسەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەنئەنىۋى خەلق ئۇسسۇللىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، خەلقنىڭ

رېئال تۇرمۇشىدىكى ئەنئەنىۋى مىللىي شەكىللەرنى ئۇسسۇللاشتۇرۇش بىلەن قانائەتلىنىپ قالمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قايناق مەقسىتى ۋە گۈزەل ئارزۇسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بەدىئىي تەسەۋۋۇردىن، ئېنىقراق ئېيتقاندا ئۇسسۇللۇق تەسەۋۋۇردىن كەڭ پايدىلاندى. ئۇ «قىزىلگۈل ئۇسسۇلى»دا قىزىلگۈل سىيماسى ئارقىلىق ئازاد زامان ۋە خۇشال - خۇرام ھاياتنى ئۇسسۇللۇق سىمۋوللاشتۇرۇپ ئىپادىلىسە، «جانان چىنە ئۇسسۇلى» ئارقىلىق كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىدىكى سەمىمىي مۇناسىۋەتلەرنى كۈيلىدى. ئۇ خەلقنىڭ «ئەللەي ناخشىسى» ئاساسىدا ئىجاد قىلغان «ئەللەي ئۇسسۇلى»دا يېڭى بىر ئەۋلادنىڭ ئۆسۈپ - يورىيىشىغا قارىتىلغان ئىجتىمائىي خەيرخاھلىقىنى گەۋدىلەندۇرگەن. ئۇ «مېنىڭ راۋابىم» ئۇسسۇلى ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ كونا ۋە يېڭى جەمئىيەتتىكى ئوخشىمىغان ھايات تەقدىرىنى گەۋدىلەندۇرگەن. ئۇنىڭ «ئەللەي قوشىقى» ۋە «راۋابچى»دىن ئىبارەت ناخشا - مۇزىكىلىق سۇژىتىنى ئۇسسۇللۇق نومۇر قىلىپ ئىشلىشىگە ياردەم قىلغان نەرسىمۇ دەل ئۇنىڭ ئۇسسۇللۇق بەدىئىي تەسەۋۋۇرىدىن ئىبارەت بولغان. بىز ئۇنىڭ «تەنتەنە»، «تەڭرىتاغدا باھار» قاتارلىق ئۇسسۇللۇق ئىجادىيىتىدىن ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتلەرنى ئۇسسۇللۇق تەسەۋۋۇر ئارقىلىق قايتا ئۇيۇشتۇرۇپ يېڭى ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەشتىكى نەتىجىلىرىدىن كۆرىۋالالايمىز.

## ئۇسسۇلدا گۈزەللىك يارىتىش

«ئۇسسۇل ئۇ نەپىس سەنئەت. ئۇسسۇل سەنئىتىنى سەنئەت قىلىپ تۇرغان نەرسە كىشىلەرگە يېڭىچە ئېستېتىك زوق ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېستېتىك غايە بېغىشلايدىغان ئۇسسۇل گۈزەللىكىدىن ئىبارەت.» بۇ ھاجى راخماننىڭ 30 يىللىق سەھنە ھاياتىنى يەكۈنلىگەندە ئېيتقان يەنە بىر جۈملە سۆزى.

ئۇسسۇلدا گۈزەللىك يارىتىش ھاجى راخمان ئىجادىيىتىدىكى بىر ئېستېتىك ئەمەلىيەت بولۇپ كەلدى. يولداش ھاجى راخمان ئىنتايىن «سول» ئىدىيىۋى ئېقىم ئۈستۈنلۈك ئالغان يىللاردىمۇ ئۇسسۇل سەنئىتىدە گۈزەللىك پرىنسىپى ئاساسىي ئېستېتىك پرىنسىپ ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت كۆز قارىشىدىن ۋاز كەچكىنى يوق. ھاجى راخمان ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرىدىكى ئەنئەنىۋى ھەرىكەت، مىمىكا ۋە شەكىل گۈزەللىكلىرىنى، شۇنىڭدەك جانلىق رېئال تۇرمۇشتا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان، ھەممە كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى ئارزۇلىرى ۋە گۈزەل ئىنتىلىشلىرى بىلەن زىچ ماسلاشقان تەبىئەت گۈزەللىكىگە، ئىجتىمائىي تۇرمۇش گۈزەللىكىگە، ئىنساننىڭ مىجەز ـ خۇلقى ياكى قەلبى ـ ھېسسىياتىدىكى گۈزەللىككە ئائىت ھەر خىل يېقىملىق، ئۇلگىلىك ۋە سىمۋوللۇق ھەرىكەت، قىياپەت ۋە شەكىللەرنى تاللاپ ئۇنى تەسەۋۋۇرلاشتۇرۇپ، ئوبرازلاشتۇرۇپ، ئۇلار ئارقىلىق تېخىمۇ روشەن ئۇسسۇل گۈزەللىكى يارىتىشقا كىرىشەتتى. تارىخنىڭ يۈزلىنىشىنى، دەۋرنىڭ ئىلغار روھىنى، خەلقنىڭ ئېستېتىك ئىنتىلىشىنى ئۇسسۇل گۈزەللىكى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ كۈچلۈك ئۇسسۇللۇق ئېستېتىك زوق پەيدا قىلىش ھاجى راخمان ئىجادىيىتىگە مەھلىيالىق كۈچى بېغىشلىغان ئاساسىي ئېستېتىكىلىق سىر. ھاجى راخمان توغرا ئېيتقانىدى: «ئۇسسۇل كىشىلەرگە ئۇمىدۋارلىق بېغىشلىشى، ئېستېتىك غايە بېغىشلىشى، شۇ ئاساستا ئېستېتىك خۇشاللىق بېغىشلىشى لازىم. بۇ ۋەزىپىنى ئۇسسۇلدا گۈزەللىك يارىتىشتىن باشقا ۋاسىتىلەر بىلەن ئورۇندىغىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇر مىللىي

ئۇسسۇللىرىدىكى گۈزەللىك ۋە خۇشاللىق ئامىللىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي خاراكتېرىدە گۈزەللىككە، كۆڭۈل ئازادلىكىگە ئىنتىلىش ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلىمەي بولمايدۇ. بۇ ھېچبولمىغاندىمۇ بىر ئەنئەنىدە!»

شۇ نەرسىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، يولداش ھاجى راخمان ئۇسسۇل ئىجادىيىتىدە گۈزەللىك يارىتىش، مۇھىمى ئاياللار گۈزەللىكى يارىتىش بىلەن خاراكتېرلەنگەن. بۇ نۇقتىدىن ئۇنى ئازادلىقتىن كېيىنكى ئەڭ سەمەرىلىك ئاياللچە ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى دېيىش مۇۋاپىقراق. ئۇ ئىجاد قىلغان «قىزىلگۈل ئۇسسۇلى»، «قوغۇنچىلىق ئۇسسۇلى»، «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى»، «ئۈزۈمچى قىزلار» كوللېكتىپ ئۇسسۇلى، «چۆلدە ئېچىلغان ئاق ئالتۇنگۈل» ئۇسسۇلى، «پىلىچى قىز ئۇسسۇلى»، «جانان چىنە» ئۇسسۇلى، «چىمەندوپپا ئۇسسۇلى»، «دوپپا تەقدىم قىلىش ئۇسسۇلى»، «ئەللەي ئۇسسۇلى» قاتارلىقلار ئۇيغۇر مىللىتىدىكى ئايال گۈزەللىكىنىڭ قەددى ـ قامەت، ھۆسن ـ چىراي، خۇلق ـ مىجەز، يۈرۈش ـ تۇرۇش، ئىما ـ ئىشارەت ۋە ھېسسىيات ـ خاراكتېر جەھەتلىرىدىكى يارقىن ئېتىنىك ۋە پسىخىك ئالامەتلىرىنى ماھىرلىق بىلەن ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت شەكلىگە مەركەزلەشتۈرگەن. ئۇنىڭ «تەڭرىتاغدا باھار»، «شىنجاڭ ياخشى جاي»، «تەنتەنە»، «دولان سەنىمى يېڭى ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئەر ـ ئايال ئارىلاشما ئۇسسۇللۇق نومۇرلىرىدىمۇ يەنىلا ئايال گۈزەللىكى مەركىزىي ئورۇنغا قويۇلغان. بۇ ئاسان ئېرىشىلىدىغان نەتىجە ئەمەس، ئەلۋەتتە.

يولداش ھاجى راخمان ئاياللار گۈزەللىكىدىن ئىبارەت ئۇسسۇللۇق كاتېگورىيىسىنى ئۆز ئىجادىيىتى ئەمەلىيىتىدە ئۇنۇملۇك ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىككى ئىشنى چىڭ تۇتتى. ئۇنىڭ بىرى، خەلق مەشرەپلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر خىل يەرلىك ئورۇندىلىش شەكىللىرى، يىگىت ـ قىز ئولتۇرۇشلىرى، سەيلە ـ

ئايەم ئۇسسۇللىرىدىكى بارلىق ئاياللار گۈزەللىكىگە ئائىت كۆركەملىك، يېقىملىق، قىزغىن، نازۇك، سالماقلىق، چاققان ئامىللاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا كۆڭۈل بۆلۈش بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، ئارتىس تاللاش، ئايال ئارتىسلارنىڭ ئايالچە گۈزەللىك ئۆلگىلىرىنى قوغداش ۋە بېيىتىشقا قاتتىق تەلەپ قويۇش، ئايال گۈزەللىكىنى روشەن ئىپچىل بېرىدىغان كىيىم - كېچەك، گىرىم، ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت ۋە سەپ شەكىللىرى، سەھنە دېكوراتسىيىسى ۋە رەڭدار نۇر بېرىش قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي گارمونىيىسىنى تەشكىللەشتىن ئىبارەت بولدى. ھاجى راخمان ئۇچۇن يالغۇز ئايال ئۇسسۇلچىنىڭ ياكى سالماقلىق رىتىمىدىكى، ياكى تېز رىتىمدىكى، ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت گۈزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئەڭ ئاساسىي ماھارەت تەلىپى ھېسابلىناتتى. ئۇ بۇنى يالغۇزلا ئۇسسۇلدا ئايالچە گۈزەللىك يارىتىشنىڭ قاتتىق ئۆلچەملىك ماھارەت تەلىپى دەپ قارىماي، يەنە ھەقىقىي، مۇستەقىل ئۇسسۇل ماھىرلىرى - ئۇسسۇل ئۇستىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى دەپ بىلەتتى.

يولداش ھاجى راخمان ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇلچىلىقىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشى ئۇچۇن بىرقانچە ئەۋلاد سەنئەت ماھىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان.

يولداش ھاجى راخمان تېخى ياش ۋە ئۈمىدلىك ئىدى. ئۇ تارىم ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى تاشكېمىرلارغا سىزىلغان، تارىخىي خاتىرىلەردە تەسۋىرلەنگەن قەدىمكى سۇلې (قەشقەر)، كۇسەن (كۇچا) ۋە قاراقۇچو (تۇرپان) ئۇسسۇللىرىدىن دراممىلار ئىشلەش ئارزۇلىرىدا ئىدى.

يولداش ھاجى راخماننىڭ تويۇقسىز ئارىمىزدىن كېتىشى ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇلچىلىقىدىكى زور يوقىتىش. بىز بۇ

كىتابنى ئۇنىڭ شەرىپىگە بېغىشلايمىز. ئۇنىڭ خەلقىمىزنىڭ سەنئەت تارىخىغا قوشقان ئاجايىپ زور تۆھپىلىرىنى جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنى خاتىرىلەيمىز. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئازادلىقتىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتى مول نەتىجىلىرىنىڭ مۇھىم بىر نامايەندىسى، ئەلۋەتتە. كىتابتا كۆپلىگەن يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. مۇنداق بىر كىتابنى تۈزۈپ چىقىشنى ئۇرۇنلاشتۇرغان شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىكى يولداشلارغا سەمىمىي تەشەككۈرلىرىمنى بىلدۈرىمەن.

## ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلى «پەتنۇس ئۇسسۇلى»

ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرى ئەڭ قەدىمكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە رېئال تۇرمۇش ئاساسىدا شەكىللەنگەن. خەلق رىۋايەتلىرى ۋە داستانلىرىغا قارىغاندا، قەدىمكى ھېيت - ئايەم، سەيلە - مۇراسىم، يىزا - شەھەر مەشرەپ ئويۇنلىرىدا ھەر خىل جەڭ ئۇسسۇللىرى — قىلىچ ئۇسسۇلى، نەيزە - قالقان ئۇسسۇلى، چەۋەندازلىق ئۇسسۇللىرى، نىقابلىق ئۇسسۇللار، شۇ قاتاردا تۇرمۇش مەنزىرىسىنى ئىپادىلەيدىغان گۈلخان ئۇسسۇلى، تەخسە ئۇسسۇلى، چاي - پەتنۇس ئۇسسۇلى، چىراغ ئۇسسۇلى، لېگەن ئۇسسۇلى قاتارلىقلار ئوينالغان. مۇنداق ئۇسسۇللار كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك مەنىۋى ھاياتىغا ئۇلپەت بولۇپ يېقىنقى زامانلارغىچە ساقلىنىپ كەلگەن.

يولداش ھاجى راخمان بارغانسېرى ئۆز ماھىرلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقان مۇنداق مۇھىم ئەنئەنىۋى خەلق ئۇسسۇلىنى 1952 - يىلى كۇچالىق 70 ياشلىق پېشقەدەم خەلق ئۇسسۇلچىسى تۇردى ئاخۇن ئاكىدىن ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرگەن. تۇردى ئاخۇن ئاكا كۇچا چايخانىلىرىدا چايخانا سازەندىلىرىنىڭ

ساز تەڭكەشلىشىشكە ماسلاشتۇرۇپ بۇ ئۇسسۇلنى ئويناپ كەلگەندى.

يولداش ھاجى راخمان «پەتنۇس ئۇسسۇلى»نى ئىجادىي تۇردە سەھنىلەشتۈرۈپ، 1953 ـ يىلى تۇنجى قېتىم ئۇرۇمچىدە كۆرۈرمەنلەرگە ئويناپ كۆرسەتكەن.

«پەتنۇس ئۇسسۇلى»، «ھەرىكەت ئىچىدىكى تۇرغۇنلۇق، تۇرغۇنلۇق ئىچىدىكى ھەرىكەت» تەلەپ قىلىدىغان قاتتىق ماھارەتلىك ئۇسسۇل بولۇپ، مېھماندوست، مەشرەپخۇمار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش رېئاللىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ ئۇسسۇلنىڭ مەشرەپلەردە ئوينىلىش شەكلى مۇنداق:

مەشرەپتە ئۇسسۇلچى بىر پەتنۇسقا 15 ـــ 20 پىيالە چاي تىزىپ، مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرىغا بىر ـ بىرلەپ سۇنىدۇ. مېھمانلار چاينى ئىچىپ بولۇپ پىيالىلەرنى ئۇسسۇلچىغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. پىيالىلەر پەتنۇسقا تىزىلغاندىن كېيىن تەكلىپ بويىچە «پەتنۇس ئۇسسۇلى» باشلىنىدۇ. ئۇ ئۆرە ۋە



يەردە دومىلاپ ئوينىغاندىن كېيىن يەنە يەردىكى چىنىنى ئېلىپ، ئىككى دولىسى، ئىككى قول جەينەك ئۈستى ۋە ئىككى ئالىقان ئۈستىگە قويۇپ ئۆز ئۇسسۇلىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

چايخانا ۋە مەشرەپلەردە بۇ ئۇسسۇل ئەڭ ماھارەتلىك ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندە، ئولتۇرغان مېھمانلار ئارقا ـ ئارقىدىن پۇل قىستۇرۇش، پۇل ئۆرۈش قىلاتتى.

## ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلى «لېگەن ئۇسسۇلى»

«لېگەن ئۇسسۇلى» خۇددى «پەتنۇس ئۇسسۇلى»دەك قاتتىق سىلىقلىق ۋە ماھارەت تەلەپ قىلىنىدىغان ئەنئەنىۋى خەلق ئۇسسۇللىرىدىن بىرى.

«لېگەن ئۇسسۇلى» ئازادلىقتىن ئىلگىرى يوقىلىشقا يۈزلەنگەن بولۇپ، يىراق زامانلاردا خەلق سەيلىلىرى، خەلق



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





مەشرەپلىرى، توي ـ تۆكۈنلەردە ئوينىلاتتى.

يولداش ھاجى راخمان پېشقەدەم خەلق ئۇسسۇلچىلىرىنى ئۇستاز تۇتۇپ بۇ ئۇسسۇلنى ئىگىلىگەن ۋە ئىجادىي يېڭىلاپ سەھنىگە ئاچققان. ئۇنىڭ كۆرۈرمەنلەر ئارىسىدا قازانغان تۇنجى شۆھرىتى «پەتنۇس ئۇسسۇلى» بىلەن «لېگەن ئۇسسۇلى»نى سەھنىدە ئويناش بىلەن مەيدانغا كەلگەنىدى.

بۇ ئۇسسۇل داپقا ياكى مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ئوينالغاندا ئۇسسۇلچى ئىككى قولىدا چىكىلداق چېلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ دۇمبىسىدىكى لېگەن يۇقىرى ۋە تۆۋەن قوزغىلىپ تۇرسىمۇ چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

## «قىزىلگۈل ئۇسسۇلى»

قىزىلگۈل ــ ئۇيغۇر خەلقى ئەڭ سۆيىدىغان خۇش پۇراق ئەتىرگۈلدىن ئىبارەت. قىزىلگۈل مۇھەببەت، پاكلىق ۋە ساداقەت سىمۋولى سۈپىتىدە شەرق ۋە غەرب خەلق ئەدەبىياتىدا،



كلاسسىك ئەدەبىياتىدا كۈيلەنگەن. قەدىمكى گرېك ـ رىم ئەپسانىلىرىدە گۈزەللىك ۋە مۇھەببەت ئىلاھە ئافرودىتا ئۆز ئاشىقى ئادونىسقا كىچىك مۇھەببەت ئىلاھى ئېروس تەرىپىدىن كۆزىنى يۇمۇپ ئاتقان ساداق ئوقىنىڭ تېگىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، قۇتقۇزغىلى يۈگۈرۈپ بارغۇچە ئۆلگۈرمەي يەرگە تۆكۈلگەن قىزىل قاندىن ئەسلىدە ئاق رەڭدە ئېچىلغان ئەتىرگۈل قىزىللىققا بويالغان دەپ ھېكايە قىلىنىدۇ.

قىزىلگۈل توغرىسىدىكى سىمۋوللۇق بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تولا ھاللاردا بۇلبۇل توغرىسىدىكى سىمۋوللۇق بەدىئىي تەسۋىر بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پۈتۈن ئىلغار ئىنسانىيەتكە ئوخشاش گۈزەللىككە، ئەركىنلىككە

www.uyghurkitap.com

ۋە پاك سۆيگۈ ـ مۇھەببەتكە بولغان يالقۇنلۇق ئارزۇسى ۋە مەنىۋى تەلپۈنۈشلىرىگە سىيما قىلىنغان.

بىز دەسلەپكى چاغاتاي دەۋرى ئۇيغۇرىزىم شېئىرىي ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىلى مۇھەممەد خارەزمىينىڭ «مۇھەببەتنامە» ناملىق داستانى، ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى لۇتفىينىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانى، نەۋائىينىڭ گۈل ۋە بۇلبۇل تېمىسىغا بېغىشلىغان كۆپلىگەن مۇھەببەت لىرىكىلىرى، ھىرقەتىينىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانى، سەئىدىيە دەۋرىدىكى مەشھۇر ئايازبىينىڭ «جاھاننامە» داستانى، مۇھەممەد ئەبۇسالاھىينىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانى، نەۋبەتىينىڭ كۆپلىگەن لىرىك غەزەللىرىدىن بۇلبۇلنىڭ قىزىلگۈلگە بولغان ئىشقى، قىزىلگۈلنىڭ باھار شامىلى («سابا»)غا بولغان تەشنالىقى گۈزەل مىسرالار بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى گۈل ۋە بۇلبۇل تېمىسى ئىشقىي تېما سۈپىتىدە ھىجران ۋە ۋىسال، شىۋىرغان ۋە باھار ئوبرازلىرى بىلەن قوشۇلۇپ بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي ئىدىيىۋى پىكىرنى گۈزەل غايىۋى تۇرمۇش ۋە ئۇنىڭ مۇھىتقا بولغان ئوتلۇق تەلپۈنۈشىنى ئىپادىلەشكىمۇ قارىتىلغان.

قىزىلگۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن تاشقىرى كۈندىلىك تۇرمۇشقىمۇ سىڭىپ كىرگەن «تۇرمۇش پېرسوناژ»لىرىدىن بىرى. ئۇيغۇر خەلقىدە ئەتىرگۈل (قىزىلگۈل)دىن «گۈلقەنت»، «گۈلاپ» (قىزىلگۈل شارابى) ئىشلەش تېخنىكىسى كەڭ تارقالغان. ئۇيغۇر قىز ـ جۇۋانلىرىدا، ھەتتا ئايالLار ئۇسسۇللىرىدا قولىغا قىزىلگۈل قىستۇرۇش، قىز ـ يىگىتلەر ئارىسىدا يىگىت قىزغا ئەتىرگۈل تەقدىم قىلىش، ئائىلىلەردە قىزىلگۈل ئۆستۈرۈش، لوڭقىغا ئەتىرگۈل چىلاپ قويۇش، كەشتىلەرگە قىزىلگۈل چېكىش قاتارلىقلار كەڭ ساقلانغان. ئۇيغۇرلاردا يېقىنقى زامانلارغىچە «قىزىلگۈل سەيلىسى» ساقلىنىپ كەلگەن.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ مەشھۇر شائىرى شىياۋ شۈن

ئۆزىنىڭ «غەربىي شىنجاڭ ھەققىدىكى نەزمىلىك بايان» ناملىق ئەسىرىدە ئەتىرگۈل ھەققىدە مۇنداق بىر مىسرا يازغانىدى.

«زەپ ئېچىلغاي ئەتىرگۈل ئۇشبۇ دىيار بولغاچ ماكان،
خۇش پۇراقى جىزىپ ئېتەر بولساڭ يىراقتا بىگۇمان».

قىزىلگۈل گۈزەللىكى بىلەن بۇلبۇلنىڭ ئىشق ناۋاسىغا بېغىشلانغان ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇللىرى مىڭلىغان يىللارنىڭ ئالدىدىلا كۆرۈرمەنلەرنىڭ قىزغىن زوقى ۋە مەدھىيىلىشىگە مۇيەسسەر بولغانىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «ئوقۇتۇش يۇرتى خاتىرىسى» ناملىق سەنئەت تارىخى دەستۇرىدا كۆرسىتىلىشىچە، قىزىلگۈل كۈيلىنىدىغان «باھار بۇلبۇل ناۋاسى» ناملىق مۇزىكىنى قەدىمكى كۇسەنلىك ماندا ئاقارى سۇي سۇلالىسى ۋاقتىدىلا ئىشلىگەن.

ئۇيغۇر خەلقى بەدىئىي تەسەۋۋۇرىدا گۈل ۋە بۇلبۇل ئوبرازى «كاككۇك ۋە زەينەپ» ئوبرازىغا ئوخشىماس ئىدى. ئەگەر ئالدىنقى بىر جۈپ ئوبراز سەممىي - شەيدالىقنى گەۋدىلەندۈرگۈچى چىن مۇھەببەتكە سىمۋول قىلىنغان بولسا، كېيىنكى بىر جۈپ ئوبراز ئۈجمە كۆڭۈل ۋە ئاخىرقى ھەسرەت - نادامەتتىن خالىي بولالمىغان سۆيگۈ ھەۋىسىگە سىمۋول قىلىنغان.

1957 - يىلى يولداش ھاجى راخمان ئۇيغۇر خەلقى رېئال تۇرمۇشىدىكى بۇ بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ يېڭى زامانغا بولغان ساپ مۇھەببىتىنى ئېستېتىك ئىدىيە قىلغان ھالدا نەپىس، لىرىك كوللېكتىپ ئاياللار ئۇسسۇلى «قىزىلگۈل ئۇسسۇلى»نى ئىجاد قىلدى. بۇ ئۇسسۇلنى تاڭ جىلۋىسى ھۆزۈرىدا ئېچىلغان قىزىلگۈل بەرگىلىرىنىڭ يۇمران، گۈزەل كۆرۈنۈشىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان كۆركەم كىيىملەر بىلەن كىيىنگەن 16 قىز ئورۇندايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باھار مەنزىرىسى، تاڭ نەسىمى، جۇشقۇن شادىيانە تۇيغۇ «قىزىلگۈل ئۇسسۇلى»نىڭ باشلىنىش، داۋام قىلىش ۋە ئەۋجگە كۆتۈرۈلۈشىنىڭ مۇزىكىلىق تىپىك مۇھىتىنى پەيدا قىلىدۇ.

كۆرۈرمەنلەرنىڭ بەدىئىي ھوزۇرىدا ئۇسسۇلچى قىزلار خۇددى پورەكلەپ ئېچىلغان كۆركەملىك قىزىلگۈل مەنزىرىسىنى ھاسىل قىلغاندا قات ـ قات قىپقىزىل بەرگىلەر ئوتتۇرىسىدا ئالتۇندەك ساپسېرىق گۈل تاجى قەد كۆتۈرۈپ جىلۋە قىلىدۇ. غۇزمەك گۈل ئوستىگە چۈشكەن قىپقىزىل ئېلېكتىر نۇرى قىزىلگۈل كۆرۈنۈشىگە كۆچلۈك ھۆسن قوشىدۇ. «قىزىلگۈل ئۇسسۇلى» ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەندە «تەبەسسۇم» ۋە «گۈل ئەركىلىشى» خۇددى ئەتىر چېچىۋاتقان ئەتىرگۈلدەك كىشىنى زوق ۋە مەھلىيالىقتا چۆمدۈرىدۇ. بۇ چاغدا كىشىلەر تاڭ سۇلالىسى شائىرى لى جۇلىڭنىڭ:

«پۈتتى ئەتلەس ئۇسسۇلى، چىقتى گويا سىرخۇش شامال،
ئون ۋىلايەت ئۇستىنى باستى ئەتىر ئۆتمەي ھايال.»

دېگەن شېئىرىي مىسراسىدىكىدەك ھاياجان شېئىرى ھېسسىياتقا چۆلغىنىدۇ.

«قىزىلگۈل ئۇسسۇلى» جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن ماختىشىغا مۇيەسسەر بولغان، گېزىت ـ ژۇرنال ۋە رادىئو ئارقىلىق كۆپ قېتىم تونۇشتۇرۇلغان.

## «قوغۇنچىلىق ئۇسسۇلى»

شىنجاڭ قەدىمكى زامانلاردىلا دۇنياغا مەشھۇر قوغۇن ماكانى ئىدى. شىنجاڭ قوغۇنلىرىنىڭ تۈرىنىڭ كۆپ خىللىقى، تەمىنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئۆزگىچىلىكى، شېكەر تەركىبىنىڭ ئۇستۇنلۇكى،



يېقىملىق خۇش پۇرىقى ۋە مول شەربەتلىكى بىلەن مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدا ئالاھىدە داڭقى بار. ئۇيغۇر دېھقانلىرى قەدىم زامانلاردىن تارتىپ قوغۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن، ھەر خىل قوغۇن تۈرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە بىر يۈرۈش پەرۋىش تېخنىكىسىنى يەكۈنلىگەن. قوغۇندىن قوغۇن ھالۋىسى، قوغۇن قېقى قاتارلىق پايدىلىق يېمەكلىكلەر ياسىلىپ، يىراق ـ يىراق جايلارغا چىقىرىلىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ تارىختىكى بىر قاتار مەشھۇر ئەدىبلىرى ئۇيغۇر قوغۇنلىرى توغرىسىدا گۈزەل شېئىرىي مىسرالار يېزىشقان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئەدىب يې لۈيچۇ

سەي (1190 ـــ 1244) قىشلىق قوغۇنلارنى:

«قىشقى قوشۇن سەۋت ئېيىدا ساقلىسا قوغۇنچە تەم،
ساقلانغان كۈزگى مېۋىلەر ئۈزىتار باھارنى ھەم.»



دەپ تەسۋىرلىسە، يازغى قوغۇنلار ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:

«غەربتە يۇرۇش قىلىپتۇق، قايتمىدۇق يۇرتقا يانا،
قەلشىگە تومۇزدا جەك قىلىپ قۇمغا سىڭدى تەر مانا.
گەر خىجىل بولساقمۇ قايىلسىزلىقىمىزدىن، بىراق،
راستى قوغۇن يېمەك بولدى بۇ چۈشكى چاغىدا.»

لىن زېشۈي ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر دىيارى ھەققىدىكى نەزم ـ قوشاقلار» دېگەن شېئىرىي چاتمىلىرىدا:

«ئۇجمە ـ جۇجەم بۇندا بۇدرۇق، مەي باغلىغان ئۆرۈك ـ غورا،
يېسىگىز قوغۇن، چىلاننى خۇددى ئاش ـ نان ئورنىدا.»

دەپ يازسا، سۇڭ بولۇ «قۇمۇلدا قوغۇن يېيىش» ناملىق شېئىرىدا:

مىڭ ئاۋايلاپ ئورىلىپ ساندۇقتا تاۋار ـ تورقىلار،
ئېۋىرغول قوغۇننى شاھ قەسرىگە تارتۇق قىلار.

دەپ يازغانىدى.

يولداش ھاجى راخمان بۇ تارىخى ۋە رېئال «تۇرمۇش كۆرۈنۈشى»نى بەدىئىي گۈزەللىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، 1955 ـ يىلى «قوغۇنچىلىق ئۇسسۇلى»نى ئىجاد قىلدى ۋە سەھنىلەشتۈردى. ئەينى زامان دەۋر روھى بويىچە ئۇ يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىنكى بېيىش يولىغا ماڭغان دېھقانلارنىڭ خۇشال كەيپىياتىنى ئۆز ئىجادىيىتىگە سىڭدۈردى.

بۇ ئۇسسۇل يالغۇز كىشىلىك ئايالچە ئۇسسۇل بولۇپ، ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىدىكى مەشھۇر داپ ئۇسسۇللىرى ئەنئەنىسى ئاساسىدا، داپ ئۇرغۇسىنىڭ ئۇرۇلۇشى، ئۆزگىرىشى

uyghurkitap.com

ۋە ئۆركىشكە ئەگىشىپ نەپىس ـ چاققان ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت ۋە مىمىكا ئارقىلىق قوغۇن تېرىش، ئۇنى پەرۋىش قىلىش، قوغۇن پىلەكلىرىنى بوران ـ چاپقۇندىن ئاسراش، ئەڭ ئاخىرقى قوغۇندىن مول ھوسۇل ئېلىش جەريانىنى ئىپادىلەيدۇ.

يولداش ھاجى راخمان «قوغۇنچىلىق ئۇسسۇلى»دا بىرىنچى قېتىم ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى داپ ئۇسسۇللىرىنى ئىجادىي سەھنىلەشتۈرۈش تەجرىبىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاچىقتى. مۇنداق ئەنئەنىۋى داپ ئۇسسۇلى قەدىمكى «پېتىرىما ئۇسسۇلى»نىڭ داۋامى ئىدى.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۇسەن قىنىغا مەنسۇپ مەشھۇر شائىر بەي جۈيى ئۆزىنىڭ «پېتىرىما ئۇسسۇلچى قىز» ناملىق شېئىرىدا بۇ خىل يالغۇز كىشىلىك ئايالچە داپ ئۇسسۇلىنى مۇنداق سۈرەتلىگەنىدى:

«پېتىرىما ئۇسسۇلچى قىز، پېتىرىما ئۇسسۇلچى قىز،
دىلى تەڭكەش پەي تارى، قولى چۇشكەن داپقىمۇ تېز.
ئۇچقان قاردەك چېچەك چېچىپ پىرقىرايدۇ تاپماي تىنىم،
داپ ۋە تارنىڭ ناۋاسىدا كۆتۈرۈلۈپ قولى ئېگىز.
... ... ...
يەتمەس ئاڭا ئالەم ئارا ھېچ مۆجىزە كارامىتى،
ئۇچقۇر چاقمۇ ياكى قۇيۇن تەڭ كېلەلمەس ئاڭا ھەرگىز.»

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شائىر شى بوخۇا ئۆزىنىڭ «زەبىيارسارىدا يېزىلغان نەزمىلەر» ناملىق ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن «كونا كورلا قەلئەسىدە كۆرگەنلىرىم» دىگەن شېئىرىدا بۇ ھەقتە مۇنداق يازغانىدى:

«ئالتە ياشتا ئۇيغۇرلار ئۇسۇلدا قىلۇر پەرۋاز،
ئۇزۇن ساقال بوۋايلار تەڭكەش قىلۇر دومباق ـ ساز.

توختىمايدۇ پىرقىراپ ئۇسسۇل ئەۋجى قۇيۇندەك،
كىم بىلىدۇ تۆكۈلگەن چېچەكلەرمۇ ئەمەس ئاز.»

«قوغۇنچىلىق ئۇسسۇلى» 1957 - يىلى موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ياشلىرى ۋە ستودېنتلىرى پېستىۋالىدا كۈمۈش مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغان.

## «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى»

ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇل تارىخىدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغان داپ ئۇسسۇللىرى ئەنئەنىسى ئاساسىدا يولداش ھاجى راخمان 1957 - يىلى يالغۇز كىشىلىك ئاياللار ئۇسسۇلى «ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلى»نى ئىجاد قىلدى.

يالغۇز كىشىلىك داپنىڭ چاققان ۋە نەپىس ئۇرغۇسى رىتمى ئاساسىدا ئورۇنلىنىدىغان بۇ ئۇسسۇل ئۇيغۇر باغۋەن قىزنىڭ زۇمرەتتەك ئۈزۈم تەكلىرى ئارىسىدا ئۈزۈم ئۆستۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان ئەمگەك جەريانى ۋە مىللىي خاراكتېرىنى گۈزەل ئۇسسۇللۇق مۇزىكا رىتمى ۋە ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت، مىمىكا تىلى ئارقىلىق گەۋدىلەندۇرۇپ، كۆرۈرمەنلەرگە كۈچلۈك چىنلىق تۇيغۇسى ۋە ئۇسسۇل گۈزەللىكى زوقى بېغىشلايدۇ.

ئۈزۈم ئۇيغۇر دېھقانلىرى، ئۇيغۇر باغۋەنلىرى يېتىشتۈرىدىغان ئاساسلىق مېۋىلەرنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ خىللىرى، كۆرۈنۈشى، رەڭگى ۋە تەمى بىر - بىرىدىن پەرقلىق. ئۈزۈم ئۆستۈرۈش، ئۈزۈم ۋاسالغۇسى تەييارلاش، ئۈزۈمدىن قۇرۇتۇلغان كىشمىش تەييارلاش، ئۈزۈمدىن مەيزاپ (ۋىنو) ئىشلەش، ئۈزۈم سىركىسى ئىشلەش تولىمۇ ئۇزاق تارىخقا ۋە بىر يۈرۈش تېخنولوگىيىلىك مەشغۇلات تەجرىبىسىگە ئىگە.

تارىخىي كىتابلاردا يېزىلىشىچە، جاڭ چيەن ئۆزىنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى بىرىنچى ئەسىرلەردىكى قەدىمكى «غەربىي دىيار»

www.uyghurkitap.com



سەپىردە شىنجاڭدىن بىدە، ئۈزۈم قاتارلىقلارنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئەكەتكەن.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق شائىر لىيۇ يەنسى ئۆزىنىڭ «تاقلىما ئۇسسۇلى»ناملىق شېئىرىدا بۇنىڭدىن بىر مىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىلا «غەربىي دىيار» ئۇسسۇلچىلىرىنىڭ ئۈزۈمچىلىك تېمىسىدا داپ ئۇسسۇلى ئوينىغانلىقىغا شاھىتلىق قىلغانىدى. ئۇ مۇنداق يازغان:

«يەرگە قويۇپ قولىدىكى ئۈزۈم تولغان سېۋىتىنى،
كۆنپېتىشقا بىردىن قاراپ ئەسكە ئالدى ئۆز يۇرتىنى.
زەرباپ چەككەن يۇمشاق رەڭدار ئۆتۈكىدە تېپىپ سەكرەپ،
يالتىراتتى زەر كەمەرنىڭ ئۇستىدىكى ياقۇتىنى».



يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئەدىب يې لۇيچۇ سەي ئۆزىنىڭ بىر شېئىرىدا ئۇزۇم ھارىقىنىڭ كەيپ قىلغۇچى كۈچىنى:

«قىزدۇرار مەيزاپ ئىچىلگىنى، سەبرى قىلماق خېلى تەس،
بولمىسا ياقۇت قەدىم مەست، كۆز بولۇر كەيپنى ئەلەس.
دەمدىلا كۆزۈڭگە چۈشكەي ئۆز ئۆيۈڭ ـ ھويلاڭ گويا،
خۇددى نەشپۈتلۈكتە كاككۇك ئۈنلىگەندەك بىر قەپەس.»

دەپ تەسۋىرلىسە، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شائىر زىڭ چى بۇ ھەقتە مۇنداق يازغان:

«يۇرت بېشى كۈتتى سۆزنى خەنزۇچە سۆزلەپ شۇ ھامان،
ئەگمە ئۆيدە ئۇ قۇيۇپ سۇندى ئېسىل مەيزاپ شۇئان.
چۈشتى ئۇسسۇلغا خوتەن كىيىمى كىيگەن قىز مانا،
بولدى كۈسەن نوتىسىدا ناخشىنىڭ نەغمى راۋان.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يولداش ھاجى راخمان «ئۆزۈمچىلىك ئۇسسۇلى»نى سەھنىلەشتۈرۈشتە شىنجاڭ يېزىلىرىغا كەڭ تارقالغان ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە مەيزاپ ئولتۇرۇشى بولغان «مەشرەپ»لەردە ئوينىلىدىغان گۈزەل «سەنەم» ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت شەكىللىرىدىن ئوزۇقلانغان. بۇ ئۇسسۇل 1959 ـ يىلى ۋېنادا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ياشلىرى ۋە ستودېنتلىرى پېستىۋالىدا ئالتۇن مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغان.

## كوللېكتىپ ئۇسسۇل «ئۆزۈمچى قىزلار»

يولداش ھاجى راخمان يېزا ئىگىلىكىنىڭ كوللېكتىپلىشىشىنى كۈيلەش يۈزىسىدىن «ئۆزۈمچىلىك ئۇسسۇلى»نى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا بەش كىشىلىك ئاياللار كوللېكتىپ ئۇسسۇلى «ئۆزۈمچى قىزلار»نى ئىشلەپ چىقتى.

زۇمرەتتەك ياپيېشىل ئۆزۈم بارىڭى ئاستىدا ئوينىلىدىغان





بۇ ئۇسسۇل بىر توپ چاققان ئۈزۈمچى قىزلارنىڭ خۇشال ئەمگەك مەنزىرىسىنى ۋە ئۈزۈمدىن مول ھوسۇل ئالغان چاغدىكى ئەمگەك ئىپتىخارىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئۇسسۇلمۇ داپ بىلەن ئىجرا قىلىنىدۇ.

## «چەمەندوپپا ئۇسسۇلى»

دوپپا — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلتۇراقلاشقاندىن كېيىنكى ئەنئەنىۋى مىللىي كىيىمى، ئۇيغۇر نەپىس قول ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ تارىخىي شاھىتلىرىدىن بىرى. دوپپا تىكىش ئۇيغۇر قىز - ئاياللىرىنىڭ مۇھىم بىر ھۈنەر ماھارىتى بولۇپ ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇيغۇرلار مەيلى ئەر - ئايال ياكى ياش - قېرى بولسۇن، ھەر خىل گۈللۈك نۇسخىلار چۈشۈرۈلگەن سىپتا، چىرايلىق ئىشلەنگەن دوپپىلارنى كىيىپ يۈرۈشىدۇ. گۈللۈك مىللىي دوپپىلارنى كىيىش بولۇپمۇ شەرقىي شىنجاڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا - شەھەرلىرىدە ئومۇمىي ئادەتكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئايلانغان. بىز تارىم ۋادىسىدىكى بۇددا ـ مانى تاشكېمىر تام رەسىملىرىدىن، تۆگىگە مىنىپ يىراق سەپەرگە چىققان مۇزىكا ـ ئۇسسۇل ماھىرلىرى ئوبرازىدىن ئۇيغۇر دوپپىسىنىڭ تارىخىي تەسۋىرىنى كۆرۈۋالالايمىز. شىمالىي چىن سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان خېنەن ئۆلكىسى ئەنياڭ ناھىيىسى خەنشۈي قەبرىگاھلىقىدىن تېپىلغان سېرىق سىرلىق ياپىلاق چۆگۈنگە سىزىلغان غەربىي دىيار سەنئەتچىلىرىمۇ باشلىرىغا شۇ خىل دوپپىلا كىيىشكەنىدى.

ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ تۈرى كۆپ. ئەگەر دوپپا بازارلىرىغا بارسىڭىز ياكى ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى ساماغا چۈشكەن

ئۇسسۇلچى جامائەتكە نەزەر سالسىڭىز، مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان «بادام گۈللۈك»، «چىمەن گۈللۈك» ھەر خىل نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن دوپپىلارنىڭ خۇددى تاغ باغرىدا تۇتاش ئېچىلىپ، مەيىن شامالدا تەلپۈنۈپ تۇرغان چوغلۇق گۈللىرى بىلەن سۇ يۈزىدە تاۋلىنىپ تۇرغان ھېسابسىز نىلۇپەر گۈللىرىدەك جۇلا قىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىسىز. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شائىر جى يۈن ئۆزىنىڭ «ئۈرۈمچى نەزملىرى» ناملىق شېئىرلىرىنىڭ بىرىدە ئۇيغۇر چىمەندوپپىسىنى مۇنداق مۇبالىغە قىلىدۇ:

«ناشپىكەر قوغۇن تۈرىنىڭ بىر خىلى كۆكچى مانا،
ئۇنى ئۇيغۇرنىڭ چىمەندوپپىسى دەپ قالما يەنە.»

ئۇيغۇر دوپپىلىرى چوڭ ـ كىچىكلىكى، كىيىش ياكى چاچقا قىستۇرۇلۇشى، ئۈستىگە چۈشۈرۈلگەن نەقىشى، دوپپا ماتېرىيالى ۋە ئۇنىڭ رەڭگى جەھەتتىن رەڭگارەڭ. جى يۈن بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«قارا جىيەك قىزىل دوپپا ئۈستىدە شاپتۇل چېچەك،
ئالما، ئۆرۈك ھەم ئۈزۈملەر نۇسخىسى بىر ـ بىر بېزەك.»

دوپپىغا گۈل چېكىش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ گۈزەللىككە بولغان قىزغىن ئىنتىلىشىنىڭ روشەن ئىپادىلىرىدىن بىرى بولۇش بىلەن بىللە ئۇ يەنە مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە خۇشال ـ خۇراملىقنىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ. بۇ گۈل نەقىشلىرى يىپەكتىن، يىپەكتىن، كالوتوندىن، پىستان ۋە مەرۋايىتلاردىن خىلمۇخىل قىلىپ دوپپىغا چېكىلىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شائىر لى رۈي ئۆزىنىڭ «پىتىرىما ئۇسسۇلى» ناملىق شېئىرىدا ئەينى زاماندا لياڭجۇغا بېرىپ ئويۇن قويۇۋاتقان ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىرىنىڭ كىيگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«مارجاندوپپا»سىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەندى:

«... ... ...
قاش ئۈينىتىپ، كۆز ئۇچۇرۇپ شىرداق كىگىز ئۈستىدە،
مارجانبۆكى يېنىدىن ئاقتى تەرلىرى راۋان.
يالتىرىدى ئۆتۈكى يورۇق چىراغ ئالدىدا،
مەست كىشىدەك ئۆزىنى تاشلىغاندا ھەر تامان.
پىرقىرىسا، تىز قويسا چۇشەر چالغان پەدىگە،
بەرگە قويسا بېلىنى خۇددى ئايغا ئوخشىغان.»

يولداش ھاجى راخمان جانلىق خەلق ھاياتى ۋە خەلق سەنئىتى ئاساسىدا 1960 ـ يىلى يالغۇز كىشىلىك ئايالچە ئۇسسۇل «چىمەندوپپا»نى ئىشلەپ سەھنىلەشتۇرۇپ، كۆرۈرمەنلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. بۇ ئۇسسۇلدا ئۇيغۇر دوپپا شەكىللىرىنىڭ قايسى تۈرىنى بولسۇن ئاچقىش مۇمكىن.

## «جانان چىنە» ئۇسسۇلى

جىياڭنەن — چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبى.
جانان — سۈزۈكلۈك ۋە يېقىملىقنىڭ سىمۋولى.
قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ، بولۇپمۇ سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ جىياڭنەن رايونلىرىنىڭ چىنىچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى داڭ چىقىرىپ، ئالاھىدە ئۇسلۇب ياراتقان. بۇنىڭ ئىچىدە جىياڭشى ئۆلكىسىنىڭ جىڭدى شەھەرچىسىدىن چىقىدىغان فارفور قاچىلار ئەڭ مەشھۇر بولۇپ، ياۋروپا پادىشاھلىرى ھەم ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئائىلە زىننەت بۇيۇمى بولۇپ ئەتىۋارلانغانىدى. ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا خەلقى، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى جىياڭنەندە چىقىدىغان



چىنە ـ چەينەكلەر، لوڭقا ـ تەخسىلەرگە تولىمۇ خۇشتار ئىدى. شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا:

«چىنە جياڭنەندىن چىقار، تاماكا تۇرپاندىن چىقار،
كۆيۈكى ئەمدى بىسىلدى، دەردى ئۆلگەندە چىقار.»

دىگەن خەلق قوشىقى بار. بۇ قوشاق جياڭنەن چىنىسى بىلەن تۇرپان تاماكىسىنى كۇچلۇك مۇھەببەت كۇيلىنىدىغان بېيىتقا يانداشتۇرۇپ ئالاھىدە شىئىرىي ھىسسيات پەيدا قىلغان.

ئۇيغۇر خەلقى «جياڭنەن چىنىسى» دېگەن سۆزنى «جانان چىنە» دېگەن سۆز بىلەن تەلەپپۇز قىلىشنى تېخىمۇ يېقىملىق ھېس قىلغاچقا، ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئۇنى «جانان چىنە» دەپ ئاتاپ ئادەتلەنگەن. بۇ ياكى «جانان بەرگەن» ياكى «جانانغا چاي سۇنۇلىدىغان» ياكى «جانانىدەك ساپ ھەم ئەتىۋار» دېگەن قوشما مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالسا كېرەك.

ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرىدا پىيالە تۇتۇپ ئوينىلىدىغان «پەتنۇس ئۇسسۇلى»، تەخسە ئۇسسۇلى ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا يولداش ھاجى راخمان 1960 ـ يىلى كوللېكتىپ ئاياللار ئۇسسۇلى «جانان چىنە»نى ئىجاد قىلدى. بۇ ئۇسسۇل سوتسىيالىستىك



ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مەدھىيىلەش مەقسىتىدە سەھنىلەشتۈرۈلۈپ، كۈچلۈك سىمۋوللۇقا ئىگە بولدى. ئۇنىڭ تۇنجى سەھنىلەشتۈرۈلگەن ئۇسسۇللۇق نومۇرىغا «جانان چىنىدە بىيجىڭ چېيى» دېگەن نام بېرىلگەنىدى.

بۇ ئۇسسۇل 16 ئۇسسۇلچى قىز تەرىپىدىن لەرزان مۇزىكىلىق تەڭكەش ئاساسىدا ئوينىلىدۇ. ئۇسسۇلچى قىزلار ئىككى قولىغا پىيالە تۇتۇشۇپ، بىر ـ بىرىگە خۇش پۇراق ۋەتەن چېيى تەقدىم قىلىدىغان نەپىس ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت بىلەن چوڭقۇر بەدىئىي ھېس، يارقىن شېئىرىي سىمۋول ۋە جانلىق ئوبرازلىق ئۇسسۇل گۈزەللىكى ھاسىل قىلىدۇ.

بۇ ئۇسسۇل كۆپ قېتىم كۆرۈرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن ۋە گېزىت ـ ژۇرناللاردا، رادىئولاردا جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرۇلغان.

## «چۆلدە ئېچىلغان ئاق ئالتۇن ئۇسسۇلى»

پاختا ـــ شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي زىرائىتى. ئۇيغۇر دېھقانلىرى قەدىم زامانلاردىن باشلاپلا «ئاق ئانام» ـــ پاختىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. تارىخىي مەنبەلەر پاختا جياڭ چيەنىنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى «غەربىي دىيار» ساياھىتىدىن كېيىن ئىچكى جوڭگوغا تونۇشتۇرۇلغان. كۆپلىگەن ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار شىنجاڭدا مىلادىيەدىن مىڭلىغان يىللار ئىلگىرىلا پاختا ۋە پاختا ـ يۇڭ ئارىلاشما توقۇمىچىلىقىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلىدى. شىنجاڭ پاختىلىرى ئوتتۇرا تالا ۋە ئۇزۇن تالالىق يىپەك پاختىدىن ئىبارەت، بۇنىڭدىن تاشقىرى، تۇرپان ئويمانلىقىدىن تەبىئىي مىس رەڭلىك مەللە پاختىسى چىقىدۇ. ئۇيغۇر دېھقانلىرى پاختا چىگىتلىرىنى چىغىرىقتا تازىلاپ، يىپ چاقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىلەن يىپ چىقىرىپ، باپكارلىق دۇكانلىرىدا بۆز ـ ماتا، چەكمەن، شاتىۋار توقۇپ بازار سودىسىنى ئاۋات قىلاتتى. ھەرقايسى بازارلاردا يىپ بازىرى، پاختا بازىرى، خام بازىرى دېگەن بازارلار بولاتتى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان ئەدىب شاۋ شۈن ئۆزىنىڭ «غەربىي شىنجاڭ ھەققىدە نەزمىلىك بايان» ناملىق ئەسىرىدە، پاختىلارنىڭ قوشنا ئەللەرگە چىقىرىلىدىغانلىقى، ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇلىدىغانلىقى، ھەتتا ئاشلىق بىلەن بىللە پاختىنى باج قىلىپ تاپشۇرۇلىدىغانلىقى، يالغۇز قەشقەردىلا بىر يىلىغا 13600 جىڭ پاختا بېجى كىرىم قىلىنىدىغانلىقى، پاختىلىق توقۇلمىلارنىڭ نەرخى تولىمۇ ئەرزان بولۇپ، بىر چى بۆز بىر مىسقال كۈمۈشپۇلغا سېتىلىدىغانلىقىنى يېزىپ قالدۇرغان.

يولداش ھاجى راخمان 1962 ـ يىلى قەد كۆتۈرگەن ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ پاختىكارلىق ئەمگىكى تېمىسىنى ئۇسسۇللۇق ئوبرازلاشتۇرۇش مەقسىتىدە يەتتە كىشىلىك ئاياللار ئۇسسۇلى

«چۆلدە ئېچىلغان ئاق ئالتۇن»نى ئىشلەپ چىقتى. بۇ ئۇسسۇل پاختىكار قىزلارنىڭ پاختىدىن مول ھوسۇل ئېلىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا كۆپرەك ياردەم بېرىش كۈچلۈك ئارزۇسى ۋە ئەمگەك قىزغىنلىقىنى ئىپادىلىگەن.

## ناخشىلىق ئۇسسۇل «دوپپا تەقدىم قىلىش»

يولداش ھاجى راخمان 1977 ـ يىلى ئىجاد قىلغان «دوپپا تەقدىم قىلىش ئۇسسۇلى» 13 كىشىلىك ئاياللار كوللېكتىپ ئۇسسۇلى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ 1960 ـ يىلى ئىجاد قىلغان يالغۇز كىشىلىك ئايالچە ئۇسسۇل «چىمەندوپپا»نىڭ يېڭى مەزمۇن ۋە يېڭى شەكىلدىكى راۋاجىدىن ئىبارەت.

دوپپا تەقدىم قىلىش ئۇيغۇر خەلقىدە تون كىيدۈرۈش، پوتا باغلاش، پايانداز سېلىش قاتارلىق ھۆرمەت ئىپادىلىرىنىڭ مۇھىم بىر ئەۋجى بولۇپ، قەدىرلەش ۋە دوستانىلىكنىڭ سەمىمىي سىمۋولى بولۇپ كەلگەن. بۇ يۈرەك رىشتىلىرىنى، دىل ئارزۇلىرىنى، گۈزەللىك تەلپۈنۈشلىرىنى ۋە ئۈمىدۋارلىق



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىنتىلىشلىرى ئۇچۇنمۇ ئەڭ ياخشى ئىزاھات.

بۇ ئۇسسۇل ھېسسىياتىنىڭ قىزغىنلىقى ۋە روشەنلىكى، ئوبراز ۋە سىمۋوللاشتۇرۇشنىڭ ئۆلگىلىكلىكى ۋە يارقىنلىقى، ئۇسسۇللۇق ئىپادىلەش ماھارىتىنى تەشكىللەشنىڭ ئارتۇقچىلىقى، مىللىي بەدىئىي پۇراقنىڭ قويۇقلۇقى جەھەتتە رېزىسسورىمىزنىڭ ئۇسسۇل ئىجادىيىتى يولىدىكى يېڭى ئىزدىنىش ۋە يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ جانلىق خاتىرىسى بولۇپ قالدى.

بۇ ئۇسسۇل ھەرقايسى سەنئەت ئۆمەكلىرى تەرىپىدىن ئوينالماقتا.

## كوللېكتىپ ئۇسسۇل «تەڭرىتاغدا باھار»

قايتىدىن كەلدى باھار، يايرايدۇ دىل شادلىق ئارا،
ھەر يۈرەك بۇلبۇل گويا، قۇشلار قىلۇر ئۇسسۇل ـ سەما.

قاباھەتلىك «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنىپ، يېڭى تاڭ ۋە يېڭى باھار يېتىپ كەلدى. بۇ يېڭى سىياسىي ئازادلىق،



يېڭى ئىقتىسادىي ئازادلىق، يېڭى مەدەنىيەت ئازادلىقى، يېڭى قەلب ئازادلىقى ئىدى.

چىنلىق ـ ياخشىلىق ـ گۈزەللىكنىڭ بۇ زور تارىخىي غەلىبىسى ئۇسسۇل گۈزەللىكىنى ھەقىقىي نوپۇزغا ئىگە قىلدى. يولداش ھاجى راخمان ئۆز قەلبىدە ھاسىل بولغان «مۇزلارنى يېرىپ، چېچەكلەرنى ئېچىلدۇرىدىغان» بۇ زور خۇشاللىق ئىپتىخارى ئاساسىدا 1978 ـ يىلى «تەڭرىتاغدا باھار» ناملىق ئەر ـ ئايال كوللېكتىپ ئۇسۇلنى ئىجاد قىلدى.

ئۇستى ئاپئاق مۇز ـ قار بىلەن قاپلانغان، يان باغرى چەكسىز ئارچا ـ قارىغايزار بىلەن تولغان، مۆلدۈر ۋە سوغۇق تۇمان ئىچىدە غۇۋا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تەڭرىتاغلىرى ئۈستىدىن قارا بۇلۇت سۈرۈلۈپ، تۇتەك پەردىلىرى ئېچىلىپ، ئەتراپىنى تاڭ شەپىقى، باھار نەسىمى قاپلايدىغان گۈزەل مەنزىرىنى كىشىلەر قاچاندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ـ ھە!

تاڭ دەۋرىدە رۇختاي (قەدىمكى ئۈرۈمچى) قەلئەسىدە

www.uyghurkitap.com



شېئىرىيەت ئۇنچىلىرىنى تىزغان ئاتاقلىق شائىر چىن سىن مۇنداق ئۆلگىلىك نەپىس مىسرالارنى يېزىپ قالدۇرغانىدى:

«ئوشتۇلىدۇ ئاق چۆپلەر سوقسا شىمالدىن بوران،
ئاۋغۇست ئېيى بۇ يۇرتتا قارغا قاپلىنۇر جاھان.
ھادىس ئەينى كەلگەندەك بىر تۈندە گويا باھار،
كۆرۈنەر ئەتراپ نەشپۈت چېچەكىدەك بىپايان.»



كوللېكتىپ ئۇسسۇل «تەڭرىتاغدا باھار» دەل ئۇنىڭ ئەكسى مەنزىرىسىنى — تەڭرىتاغ ئېتىكىدە ھۆرلۈك ۋە ئازادلىق باھارىنىڭ تەنتەنە قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ ئۇسسۇل تۆت داپ تۇتقان ئەر ئۇسسۇلچى، تۆت ساپايى تۇتقان ئەر ئۇسسۇلچى ۋە تەڭرىتاغدىكى چۇغلۇق گۈللىرىدەك



www.uyghurkitap.com

چىرايلىق ئىمچە كىيگەن بىر ئايال ئۇسسۇلچىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن باشلىنىپ، باشتىن ـ ئاخىر جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ، خۇشال ـ خۇرام ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت بىلەن داۋاملىشىدۇ.

«تەڭرىتاغدا باھار»دا ئۇسسۇلچى ئىمكانقەدەر ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرىدىكى ئەنئەنىۋى ئەلنەغمە ماھارىتى بىلەن تارىخىي خاراكتېرلىك شادىيانىلىقنى ئۇستىلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كۆچلۈك ئىجتىمائىي تەسىر ۋە بەدىئىي ھۆزۈر پەيدا قىلغان. ئەر ـ ئاياللار بىرلىشىپ ئويناش، داپ ۋە ساپايىلار ئۆزئارا ماسلىشىش، ئۇسسۇللۇق گۈزەللىك يارىتىش ۋە ئۇسسۇللۇق ئىپادىلەش جەھەتتە بۇ ئۇسسۇل ئۆزىگە خاس يېڭىلىق ياراتقان.

«تەڭرىتاغدا باھار» ئۇسسۇلى تايلاند، سىنگاپور قاتارلىق مەملىكەتلەرگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاچقىپ ئوينىلىپ، قىزغىن ئالقىشقا سازاۋەر بولغان.

## كوللېكتىپ ئۇسسۇل «تەنتەنە»

ئۇيغۇر خەلقى ھېيت ـ ئايەم، مول ھوسۇل خۇشاللىقى ياكى ئەزىز مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشتا «شادىيانە» مۇزىكىسىنى چېلىپ، «شادىيانە» ئۇسسۇللىرىنى ئويناپ كەلگەنىدى. مۇنداق «شادىيانە» ئۇسسۇللىرى تولا ھاللاردا كۆرۈرمەنلەرنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلغاچقا، ئىختىيارسىزلا ساما ئۇسسۇللىرىغا ئايلىنىپ، ھەشەمەتلىك كوللېكتىپ ئۇسسۇل تۈسىگە كىرەتتى. مۇنداق «شادىيانە» ئۇسسۇللىرىنى يالغۇز راۋاب بىلەنمۇ، داپ بىلەنمۇ، ناغرا ـ سۇناي بىلەنمۇ، مۇرەككەپ چالغۇلۇق ئوركېستىر بىلەنمۇ ئورۇندىغىلى بولىدۇ.

يولداش ھاجى راخمان مۇشۇ ئۇسسۇل ئەنئەنىسىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ ھازىرقى زامان سەھنىسىدىكى راۋاج تاپقان بىر ئىپادىسى سۈپىتىدە «تەنتەنە ئۇسسۇلى»نى ئىشلەپ چىقتى.


欢 庆
Tantənə


1949



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەر ـ ئايال كوللېكتىپ ئۇسسۇلى بولغان «تەنتەنە ئۇسسۇلى» ھېلىمۇ مۇھىم قارشى ئېلىش ياكى تەبرىكلەش خاراكتېرىدىكى سەنئەت كېچىلىكلىرىدە ئوينىلىدۇ.

## «دولان سەنىمى يېڭى ئۇسسۇلى»

دولان ئۇسسۇلى ــ تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ قايناق يېزا مەشرەپلىرىدە ئوينىلىدىغان قىزغىن، شوخ، لەرزان، چەبدەس، مەيىن، نەپىس ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. دولان ئۇسسۇللىرى دولان خەلق مۇقاملىرى بىلەن تولىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ جانلىق مەنزىرىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇ چېكىتمە، سەنەم، سېرىلما، سەلىقىدىن ئىبارەت تۆت خىل رىتىمدارلىقتا ئىگە كۆپلىگەن ئوخشىمىغان ئۇسسۇل تۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئۇسسۇللار مۇزىكىلىق ۋە ئۇسسۇللۇق ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتىن قۇمۇل ۋە چەرچەن ـ چاقلىق ئەلنەغمىلىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار دولان



ئۇسسۇللىرىنى قەدىمكى مىران ـ كرورايىنا ئۇسسۇللىرىنىڭ داۋامى، قەدىمكى «ئېۋىرغول ئەلنەغمىسى» بىلەن يېقىن بولغان سەنئەت تۈرى، دېيىشمەكتە.

دولان ئۇسسۇللىرىنىڭ ھەقىقىي سەھنىسى مەشرەپ. ئادەتتە دولان ئۇسسۇللىرى مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرىنىڭ بىر ـ بىرىنى ئۇسسۇلغا تارتىشى ئاساسىدا ئوينىلىپ كوللېكتىپ «تانسا» شەكلىنى ئالىدۇ. شاۋشۇن ئۆزىنىڭ «غەربىي شىنجاڭ ھەققىدىكى نەزمىلىك بايان» ناملىق ئەسىرىدە: «ئۇيغۇرلاردا تىياتىر يوق، ئەلنەغمە بار. قەدىمكى غەربىي دىيارلىقلار يالغۇز ناخشا ئۇسسۇلغا ئامراق بولۇپلا قالماي ھەم ئۇنىڭغا ماھىر بولغان، بۇنى ھازىر ‹ئويناڭ› دەپ ئاتايدۇ...

ھەربىر ئەلنەغمىدە ئەر ـ ئايال بىر جۈپ بولۇپ گىلەم ئۈستىدە ئۇسسۇل ئوينايدۇ، ناخشا تەڭكەش قىلىنىدۇ. ياندىكىلەر يەنە ساز ـ داپ بىلەن تەڭكەش قىلىدۇ» دەپ يازغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ بايانىنى مۇنداق مىسرالاشتۇرغان:



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«ئۇيىنىلۇر ئۇسسۇل گىلەمنىڭ ئۇستىدە شۇنداق بەلەن،
قامىتى گۈل قىز ـ چوكانلار ئويىنىشۇر چاققان ـ تىمەن.
چالىدۇ قاۋۇل كىشىلەر داپ ئۇرۇپ، چالغۇ چېكىپ،
نازىنىنلار ناخشىسى قاش نەيدە چىققاندەك لەۋەن.»

يولداش ھاجى راخمان دولان ئۇسسۇللىرىنىڭ بىر شېخى بولغان سەنەم ئۇسسۇللىرى ئاساسىدا ئايالچە ئۇسسۇل گۈزەللىكىنى گەۋدىلەندۇرگەن بىر كىشىلىك «دولان سەنىمى يېڭى ئۇسسۇلى»نى ئىشلەپ چىقتى. ئۇسسۇل كوللېكتىپ ئۇسسۇل مەنزىرىسىنى ئالغان مەشرەپنىڭ تىپىك ئۇسسۇللۇق مۇھىتى ۋە مۇزىكىسى ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدۇ، تەدرىجىي قىزىپ، ئۇسسۇلچىنىڭ داپەندىگە جىلۋىلىك تەلپۈنۇشى بىلەن قايناق ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، سالماق ئاخىرلىشىدۇ ۋە كۆرگۈچىلەردە خۇددى مۇقام مەشرەپلىرىگە قاتناشقاندەك جۇشقۇن ھېسسىيات پەيدا قىلىدۇ.

بۇ ئۇسسۇل «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ھاكىممۇتلەقلىق يۈرگۈزگەن ۋاقىتلاردا سەھنىگە چىقالمىغانىدى. قايتا تولۇقلىنىش ئاساسىدا 1979 ـ يىلى كۆرۈرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. شۇ يىلى پۈتۈن مەملىكەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكىدە 2 ـ دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئۇسسۇللار قاتارىدا باھالاندى.

## تېكىست

1 ـ ئاھاڭ:

تارىم دەريا ئاقار جۇشقۇن بويىدا باغۋاران ياخشى،
چىمەنزار ئەيلىگەن باغنى قولى گۈل باغۋەن ياخشى.

2 ـ ئاھاڭ:



زەر قۇياشى جىلۋە قىلىپ تارىم بويىغا چاچتى نۇر،
ياشنىدى چۆللەر تۇگۇل تەكشى چېچەكلەپ بارچە گۇل.
خەلقىمىز پالۋانلىرى تاغلارنى تالقان ئەيلىدى،



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىز ـ يىگىتلەر شادلىنىپ قالغاچ بولۇپ ئوينار ئۇسسۇل.

3 ـ ئاھاڭ:

تارىمنىڭ بويى چۇغلۇق ــ ۋاي، بويى چۇغلۇق،
ئىشلەيمىز جاسارەتتە ــ ۋاي، جاسارەتتە.
بەخت پارلاق، ھايات قايناق ــ ۋاي، ھايات قايناق،
ياشايمىز پاراغەتتە ــ جان پاراغەتتە.

4 ـ ئاھاڭ:

خەلقىمىز ئىناق شۇنچە،
قۇردۇق بىز چىچەك بوستان.
ئۆرلەيمىز زەپەر بويلاپ،
مەنزىلگە قاراپ ھەرئان.
دەۋرىمىز گۈزەل،
بەختىمىز گۈزەل.
ئوينايمىز ئۇسسۇل،
ئېيتىمىز غەزەل.
ھەي، ھەي، ھەي، ھەي!
ئو ـ ھو ...... ھوي !

## «ئەللەي ئۇسسۇلى»

«ئەللەي» ــ ئانا ناخشىسى، بۆشۈك ناخشىسى.

«ئەللەي ناخشىسى» ئانىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ پاك، ئەڭ سەمىمىي، ئەڭ يالقۇنلۇق ھېسسىياتلىق ناخشىسى. بۇ ناخشىدا ئانا ئۆز پەرزەنتىگە ئۆزىنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى، رومانتىك ئۈمىد ـ ئارزۇسىنى، ئىجادىيەت تەلپۈنۈشىنى ئىزھار قىلىدۇ.

 

ھەممە مىللەت خەلقىگە ئوخشاش ئۇيغۇر خەلقىدىمۇ «ئەللەي قوشىقى» ئەنئەنىسى بار. بۇ پەرزەنت ئۈچۈن ئەڭ تۇنجى ناخشا، ئانا ئۈچۈن ئەڭ لىرىك مونولوگ.

يولداش ھاجى راخمان ئۇيغۇر «ئەللەي قوشىقى» تارىخىي ئەنئەنىسى ئاساسىدا 1979 ـ يىلى «ئەللەي ئۇسسۇلى»نى ئىجاد قىلدى.

بۇ ئۇسسۇل يالغۇز كىشىلىك ئايالچە ئۇسسۇل بولۇپ، ياش ئانىنىڭ ئۆز غۇنچىسى ــ پەرزەنتىگە بولغان كېپىنەكتەك تەلپۈنۈشىنى، ئۆز چىرىغى ــ پەرزەنتىگە بولغان پەرۋانىدەك شەيدالىقىنى يارقىن گەۋدىلەندۈرگەن.

ناخشا ـ ئۇسسۇلنى بىرلەشتۈرگەن بۇ ئۇسسۇل 1980 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكىدە 1 ـ دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. تۆۋەندە بېرىلگەن ئەللەي قوشىقى:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۆتمۈشى قارا دوزاختا،
خار ـ زار ئىدى بوۋاقلار.
بۈگۈن بەختىيار تاڭدا،
ئۆسمەكتە شوخ ئوماقلار.
ئەللەي دېسەم قەلبىممۇ،
مەن بىلەن تەڭ ئەللەيدۇ.
كۆكتە چولپان، تولۇن ئاي،
ساڭا قاراپ تەۋرەيدۇ.
كۈلۈپ قۇياش يۈزۈڭنى،
سۆيۈپ سېنى بەزلەيدۇ.
نۇرلار چېچىپ ھۆسنۈڭگە،
كەچ كىرگۈچە كەتمەيدۇ.
ئەللەي دېسەم دىلىمدىن،
بال تامىدۇ مېنىڭدىن.
سەن غۇنچە، مەن كېپىنەك،
ئايرىلمايمەن يېنىڭدىن.

# كوللېكتىپ ئۇسسۇل «شىنجاڭ ياخشى جاي»

ئەر ـ ئايال كوللېكتىپ ئۇسسۇل «شىنجاڭ ياخشى جاي» يولداش هاجى راخمان ئىجاد قىلغان يەنە بىر مۇنەۋۋەر نەپىس ئۇسسۇل.

گۈل چېچەكلىرى ۋە تال باراڭلىرى بىلەن بېزەلگەن سەھنە ئارقا كۆرۈنۈشىدە ئازاد زامان، سوتسىيالىستىك بەختىيار هاياتنىڭ پارلاق قۇياشى جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ. بىر جۈپ قىز ـ يىگىتنى مەركەز قىلغان، يەنە 12 جۈپ قىز ـ يىگىتتىن تەركىب تاپقان بۇ چوڭ هەجىمدىكى كوللېكتىپ ئۇسسۇل مەيلى ئۇسسۇللۇق مۇزىكىسىنىڭ، مەيلى ئۇسسۇللۇق هەرىكەت گۈزەللىكىنىڭ خىلمۇخىللىقى جەهەتتىن يېتەرلىك دەرىجىدە نەپىس ئىشلەنگەن بولۇپ، نەپىسلىكتە سۇمبات ـ بەهەيۋەتلىك، سۇمبات ـ بەهەيۋەتلىكتە نەپىسلىكنى گەۋدىلەندۈرگەن.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



چوڭ كۆلەملىك «شادىيانىلىك» مەنزىرىسىنى ئالغان بۇ ئۇسسۇل يولداش هاجى راخمان ئىجادىي قابىلىيىتىنىڭ يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسەتتى.

تېكىست

شىنجاڭ ياخشى بىر ماكان،
قىزىلگۈل قىلار جەۋلان.





پارتىيە مېھرى بىلەن،
گۈللەپ بولدى گۈلىستان.

ئاشلىق كانى ھەممە جاي،
ئاستى مەدەن، نېفىت ماي.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



باغدا مېۋىسى داڭلىق،
كەڭ يايلىقى مالغا باي.

خەلقى ئىناق ـ ئىتتىپاق،
كۆرەش كۆيىمىز ياڭراق.





ئەگىشىپ پارتىيىگە،
ئۆرلەيمىز نىشان پارلاق.

ئەگىشىپ پارتىيىگە،
ئۆرلەيمىز نىشان پارلاق.

## يالغۇز كىشىلىك ئەر ئۇسسۇلى «مېنىڭ راۋابىم»

راۋاب — ئۇيغۇرلار ياخشى كۆرىدىغان قەدىمكى چالغۇلارنىڭ بىرى. ھازىرقى قەشقەر راۋابى، دولان راۋابى قەدىمكى سۇلۇپ «بەش تارلىق بەرباپ»نىڭ راۋاجى. تارىخىي خاتىرىلەردە قەشقەردىن چاڭئەنگە بارغان سەنئەتكارلارنىڭ ئەۋلادى خى شىنخۇنىڭ بەش تارلىق بەرباپ ئۇستىسى ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. بەي جۇيى ئۆزىنىڭ «بەش تار چېلىش» ناملىق شېئىرىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەپ يازغانىدى:

«بىر چىلىپ بىر ناخشا ئېيتسا ئۈچ قېتىم ھەيھات دېدىم،
شۈنچە تەمكىن خالىي راھەت نەغمىنى ئاڭلاپ تامام.
دىل ئېرىپ ئاققان چېغىدا قارىسام كەيپىم يېنىپ،
ئىختىيارسىز زوق بىلەن ئالماقتىكەن قەلبىم ئارام.»

يولداش ھاجى راخمان خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان «مىنىڭ راۋابىم» كۈيى ئاساسىدا 1980 ـ يىلى يالغۇز كىشىلىك ئەر ئۇسسۇلى «مىنىڭ راۋابىم»نى ئىجاد قىلدى. بۇ ئۇسسۇل راۋاب سازەندىسىنىڭ كونا جەمئىيەتتىكى سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىقتا ئۆتكەن پاجىئەلىك ھاياتىنى، ئۇنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى يېڭى ھاياتىنى ئۇسسۇللۇق ئوبراز بىلەن



سىپلىشتۇرۇپ، يېڭى سەنئەت باھارىنى مەدھىيىلەيدۇ. مىللىي پۇرىقى كۈچلۈك بۇ ئىجادىي ئەسەر 1980 ـ يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك بىر كىشىلىك، ئىككى كىشىلىك، ئۈچ كىشىلىك ئۇسسۇل كۆرىكىدە 2 ـ دەرىجىلىك ئىجادىيەت، 1 ـ

دەرىجىلىك ماھارەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇسسۇلنى كۆرەش رەجەپ ئورۇندىغان.

## «پىلچى قىز ئۇسسۇلى»

پىلە بېقىش ۋە يىپەكچىلىك شىنجاڭنىڭ كۆپ ئەسىرلىك تارىخقا ئىگە داڭدار ھۈنەر ـ سەنئىتى. قېزىۋېلىنغان يەر ئاستى يادىكارلىقلىرىغا قارىغاندا، تۇرپان ۋە خوتەن رايونلىرىدا



مىلادىيەدىن ئىلگىرىلا ئوْجمە دەرەخلىرى ئۆستوْرۇپ، پىلە بېقىپ، يىپەك چىقىرىش باشلانغان. پىتولىمى ئۆزىنىڭ مىلادىيەنىڭ 2 ـ ئەسىرىدە يازغان «جوْغراپىيە» ناملىق كىتابىدا هازىرقى تارىم ۋادىسىنى «سېرسى» (يىپەك ئېلى) دەپ ئاتىغان. سوْڭ سوْلالىسى دەۋرىدە ئىدىقوْتقا ئەلچىلىككە كەلگەن



ۋاڭ يەندى ئىدىقۇتتا ئەڭ ئېپتىدائىي ياۋا پىلە قۇرتىنىڭ بارلىقىنى يانتاقشېكىرى بىلەن بىللە مۆجىزە سۈپىتىدە تىلغا ئالغان. شۇ دەۋردىكى شائىر چېن لياۋ ئۆزىنىڭ «كۇسەن ئۇسسۇلى» ناملىق بىر شېئىرىدا كۇسەن ئۇسسۇلچىسىنىڭ يىپەك كۆڭلىكىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازغان:

«خۇش نىگار قىز گۈل قىسىپتۇ تۇرمەل قىلغان ساچىغا،
كىيگىنى كىمخاب تاۋاردىن قامىتى توزدەك گويا.»

تاڭ سۇلالىسى شېئىرىيەت مۇنبىرىگە ھۆسن قوشقان مەشھۇر شائىرلاردىن بەي جۈيى، يۈەن جىڭ، ۋاڭ جيەن قاتارلىقلارنىڭ قەدىمكى غەربىي دىيار ئۇسسۇللىرىغا بېغىشلىغان شېئىرلىرىدا:

«نۇر چاقنىتۇر ھەسەن ـ ھۈسەن رەڭگىدىكى بېزەك تېگىنى»؛
«قىپقىزىل نىمچە يېڭىدىن چىقىرىپ ئاپئاق بىلەك»؛
«شايىسى ئويناپ تۇرار»؛

دېگەن جۈملىلەر بار. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شاۋقۇن ئۆزد-ىنىڭ «غەربىي شىنجاڭ ھەققىدىكى نەزمىيلىك بايان» ناملىق ئە-سىرىدە «ئۇيغۇر تاۋار ـ تورقالىرى» ھەتتا قوشنا ئەللەرگە چد-قىرىلىدىغانلىقى، پىلىچىلىكنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن بىللە ئېد-لىپ بېرىلىدىغانلىقىنى يازغان. ئۇ «ئۈجمە پىلىسى» ناملىق شېئىرىدا خوتەن پىلىچى قىز ـ چوكانلىرىنى مۇنداق تەسۋىر-لەيدۇ:

«بېشىدا رەڭلىك رومال، تۇتقان سېۋەتنى قولىدا،
يىغقىنى يۇمران جۈجەم ياپرىقى دەريا قېشىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بار ئۇلاردا خۇددى جىز نۇيدەك ئاشۇ ھېكمەت تېشى،
ياققۇدەك بەگرىگە دۇردۇنلار توقۇر ھەر ۋاقتىدا».

شائىر ئۆز شېئىرىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا ئۇجمە يوپۇرمىقى يىغىپ پىلە بېقىشنى تەسۋىرلىسە، كېيىنكى قىسمىدا بۇ يەردىمۇ جىژنۇي (ئەپسانىۋى يىپەك توقۇغۇچى ماھىر قىز)دەك ماھىرلارنىڭ بارلىقى، ئۇلارنىڭ توقۇغان يىپەك گەزلىمىلىرى كىشىلەر ئارىسىدىلا ئەمەس، ساماۋى دەرگاھقىمۇ يارايدىغان سۈپەتتە ئىشلىنىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

يولداش ھاجى راخمان 1980 ـ يىلى ئىجاد قىلغان «پىلىچى قىز» ناملىق يالغۇز ئاياللار ئۇسسۇلىدا مانا مۇشۇ رېئاللىقنى ئۇسسۇللۇق ئوبرازلاشتۇرغان.

ئۇسسۇل داپ بىلەن ئويىنىلىدۇ. داپ ئۇرغۇلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ پىلە باققۇچى قىز پىلە قۇرتلىرىنى تىربىلدۇرىدۇ. ئۇنى ئۇجمە (جۇجەم) يوپۇرماقلىرى بىلەن ئۆستۈرۈپ، پىلىدىن مول ھوسۇل ئالىدۇ. قىزغىن ئەمگەك ۋە مول ھوسۇل خۇشاللىقىنى ئۇسسۇللۇق گۈزەللىك ئىچىدە گەۋدىلەندۈرگەن بۇ ئۇسسۇل 1980 ـ يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر كىشىلىك، ئىككى كىشىلىك، ئۈچ كىشىلىك ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە 2 ـ دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

## يولداش ھاجى راخمان ئىجاد قىلغان ئۇسسۇللارنى ئورۇندىغان بىر قىسىم ماھىر ئۇسسۇلچىلاردىن يېڭى ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇلىغا بىر نەزەر

ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇل سەنئىتى بىر پۈتۈن گەۋدە. «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى»دىكى قەدىمكى خەلق ئۇسسۇللىرى بىلەن بۇددا تاشكېمىرلىرىغا سىزىلغان كلاسسىك ئۇسۇللار بىر

گەۋدە، ئۇلار بىلەن هازىرقى «باهار چېچەكلىرى» بىر گەۋدە. بىز يولداش هاجى راخمان ئىجادىيىتى بىلەن تونۇشقاندا بۇ تارىخىي بىردەكلىك ۋە راۋاجلىنىشنى تېخىمۇ چوڭقۇر هېس قىلىمىز.

هاجى راخمان ئۇسسۇل ئىجادىيىتى ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇل سەنئىتىدىكى ۋارىسلىق ۋە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مۇھىم بىر ئۇتۇقلۇق مىسالى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە ئىلهام بېغىشلىغان نەرسە خەلقنىڭ ئۇسسۇل بايلىقى، يېڭى زاماننىڭ ئەركىن روهى ۋە كەڭ ئۇسسۇل سەنئەتچىلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى، مۇزىكانت، ناخشىچى، دېكوراتسىيە ۋە كىيىم لايىهىلىگۈچىلەرنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ئىبارەت. بۇنىڭسىز «قەدىمكى ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانىدا»، «باهار چېچەكلىرى»نىڭ ئېچىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

تۆۋەندە هاجى راخمان ئىجاد قىلغان ئۇسسۇللارنى ئەڭ دەسلەپ ئوينىغان ياكى ئەڭ ئۈلگىلىك ئوينىغان بىر قىسىم ماهىر ئۇسسۇلچىلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز. بۇ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن يېڭى ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇلىنىڭ كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان باهار مەنزىرىسى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش، ئەلۋەتتە.

## ماهارەتتە داڭق قازانغان پېشقەدەم ئۇسسۇل ئۇستىسى ئايتىللا



ئايتىللا ــ «شەرق ئانسامبىلى»نىڭ پېشقەدەم ئۇسسۇلچىسى، شۆھرەت قازانغان خەلق ئارتىسكىسى.

ئايتىللا ــ يالغۇز كىشىلىك داپ ئۇسسۇللىرىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىنى دەۋرىمىزگە ئەكىرگەن ئۇسسۇل ماهىرلىرىنىڭ بىرى. ئۇ يولداش هاجى راخماننىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



«ئۇزۇمچىلىك ئۇسسۇلى»نى ئويناپ، 1959 ـ يىلقى ۋېنادا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ياشلىرى ۋە ستودېنتلىرى پېستىۋالىدا ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

## كۆزگە كۆرۈنگەن كۆپ ماھارەتلىك پېشقەدەم ئۇسسۇل ئۇستىسى مەريەم ناسىر

پېشقەدەم ئۇسسۇل ئۇستىسى مەريەم ناسىر تونۇلغان خەلق ئارتىسكىسى بولۇپ، ئۇ مۇرەككەپ، كۆپ خىل ۋە نەپىس ئۇسسۇللار بىلەن لەپەر ئويناشتا ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە ماھارىتى بىلەن داڭ چىقارغان.

مەريەم ناسىر ھاجى راخمان ئىجاد قىلغان ئۇسسۇللاردىن

«ئەللەي ئۇسسۇلى»، «ئۈزۈمچى قىزلار»، «گۈل قىسقان مېنىڭ يارىم»، «قويچى قىز» قاتارلىقلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ جامائەتچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

## تونۇلغان پېشقەدەم ئۇسسۇل ماھىرى نۇرنىسا ئىسمائىل

نۇرنىسا ئىسمائىل تونۇلغان، پېشقەدەم ئۇسسۇل ماھىرى. ئۇ ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ سالماقلىق نەپىس ئۇسسۇل گۈزەللىكى ئەنئەنىسىنى ئويناپ چىقىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان خەلق ئارتىسى.





ئۇ ھاجى راخمان ئىجاد قىلغان «قىزىلگۈل ئۇسسۇلى»، «ئەتلەس ئۇسسۇلى»، «ئاتۇش ئۇسسۇلى»، «سەيلە ئۇسسۇلى» قاتارلىقلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئىجراچىسى بولغان.

www.uyghurkitap.com

# تونۇلغان مىللىي ئۇسسۇل ماھىرى خەلچەم سىدىق

تونۇلغان مىللىي ئۇسسۇل ماھىرى خەلچەم سىدىق سالماقلىق ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىدىكى سالاپەتلىك، نەپىس ۋە لەرزان ئۇسسۇل گۈزەللىكى ۋە ئۇسسۇل رىتىمدارلىقىنى ئىنچىكە ئىپادىلەشتە ماھارەت كۆرسىتىپ زور شۆھرەت قازاندى. ئۇ سەنەم، مەشرەپ ئۇسسۇللىرىنىڭ ماھىرى سۈپىتىدە «نىم پەدە»، «دولان سەنىمى يېڭى ئۇسسۇلى»، «ناغرا ئۇسسۇلى»، «دوپپا ئۇسسۇلى» ۋە تاجىكچە «يېڭى كېلىن» ئۇسسۇللىرىنى ماھارەتلىك ئويناپ چىققان.





# ئىستېداتلىق ياش ئۇسسۇل ماھىرى رەيھان ئابلىز



ئىستېداتى ئۇرغۇپ تۇرغان كۆپ خىل ئۇسسۇل ماھىرى رەيھان ئابلىز كۆپ ماھارەتلىك، يۇقىرى نەپىسلىك تەلەپ قىلىنىدىغان، تولا ھاللاردا داپ ئۇرغۇسى بىلەن تېز - چاققان ئوينىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنى چەبدەسلىك بىلەن ئويناپ، كەڭ كۆرۈرمەنلەرنىڭ ياخشى ئالقىشى ۋە ياخشى تىلەكداشلىقىغا ئېرىشكەن. ئۇ «ئۇزۇمچىلىك ئۇسسۇلى»، «شىنجاڭ ياخشى جاي»، «قوڭغۇراق ئۇسسۇلى»، «يۈرەك شادلىقى»، «كۇسەن ئۇسسۇلى» قاتارلىقلارنى ئۇستۇن ماھارەت بىلەن ئويناپ چىققان.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىستېداتلىق ياش ئۇسسۇل ماھىرى گۈلباھار سىدىق



ئۇسسۇل ئىستېداتى كۆپ تەرەپلىمە تولۇپ تۇرغان ياش ئۇسسۇل ماھىرى گۈلباھار سىدىق داپ ئۇرغۇسى بىلەن ئورۇندىلىدىغان ۋە يۇقىرى ماھارەت تەلەپ قىلىنىدىغان ئۇسسۇللارنى ئويناپ چىقىشتا ئالاھىدە نەپىسلىك، قىياپەت ۋە پۇراق ھاسىل قىلىپ كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشى ۋە ئۈمىدۋار تىلەكداشلىقىغا مۇيەسسەر بولدى.

گۈلباھار سىدىق «پىلچى قىز»، «چىمەندوپپا»، «داپ ئۇسسۇلى»، «بۇلاق بېشىدا»، «قار لەيلىسى» قاتارلىق نەپىس ئۇسسۇللارنى چەبدەسلىك بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ، ئۇيغۇر ئۇسسۇل گۈلزارىغا ھۆسن قوشقان.



# ئىستىداتلىق ياش ئۇسسۇل ماھىرى
# كۈرەش رەجەپ



ئىستىداتلىق ياش ئۇسسۇل ماھىرى كۈرەش رەجەپ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى خەلق ئۇسسۇللىرىنى شوخ ۋە چەبدەسلىك بىلەن ئويناپ چىقىپ، ئەرەنچە ئۇسسۇل ماھارىتىنىڭ ياخشى ئۈلگىسىنى كۆرسەتتى. ئۇ «مېنىڭ راۋابىم»، «شىنجاڭ ياخشى جاي»، «يېڭى كېلىن» (تاجىكچە ئۇسسۇل)، «خەلق ئەسكىرى» (تاجىكچە ئۇسسۇل) قاتارلىقلارنى يۇقىرى ماھارەت ۋە ساغلام، نەپىس رىتىمدارلىق بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ چىققان.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# پېشقەدەم ئۇسسۇلچى قەمبەرنىسا ئەخەت



پېشقەدەم ئۇسسۇلچى قەمبەرنىسا ئەخەت ھەر خىل نەپىس ۋە شوخ مىللىي ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى، جۈملىدىن «قوغۇنچىلىق ئۇسسۇلى»، «ئۇچرىشىش»، «ئەمگەك بېيىتى» (ئەمگەك قوشىقى، قازاقچە) قاتارلىق ئۇسسۇللارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ چىققان.



# مەلىكە ئاسىنا ۋە غەربىي دىيار سەنئىتى

## 1

ئېلىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سەنئەت مەدەنىيىتى تارىخىدا ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان مەشھۇر تارىخىي شەخسلەردىن بىرى شىمالىي جۇ (581 — 755 ـ يىللار) سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۈرك خانلىقى مەلىكىسى ئاسىنا بىكەدىن ئىبارەت. كۆپلىگەن تارىخىي مەنبەلەردە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك تەرزدە ئاسىنا بىكە (528 — 582) نىڭ غەربىي دىيار سەنئىتى ۋە سەنئەتلەشكەن ئېتنىك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى چاڭئەن ۋە ئوتتۇرا دىيارغا تونۇشتۇرغانلىقىنى تىلغا ئالغان①. ۋەھالەنكى، مەلىكە ئاسىنا توغرىسىدا هازىرغىچە تېخى بىرەر ئىلمىي ماقالە ۋە ياكى قامۇس ماددىلىرى يېزىلمىغان.

مەلىكە ئاسىنا ياشىغان زامان ئېلىمىز تارىخىدىكى شىمالىي ـ جەنۇبىي سۇلالىلەر زامانىسى بولۇپ، ئۆزىگە خاس مۇرەككەپ تارىخىي ئالامەتلەر بىلەن تولغان.

شىمالىي ـ جەنۇبىي سۇلالىلەر (420 — 581)② دەۋرى

---

① «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «جۇ نامە»، 9 ـ جىلد، 23 ـ جىلد، «چىڭ خاتىرىلىرى»، «سۈينامە·كۆكتۈرك تەزكىرىسى»، «سۈينامە مۇزىكا تەزكىرىسى»، «ئومۇمىي قامۇس»، 146 ـ جىلد، «قىسقىچە قامۇسنامە»، «ئومۇم ئائىنە نامە»، «تاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانى»، «كىتاب مۇ-ئەسسەسىنىڭ ئەسلىي پۈتۈكلىرى»، 567 ـ جىلد، 470 ـ جىلد، «باشقۇرۇش ئومۇم ئائىنە نامە-سى»، «قاشنامە»، 108 ـ جىلد قاتارلىقلار نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

② بەزى تەتقىقاتچىلار شىمالىي ـ جەنۇبىي سۇلالىلەرنى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلغان يىلى (دېڭگۇنىڭ 1 ـ يىلى) 386 ـ يىلىدىن ھېسابلايدۇ، بەزى تەتقىقاتچىلار جەنۇبتىكى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلغان يىلى (يۇڭچۇنىڭ 1 ـ يىلى) 420 ـ يىلىدىن ھېسابلايدۇ. بۇ شىمالىي ـ جەنۇبىي سۇلالىلەرنى ئۆلچەم قىلىشتىكى قاراش پەرقلىرىنى ئىپادىلەپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېلىمىز تارىخىدا ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك تارىخىي ئېۋولىيۇتسىيە مەزگىلىنى تەشكىل قىلغان. ئالدى «16 پادىشاھلىق» (317 ـــ 420) دەۋرىگە ۋە ئاخىرى سۇي ـ تاڭ سۇلالىلىرى (581 ـــ 907) دەۋرىگە تۇتاشقان بۇ تارىخىي مەزگىلدە ئېلىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدا خۇاڭخې ۋادىسىنى بويلاپ خەن مىللىتى بىلەن سيانپى، توقبات، قالدۇق ھون ۋە ئاۋار مىللەتلىرىنىڭ چوڭ يۇغۇرۇلۇشى بىلەن شەرق ـ غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ كاتتا ئۇچرىشىشىدىن ئىبارەت ئىككى غايەت زور تارىخىي جەريان يۈز بېرىپ ئۆتتى. ۋەھالەنكى، شەكلەن ئاز سانلىق مىللەت بارچە ھاكىمىيەتچىلىكى تەرزدە يۈز بەرگەن بۇ «ئىككىنچى قېتىملىق» «چۇنچيۇ ـ جەنگو» دەۋرى ئىجابىي ۋە پائال ئېتىباردىن سارقىت قىلىنىپ، يېتەرلىك يورۇتۇلمىدى ۋە باھالانمىدى. مېنىڭچە، شىمالىي ـ جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە (ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەم) مەيدانغا چىققان بۇ ئىككى تارىخىي جەريان يۈز بەرمىگەنىدى. جۇڭگونى يېڭىۋاشتىن بىرلىككە كەلتۈرگەن سۇي ـ تاڭ سۇلالىرىنى ۋە ئۇنىڭ مەملىكىتىمىزدىن ھالقىپ چىقىپ ئالەمشۇمۇل تارىخىي قىممەت ياراتقان شۆھرەتلىك مەدەنىيىتىنى بۇنىڭسىز بۇ قەدەر تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولغان بولاتتى. سۇي ـ تاڭ مەدەنىيىتىدىن ئىپتىخارلىنىدىغان ھەربىر ۋەتەنپەرۋەر، سۇي ـ تاڭ مەدەنىيىتىگە ئاساس سالغان بۇ تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ ۋەتەننى بىرلەشتۈرۈشتە، ئۇنىڭ سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋەتكەن، ئىناق، كۆپ قىرلىق جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يېڭى مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشقا ئاساس سالغانلىقىنى ئېتىباردىن چەتلەشتۈرمەسلىكى لازىم.

دەر ھەقىقەت، شىمالىي ـ جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى ھەرقايسى سۇلالىلەر دۆلەتنى ئۆزلىرى رىياسەتچىلىكىدە بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن شىمال ـ جەنۇب، شەرق ـ غەرب كارۋان سودىسىنى كۈچەيتتى؛ بۇددىزم غايىلىرىدە پۈتۈن مەملىكەتنى تىزگىنلەش ئۈچۈن بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە ـ

شەرھى قىلىش، بۇددا تاشكېمىرلىرى ۋە ئىبادەتخانىلىرى قۇرۇش جەھەتتە «16 پادىشاھلىق»، بولۇپمۇ ئالدىنقى - كېيىنكى لياڭ، ئالدىنقى - كېيىنكى چىڭ سۇلالىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئىزچىللاشتۇردى؛ كۇچا ئەلنەغمىسىنى ئاساس قىلغان غەربىي دىيار سەنئەت مەدەنىيىتىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلدى؛ كىيىنىشى، ئات مىنىشى، تاماق ۋە ئايەم شەكىللىرىدىمۇ غەربىي دىيار ئېتنىك مەدەنىيىتىدىن كۆپلەپ ئوزۇق قوبۇل قىلدى. بۇ ھال ئېلىمىزنى سۈي - تاڭ سۇلالىلىرىدىن ئىلگىرىكى قىياپەتتىن «جاھانساز» (دۇنيا كۆرگەن)، «ئالەم پەرۋاز» (دۇنياغا يۈزلەنگەن) جۇڭگو سۈپىتىدە، شەرقىي ئاسىيادا شۆھرەت جۇلاسىغا مۇيەسسەر قىلدى. مىللىي مەدەنىيەت ئاساسىدىكى سىنكرېتىك مۇۋەپپەقىيەت دولدۇلىغا مىنگەن سۈي - تاڭ سۇلالىلىرى ھەقىقەتەن ئېلىمىز تارىخىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئېپتىخارلىق سەھىپىسىنى ياراتتى.

دەل مۇشۇ دەۋردە غەربىي دىياردا تېلى - ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تەسىرى كۈچەيدى. خۇددى خۇاڭخې ۋادىسىدا خەنزۇلىشىش جەريانى يۈز بېرىپ ئۆتكەندەك، شىمالىي - جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدىلا ئىلگىرى ئوخۇ ئوغۇزلىرى ۋە كۆپلەپ يۆتكىلىپ كەلگەن تېلى - ئۇيغۇر - ئېگىز ھارۋىلىقلار ئاساسىدا ئۇيغۇرلىشىش غەربىي دىياردىكى كۆرۈنەرلىك تارىخىي ھادىسە بولۇپ قالدى. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى· قۇچۇ تەزكىرىسى»، «سۈينامە· قۇچۇ تەزكىرىسى»دە قۇچۇدىكى خەنزۇ ئەۋلادلىرىنىڭ ئۇيغۇرلىشىشى، مەكتەپلەردە «خۇ» (ئۇيغۇر) تىلىدا ئوقۇش ئەھۋالى روشەن تىلغا ئېلىنغان، مەلىكە گۇلىيۈز (خۇا رۇڭ) ئۇيغۇر تىلى شارائىتىدا قۇچۇغا ياتلىق قىلىنغان. بۇ جەريانغا كېيىنچە «توققۇز چاۋۇپ» ئىبارىسىنى «ئۇيغۇر» نامىغا قوشۇپ، «توققۇز چاۋۇپ ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتالغان ۋە لوپنۇر، قۇچۇ، ئالتە سۇ (ئوردۇس) تەرەپتىكى مانى سۇغدىلىرىمۇ قوشۇلدى. ئېيتىش مۇمكىنكى، ئەگەر قۇچۇ قاتارلىق غەربىي دىيار زېمىنىدا ئۇيغۇرلىشىش جەريانى يۈز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەرمىگەن بولسا، قۇدرەتلىك كۆكتۈرك خانلىقىنى غۇلىتىپ، ئورنىغا ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ تىكلىنىشى ۋە خەتەردىن قۇتۇلالمىغان يىپەك يولىنى شىمالىي بويلاپ چاڭئەنگە تۇتاشتۇرغان «ئۇيغۇر يولى» نىڭ ئېچىلىشى مۇنچە ئوڭۇشلۇق بولمىغان بولاتتى. ئۇيغۇرلار ئاسىنا ئالىپ قاغان كۆكتۈرك قوشۇنلىرىنى ئورخۇن بويىدا ئەمەس، دەل تەڭرىتاغلىرى ئېتىكىدە تارىخىي خاراكتېرلىك ھالسىزلىنىشقا دۇچار قىلغانىدى. غەربىي دىيار مۇزىكا، تىياتىر، ئۇسسۇل سەنئىتى، تېبابەتچىلىك ۋە لوكلور مەدەنىيىتىنىڭ سۇي ـ تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە لوياڭلاردىكى كەڭ تارقىلىشىنى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلاشقان غەربىي دىيار ئاھالىلىرى ئىلگىرى سۈردى.

## 2

شىمالىي سۇلالىلەردىن شىمالىي ۋېي (386 ـــ 534) سۇلالىسىنىڭ ئورنىغا شەرقىي ۋېي (534 ـــ 550) ۋە غەربىي ۋېي (534 ـــ 557) سۇلالىلىرى مەيدانغا كەلدى. شەرقىي ۋېي سۇلالىسىنى شىمالىي چى (550 ـــ 577) سۇلالىسى مۇنقەرز قىلدى. غەربىي ۋېي سۇلالىسىنى شىمالىي جۇ (557 ـــ 581) مۇنقەرز قىلدى، شىمالىي جۇ 557 ـ يىلى شىمالىي چى سۇلالىسىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، سۇي سۇلالىسىنىڭ مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە ئاساس ياراتتى.

ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا يېڭىدىن قۇرۇلغان كۆكتۈرك خانلىقى ئېل قاغان تومىن باشچىلىقىدا سىيانپىلارنى يېڭىپ تېز ئىلگىرىلىدى، تومىن قاغاننىڭ ئوغلى موغان قاغان (553 ـــ 572) ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان 20 يىل ئىچىدە شەرقتە ئاۋارلارنى، غەربتە ئېفتالىت (ئاق ھون) لارنى تارمار قىلدى، ئۇ يۇلتۇزدىن مىڭبۇلاققىچە بارگاھ يۆتكەپ تۇرغان غەربىي تۈرك يابغۇسى، تاغىسى ئىستىمىخان بىلەن بىللە ساسانىيلار شاھى خۇسراۋ

نۇشرىۋان بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ئېفتالىتلارنى مۇنقەرز قىلدى (562 ـ يىلى)، كېيىن شەرقىي رىم ئىمپېراتورى يوستىئان II بىلەن بىرلىشىپ، ساسانىيلارغا قارشى جەڭلەر ئېلىپ باردى. كۆكتۈركلەر ئىلگىرى ھاكىملىرى سىيانپى خانلىرى ئەۋلادلىرى ـ شىمالىي چى ۋە شىمالىي جۇ سۇلالىلىرىنىمۇ تىزگىنلەش سىياسىتىنى ئىشقا سالغانىدى. بۇ بىر قاتار جەڭلەردە چاڭئەندىن شەرقىي رىمغىچە بولغان يىپەك سودىسىنىڭ مونوپولىيە ھوقۇقى غايەت زور ئورۇن تۇتقانىدى.

شىمالىي جۇ سۇلالىسى تۇنجى شاھى شاۋمىندى (تولۇن) غەربىي ۋېي سۇلالىسىنى ئۇلاتقاندىن كېيىن ھاكىمىيەتكە چىققان يىلىلا بىر نەۋرە ئىنىسى يۈي ۋېنخۇ تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلۈپ، ئورنىغا ئۇنىڭ ئىنىسى مىڭدى يۈي ۋېنيۇڭ (543 ـــ 578) قويۇلدى، بۇ شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ئاساسىي پادىشاھى جۇ ۋۇدى (560 ـــ 578) ئىدى، جۇ ۋۇدى 572 ـ يىلى ھاكىمىيەتنى تىزگىنلەپ كۆنگەن يۈي ۋېنخۇنى يوقاتتى، يەنە بەش يىل ئۆتكەندە شىمالىي چى سۇلالىسىنىمۇ مۇنقەرز قىلدى. جۇ ۋۇدى شىمالىي چىڭ سۇلالىسى تەھلىكىسى ۋە ئىچكى سۈيىقەست تەھدىتى ئاستىدا 563 ـ يىلى (باۋدىڭنىڭ 3 ـ يىلى)① باش بەگ ياڭ جەن، سول قانات قوشۇن بېگى، تەيىيۈەن ۋاڭى چىڭ ۋاڭ باشچىلىقىدا موغانخان ئالدىغا سوۋغىلار بىلەن مەلىكە تەكلىپ قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇنى ئاڭلىغان شىمالىي چى خانى گاۋزەن (561 ـــ 564) جىددىيلىشىپ، بىر تەرەپتىن سېپىل سوقتۇرۇپ، بىر تەرەپتىن نۇرغۇن سوۋغىلار بىلەن موغانخان ئالدىغا مەلىكە سوراشقا كىشى ئەۋەتتى. ئادەتتىن ئارتۇق بۇ نۇرغۇن سوۋغا موغانخاننى ئىككىلەندۈرۈپ قويدى. موغانخاننىڭ ئاتىسى تومىن قاغان 551 ـ يىلى غەربىي ۋېي سۇلالىسىدىن چاڭلو مەلىكىگە ئۆيلەنگەنىدى، جۇ دى ئەۋەتكەن باش بەگ ياڭ جەن سۆزمەن ئىدى، ئۇ موغانخاننى

① «قىسقىچە قامۇسنامە»دە باۋدىڭنىڭ 2 ـ يىلى دېيىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قايىل قىلغاندىن كېيىن مەلىكە ئاسىنا بىكەنى سىياسىي مىللىتىدىن بولغان جۇ ۋۇدى ـ يۈي ۋېنيۇگغا ياتلىق قىلىش قارارىغا كەلدى. بىراق، بۇ ئەلچىلەر مەلىكىنى ئەكېتەلمىدى. «جۇنامە»، 9 ـ جىلد، «ۋۇدى پادىشاھ تەپسىلاتى»دا يېزىلىشىچە، باۋدىڭنىڭ 5 ـ يىلى (565 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا چىڭ گوگۇگچۇن قاتارلىق 200 كىشى مەلىكە تەكلىپ قىلىپ موغانخان بارگاھىغا كېلىشتى، بۇ چاغدا خاننىڭ ئۆز قىزىنى جۇ ۋۇدىغا ياتلىق قىلىش خاھىشى سۇسلىشىپ قالغانىدى. كۇتۇلمىگەندە بىر ھەپتە گۇلدۇرمامىلىق بوران چىقىپ، خاننىڭ بارگاھىنى چۇۋۇپ تاشلىدى، بۇ ھادىسە تەبىئەت ئىلاھچىلىقىغا ئېتىقاد قىلغان موغانخاننىڭ ئاسىنا بىكىنى جۇ ۋۇدىغا ياتلىق قىلىش نىيىتىگە كەلتۈرۈپ قويدى. بۇ موغانخاننىڭ جۇ سۇلالىسىگە بولغان يېقىنلىقىنى كۈچەيتتى. دېگەندەك، 563 ـ، 564 ـ يىللىرى موغانخان جۇ ۋۇدى بىلەن بىرلىشىپ، چى سۇلالىسىنىڭ گاۋزەن پادىشاھىنى غۇلاتتى. ئورنىغا گاۋۋى (565 ــ 575) ھاكىمىيەتكە چىقتى، شىمالىي جۇ سۇلالىسى كېيىنچە چەنجىڭ مەلىكىنى موغانخانغا ياتلىق قىلدى، موغانخان 20 يىل ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇپ، 572 ـ يىلى (جيەندىنىڭ 1 ـ يىلى) ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ ۋەقەلەر «كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى»دا 552 ـ، 583 ـ يىللاردىكى نەتىجىلەر ئىچىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئەسلەنگەن.

جۇ ۋۇدى ئاسىنا بىكەگە ئەلچى قويغاندا ئەمدى 20 ياشقا كىرگەن بولۇپ، 36 يىل ئۆمۈر كۆرگەن بۇ پادىشاھ 17 يېشىدا تەختكە چىققانىدى، ئۇ تەختتە 18 يىل تۇردى، ئۇ ئاسىناغا ئۆيلىنىپ تاكى تيەنخېنىڭ 6 ـ يىلى (571 ـ يىلى) ۋە جەندېنىڭ 4 ـ يىلى (575 ـ يىلى) غىچە غەربىي دىيار سەنئىتىنى كەڭ تەشەببۇس قىلغان ئاسىنا بىكە پائالىيەتلىرىگە چەك قويمىدى. ئەمما، ئۇ 30 ياشتىن ھالقىغاندىن كېيىن ئەينى يىللاردا گاۋۋى باشچىلىقىدىكى شىمالىي چى سۇلالىسىدە غەربىي دىيار مۇزىكا ـ ئۇسسۇللىرىنىڭ روناق تاپقانلىقىغا زىت ھالدا،

جۇملىدىن بۇ جەھەتتىكى ئۆكتىچى پىكىرلەر تەسىرىدە غەربىي دىيار سەنئىتىنى چەكلەش ۋە بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى تازىلاش ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى. بۇ دەل موغانخان ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە ئاسىنا بىكە ئىلاجسىزلىقتا مۇپتىلا بولغان چاغلار ئىدى.

## 3

«جۇ نامە • مۇزىكا تەزكىرىسى»، «جۇ نامە»، 9 ـ جىلد «ئومۇمىي قامۇسنامە» 146 ـ جىلد، «كىتاب مۇئەسسەسىنىڭ ئەسلىي پۈتۈكلىرى» 567 ـ جىلد، «قاشنامە» 108 ـ جىلددا كۆرسىتىلىشىچە، ئاسىنا بىكە تيەن خېنىڭ 3 ـ يىلى (568 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا كۆكتۈرك بارگاھىدىن جۇ سۇلالىسى پايتەختى چاڭئەنگە كىرگەن. بۇ باش بەگ ياڭ جەن مەلىكە تەكلىپ قىلغان باۋدىڭنىڭ 3 ـ يىلى (563 ـ يىلى) دىن بەش يىل، چىڭ گوگۇڭسۇن قاتارلىقلار مەلىكە تەكلىپ قىلغان باۋدىڭنىڭ 5 ـ يىلى (565) دىن ئۈچ يىل كېيىنكى ۋەقە. پادىشاھ جۇ ۋۇدى (542 ــ 578) مەلىكىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى، مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي كەچۈرۈم جاكارلىدى. چىڭ گوگۇڭسۇننى چىڭ ئوبلاستىنىڭ باش بۇغى قىلىپ كۆتۈردى. ئاسىنا بىكە جۇ ۋۇدى پادىشاھدىن 13 ياش چوڭ، جۇ ۋۇدى پادىشاھنىڭ چۇ (خۇنەن) بەگلىكىدىن ئالغان چوڭ ئايالى ئې سى (لى خۇاڭخۇ، 555 ــ 588) دىن 27 ياش كىچىك ئىدى، مەلىكە ئاسىنا جۇ ۋۇدى پادىشاھ بىلەن 10 يىل (578 ــ 598) بىللە ياشىدى، جۇ ۋۇدى پادىشاھ ۋاپات بولۇپ، تاكى سۈي سۇلالىسىنىڭ كەيخۇاڭنىڭ 2 ـ يىلى (582 ـ يىلى) غىچە تۆت يىل تەنھا ياشىدى، ئۇ جۇشۈەندى تەختكە چىققان يىلى (578 ـ يىلى) «خان ئاغىچا»، داشياڭنىڭ 1 ـ يىلى (579 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا «باش خان ئاغىچا»، كېيىنكى يىلى (580 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا «بۇزۇركۋار باش خان ئاغىچا» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ھۆرمەتلەندى. ئۇ ۋاپات بولغاندا 32 ياشتا بولۇپ، شاۋلىن

(ساداقەتمەنلەر مەقبەرىسى) غا دەپنە قىلىنىدى، مەلىكە ئاسىنا توغرىسىدا يېزىلغان تەزكىرىدە «گۈزەل»، «خۇش قىياپەت»، «ئۆزىنى تۇتقان»، «ئەقىللىق»، «ئەدەپلىك»، «مېھرىبان»، «قوشنىدارچىلىقنى ئىناق تۇتقان»، «تۆت تەرەپنى ياخشى باشقۇرغان»، «پادىشاھ چوڭقۇر ھۆرمەت قىلغان» دېگەن ئىبارىلەر يېزىلغان.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەنبەلەردە بىردەك كۆرسىتىلىشىچە، ئاسىنا بىكە چاڭئەنگە كانگىيە، پەرغانە، قەشقەر، كۇچا مۇزىكا ئانسامبىللىرىنى ئەكىرگەن، بۇنىڭغا ئوخشايلىق تۇغدۇرغان نەرسە ئىستىمى خان ۋە موغانخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئاق ھونلار زېمىنىدا ئېلىپ بارغان 100 مىڭ كىشىلىك ھەربىي پائالىيىتى. ئىستىمى خاننىڭ تەڭرىتاغلىرىدىكى يۇلتۇز يايلىقىدا، كۇچانىڭ شىمالىدا، سىر دەريا ۋادىسىدىكى مىڭبۇلاقتىكى بارگاھلىرى، تەڭرىتاغلىرى، شەرقىي ۋە جەنۇبىدا ئۇيغۇرلىشىش جەريانىدا تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلەۋاتقانلىقى بولدى. بۇ يىللاردا قۇدىلىشىش ئېھتىياجى بىلەن ئاسىنا بىكەنىڭ تەكلىپى بويىچە موغانخان كۆپلىگەن سەنئەت ماھىرلىرىنى ئۆز بارگاھىغا توپلىغانىدى.

دەرۋەقە، كۇچا، قەشقەر (كاشا)، قوچۇ، ئېۋىرغول مۇزىكا ـ ئۇسسۇللىرى غەربىي خەن دەۋرىدىلا چاڭئەنگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەنىدى. ئۇ لۇيگۇاڭنىڭ تەي ئەن ـ لۇڭ فى (386 ــ 399) يىللىرى كۇچانى ئىستىلا قىلىپ، لياڭجۇ (ھازىرقى ئۇۋۋى) ئەلنەغمىسىنى تەشكىل قىلىشى بىلەن يېڭى تۇسكە كىرگەنىدى. سۇجۇپنىڭ 12 تېمپېراتسىيىلىك كۇيشۇناسلىق نەزەرىيىسىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردە تەسىر كۆرسىتىشى، غەربىي دىيارنىڭ ئۇيغۇرلىششى، ئورخۇن ـ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن بۇ ئەھۋال ئاساسلىق ئورۇنغا كۆتۈرۈلدى. تارىخىي مەنبەلەردە كۇچا (كۇسەن) مۇزىكىسىنىڭ «غەربىي ئەللەر كۇسەن ئەلنەغمىسى»، «شىمالىي چى سۇلالىسى كۇسەن ئەلنەغمىسى»، «يەرلىك كۇسەن ئەلنەغمىسى» دېگەندەك

ۋارىيانتتا ئاتىلىشى بۇ زامان قاتلىمى ۋە ماكان قاناللىرىدىكى پەرقنى ئەكس ئەتتۈردى.

ئاسىنا بىكە چاغئەنگە كىرگۈچە بولغان زاماندا غەربىي دىيارنىڭ بۇددا مەدەنىيىتى ئوتتۇرا دىيارغا كۆرۈنەرلىك تەسىر قىلغانىدى. بۇ چاغدا غەربىي دىيار راسا گۈللەنگەن بۇددىزىم دىيارى بولۇپ قالغان. بۇددا تاشكېمىرچىلىكى بىناكارلىق سەنئەتچىسى بوتودىن ئۆزى باشچىلىق قىلغان 893 قۇرۇلۇشقا، مەيلى لايىھىلەش، رەسىم سىزىش، ھەيكەل ياساش جەھەتتىن بولسۇن قويۇق كۇسەن ئۇسلۇبىنى سىڭدۈردى. بۇ چاغدا مەي جىسەن (تيەنشۈيدە)، يۈن گۇاڭ (داتۇڭدا)، لۇڭمېڭ (لوياڭدا) بۇددا تاشكېمىرلىرى مەيدانغا كەلدى. بۇددا ھەيكەللىرى يۇمىلاق يۈزلۈك، كەڭ پېشانىلىك، چوڭ ۋە تىك بۇرۇن، نېپىز كالپۇك، گەۋدىلىك، ھېسسىياتچان ۋە غەربىي دىيارنىڭ ئەينى زاماندىكى كىيىم شەكلىدە كىيىندۈرۈلگەن قىلىپ ئىشلەندى. بۇ چاغلاردا ياسالغان باشقا غەربىي دىيار سەنئەتچىلىرىگە ئائىت كۆرۈنۈشلۈك بۇيۇملاردىمۇ بۇ ئۇسلۇب گەۋدىلەندۈرۈلگەنىدى. يېقىندا 6 ـ ئەسىرگە ئائىت سىماجىڭلۇڭ قەبرىسىدىن تاش ئۈلىغا ئىشلەنگەن غەربىي دىيارلىق تۆت سازەندىنىڭ كۆرۈنۈشى تېپىلدى. خېنەن ئۆلكىسى ئەنياڭ ناھىيىسى فەنسۈيىۋى قەبرىگاھىدىن تېپىلغان ياپىلاق چۆگۈننىڭ قورسىقىغىمۇ شىمالىي چى دەۋرىدىكى غەربىي دىيارلىق تۆت سازەندە ۋە كىچىك يۇمىلاق شىرە ئۈستىدە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئەركەك ئۇسسۇلچى كۆرۈنۈشىمۇ غەربىي دىيار كىيىم شەكلىدە ئىشلەنگەن. بۇ چاغدا داۋرۇڭ، فاشيەن، خۇيشېڭ قاتارلىق بۇددا ساياھەتچىلىرى غەربىي دىياردىن نىجادلىق نوملىرى ئېلىش ۋە ئىستىقامەت ئۈچۈن غەربىي دىيارغا كېلىشكەنىدى. بۇددا سۇترىلىرىنى تەرجىمە قىلىشتا كۇسەنلىك كۇمراجىۋا يېڭى بىر تارىخىي باسقۇچ ياراتتى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شياۋمىڭدى (516 ـــ 528) خۇ ئاغىچىدىن تۇغۇلغانىدى، ئۇ چاغدىلا بۇددا پۈتۈكلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈنگەن.

www.uyghurkitap.com

شىمالىي سۇلالىنىڭ پادىشاھى گاۋۋى «نېرۋانە سۇترىسى» نى تۈركچە تەرجىمە قىلىپ كۆكتۈرك خانىغا ئەۋەتكەن، «شىمالىي چى تارىخى قوغۇرسۇ ساڭغۇن تەزكىرىسى»دە ئېيتىلىشىچە، بۇ سۇترىنى مىرزالى دېلىن تەرجىمە قىلىپ، بېشىغا مۇقەددىمە يازغان. بۇ چاغلاردا تاشقا سۇترا ئويۇش ۋە ئابىدىلەرگە نوم سۆزلىرىدىن ئۈزۈندى ئويۇش باشلانغان. بۇ كېيىنكى تاش ـ ياغاچ ئويما مەتبەئەچىلىكىگە ئاساس سالغان. ئەينى يىللاردا تارقالغان «يارالمىش ھېكايىلىرى» ئېلىمىزنىڭ رومانچىلىق تارىخىغا مۇھىم بىر مەنبە بولۇپ خىزمەت يەتكۈزگەن.

ئاسىنا بەگچە ئوتتۇرا دىيارغا غەربىي دىيار مۇزىكا ـ تىياتىر سەنئىتىمۇ كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ خىل سەنئەت ئۆلگىلىرى شىمالىي قوملۇق ئارقىلىق ۋە بىۋاسىتە غەربىي دىياردىن لياڭجۇ، چاڭئەن، لوياڭلارغا ئېقىپ كىرگەندى. «سۈينامە *مۇزىكا تەزكىرىسى»دە كۆرسىتىلىشىچە، سۈي سۇلالىسىغىچە غەربىي دىيارنىڭ 15 خىل («تاڭ دەۋرىنىڭ ئالتە قامۇسى»دا يېزىلىشىچە، 16 خىل) چالغۇلىرى ئوينالغان. «ئومۇم قامۇسنامە»دە يېزىلىشىچە، شىمالىي ۋېي پادىشاھى شۈەن ۋۇدى (500 ــ 516) ۋە ئۇنىڭ خو (ئوغۇز ـ تۈرك؟) خانىشى كۇچا مۇزىكىسىغا ھېرىسمەن ئىدى، ئۇنىڭ ئوغلى شاۋمىڭدى (516 ــ 528) كۇچانىڭ نەغمە دېيىنى چېلىپ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلىغان كۈنلىرى بولغان. «شىمالىي چى سۇلالىسى يىلنامىسى» 11 ـ جىلد، «ۋاڭلار تەزكىرىسى»دە يېزىلىشىچە، پادىشاھ ۋېنشۈەندى ئۆز ئوردىسىدا يالاڭ ئاياغ، يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇللار ئوينىتاتتى، ھەتتا ئۆزى كۇچانىڭ نەغمە دېيىنى چېلىپ بېرەتتى. ئۇ ئەنئەنە گاۋۋى سەلتەنەت يۈرگۈزگەن يىللاردا (565 ــ 576) تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. مەشھۇر ئەلنەغمە ئۇستازلىرىدىن ساۋمياۋدا، ساۋزىڭنۇ (ساۋمياۋدانىڭ ئوغلى)، ئەن مورۇ، ئەن ماجۇن قاتارلىقلار گاۋۋى ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان. بۇلاردىن ساۋمياۋداغا گاۋۋى ۋاڭلىق ئۇنۋانى تارتۇقلىغانىدى. شىمالىي ـ جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە غەربىي

دىيار تىياتىرلىرى شىمالىي سۇلالىلەردە كۆپلەپ ئوينالدى، شىمالىي چى سۇلالىسىدىلا «بېلىق بىلەن ئەجدىھا» (鱼龙)، «بوغا قوشقان ئەۋلىيا هارۋىسى» (马仙车)، «خەنجەر يۇتۇش» (吞刀)، «ئوت قوسۇش» (吐火)، «قوغۇن تېرىش» قاتارلىق ئويۇنلار ئوينالغان. ۋىجا ياكىرتى، ۋىجاياجاڭ قاتارلىق «ۋىجايا» (نېلۇپەر) فامىلىلىك خوتەن سەنئەت ماھىرلىرىدىن ۋىجا ياكىرتى سانغۇنلۇق دەرىجىسىگە ئېرىشكەن. تاڭ دەيزۇڭ دەۋرىدىكى (763 — 780) سانغۇن ۋىجايا چىڭ دەسلىپىدە مۇزىكا مۇئەسسەسىدە خىزمەت ئۆتەيدىغان خوتەن سازەندىلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن ئىدى. «نېلۇپەر» (ۋىجايا) لەقەملىك خوتەن سازەندىلىرى، «ئالتۇنگۈل» (سوۋارا ناپوسپا)، «شىرگۈل» (هارى پوسپا)، «ئاقتاغ» لەقەملىك كۇسەن سەنئەتچىلىرى، قەشقەر ۋە قۇچۇ سەنئەتچىلىرى ئەينى زامان سەنئەت مۇنبىرىدە شىمالىي سۇلالىلەر مەدەنىي هاياتىغا شۆھرەت قوشقانىدى. بۇ هال سۈي سۇلالىسىنىڭ دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىدىن باشلاپ يېڭى ئورىتىدا جەۋلان قىلىشقا باشلىدى.

## 4

«جۇنامە» 9 ـ جىلدى بىلەن «سۈينامە مۇزىكا تەزكىرىسى» دە كۆرسىتىلىشىچە، ئاسىيا بىكە چاڭئەنگە ئەكىرگەن سەنئەتچىلەر قاتارىدا كۇسەنلىك سۇجۇپ بولغان. خۇ بەربابىنىڭ ماھىرى سۇجۇپنىڭ ھەربىر تارانىسىدە يەتتە خىل ئاۋاز بار ئىدى، ئۇنىڭ دادىسى غەربىي دىياردا مۇزىكا پىرى بولۇپ، ئۇلار ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ۋارىسلىق قىلغان.

سۇجۇپ چاڭئەنگە كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ «بەش تارانە يەتتە ئاۋاز»دىن تەركىب تاپقان مۇزىكا نەزەرىيىسى سۈي ـ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى 28 كۇيگە ئاساس سالدى. بۇ، كېيىن شىمالىي چى سۇلالىسىدىن كەلگەن جىڭ يى، جۇملىدىن قۇللۇقتىن ئازاد قىلىنغان ۋەن چاڭباۋ قاتارلىقلارنىڭ قايتا

ئىش قوشۇشى بىلەن ئېلېمېنتىنىڭ كلاسسىك مۇزىكا نەزەرىيىسى بولۇپ شەكىللەندى. سۇجۇپ كۆيشۇناسلىق نەزەرىيىسىگە ئاساس سالغان كۇچا ئەلنەغمىلىرى سۈي ـ تاڭ سۇلالىلىرى مۇزىكا سەنئىتىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىگە ئايلاندى.

شاڭدا ئەپەندىنىڭ، جۇملىدىن ياپونىيە ئالىمى شاڭيۈەن ئەپەندىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئاقارى ماندامۇ ئاسىنا بىكە بىلەن بىللە چاڭئەنگە كەلگەن①. «ئوقۇتۇش يۇرتى خاتىرىلىرى»دە: «گاۋزۇڭ ئاۋاز قانۇنلىرىنى بىلەتتى، شامال ۋە قۇش ئاۋازىنى ئاڭلايتتى، ئۇسسۇلغا دەسسەپ رىتىم چىقىراتتى، تاڭ سەھەر بۇلبۇل ئاۋازىنى ئاڭلاپ، مۇزىكچى ئاقارى ماندا«باھار بۇلبۇل ناۋاسى» كۈيىنى ئىشلەشكە بۇيرۇدى» دەپ يېزىلغان. بۇ تاڭ گاۋزۇڭ لى جى سەلتەنەت دەۋرى (650 ــ 684) بولۇپ، ئاسىنا بىكە سۇجۇپنى چاڭئەنگە ئەكىرگەن (568 ـ يىلى) ۋاقىتتىن تولىمۇ يىراق بولغاچقا، ئۇ بىۋاستە كۇسەندىن كەلگەن ياكى شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى كۇسەن مۇزىكانتلىرىنىڭ ئەۋلادى بولۇشى ئېھتىمال.

شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ئەلنەغمە يېتەكچىسى بەي جى تۇڭ كۇسەنلىك ئىدى. «كونا تاڭنامە• مۇزىكا تەزكىرىسى»دە يېزىلىشىچە، ئاسىنا بىكە كاڭ كۇنلۇن باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم سەنئەتچىلەرنى غەربىي دىياردىن تەكلىپ قىلىپ كەلتۈرگەن. كاڭ كۇنلۇن چاڭئەندە ياربىت چېلىشتا شۆھرەت قازانغان، ئۇ بىر قېتىم بىر ئايال ياربىت ماھىرىدىن يېڭىلىپ قالغان، ئۇ چاڭئەن جۇاڭيەن ئىبادەتخانىسىدا راھىبە قىياپىتىگە كىرىۋالغان شەنبىن ئىسىملىك ماھىر ئىدى. كاڭ كۇنلۇن دەرھال شەنبىننى ئۇستاز تۇتۇپ، بىرقانچە يىل ئىچىدە نامى ئۆچمەس ياربىت ماھىرى بولۇپ چىققان.

ئاسىنا بىكە ۋاقتىدا ئۇسسۇل سەنئىتىدىمۇ يېڭى جانلىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن. «ئەتلەس كۆڭلەك» ئۇسسۇلى ئەسلىدە شىمالىي سۇلالىلەر ۋاقتىدا غەربىي دىياردىن چاڭئەنگە كەلتۈرۈلگەن، بۇ چاغدا غەربىي دىياردا يىپەكچىلىك تېخنىكىسى

---

① شاڭدا: «چاڭئەن ۋە غەربىي دىيار مەدەنىيىتى»، 12 ـ بەت.

تېز راۋاجلانغان. «خوخۇەن بۇ» (火浣布) دېگەن ئاتەش ئېقىن كۆرۈنۈشلۈك رەخت ئىشلەنگەن، مانا بۇ ئەتلەسنىڭ ئەينى زاماندىكى شەكلى ئىدى. شىمالىي جۇ زامانىدا «شەھەر ئۇسسۇلى» دېگەن 80 كىشىلىك ئۇسسۇللۇق ئوپېرا تەشكىللەنگەن، نىقابلانغان ئارتىسلار ئالتۇن زىبۇزىننەتلەر، مەخمەل تۇماقلار، يىپەك سالغان چاچلار، ھايۋان شەكلىدىكى قولاقلار بىلەن غەربىي دىيار ئۇسسۇلى ئۇسلۇبىدا ئويۇن ئويناشقان.

سۇمۇز - سۇمۇلە مەشرىپى شىمالىي جۇ سۇلالىسى چاڭئەندە سەلتەنەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتلاردا چاڭئەندە ئۆتكۈزۈلگەن، شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ ۋىنشۇەندى پادىشاھى زامانىدىلا سۇمۇز ئوينالغان. بۇ مەشھۇر مۇزىكىشۇناس جىڭ يى شىمالىي چى ئوردىسىدا تۇرغان ۋاقىتلار ئىدى. شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ جۇ ۋۇدىدىن كېيىنكى پادىشاھى جۇجىڭدى (يۈي ۋىنيەن) 579 - يىلى سۇمۇز ئۇسسۇلىنى كۆرگەن. سۇمۇز سۈي سۇلالىسىدىن تاڭ سۇلالىسىغىچە داۋاملاشقان ۋە ئايال پادىشاھ ۋۇزېتيەن (685 — 704) بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى لى شيەن (تاڭ جۇڭزۇڭ 704 — 710) بۇ خىل سۇمۇز پائالىيەتلىرىنى قىزىقىپ كۆرگەن. «تاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى»، 13 - جىلدىدا يېزىلىشىچە، سۇمۇز كەييۈەننىڭ 6 - يىلى (718 - يىلى) 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەنئى قىلىندى. بۇيرۇقتا، سۇمۇزدىكى يالىڭاچ ئۇسسۇللار مۇقەددەس ئەخلاققا خىلاپ، لاي سۇ چېچىش ھۆسن - جامالغا پايدىسىز دېيىلگەن. بۇ چاغدا چاڭئەندە ئويلىنىدىغان سۇمۇز پائالىيىتى چوڭ ئاممىۋى سورۇنغا ئايلانغان بولۇپ، ئاتلىق ياسداق بىر توپ يېرىم يالىڭاچ، تۇلۇملارغا سۇ ئالغان بىر توپ قاتار كىرىشىپ، پىيادە ئۇسسۇلچىلار ئاتلىقلارغا سۇ چېچىپ ئوينايتتى، ئەمما نورۇز ناخشىلىرى داۋاملىق ساقلانغان. «سۇڭ تارىخى قۇچۇ تەزكىرىسى»دە ئۇيغۇرلار تۇرپان ۋادىسىدا گۈللۈك دوپپىلار كىيىپ، ئات ئۈستىدە مەرگەنلىك قىلىپ، ئاياللار سۇ چاچىدىغان قاچىلاردا سۇ چېچىپ سۇمۇز

ئوينىشنى ھەر يىلى 12 ـ ئايدا بىر قېتىم ۋە چوكانتال بايرىمى ئالدىدا بىر قېتىم سۇمۇز ۋە سوغۇق تائام بايرىمى قىلىدىغانلىقى يېزىلغان. تاڭ دەۋرىدىكى شائىر خەن شاڭ «سوغۇق تائام بايرىمى» ناملىق شېئىرىدا ئوردىدىن باشقا جايدا ئوت ـ چىراغ يېقىلمايدىغانلىقىنى، كىشىلەر تەييار سوغۇق تائام يەيدىغانلىقىنى، ئوردىدىن پادىشاھ رۇخسەت قىلغاچ، ئەمەلدارلار ئۆيلىرىگە شام تۇتاشتۇرۇپ ماڭغان مەنزىرىنىڭ قىزىقارلىق بولىدىغانلىقىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

بۇ كۆكلەم شەھىرىدە گۈل ئۇچمىغان يوق ھېچ يەر،
سوغۇق تائام مەزگىلى سالقىندا تال يەلپۈنەر.
شام يېقىشىپ قايتىشار كەچ كىرگەندە ئوردىدىن،
شاھ ئىنئامى بۇ شاملار بەگلەر ئۆيىگە كېتەر.

جۇ ۋۇدى 572 ـ يىلى غەربىي دىيار ئەلنەغمە سەنئىتىنى چەكلەش ھەققىدە پەرمان قىلغان بولسىمۇ، ئاسىنا بىكەنىڭ بۇ سەنئەتنى قايتا داۋاملاشتۇرۇش پائالىيىتى ئەڭ ئاخىرى يەنىلا ئۇتۇقلۇق بولدى. سۈي سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە توققۇز قىسىمدىن تەشكىل تاپقان ئەلنەغمىلەر ئىچىدە كۆسەن ئەلنەغمىلىرىنى ئاساس قىلغان غەربىي دىيار مۇزىكا ـ ئۇسسۇل ـ تىياتىر سەنئىتى مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ 10 قىسىملىق ئەلنەغمىسىدە ئۇلۇغ ئورۇن تۇتتى. بۇ ئەلنەغمىلەر نەچچە ئونلىغان مۇزىكا كۈيلىرى، ئۇسسۇللۇق كونسېرتلار، چوڭ نەغمە ـ مەشرەپلەر، ئويۇن ـ تىياتىرلار، فولكلور نومۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كاتتا خەزىنىنى ھاسىل قىلدى.

ئاسىنا بىكە ئېلىمىزنىڭ شىمالىي سۇلالىلەر، سۈي ـ تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى سەنئەت سېنكرېتىزمىغا كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەن تارىخىي شەخس سۈپىتىدە ھازىرقى زامان كىشىلەر ئەسلىمىسىدە مۇناسىپ ئورۇن تۇتۇشقا ئەرزىيدۇ، ئەلۋەتتە.

# ئون ئىككى مۇقامغا دائىر يىگىرمە تۆت مەسىلە

20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن ئېتىبارەن باشلانغان ئۇيغۇر مۇقام مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى ئىلمىي ئىزدىنىش نۆۋەتتە بىرقەدەر ئومۇملاشقان قىزغىنلىققا ئايلاندى. ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىيلىقتىن تېرەنلىككە قاراپ يۈزلىنىشى دەۋرنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالدى. تۆۋەندە «ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقاتىغا دائىر بىر قاتار تېمىلارنىڭ قاراشلىرىمنى قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

**بىرىنچى، مۇقاملارنىڭ مەدەنىيەت سىستېمىمىزدا تۇتقان ئورنى**

ئۇيغۇر مۇقاملىرى — ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇر كرىستالى؛ ئۆزگىچە خاس مىللىي خاراكتېر ۋە ئېتنولوگىيىلىك تۇرمۇش مەدەنىيىتىنىڭ مۇزىكىلاشقان پوئېتىك داستانى، ئەسىرلەر داۋامىدا، مۇرەككەپ كۈرەشلەر ئىچىدە ئىزچىل قەد كۆتۈرۈپ كەلگەن بەھەيۋەت ئەلنەغمە قەسرى، ئۇيغۇر مەدەنىيەتى تارىخىدا تاۋلانغان ۋە تاللانغان مۇتەپەككۇر ـ سەنئەت ئۇستازلىرىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان تارىخىي كارىدورا!

ئۇيغۇر مۇقاملىرى — يىپەك يولى ئوتتۇرا بەلۋېغىدىكى ئويناق سەنئەت بۇلىقى، شەرق مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى بىباھا گۆھەر، ئۇيغۇر خەلقىنى دۇنياغا، كەلگۈسىگە تۇتاشتۇرىدىغان مۆجىزىدار ھېكمەتنامە!

ئۇيغۇرلار ھەر خىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلدى، ئۇلارنى ئالماشتۇردى، ئىلگىرىكىلىرىدىن ۋاز كەچتى؛ ھەر خىل يېزىقلارنى قوللاندى. ئىلگىرىكىلىرىنى ئىشلەتمىدى؛ ھەرخىل ئىسىم ـ فامىلە يوسۇنلىرىنى، ھەر خىل كىيىم ـ كېچەك شەكىللىرىنى ئىشلەتتى، ئۇلارنى ئالماشتۇرۇپ كەلدى. ئەمما، ئەنئەنىۋى فولكلور مەدەنىيىتى، جۇغلانغان تەپەككۇر خەزىنىسى، ۋەكىللىك قىممىتىگە ئىگە تىپىك روھىيەت قەسرىسى بولغان مۇقام مەدەنىيىتىدە چىڭ تۇرۇپ كەلدى. ئۇلار بۇنى مىللەت گەۋدىسىدىكى «ھاياتىي ئىقتىدار»، «روھىي ئىقتىدار»، «تەپەككۇر ئىقتىدارى» دەپ بىلدى ۋە ئۇنى دەخلىسىز، مۇقەددەس نەرسە سۈپىتىدە تۇتتى. ئۇلار ئۆز خەلقىنىڭ كامىنىلىرى، مۇتەپەككۇرلىرى، ئالىم ـ ئەدىبلىرى، سەنئەتكارلىرىنى تارىخ قاتلاملىرىغا جىسمانەن دەپنە قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇنەۋۋەر ـ مۇكەررەم روھىنى ئۇشبۇ ئۇلۇغ ئىلىم خەزىنىسىگە مۇجەسسەم قىلىشقانىدى...

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت سىستېمىمىزدىكى ئورنى ئەنە شۇ!

## ئىككىنچى، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ خاراكتېرى

ئۇيغۇر مۇقاملىرى نوقۇل مۇزىكا سەنئىتى خاراكتېرى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ئۇ مۇزىكا، شېئىر، ئۇسسۇل (جۈملىدىن تىياتىرلىق ئامىل) دىن تەركىب تاپقان مۇجەسسەم فولكلور سەنئىتى. رىتىمدار سەنئەت ژانىرلىرىنى بىر گەۋدە قىلغان مۇجەسسەم سەنئەت خاراكتېرى بىلەن فولكلور مەدەنىيىتى خاراكتېرى ئۇيغۇر مۇقاملىرىدا روشەن گەۋدىلەنگەن.

ئەمما، ئۇيغۇر مۇقاملىرى توغرىسىدا بەزى تەتقىقاتچىلار، شېئىرىيەت ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن پەلسەپە ۋە ئەخلاق، ھەتتا مۇھەببەت ئەخلاقى قاتارلىق مەزمۇنلار پۈتۈن مۇقام مۇجەسسىمىدە مەركىزىي، يېتەكچى ئامىل، دېگەن پىكىرنى

ئوتتۇرىغا قويۇشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۆزىنىڭ ئىپتىدائىي ۋە قەدىمكى گەۋدىسى بويىچە ئۇسسۇلنى گەۋدىلەندۇرگەن ئۇسسۇل، مۇزىكا كۈيلىرىنىڭ تېمپېراتىپلىق تىزمىسىدىن ئىبارەت دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەرمۇ بار. ئۇلار قۇمۇل، دولان مەشرەپ مۇقاملىرى بىلەن كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامدىكى ئۇسسۇللۇق نەغمىلەرنىڭ كۆپلۈكى ۋە گۈزەللىكىنى دەلىل قىلىشىدۇ.

يۇقىرىدىكى پىكىر ـ مۇھاكىمىلەر ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى نوقۇل مۇزىكىلىق لاد تىزمىسى، نوقۇل مۇزىكىلىق كومپوزىتسىيە نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىشنىڭ بىر تەرەپلىمىلىك ئىكەنلىكى «مۇزىكا ئابستراكتىزمى»غا ئېلىپ بارىدىغانلىقى توغرىسىدا سىگنال بولدى.

مېنىڭچە، ئۇيغۇر مۇقاملىرى مۇزىكا، ئۇسسۇل، شېئىرنى بىر گەۋدە قىلغان رىتىمدار سەنئەت مۇجەسسەمى بولۇپ، ئۇ قەدىمدىن ھازىرغىچە ئىزچىل ئېتنولوگىيىلىك ـ فولكلور ئەنئەنىسىنى ھاسىل قىلغان. ئۇنىڭدا ھەم رىتىمدار سەنئەت مۇجەسسەمىگە خاس كومپوزىتسىيىلىك ـ ماتېماتىك، لوگىكىلىق تەركىبلەر بولۇپ قالماي، يەنە سېمانتىكىلىق ـ ھېسسىيات، ئەقلىگە تەسىر كۆرسەتكۈچى ھېكمەتدار تەركىبلەرمۇ مەۋجۇت.

مېنىڭچە، يەنە يۇقىرىقى تەركىبلەر مۇزىكىلىق تاۋۇش تىزمىسىنى ــ مۇزىكىلىق مودېلنى يۇرەك، رىشتە ۋە نەپەس قىلغان ھالدىلا مۇقام سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن ۋە مۇقام خەزىنىسىنىڭ ئۇلىنى تۈزگەن. پاكىت شۇكى، ئۇيغۇر مۇقاملىرى تىزمىسىدا شېئىرىي تېكىست ۋە ئۇسسۇل كونسېرتلىرىنى ئالماشتۇرۇش مۇمكىن. مۇئەييەن مۇقامنىڭ مۇئەييەن نەغمە شەكلىگە شېئىرىي تېكىست ۋە ئۇسسۇل كونسېرتى نىسپىي بىرلەشكەن بولۇپ، رىتىم شەرتى ئاستىدا ئۇلارنى ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەلۋەتتە، بۇ شېئىر ۋە ئۇسسۇل ژانىرلىرىنىڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرىدىكى ھەم كومپوزىتسىيون، ھەم سىمانتىك ئورنى، سالمىقى، رولى ۋە قىممىتى توغرۇلۇق ناتوغرا چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ قويماسلىقى لازىم.

ئۈچىنچى، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبەسى

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى تارىخىي جەھەتتىن تەتقىق قىلىشتا ئۇنىڭ گېنېئالوگىيىلىك مەنبەسى مۇھىم تېما شەكلىدە گەۋدىلىنىدۇ. مەلۇمكى، يېزىقنى، يازما مەنبەنى گېنېئالوگىيىلىك مەنبە (گېنېزىس) دەپ قاراش، خۇددى قارىغۇنىڭ ئۆزى تۇتۇپ كۆرگەنلىكى نەرسىنى ھەقىقىي ئېتىراپ قىلغىنىغا ئوخشاش، تارىخ ھەققىدىكى يۈزەكى قاراشتۇر.

ئۇيغۇر مۇقاملىرى بىز ياشاۋاتقان زاماندا مەيلى خەلق مەشرەپ مۇقاملىرى شەكلىدە بولسۇن ياكى كلاسسىك ئون ئىككى مۇقام شەكلىدە بولسۇن، ئۇ پەقەت ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ھازىرقى تارىخىي قاتلام ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ خاراكتېرى فولكلور مەدەنىيىتىنى مېغىز قىلغىنىدەك، فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ گېنېئالوگىيىلىك مۇنبەت تۇپرىقى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تۆرەلمىسى بولغان مۇزىكا، ناخشا، قوشاق، بېيىت، ئۇسسۇل، مۇراسىم ياكى مەشرەپ خاراكتېرلىك پائالىيەتلەر يازما تارىختىن، ھەتتا شۇ مىللەت نامى (ئېتنونىمى)دىن ئىلگىرى مەيدانغا كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادلىرى ـ ئۇيغۇر ئېتنوگېنېزى ھېسابلانغان ئارى — ئاندرونوپ — سكىتاي — ساك ۋە تۈركىي قوۋملار نېئولىت (يېڭى تاش قورال) ۋە برونزا (مىس قورال) دەۋرىدىلا ئۇرۇقداشلىق ـ قەبىلىداشلىق تۈركۈمى، تىل تۈركۈمى ۋە ئىپتىدائىي مەدەنىيەت تۈركۈمىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈركۈمنى گەۋدە قىلغان ئېتنولوگىيىلىك ـ

فولكلور مەدەنىيەت چەمبىرى هاسىل قىلغان. بۇ ئۇلارنىڭ يالغۇز شەخس شەكلىدە ئەمەس، بەلكى خاس، تىپىك ئالامەتلىك بولغان ئېتنىك مەدەنىيەتكە ئىگە هالەت بىلەن ياشىغانلىقىنى؛ بۇنداق ئېتنىك تۈركۈم ۋە ئېتنىك مەدەنىيەتنىڭ بىر مەزگىللىك ئەمەس، بەلكى ئەنئەنىۋى، «ئىرسىي» ئىزچىللىقتا، هاياتىي كۈچكە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرسەتتى.

بىز قىيا رەسىملىرىدىن، «جۇ ئەدەپلىرى»، «مۇهاكىمە بېغى» قاتارلىق قەدىمكى يازما مەنبەلەردىن، هېرىدوتنىڭ ماسساگېتلارنىڭ گۈلخان بەزمىلىرى توغرىسىدىكى يازمىشلىرىدىن، ئىسكەندەر زۇلقەرنەين بىلەن بىللە ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن تارىخچى ئورىئاننىڭ يەرلىك خەلقتە خۇددى گرېكلاردىكى «دىئونىس» بايراملىرىدەك مەي بەزمىلىرىنىڭ بولىدىغانلىقى هەققىدىكى خاتىرىلىرىدىن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى «بازرام» قوشاقلىرىدىن، قەدەھ تۇتقان بالبال ئويمىلىرى ۋە تاشكېمىرلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تەسۋىرى ئۇچۇرلاردىن، قۇمۇل ـ دولان مەشرەپلىرىدىكى ئىپتىدائىي يادنامىلەردىن يۇقىرىدىكى مۇهاكىمىنىڭ بىر قىسىم دەلىللىرىنى تاپالايمىز.

يېڭى تاش قورال دەۋرى — هەقىقىي مەنىسى بىلەن ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بايقىغان، ئۆز روهىيىتىدە كائىناتنى ۋە ئۆزىنى ئىپادىلەشكە قەدەم قويغان دەۋر بولدى. ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە توتېم، ئەپسانە ۋە رىۋايەت، سەنئەت ۋە مىللەتلىك مۇشۇ مۆجىزىدار دەۋردە پەيدا بولدى. ئېيتىش كېرەككى، يېڭى تاش قورال دەۋرى ئەندىزە ۋە نۇسخا پەيدا قىلغان دەۋر بولۇپ، بىز بۇ هۇنەر قېلىپلىرى ۋە هۇنەر ـ كەسىپ پىرلىرى پەيدا بولغان دەۋرنىڭ نۇرغۇن ئەندىزە ۋە نۇسخىلىرىنى هازىرمۇ قولىمىزدا كۆرەلەيمىز.

ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن قانداق تارىخىي فورماتسىيىدە تاكامۇللاشقان بولسۇن، ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

بىخى، تۆرەلمىسى، تۇخۇمى، گېنى فولكلور مەدەنىيىتى ئاساسىدا نىئولىت ۋە برونزا قوراللىرى دەۋرىدە پەيدا بولغان. بۇ گېنېزىس، بۇ «گېن» ھېلىمۇ ھايات!

بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

تارىخ «زامان» كاتېگورىيىسى جەھەتتىن پۈتۈنلەي «ئۆتكەن»، «ئۆتمۈشكە ئايلانغان» نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بىر قىسمى «ھادىسە»، «ھېكايە»، «ئەراز (ئاكسىپندېنسىيە)» شەكلىدە ئۆتمۈشكە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىزنا، خاتىرە، تامغا، چۆكمە قالىدۇ؛ ئۇنىڭ يەنە بىر قىسمى ـــ «ماھىيەت»، «تەجرىبە»، «ھېكمەت»، «مەدەنىيەت»، «جەۋھەر (سۇبىستانسىيە)» شەكلىدە داۋاملىق ياشايدۇ، رېئاللىق ۋە كەلگۈسىنىڭ خۇرۇچى، مەدەنىيەت فوندى، ئەنئەنىۋى بايلىقى، بىلىم جۇغلانمىسى بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن گېنېزىس تىرىك بولىدۇ، ئۇ «گېن»، «خلوروفىل»، «مولېكۇلا»غا ئوخشاش كېيىنكى دەۋردە ياشايدۇ دېگەن خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ. مېنىڭچە، مىللىي مەدەنىيەتتە «گېنېتىكىلىق ئىقتىدار» بولىدۇ، بۇنى مەدەنىيەت مورگانىزمى، مېندىلىزمى دېيىشلىرى مۇمكىن، تارىخ بۇنداق «ئۆز قېلىپى بويىچە دائىم گېنېزىسلىق پەيدا بولۇش جەريانى»نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلىدى. قانداق تىپتىكى ئېتنىك مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرماقچى بولساڭ، ئۇنىڭ ئىرسىي ئىقتىدارىغا «گورمون»، «كاتالىز» سېلىشىڭ، ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇشۇڭ، ئۇنىڭ گېنېتىكىلىق مۇھىتىنى ھازىرلىشىڭ لازىم، بۇ ئاددىي ھەقىقەت.

يەنە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، «گېنېتىكىلىق ئىقتىدار» تۈپەيلىدىن، مۇقاملار جۇملىدىن ئېتنولوگىيىلىك مەدەنىيەت «ماكان» جەھەتتە، تەركىب ۋە تۈزۈلمە جەھەتتە «قىسمەنلىكتە ئومۇمىيلىق كۆرۈنىدىغان» خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ. بىز ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ھەربىر تارمىقى، شاخاپچىسى، پارچىسىدا ئىككى ئۇچۇر قىممىتىنىڭ ـــ قىسمەن ئۆزىنى ھەم پۈتۈن گەۋدىنى ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرىمىز.

تۆتىنچى، «ماخى دولې» يېزىقتا ئېلىنغان قەدىمكى چوڭ نەغمە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ گېنىزىسى — جانلىق ماھىيەت سۈپىتىدە بىر قاتار تارىخىي قاتلاملاردا تارىخىي ھادىسە شەكلىدە ئىپادىلەندى، بۇ مۇقاملارنىڭ تارىخىي ھالەتلىرىنى شەكىللەندۇرگەن.

ئېلىمىزنىڭ يازما مەنبەلىرىدە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى غەربىي دىيار ۋە موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدىكى خۇ - رۇڭ خەلقلىرىنىڭ سەنئىتى توغرىسىدا دىققەتكە سازاۋەر بىرقانچە مەسىلە بار:

1) خۇاڭدىنىڭ لىڭ لۇن ئىسىملىك كىشىنى قاراقۇرۇم تېغىغا ئاھاڭ تۈزۈپ كېلىشكە ئەۋەتكەنلىكى.

بۇ گەرچە رىۋايەت بولسىمۇ، قەدىمكى غەربىي دىيارنىڭ نەغمە - ناۋادا بىرقەدەر داڭق قازانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

2) «تارىخنامە»دە يېزىلىشىچە، ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر زامانىدا شىمالىي دىغارلىقلار قۇرغان «ئېل تاغچا» (中山国) سەنئەتچىلىرى جىن بەگلىكىگە كېلىپ ئويۇن قويۇپ جاھاندارچىلىق قىلغان. ھازىر بايقالنىڭ جەنۇبىدىكى شىمالىي دىغارلارنى دىڭلىڭلار بىلەن بىر دېگەن قاراشمۇ بار.

3) خوتەندىن مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىدىكى 1 - ئەسىرلەرگە مەنسۇپ كۆپلىگەن «سازەندە مايمۇن» قىياپىتىدىكى قىزىلقارلىق قاپارتما ھەيكەللەر تېپىلغان. ئۇلارنىڭ چالغان چالغۇلىرى بىرقانچە خىل بولغان.

«غەربىي پايتەخت خاتىرىلىرى»، 3 - جىلدىدا خەن سۇلالىسىنى قۇرغان گاۋزۇ پادىشاھ خانىشى چى فۇرىنىنىڭ ئايال كۈتكۈچىسى جيا فۇليەننىڭ «يۈيتيەن (ئۇدۇن، يەنى خوتەن) نەغمىسى» ئوينىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ مىلادىيەدىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرىكى ئەھۋال.

4) بىر قاتار يازما مەنبەلەردە خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلەمدار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىمپېراتورى ليۇچېنىڭ تاپشۇرۇشى بىلەن غەربىي دىيارغا چىققان دىپلومات جاڭ چيەن ھازىرقى شەرقىي ـ جەنۇبىي شىنجاڭدىن «ماخى دولې» ناملىق چوڭ نەغمىنى چاڭئەنگە ئېلىپ بارغان. خەن ۋۇدىنىڭ ئەمرى بىلەن مۇزىكىشۇناس لى يەننىەن بۇ چوڭ نەغمىدىن پايدىلىنىپ 28 نەغمە ئىجاد قىلغان. بۇ يازما تارىختا تۇنجى قېتىم (خۇاڭدى ئەۋەتكەن لىڭ لۇن ئىجادىيىتى ھەققىدە مەلۇمات يوق) ئوردا مۇزىكىسى ئۈچۈن ئۆرنەك قىلىپ يېزىلغان غەربىي دىيار چوڭ نەغمىسى بولۇپ، ئوردا تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. بۇ ھال ئۇنىڭ غەربىي دىيار شەھەر ــ قەلئە مەملىكەتلىرى ئوردىلىرىدا تاۋلانغان، مۇرەككەپ، مۇجەسسەم تۈزۈلمىگە ئىگە كۆي تۈركۈمى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەركى، ئۇنىڭ ئىچىدە «ئېگىز ئەپسۇنكار تاغ» (ئېگىز مۇغتاغ) دېگەن نەغمە بولغان.

5) «ماخى دولې» دېگەن تۆت خەت، ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلى يەرلىك تىلدا ئوقۇلۇشى نامەلۇم. بۇ «ماھادۇر» بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. «ماھا» ئىبارىسى ئارىئان تىلىدا «چوڭ»، «ئۇلۇغ» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ ئىبارە كېيىنچە بۇددىزمدا «ماھايانا» (ئۇلۇغ كۆلۈڭگى) مەزھىپى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىمۇ ساك ـ توخرى تىللىرىدا ساقلانغان. ھازىرمۇ قۇمۇل مۇقاملىرىدا «ئۇلۇغدۇر» مۇقامى ناملىق 11 نەغمىلىك بىر مۇقام بار. تۆمۈرىيلەر زامانىدىمۇ «بۇزرۇك» ناملىق مۇقام بولغان.

بۇنىڭدىن باشقا، بۇ «مۇغدۇر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈشىمۇ مۇمكىن، «مۇغ» ئىبارىسى ئەپسۇنكار ــ پېرىخونلۇقنى مۇسىبەت (قايغۇ ـ مۇڭ) نى، مەي ـ مەيخورلۇقنى بىلدۈرىدۇ. مۇللېر ئېلان قىلغان «ئالتۇن يارۇغ» دا: «ئانتىن ئۆڭى يولچا يورىتدى ئول مۇغۇچلارىغ» (ئاندىن ئۇ پېرىخونلار ئۆز يوللىرىغا كېتىشتى) دېيىلگەن. لېكوك ئېلان قىلغان «تۈركچە ـ مانىچە تېكىستلەر» دە: «ئارىغ تۇرۇغ مۇغوچ نومى» (مۇقەددەس

پىرىخونلۇق دەستۇرى) دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ. مۇغ — مۇسىبەت مەنىسىدە «مۇغ سۈيى» (جەسەت يۇيۇش)، «مۇغ يىغىسى» دېگەندەك ھالەتلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. مەي — مەيخانە مەنىسىدە ئەلىشىر نەۋائىي غەزەللىرىدە مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

«ئۆزلۈكۈمنىڭ قەيدىدىن بىر مەي بىلەن قىلدىڭ خەلاس،
ۋاھ، نە دەي، ئەي مۇغ ساقىا بۇد بىرلە زۇننارىم پىدا».

مۇغ — ئاتەشپەرەسلەر ماكانى (مەسىلەن، «مۇغ تاغى»)، «مۇغەننى» (سازەندە) مەنىلىرىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مېنىڭچە، «ماخى دولي» نىڭ پىرىخون نەغمىسى، مۇسىبەت نەغمىسى، مەيخانە نەغمىسى، مۇغەننى نەغمىسى دېگەن سۆزدىن ئېلىنغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئېنىق دەلىللەر يوق.

**بەشىنچى، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى ئۈچ خىل «كۇسەن كۈيى» ۋە سۇجۇپنىڭ مۇزىكا نەزەرىيىسى**

شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى 4 ـ 6 ئەسىرلەرگىچە بولغان غەربىي دىيار ۋە شىمالىي چۆللۈك نەغمىلىرى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ كۇسەن كۈيشۇناسلىق نەزەرىيىسى ۋە كۇسەن كۈيلىرىنى ئاساس قىلغان مۇھىم بىر تارىخىي فورماتسىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇنىڭدا تۆۋەندىكى تۆت تېماتىك نۇقتىغا ئېتىبار بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

1) لۇ گۇاڭ 382 ـ يىلى كومىراجىۋانى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن كۇسەن خانلىقىغا باستۇرۇپ كىرىدۇ. ئۇ قايتىشىدا 20 مىڭ تۇياق ئات ـ ئۇلاغقا كۇسەن خانلىق سارىيىدىكى قىممەتلىك نەرسىلەر، بۇددا مەدەنىيىتىگە ئائىت بۇيۇملار بىلەن بىللە كۇسەن نەغمىلىرىنى ئېلىپ لياڭجۇ (جاڭيې) گە قايتىدۇ. ئۇ 389 ـ يىلى كېيىنكى لياڭ خانىدانلىقىنى بەرپا قىلىدۇ، شۇ چاغدا لياڭجۇ مۇزىكىسىنىڭ ئالدىنقى گەۋدىسى «كۇسەن ئېلى نەغمىسى» نامىدا لياڭجۇدا كۇسەن مۇزىكا ـ ئۇسسۇللىرى

www.uyghurkitap.com

مەيدانغا كېلىدۇ، كومراجىۋامۇ بۇ چاغدا لياڭجۇدا ئىدى.

2) شىمالىي سۇلالىلەردىن شىمالىي چى خانلىقى غەربىي دىيار ئارقىلىق بەي چىتۇڭ قاتارلىق كۇسەن نەغمىچىلىرىنى ئالدۇرۇپ، تاكى سۇڭ سۇلالىسى شەكىللەنگىچە كۇسەن نەغمىلىرىنى دۆلەت نەغمىسى قىلىدۇ، بۇ تارىختا «چى ئېلى كۇسەن نەغمىسى» دەپ ئاتالغان. بۇ جەھەتتە گاۋۋى (565 ــ 576) كۇسەن نەغمىلىرىگە پۈتۈنلەي مەھلىيالىق دەرىجىسىگە يەتكەن.

3) شىمالىي سۇلالىلەردىن شىمالىي جۇ خانلىقىنىڭ خانى جۇ ۋۇدى كۆكتۈرك قاغانى موغانخاننىڭ قىزى ئاسىنا مەلىكىگە نىكاھلىق بولۇپ، 568 ـ يىلى ئاسىنا مەلىكە چاڭئەنگە كىرگەندە، غەربىي تۈرك خانلىقى تەۋەسىدىكى كۇسەن، قەشقەر قاتارلىق يۇرتلارنىڭ ئەلنەغمىلىرىنى بىللە ئەكىرگەن. تارىختا بۇ «يەرلىك كۇسەن نەغمىسى» دەپ ئاتالغان، ئاسىنا مەلىكىنىڭ بۇ جەھەتتىكى رولى يېتەرلىك يورۇتۇلۇشى لازىم.

4) ئاسىنا مەلىكە سۇجۇپ (سۇجىۋا) نى كۇسەندىن ئالدۇرۇپ، چاڭئەنگە ئەكىرگەن، سۇجۇپ كۇسەندىكى كۈيشۇناس ئائىلە ئەۋلادى بولۇپ، دادىسى مۇزىكا پىرى ـ ئۇستازى بولغان. سۇجۇپ «ئون ئىككى تېمپېراتسىيىلىك كۈيشۇناسلىق قانۇنى»① نەزەرىيىسىنى تونۇشتۇرغان. سۈي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە سۈي تاڭدىنىڭ ئەمرى بىلەن جىڭ جىي بۇ نەزەرىيىنى ئاساس قىلىپ، يېڭى مۇزىكا ئىسلاھاتى ئېلىپ باردى. بۇ مەخسۇس تەتقىقات تېمىسى بولۇپ، نۇقتىلىق ئېتىبار بېرىشكە ئەرزىيدۇ.

---

① مۇزىكىدا سۇجۇپنىڭ «ئون ئىككى بۆلەك كۈيشۇناسلىق نەزەرىيىسى» (سەككىز ئاۋاز، بەش يېرىم ئاۋازلىق)، نېمىس كومپوزىتورى جون·باخ (1685 ــ 1750) نىڭ «ئون ئىككى تەڭداش ئىنتېرۋاللىق مۇزىكا سىستېمىسى» مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىكى ئاۋستراليىلىك بوگنىڭ ئاھاڭ شەكلى (تون) بولمىغاچقا، «ئون ئىككى لاد سىستېمىسى» مەۋجۇت بولۇپ، بۇلار بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

ئالتىنچى، سۈي ـ تاڭ سۇلالىسى ( 6 ــ 9 ـ ئەسىرلەر) دەۋرىدىكى چوڭ نەغمىلەر

سۈي ـ تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرى ئېلىمىز تارىخىدا ئەدەبىيات ـ سەنئەت زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، جۇڭگو مەدەنىيىتى دۇنياغا يۈزلىنىپ، ئالەمشۇمۇل تارىخىي مەدەنىيەت تىپى بولۇپ شۆھرەت قازانغان دەۋر. ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ بۇ دەۋردىكى ھەقىقىي ئەھۋالى بىزگە تولۇق ئايان بولمىسىمۇ، يازما مەنبەلەردە ئۇنىڭ چاڭئەن، لوياڭ، لياڭجۇ قاتارلىق جايلاردىكى تەنتەنىلىك ھالىتى خاتىرىلەنگەن. بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر مۇقاملىرى مەسىلىسىدە تۆۋەندىكى نۇقتىلار گەۋدىلەندۈرۈلۈشى لازىم:

1) ئۇيغۇر مۇقاملىرى، ئۇسسۇل ـ مۇزىكىلىرى ئوردا سەنئەت مۇئەسسەسەلىرى، ئوقۇتۇش يۇرتلىرىدا ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتتى. بۇ ئادەتتىكى ئوردا بولماي، ئەينى زاماندا دۇنيا بويىچە ئەڭ مۆتىۋەر سۇلالىنىڭ ئوردىسى ئىدى، ئوقۇتۇش يۇرتى خاتىرىلىرىدە تىزىمغا ئېلىنغان ناخشا ـ ئۇسسۇل، چوڭ نەغمە تۈرلىرى ئۈستىدە ئىمكانقەدەر چوڭقۇر ئىزدىنىش ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

2) تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ئىلگىرىكى غەربىي دىيار نەغمىلىرى قاتارىغا يەنە «قۇچۇ نەغمىسى» قوشۇلدى. بۇ شىمالىي سۇلالىلەر ئارقىلىق كىرگەن ئۇيغۇر سەنئىتىدىن باشقا، بىۋاسىتە غەربىي دىياردىن كىرگەن يەنە بىر مۇجەسسەم نەغمە تۈركۈمى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، گەنسۇ كارىدورىدىكى لياڭجۇدا تۈرۈشلۈك ياڭجىڭسۇ، گوچلىيەن قاتارلىق ھەربىي سەترەپلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشى بويىچە غەربىي دىيارنىڭ بىر قىسىم كۈي ـ نەغمىلىرى ۋە چوڭ نەغمىلىرى چاڭئەنگە كىرگەن. بۇ چاغدا «چوڭ نەغمە» ئىبارىسى ئىلگىرىكى ئۈچ قىسىملىق ناخشا ـ ئۇسسۇلدىن تەشكىل تاپقان مۇزىكىلىق

تۇركۇم مەنىسىدىن باشقا، يەنە كوچا ـ مەيدانلاردا ئوينىلىدىغان، نۇرغۇن كىشىلىك بەھەيۋەت ئويۇنلارنى كۆرسىتىدىغان مەنىگىمۇ ئىگە بولىدى. «سۇمۇز»، «باتۇر» ئويۇنلىرى ئۇنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى.

3) سۈي، تاڭ دەۋرلىرىدىكى چوڭ نەغمە تۇركۇملىرىنى تەتقىق قىلغاندا تۆۋەندىكى قانۇنىيەتلەرنى بايقاشقا پايدىلىق. بۇ بىردەكلىكلەر مۇنداق:

(1) غەربىي دىياردىن كىرگەن نەغمىلەر بىلەن شىمالىي چۆللۈكتىن كىرگەن نەغمىلەر بىردەك بولغان ھەم كۈسەن كۈيشۇناسلىقىنى ئاساس قىلغان. شۇڭا، ئۇ بىر پۈتۈن ھالدا غەربىي دىيار نەغمە ـ ناۋالىرى دەپ ئاتالغان. ئاگۇست كومتى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا شىمالىي دىغار ناخشىلىرى بىلەن ماھادۇر كۈيلىرى ئاساسىدا ئىشلەنگەن كۈيلەرنىڭ بىردەكلىكى تەكىتلەنگەنىدى. تاڭ دەۋرى شائىرلىرىنىڭ كەيىۋەن يىللىرى يازغان شېئىرلىرىدىنمۇ غەربىي دىياردىن ۋە شىمالىي چۆللۈكتىن كىرگەن نەغمىلەرنى بىر پۈتۈن ئوبيېكت قىلىپ مەدھىيە يازغانلىقىنى كۆرىمىز. چىن سىنىنىڭ «شىمالنىڭ پىرقىرىما ئۇسسۇلى» ھەققىدە يازغان مىسرالىرى بىلەن باشقا شائىرلارنىڭ پىرقىرىما ئۇسسۇل ھەققىدە يازغانلىرى، جۈملىدىن ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىكى ئۇسسۇل ـ مۇزىكا قىياپەتلىرىدىمۇ بىردەك بولغان، بۇنى سۇنئىي ئايرىۋېتىش تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن ئەمەس.

(2) سۈي، تاڭ دەۋرىدىكى «چوڭ نەغمە»لەرگە بولغان قىزغىنلىق ئەينى زامانىدىكى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ئۆكتۈلۈك توپىلىكىنى تىنچىتىپ، چاڭئەن ـ لوياڭلارغا كەلگەندىن كېيىن قوزغالغان ئۇيغۇرچە ئات مىنىش، تىل، ساز، زىبۇزىننەتكە بولغان ئومۇمىيۈزلۈك قىزىقىش ھادىسىسى، ئۆگىنىش دولقۇنى بىلەن بىرلەشكەن بولۇپ، ئۇ يەككە ـ يېگانە ھادىسە ئەمەس ئىدى. تارىخىي پاكىتلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى

زاماندا غەربىي دىيار نەغمە ـ ناۋالىرى دەپ ئاتىغان سەنئەتتىن باشقا نەغمە ـ ناۋالىرىنىڭ بولمىغانلىقىنى، ئەينى زاماندىكى «سازنى ئۇيغۇرچە چېلىش»نىڭ دەل سازنى كۇسەنچە كۈيشۇناسلىق ئۇسلۇبىدا چېلىش ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. خوتەن خانى ۋايسارا سامباھاۋا 5000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن كېلىپ ئۆڭلۈك ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇشقا ياردەملەشكەندىن كېيىن چاڭئەندە ئولتۇراقلىشىپ قالغان خوتەنلىكلەر بىلەن قارا بالغاسۇندىن كەلگەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نەغمە ـ ناۋا پەرقى ھەققىدە ھېچقانداق تارىخىي ئۇچۇر قالدۇرۇلمىغان. بۇ، ئىنتايىن سەزگۈر خەنزۇ تارىخچىلىقى ئۈچۈن ئەجەبلىنەرلىكمۇ؟!

(3) ئەينى زاماندىكى «چوڭ نەغمە»لەر مەيلى ئۆز ئىچىدىن مۇزىكىلىق، ناخشىلىق، ئۇسسۇللۇق بولۇشتەك ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنۈش جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى مۇزىكىلىق ئاھاڭ تىزمىسىنىڭ بارغانسېرى تەدرىجىي يۇقىرىلاش، چۈشۈپ قايتا يۇقىرىلاشتەك مۇقاملارغا خاس ئاۋاز كومپوزىتسىيىسى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت لېكسىكىسى ۋە ھەرىكەت شەكلى جەھەتتىن بولسۇن، ھازىرقى ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا ئوخشاش بولغان. يېقىنقى يىللاردىن بېرى جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى خۇاڭ شياڭپىڭ بىلەن گۇەن يېۋېي، جىڭ جيەنمىڭ، جۇجىنى قاتارلىق مۇزىكىشۇناسلار تاڭ سۇلالىسىدىن بۇيان ساقلانغان «دۇنخۇاڭ قەدىمكى نوتىلىرى»، ياپونىيىدە ساقلانغان «بەش تارلىق چالغۇ نوتىلىرى»، «رېنجى خاتىرىلىرى» دىكى «ئېۋىرغول كۈيى» (仁智弊盐)، «شى شى يەن» (惜惜盐)، «بېكىل» (弊契儿) قاتارلىق نەغمىلەر ئۈستىدە سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر مۇقاملىرى، مۇزىكىلىرىدىكى بەزى نەغمە شەكىللىرىگە (مەسىلەن، «شى شى يەن» نىڭ مۇشاۋىرەك مۇقامىنىڭ 6 ـ مەشرىپىگە) يېقىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتى.

گوەن يېزىپ: ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى مەھسۇلات، ئۇنىڭ كۇسەن ۋە غەربىي دىياردىكى قەدىمكى نەغمىلەر بىلەن باغلىنىشى يوق، دېگەن قاراشنىڭ ئاساسسىزلىقىنى تەكىتلىدى.

**يەتتىنچى، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر مۇقاملىرى ۋە فارابىينىڭ مۇزىكا نەزەرىيىسى سىستېمىسى**

ئىسلامىيەت دىنىي ئېتىقاد سۈپىتىدە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، بىر خىل ئالەمشۇمۇل تارىخىي خاراكتېرلىك مەدەنىيەت تىپى شەكلىدە ئاباسىيلار خەلىپىلىكلىرى زامانىدا تەدرىجىي شەكىللەندى. ئۇ نوقۇل ئەرەب مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئەرەب خەلىپىلىكى تەسىر چەمبىرىدىكى سىنكرېتىك مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە ئاپىرىدە بولدى. بۇ سىنكرېتىك مەدەنىيەتكە سۈرىيە، گرېك، ئىران، ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇڭگو ھەتتا موڭغۇل مەدەنىيىتى خۇرۇچلىرى جۇغلانغانىدى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە گەنجۇ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقلىرىدىن باشقا، خارەزىم، غەزنە خانلىقىدىن تاكى مىسىردىكى تولۇن سۇلتانلىقىغىچە تۈركىي ھاكىمىيەتلەر تىزمىسى مەيدانغا كەلگەن. خەلىپىلىك تۈرك سەركەردىلىرى تىزگىنىگە چۈشۈپ قالغان. بۇ ھال سالجۇق تۈركلىرىنىڭ غەربىي ئاسىياغا يۈرۈش قىلىشى، چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ باغدادتا ئېلىخان سۇلالىسىنى قۇرۇشى، ئاخىر ئەمىر تۆمۈرنىڭ بۇ زېمىنلاردا ئات ئوينىتىشى بىلەن تاكى يېقىنقى زامانغىچە سوزۇلدى. ئەرەب قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى زېمىنىغا 7 ـ ئەسىردە باستۇرۇپ كىرىپ، بىر يېرىم ـ ئىككى ئەسىردىن كېيىن باشلانغان ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئالىم ۋە سانغۇنلارنىڭ ئاباسىيلار زېمىنىدىكى مەغرۇرانە ئىش ئىزلىرى 15 ـ ئەسىرگىچە ئۈزۈلمىدى.

ئەبۇنەسىر فارابىي ئۇيغۇر ـ قارلۇق تۈركىي قوۋمىدىن دۇنياغا كېلىپ، قامۇسىي تۆھپىلىرى قاتارىدا ئەرەب ـ تۈركىي مۇزىكا نەزەرىيىسىگە ئاساس سالدى. ئۇ گرېك مۇزىكىسىدىكى «دۇرۇس» مېلودىيىسىنىڭ ئۇيغۇر ـ تۈركىي مېلودىيىسىگە يېقىنلىقىنى چۈشەندى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مۇزىكا ئالىمى تامارا ئەلى باقى قىزى مەن بىلەن ئۆتكۈزگەن يېقىنقى بىر سۆھبىتىدە، ئۆزىنىڭ گرېك ئاھاڭلىرىنى بىۋاستە ئاڭلاپ سېلىشتۇرۇشتىن ئۇنىڭ ئۇيغۇر كۈيلىرىگە يانداشلىقىنى ھېس قىلغانلىقىنى ئېيتتى. فارابىينىڭ «كىتابۇل ـ مۇسىقۇل ـ كەبىر» ناملىق خاس ئەسىرى ئۇنىڭ مۇزىكا توغرىسىدىكى باشقا ئەسەر ياكى سەھىپىلىرى ئارىسىدا ۋەكىللىك قىممەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ ئەسەر ئەرەب ـ ئىسلام شەرقىدىكى مۇزىكىلىق مەدەنىيەت چەمبىرى ئۈچۈن ئورتاق كۈيشۇناسلىق قوللانمىسى بولۇپ قالدى. فارابىي ھەرپ بەلگە قىلىنغان نوتا قوللانغانىدى.

فارابىينىڭ ۋارىسى ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ئۆزىنىڭ «كىتابۇش ـ شىفا» قامۇسىغا يازغان مۇزىكا توغرىسىدىكى رىسالىسىدە تۈركىي كۈيشۇناسلىقىنىڭ 12 بۆلەكلىك كۈيشۇناسلىق شەكلىنى قايتا تەكىتلىدى.

ئەزەربەيجان تۈركلىرىدىن 13 ـ ئەسىردە سالجۇقىيلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى باغدادتا ياشىغان سەفىئۇددىن ئەل مۆمىن ئەل ئۇرمەۋى «رەسەتۇششەرفىيە»، «كىتابۇل ئەدۋار» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئەينى زاماندا «پەدە» دەپ قوللىنىلىدىغان مۇزىكىلىق تۈركۈملەرنى «مۇقامەت» دەپ ئاتىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەرەب دۇنياسىدا مەيدانغا كېلىۋاتقان مۇزىكىلىق لاد تىزمىلىرى «مۇقام» نامىدا ئومۇملىشىشقا باشلىدى.

ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋائىي ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇھىم مەنىۋى تۆھپە قوشتى. ئۇ «راك»، «چارىگاھ»، «پەنجىگاھ»، «ناۋا»، «راست»، «ھىجاز»، «ئىراق»، «ئەجەم»، «ئۇششاق»، «نەۋرۇز» مۇقاملىرىنى تىلغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالدى ۋە ئۇيغۇر ـ تۈركىي ئارۇز نەزەرىيىسىگە ئاساس سالدى. ئۇ مۇقاملارغا ئۇيغۇر ـ تۈركىي كلاسسىك تېكىستلەر سىڭىشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلىدى.

**سەككىزىنچى، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ يەكەن خانلىقى دەۋرى**

يەكەن خانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيادا تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى «كەنجى رېنېسسانس» نىڭ خاتىمىسى شەكلىدە مەيدانغا كەلدى ۋە ساقلاندى. يىپەك يولى خارابلاشقان، پارچە ھاكىمىيەتچىلىك ۋە ئىشانچىلىق ئەسەبىيلىكى باش كۆتۈرگەن تارىخىي مۇھىتتا ئۇيغۇر ۋە ھەرقايسى يىپەك يولى خەلقلىرىنىڭ مۇقام مەدەنىيىتى ئېغىر تارىخىي تەقدىرگە دۇچ كەلدى.

يەكەن خانلىقىنىڭ ئىككىنچى سۇلتانى ئابدۇرېشىتخان رىياسەتچىلىكىدە، ئامانىيساخان، قىدىرخان قاتارلىق مۇقامشۇناسلار يېتەكچىلىكىدە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى يوقىلىش تەقدىرىدىن قۇتقۇزۇلدۇرۇش، ئۇنى خەلق سەنئىتى «داستان» ۋە «مەشرەپ» نەغمىلىرى بىلەن بېيىتىش، مۇقام تېكىستلىرىنى مەندار ئۇيغۇر ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى بىلەن بەستىلەش بويىچە تارىخىي بىناكارلىق باشلاندى. نەتىجىدە شەھەر ۋە ئوردا مەدەنىيىتى بىلەن تېخىمۇ تاۋلانغان ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكا تۈركۈمى «ئون ئىككى مۇقام» يېڭى ھۆسن تۈزدى. بۇ «ئون ئىككى مۇقام» ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ يىراق مەنبە ۋە كۆپ دەۋرلىك راۋاجلىنىش كرىستاللىرىنى ئۆزىگە يىغقان مىسلىسىز يۈكسەك سەنئەت جاۋاھىراتىغا ئايلاندى. بۇ خاتىرىلەشكە ۋە كۆپ تەرەپلىمە تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇھىم تېما.

**توققۇزىنچى، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ يېڭى تەرەققىيات دەۋرى**

ئۇيغۇر مۇقاملىرى دولان، قۇمۇل خەلق مەشرەپلىرى شەكلىدە، يەكەن مۇقامى ۋە ئىلى، قەشقەر، كۇچا سەنەملىرى

شەكلىدە ئەسىرىمىزگە يېتىپ كەلدى. 30 ـ يىللاردىكى مەدەنىيەت دولقۇنىدا ئۇيغۇرلاردا ساۋاتسىزلىقنى يويۇش، گېزىت چىقىرىش، سانائى نەفىسە قاتارلىق مۆجىزىدار يېڭىلىقلار پەيدا بولدى. سەھنىلەردە مۇقام ـ سەنەم نەغمىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىشلەنگەن ناخشا ـ ئوپېرا، ناخشا ـ ئۇسسۇللار ئوينالدى. 1945 ـ يىلى قەشقەر، يەكەنلەردە تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئون ئىككى مۇقامنى تولۇق دېگۇدەك بىلىدىغان مۇقامچى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىلدى. 1950 ـ يىلى ئون ئىككى مۇقامنى قۇتقۇلدۇرۇش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە تۇردى ئاخۇن ئاكا ئۇرۇمچىگە تەكلىپ قىلىندى. 1951 ـ، 1954 ـ يىللىرى ئىككى قېتىم تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئورۇندىشىنى ئاساس قىلىپ ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام سىمغا (لېنتىغا) ئېلىندى.

ئېيتىش كېرەككى، تۇردى ئاخۇن ئاكا يەكەن خانلىقى زامانىدا رەتلەنگەن كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نوپۇزلۇق ۋەكىلى ئىدى. ئون ئىككى مۇقامنىڭ لېنتىغا ئېلىنىشى بىلەن ئامانىساخان ـ قىدىرخان تۆھپىلىرى تىرىلدى! فارابىي تۆھپىلىرى تىرىلدى! سۇجۇپ تۆھپىلىرى تىرىلدى! ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئوردا شەكلى — كلاسسىك ئۆلچەملىك شەكلى تىرىلدى! ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مۇنەۋۋەر شېئىرىي دۇردانىلىرىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام قايتا جاراڭلىدى! شۇنىڭدىن باشلاپ قىرىق ئىككى يىل مابەينىدە بىر قاتار تارىخىي ئەھمىيەتلىك خىزمەتلەر ئىشلەندى. ئون ئىككى مۇقام ئەنگلىيە خانلىقى قەسرىدە، ئېلىمىزنىڭ بېيجىڭ خەلق سارىيىدا، بىر قاتار دۆلەت ـ رايونلاردا ئېيتىلىپ شۆھرەت قازاندى. مېنىڭچە، بۇ دەۋرنى مۇقاملار تارىخىدىكى ئالاھىدە بىر دەۋر دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن.

### ئونىنچى، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مۇزىكىلىق خۇسۇسىيىتى

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مۇزىكىلىق خۇسۇسىيىتى مەدەنىيەتشۇناسلىق (كۇلتۇرولوگىيە) جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىگە، ئۇيغۇر بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ رىتىم - تېمپىدارلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئادەتتىكى نوتۇق ۋە تەپەككۇر جۈملىلىرىنىڭ ئۇزۇنراق ۋە مېلودىيىلىك رىتىم - تېمپىدارلىقتا ئىگە ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ئەۋرىشىمچانلىقى، ئاكۇستىكىلىق گۈزەللىكىنى ھاسىل قىلغان.

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ «ئون ئىككى مۇقام» دەپ ئاتىلىشى ھازىرقى كۈندە مۇنداق ئىككى قاتلام مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ئۇ يالغۇز تاۋۇشلۇق ئاھاڭ سىستېمىسى بويىچە «12 بۆلەكلىك» كۈيشۇناسلىق رىجىسى ئاساسىدىكى تاۋۇش قاتارى تۈركۈمى (ئائىلىسى) دىكى نەغمە دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. بۇ سۇجۇپنىڭ «12 بۆلەكلىك» — يەتتە تاۋۇش ۋە بەش يېرىم تاۋۇشلۇق (بىر بۇنى 12 تېمپېراتسىيە دەپمۇ قوللانغان) كۈيشۇناسلىق قائىدىسىگە ئاساسلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئالغاندا، سۇجۇپ ياكى باشقا كۈيشۇناسلار ئۆز قائىدىلىرىنى خەلق مۇزىكىلىرى ئەمەلىيىتىدىن ئىخچاملىغان. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، ئۇ 12 يۈرۈش مۇزىكىلىق ئەسەر تۈركۈمىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر مۇزىكا - كۈيلىرىنىڭ ئەۋرىشىم مېلودىيىلىك رىتىم - تېمپىدارلىقى يالغۇز تاۋۇشلۇق (Monodie musical)مۇزىكا تىپىنى مۇھىم بىر ئاساس قىلغان.

تاۋۇشلارنىڭ «لاد» تەرتىپى پرىنسىپى، باشقىچە ئېيتقاندا ئاۋازلارنىڭ كومپوزىتسىيىلىك تۈزۈلۈشى مۇقاملارنىڭ تۈپ مۇزىكىلىق تەركىبلىشىشىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ ئاۋازلارنىڭ ئىنتېرۋاللىق مۇناسىپىدىن ئىبارەت ماكان مۇناسىۋىتى

تۈزۈلمىسىدىن تەشكىل تاپىدۇ. ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئاۋازلارنىڭ ئىنتېرۋال — ئارىلىق مۇساپىسى جەھەتتە شۇ قەدەر ئىنچىكە ماتېماتىك، لوگىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگىكى، ئۇنىڭدا مېلودىيىلىك باغلىنىشلىق تاۋۇش (ئاۋاز) قاتارى ماكان جەھەتتە چارەك ئاۋاز، ھەتتا سەككىزدىن بىر (ئەشمىتكە) جۇزئىي ئاۋازنىمۇ ئىپادىلەيدۇ، نوتىدا يېزىق ئالامىتى بولمىغان بۇ جۇزئىي ئاۋازلارغا خاس بەلگە قويۇلىدۇ.

ئۇيغۇر مۇقاملىرى ھەربىر مۇقام بىر ئاۋاز گاماسىنى — بىر پەدىنى ئاساسىي ئاۋاز قىلغان ھالدا ئۆزىنىڭ كۆي شەكلى (تون تۈزۈلمىسى) نى تۈزگەن. ئۇنىڭ قانچە قىسىمدىن تەركىب تاپقانلىقىدىن قەتئىينەزەر، باشلانغان پەدە، ئاساسىي پەدە، ئاخىرلاشقان پەدە بىر خىل بولىدۇ.

ئۇيغۇر مۇقاملىرىدا ئەركىن مۇزىكىلىق «باش مۇقام» نەغمىسى پۈتۈن بىر مۇقام تۈركۈمىنىڭ ئاساسىي ئاۋاز پەدە بەلگىسى بىلەن ئاساسىي مۇزىكىلىق تېمىسىنى كۆرسىتىدۇ. مۇقاملار بىر قاتار نوقۇل چالغۇلۇق (چىرتىم) نەغمە شەكىللىرى، ناخشىلىق (ئېيتىم) نەغمە شەكىللىرى، ئۇسسۇللۇق نەغمە شەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان. بىز كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامنىڭ «چوڭ نەغمە» قىسمىدا بۇنداق چالغۇلۇق، ناخشىلىق، ئۇسسۇللۇق نەغمە شەكىللىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ قالماي، يەنە «داستان نەغمە»، «مەشرەپ نەغمە» قىسىملىرىدىمۇ بۇنداق نەغمە شەكىللىرىنىڭ بولغانلىقىنى كۆرىمىز. چالغۇلاردا داپ ئۇدارلىرى، ناخشىلاردا قاپىيىلەر، ئۇسسۇللاردا ھەرىكەت كېسىشمىلىرى بىرلىشىپ مۇقاملاردىكى مېلودىيىلىك زەرب مىزانىنى ھاسىل قىلىدۇ.

ئۇيغۇر مۇقاملىرى بىر قاتار ئوخشىمىغان ئىنتېرۋاللىقتا ئىگە ئاۋازلارنىڭ تەدرىجىي يۇقىرىلاپ بېرىشى ۋە يەنە تۆۋەنلەپ، كېيىن كۆتۈرۈلۈپ، قايناق ئەۋج ئېلىشى بىلەن داۋاملىشىدۇ. بۇنداق تاۋۇش رايونلىرىدىكى يۆتكىلىش پۈتۈن بىر مۇقام

تىزمىسىدىكى ھەرقايسى نەغمە شەكىللىرىنىڭ ئورۇن تۇتۇشى ئارقىلىق ھەل قىلىنىدۇ. مۇقامشۇناس ئۇچۇن بۇ يەردە مەركىزىي ئاھاڭ شەكلى كۈينىڭ ئۆزىكى (يادروسى) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## ئون بىرىنچى، ئۇيغۇر مۇقاملىرىدا ئۇسسۇل ژانىرى

ئۇيغۇر مۇقاملىرى قەدىمكى ياكى ھازىرقى تارىخىي شەكلى جەھەتتىن بولسۇن، خەلق مۇقاملىرى ياكى كلاسسىك ئون ئىككى مۇقام شەكلى جەھەتتىن بولسۇن، كۈچلۈك ئۇسسۇللۇق سىغىمچانلىققا ئىگە. بىز قۇمۇل مۇقاملىرى، دولان مۇقاملىرى، يەرلىك سەنەم ئولتۇرۇشلىرىدا ئۇسسۇلنىڭ ناخشىلىق مۇزىكا، چالغۇلۇق مۇزىكا ۋە مەرغۇللاردا ئوينىلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. قۇمۇل مۇقاملىرىدا ئۇسسۇلچىلار ئالاھىدە ياسىنىپ، مىللىي كىيىملەر بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. ھەتتا ئاياللار مەخسۇس ئۇسما قويۇشىدۇ، دولان ئۇسسۇللىرىدا ئۇسسۇل قاتتىق قائىدە بويىچە ئوينىلىدۇ. كلاسسىك مۇقاملارنىڭ جۇلا، سەنەم، سەلىقە، مەشرەپ قىسىملىرى خاس ئۇسسۇللۇق نەغمىلەر بولۇپ، ھەتتا تەزە، داستان، مەرغۇللارغىمۇ ئۇسسۇل ئويناش مۇمكىن. مۇشۇ مەنىدىن بەزى تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئۇسسۇل دېگەن قاراشنى تەكىتلەشتى.

مۇقام ئۇسسۇللىرىنىڭ ئاساسىي تۈرى سەنەم، سەلىقە، جۇلا، شادىيانە، چېكىتمە، نازىركۇم، ساما قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللىرىنىڭ ئاساسىي تۈرى ھېسابلىنىدۇ. تارىخىي مەنبەلەردە يېزىلغان «خورلارنىڭ سەكرىمە ئۇسسۇلى»، «خورلارنىڭ پىرقىرىما ئۇسسۇلى»، «بورنا ئۇسسۇلى»، «ئەتلەس ئۇسسۇلى»، «ئاتەش سۇمۇرغ»، «باھار بۇلبۇلى ناۋاسى» قاتارلىقلار رىتىم - تېمپېدارلىقى، ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت تىلى جەھەتتىن ئۇيغۇر مۇقاملىرىدىكى ئۇسسۇل تۈرلىرىگە ئوخشاش.

## ئون ئىككىنچى، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ناخشا تېكستى مەسلىسى

مۇزىكا، ئۇسسۇلدا ناخشا بولۇش ۋە شېئىرىي تېكستلەرنىڭ نىسپىي مۇقىملىقى ئۇيغۇر مۇقاملىرىدىكى تېكستولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتتۇر. بەزى تەتقىقاتچىلار سېمانتىك ـ مەندارلىق نۇقتىسىدىن شېئىرىيەتنى مۇقاملاردا مۇزىكا ۋە ئۇسسۇلنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگۈچى مەركىزىي ھالقا دېيىشتى. ئۇيغۇر مۇقاملىرى ــ ناخشا، ئۇسسۇلنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ تۇپ ئالاھىدىلىكىنى روشەن گەۋدىلەندۇرگەن.

ئۇيغۇر مۇقام تېكىستلىرىنىڭ قەدىمكى ھەرقايسى دەۋرلەردە قانداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى بىلمەيمىز. ئەمما، ئۇنىڭ ئومۇمەن مۇھەببەت تېمىسىدا، كىشىلىك قاراش ھېكمەتلىرى تېمىسىدا، تارىخىي ياكى رىۋايەتلىك تېمىلاردا يېزىلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. كەيپىيات جەھەتتە تەنتەنىلىك، لىرىك، جۇشقۇن ۋە قايغۇلۇق ھېسسىياتچانلىققا ئىگە بولغانلىقىنىمۇ پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. ھازىرقى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تېكستلىرى ئەنە شۇنداق.

ئۇيغۇر مۇقام تېكىستلىرى ئۇيغۇر خەلق قوشاق ـ داستانلىرىنى، ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىر ۋە داستانلىرىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان دېيىش مۇمكىن. دەرۋەقە، پادشاھلار ۋە مەشھۇر كىشىلەرنىڭ شېئىرلىرىغا ۋاقتىلىق بەستىلەپ (سازغا سېلىپ) ئوقۇلغان ئەھۋاللارمۇ بولغان.

ئۇيغۇر مۇقام تېكىستلىرى ئومۇمەن يېقىنقى زامان ئىبارىسى بىلەن ئېيتقاندا «بارماق ۋەزىن» ۋە تۈركىي ئارۇز ئاساسىدىكى «ئارۇز ۋەزىن»دىكى شېئىرلاردىن تۈزۈلگەن. «ئەرەبتىن كەلگەن ئارۇز شېئىرىيىتى ئاساسىدىلا ئۇيغۇر مۇقاملىرى مەيدانغا كەلگەن» دېگەن قاراش «ئارۇز» ئاتالمىسى بىلەن ئارۇز شەكىللىك شېئىرىيەت ھادىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشتىن كېلىپ چىققان. روشەنكى، ئۇيغۇر

ئۇسسۇللىرىدا، ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىدا، ئۇيغۇر ناخشىلىرىدا، ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا «پائىلاتۇن ـ پائىلۇن» ياكى «پائىلاتۇن ـ پائىلاتۇن ـ پائىلۇن» ئۇدار زەرب ـ رىتىملىرى ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار 7 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئىمام خەلىل ئىبنى ئەخمەد ياكى 9 ـ ئەسىردە ياشىغان ئەبۇلھەسەن ئەخفەشنىڭ «ئارۇز» نەزەرىيىسىنى كۈتۈپ «ئەسھابۇلكەھف»تە ياتقان ئەمەس! ئارۇز نەزەرىيىچىلىرى ئەزەلدىن ئەجەم ۋە تۈركىي ئارۇزنى ئېتىراپ قىلىپ كەلگەن، شەمسىئۇل مۇھەممەد ئىبنى قەيسى رازى «ئەل مۇجەم ئەشئارىل ئەجەم» («ئەجەم شېئىرىيىتىنىڭ ئۆلچەم دەستۇرى»)نى يازغىنىدەك، ئەلىشىر نەۋائىيمۇ «مىزانۇل ـ ئەۋزان»نى تۈركىي ئارۇز مىزانلىرىغا ئاتاپ يازغان. نەۋائىي بۇ ئەسەرنىڭ خاتىمىسىدە «غەرەز بۇ مەقالەتتىن ۋە مەقسۇد بۇ مۇقەددىماتتىن بۇ ئېردىكى، چۇن تۈرك ئەلفازى بىلەكىم نەزم ۋاقىئ بولۇپتۇر» دەپ، تۈركىي ئارۇز ھەققىدە خاس ئەسەر بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھەقتىمۇ توختالغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. ئۇ «مۇفتەئىلۇن ـ فائىلۇن ـ مۇفتەئىلۇن ـ فائىلۇن» بەھرىنى تۈركىي ئۇلۇسلار توپلىرىدا ئېيتىلىدىغان:

«قايسى چىمەندىن ئېشىپ كەلدى سابا، يار ـ يار،
كىم دېمىدىن تۈشتى ئوت جانىم ئارا، يار ـ يار.»

غەزىلىنى، يەنە «مەفائىلۇن ـ مەفائىلۇن ـ مەفائىل» بەھرىنى «تۈرك ئۇلۇسىدا بىر سۈرۈد [ كۆي ] دۈركىم ئانى (مۇھەببەتنامە) دەيدۇ» دەپ:

«مېنى ئاغزىڭ ئۈچۈن شەيدا قىلىپسەن،
ماڭا يوق قايغۇنى پەيدا قىلىپسەن.»

دېگەن غەزەلنى مىسال قىلىدۇ. ئۇ يەنە «فائىلاتۇن ـ فائىلاتۇن ـ

فائىلاتۇن ـ فائىلۇن» ۋەزنىنىمۇ «توركىگوي» نامىدىكى مەشھۇر ۋەزىن دەپ كۆرسىتىدۇ. بىز، قۇمۇل ـ دولان مۇقاملىرىدىكى «ئاھ ئۇرارمەن»، «يارنى كەپتۇ دېسە»، «ئاق ئالما قىزارغاندەك»، «ئاق بېلىق» قاتارلىق بېيىتلارنىڭ تۆت قۇر يېزىلغىنى بىلەن ئەسلىي تۆت جۈملىلىك ئەمەس، ئىككى جۈملىلىك بېيىت ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، بىرمۇنچە بارماق ۋەزىندىكى قوشاقلار «خېنىم ـ جېنىم»، «ۋاھ، يارەي» دېگەن سۆزلەر بىلەن تولدۇرۇلۇپ ئارۇزلاشتۇرۇلغان. ئەگەر بىز ئۇيغۇر سەنەم، سەلىقە، جۇلا، چېكىتمە، سىيرىلما ئۇسسۇللىرىنىڭ قەدەم تېمپېلىرى بىلەن ناغرا ـ سۇناي، داپ ئۇدارلىرىغا نەزەر سالساق، ئۇنىڭدا «تۈركىي ئارۇز»نىڭ ئەزەلدىن مەۋجۇتلۇقىنى كۆرىمىز.

### ئون ئۈچىنچى، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ سېمانتىك قىممىتى

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مۇزىكا، ناخشا، ئۇسسۇللۇق تەركىبى كۈچلۈك مەنىدارلىقتا (ھېسسىي، ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي)، ئېستېتىكىلىق ئىلھامبەخش تەسىر كۈچىگە ئىگە. بۇ ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ چالغۇ قوراللىرى، ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت، ناخشا كەيپىياتى ۋە شېئىرىي تېكىستلەرنى ۋاستە قىلىپ، كىشىنىڭ كۆرۈش، ئاڭلاش، ئەسلەش، ھېس قىلىش، تەسەۋۋۇر قىلىش، تەپەككۇر قىلىش، دىلكەشلىك قاتارلىق ئىقتىدارىنى قوزغاپ، كۆپ تەرەپلىمە ئۆتۈشمە تەسىرلىنىشكە (通感) ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا قارىتىلغان.

ئۇيغۇر مۇقاملىرى مۇزىكىلىق دولقۇن، ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت ۋە ناخشا كۈي ئارقىلىق مېلودىك قانۇنىيەت بىلەن پىسخىك قانۇنىيەتنى بىر گەۋدە قىلالىغان. ئۇ مەنىدار شېئىرىي تېكىستلەرگە قانات بېغىشلاپ، يەنە بەدىئىي تەپەككۇر، تارىخىي (ئەسلىمە) تەپەككۇر ۋە نەزەرىيىۋى تەپەككۇرنى بىرلەشتۈرەلىگەن. بۇ شېئىرىي تېكىستلەر ئۆز مەزمۇنلىرىنى مۇقام نەغمىلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن «مۇقەددەس نۇتۇق» پەللىسىگە كۆتۈرگەن. جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ سابىق رەئىسى، ئاتاقلىق مۇزىكا ئالىمى خۇاڭ شياڭپىڭ ئەپەندى بۇ مۇجەسسەم مەنىدار تەسىرنى تاڭ دەۋرىدىكى مۇنۇ مەشھۇر ئىككى مىسرا بىلەن ئىپادىلەپ يەكۈنلىگەن:

«ئەرشكىلا لايىق ئىكەن بۇ نەغمىلەر ئەسلى پەقەت،
ئاڭلىنىپ قالغاي زېمىنغا ئاندا ـ ساندا نەچچە رەت.»

**ئون تۆتىنچى، ئۇيغۇر خەلق مۇقاملىرى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك مۇقاملىرى**

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى «تۈرگە ئايرىش» (كلاسسىفىكاتسىيە قىلىش) دېگەن ئىبارە يېقىنقى يىللاردىن بېرى پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەۋجۇت تۈرى ۋە ئۇنىڭ نامى مەسىلىسىدىن پەرقلىق بولغان تىپقا ئايرىش مەسىلىسى بولۇپ، مەن بۇ ئاتالمىنى قوللىنىشقا دېگەندەك مەيلىدار ئەمەسمەن. چۈنكى، بۇنداق تىپقا ـ تۈرگە ئايرىش ھەرقايسى مۇقام تۈركۈملىرىنى تارىخىي ۋە مۇزىكىلىق جەھەتتە پاراللېللاشتۇرۇپ قاراشقا ئەكېلىدۇ. مىسال ئۈچۈن، يەكەن دەرياسى سۈيى تارتىلىپ قالغاندا، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە بىرقانچە ئازگال كۆللەر پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ئۇلارنى يەكەن دەرياسى بىلەن تەڭداش ـ پاراللېل ئېقىم دېگىلى بولمايدۇ، ئۇ پەقەت يەكەن دەرياسىنىڭ كېيىنكى ساقلىنىش ھالەتلىرى، خالاس.

ھازىر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقام، ئىلى (يەكەن) مۇقامى، دولان مۇقامى، قۇمۇل مۇقامى، تۇرپان مۇقامى، قەشقەر ئەلنەغمە (خەلق) مۇقامى قاتارلىق مۇقام تۈركۈملىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى مەلۇم. ئۇلاپ ئوقۇلىدىغان ناخشىلار لاد قاتارى ھاسىل قىلمىغۇچە، تېخى مۇقام ھېسابلانمايدۇ.

مەن مۇقاملارنى ئومۇمەن خەلق (مەشرەپ) مۇقاملىرى ۋە

كلاسسىك ئون ئىككى مۇقام دېگەن ئىككى كاتېگورىيىلىك تۈرگە ئايرىشنى مۇۋاپىق دەپ بىلىمەن. ئىلى (يەكەن) مۇقامى كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئاخۇنۇم كاروشالىڭ قاتارلىق سازەندىلەر ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى تەرىپىدىن تولۇقسىز شەكىلدە ساقلانغان ۋارىيانتىدىن ئىبارەت. ئۇ چوڭ نەغمە قىسمىنىڭ كەملىكى ۋە بىلال نازىمىي شېئىرلىرىغا نۇقتىلىق بېستىلەنگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلەنگەن. بۇ ھال بىزگە بىر ئۇچۇرنى، يەنى ئوردا ھاياتىدىن ئايرىلغان كلاسسىك مۇقامنىڭ خەلق مۇقامى شەكلىگە كىرىپ قېلىشىدىكى ئۆتكۈنچى ھالەتنى يەتكۈزدى.

قۇمۇل، تۇرپان، دولان مۇقاملىرى ھازىر پۈتۈنلەي خەلق مەشرەپ مۇقاملىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەدىمكى بىرەر تارىخىي شەكلى (مەسىلەن «ئېۋىرغول نەغمىسى»، «ماھادۇر» نەغمىسى، «قۇچۇ نەغمىسى») كلاسسىك دەۋرنى بېشىدىن كەچۈرمىگەن تۇغما خەلق مەشرەپ مۇقامى دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىش قىيىن، بىز دولان، قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ باشلىنىش تېكىستلىرىدە كلاسسىك شېئىرىيەت پارچىلىرىنىڭ بۇزۇلغان ھالەتتە ساقلانغانلىقىنى كۆرىمىز.

ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام بىلەن ياۋروپا سىمفونىيىلىرى ئوخشاشلا كلاسسىك سەنئەت، ئۇلار خەلقتىن كېلىپ چىققان، شەھەر ـ قەلئە ۋە ئوردىلاردا كلاسسىك دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەن. ئامانىساخان ـ قىدىرخانلارنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامنى قايتا رەتلىگەن دەۋر بىلەن ياۋروپا سىمفونىيىلىرىنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتى مەسىلىسىدە يېڭى ـ كونىلىق مەۋجۇت ئەمەس. پەقەت «شەرقلىق» بىلەن «غەربلىك» مەۋجۇت.

ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام بىلەن ياۋروپا سىمفونىيىلىرى تەڭداش سەنئەت ئەمەس. ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام كلاسسىك مۇزىكا،

ئۇسسۇل، شېئىرىيەتنى بىر گەۋدە قىلغان، مۇجەسسەم كلاسسىك سەنئەت. سىمفونىيە بولسا مۇزىكىلىق كۆپ قىسىملىق ئەسەردىن ئىبارەت، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى سىمفونىيىلەشتۈرۈش ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر مۇقاملىرىدىكى نەغمىلەردىن پايدىلىنىپ سىمفونىيىلەرنى ئىشلەش مۇمكىن.

كلاسسىك مۇقاملار توغرىسىدا توختالغاندا، مۇنداق بىر مۇھىم، ئەمما ھەل قىلىنماي كېلىۋاتقان مەسىلە توغرىسىدا ئۆز قارىشىمنى يوشۇرماسلىقنى لايىق تاپتىم، ئۇ بولسىمۇ كلاسسىك مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىدا ھەرقايسى دەۋرلەردىكى «ئوردا ـ ساراي» زىيالىيلىرى ـ ئەدىب ۋە ئالىملىرىنىڭ ئوينىغان رولى مەسىلىسى، بىز كۆڭزى، چۈي يۈەنلەردىن، ۋاڭ ۋېي، بەي جۈيىگىچە؛ ئارىستوتىل، ئورىئاندىن ئامتىۋاگوشا، كومراجىۋالارغىچە، سۇجۇپ، بەي مىنداىن تاتاتۇڭا، ئەنزاڭلارغىچە؛ فارابىيدىن ئىبنى سىنا، يۈسۈپ خاس ھاجىپقىچە؛ نەۋائىيدىن مىرزا ھەيدەر، قىدىرخان، ئامانىساخان، ئابدۇرېھىم نىزارىيغىچە بولغان تالاي مەدەنىيەت نامايەندىلىرىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى «ئوردا ـ ساراي» ھاياتى بىلەن ھەر خىل دەرىجىدە زىچ ئالاقىدار بولغانلىقىنى كۆرىمىز. مەلۇم مەنىدە، ھېچبولمىغاندا، ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ مەلۇم مەزگىللىرىدە ئۇلار «ئوردا ـ ساراي» شائىرى ۋە ئالىمى بولغان. بىز ئەلخارەزمىي، ئەلفەرغانىي، ئەتتۈركىي، ئۇلۇغبېكتىن بايرون، پۇشكىنلارغىچە بۇ ھادىسىنى كۆرىمىز. مېنىڭچە، «ئوردا ـ ساراي» زىيالىيلىرىغا باھا بېرىشتە، ئۇلارنىڭ ئۈچ نەرسىگە — ھەقىقەتكە، خەلققە، تەرەققىياتقا قانداق مۇئامىلىدە بولغانلىقى مىزان قىلىنىشى كېرەككى، ھەرگىز ئۇلارنىڭ «ئوردا ـ ساراي»غا بولغان خىزمەت، ھامىيلىق ياكى مائاش مۇناسىۋىتى ئۆلچەم قىلىنماسلىقى كېرەك.

ئون بەشىنچى، قۇمۇل خەلق مۇقامى ــ ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ قەدىمكى گەۋدىلىرىدىن بىرى

قۇمۇل مۇقاملىرى تۆۋەندىكى بىر قاتار ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچىدىن، ئۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە. تارىخىي مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان «ماھادۇر» ۋە «ئېۋىرغول نەغمىسى» بىلەن ھازىرقى «ئۇلۇغدۇر»، «دۇر» مۇقاملىرىنىڭ يىراق تارىخىي باغلىنىشى مەۋجۇت. قۇمۇل مۇقاملىرىدىكى «ھاي ـ ھاي ئۆلەن» ناخشىسى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى توي قوشاقلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئەلىشىر نەۋائىي «سەددى ئىسكەندەريي» داستانىدا ئىسكەندەرنىڭ توي مەرىكىسىدە ئوقۇلغان قىلىپ يازىدۇ، بۇ چىنلىق بولۇشى ناتايىن بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەدىمىيلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئۇ ئاممىۋى تۈس ئالغان ئويۇن خاراكتېرلىك خەلق مۇقاملىرى خاراكتېرىدە ساقلانغان. قۇمۇل مۇقاملىرى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆز روھىيىتىنى بىلىش، ئىپادىلەش، جارى قىلىشنىڭ مەشرەپ شەكلىدىن ئىبارەت. ئۇ خاس مەشرەپ ھازىرلىقى، مەشرەپ تەشكىلى، مەشرەپ جەريانى بىلەن ئىجرا قىلىنىدىغان ئاممىۋى مەدەنىيەت ۋە ئېتنولوگىيىلىك سەنئەت مەكتىپى.

ئۈچىنچىدىن، ئۇ 12 تۈركۈم مۇقامدىن تەركىب تاپقان مۇجەسسەم بايلىق. ھازىر قۇمۇل مۇقام خەزىنىسىدە 6036 مىسرا بېيىتنى ناخشا قىلالايدىغان 244 نەغمە شەكلى ساقلانغان.

تۆتىنچىدىن، ئۇ ناخشا ـ ئۇسسۇلنى ئاساس قىلغان سەنەم خاراكتېرلىك (ئەر ـ ئايال ئۇسسۇللۇق) مەشرەپ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. قۇمۇل مۇقاملىرىدا ئازغىنە ھېكمەتلىك باشلىنىش مۇزىكىسىدىن كېيىن ئاساسەن ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق مەشرەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

داۋاملىشىدۇ. بۇ غايەت زور ھاياتىي ئىقتىدارغا ئىگە.

بەشىنچىدىن، ئۇ مۇھەببەت قوشاقلىرىنى مەركەز قىلغان شېئىرىي تېكىستلەر بىلەن بېستىلەنگەن. بۇ ئۇيغۇر روھىيىتىنىڭ ئېتنولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن. ئۇ غايەت زور گېنېئالوگىيىلىك قىممەتكە، فولكلور قىممىتىگە، شۇنىڭدەك ئەخلاقىي قىممەتكە ئىگە. ئۇ ماھىيەتتە خەلقنىڭ قەلبى، ئۈمىدى، قايغۇ ـ ئەندىشىسى ۋە تۇرمۇش چىنلىقىنىڭ بىۋاستە شېئىرىي ئىپادىسى. قۇمۇل مۇقام تېكىستلىرىدە ھېكمەت، جەمئىيەت، ھېكايەت تېمىسىدىكى قوشاقلارمۇ تەسىرلىك.

قۇمۇل مۇقاملىرى خەلق مۇقاملىرىنىڭ بىر قاتار ئەۋزەللىكى ۋە ھاياتىي كۈچىنى ئۆگىنىشتە جانلىق ئۈلگە.

**ئون ئالتىنچى، دولان مۇقاملىرى ئۇيغۇر مۇقاملىرىدىكى قىممەتلىك خەزىنە**

دولان مۇقاملىرى ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئۇسلۇبقا ئىگە قەدىمكى مۇقام تۈركۈمى ھېسابلىنىدۇ.

دولان مۇقاملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ قەدىمكى مۇراسىم ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق مۇزىكا مۇجەسسىمى بولغانلىقىدا گەۋدىلەنگەن.

بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ ھەربىر مۇقام بويىچە ئاتىلىشى ئۆزگىچە بولۇپ، «باياۋان» نامىدا بىرقانچە مۇقاملار ئاتالغان.

ئىككىنچىدىن، مۇقام باشلىنىشى («مۇقام»)، چېكىتمە، سەنەم، سەلىقە، سىيرىلمىدىن ئىبارەت تۆت نەغمە بىر مۇقامنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، جەمئىي توققۇز مۇقام، 45 ئاھاڭ، 360 مىسرالىق شېئىردىن تەشكىل تاپقان.

ئۈچىنچىدىن، مۇقامنىڭ باشلىنىشىدىن كېيىنكى ئۇسسۇللارنى چېكىتمە، سەنەم، سەلىقە، سىيرىلما بويىچە قاتتىق قائىدە بويىچە ئەر ـ ئايال بىللە ئوينايدۇ، ئۇسسۇللار

جىددىي رىتىم، ئۇدارلىقا ئىگە. دولان ئۇسسۇللىرىدا ئەر ـ ئايال ماسلىشىش، ئۇسسۇل ـ مۇزىكا ماسلىشىش، قول ـ پۇت ھەرىكىتى ماسلىشىش تەلىپى قاتتىق. دولان ئۇسسۇللىرىنى «ئوۋچىلىق ئۇسسۇلى»غا «ئوردا ھەربىي ئۇسسۇلىغا»، مۇھەببەتتە جورا تاللاش ۋە بىللە ئويناش ئۇسسۇلىغا باغلاپ ئىزاھلاش مۇمكىن.

تۆتىنچىدىن، دولان مۇقاملىرىنى مەشرەپ مۇقاملىرى دېيىش مۇمكىن. ئۇ تۇرلۇك توي ـ تۆكۈن، قاتارى مەشرەپ قاتارلىق سورۇنلاردا ئوينىلىدۇ. دولان سەنمى ئۇيغۇر مەھەللى سەنەملىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

بەشىنچىدىن، دولان مۇقاملىرىنىڭ ھازىرقى تېكىستلىرى قىسقا ـ قىسقا بولۇپ، ئۇنىڭدا قومۇل مۇقاملىرىنىڭكىگە ئوخشاش بېيىت ـ قوشاقلار، ئۆزىگە خاس بېيىت ـ قوشاقلار، كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامدىكى بەزى تېكىستلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان تېكىستلەردىن پارچىلار ئۇچرايدۇ. بۇ تېكىستلەردە بارماق ۋەزىن ۋە ئارۇز ۋەزىن ئىزچىل بىللە قوللىنىلغان. مەسىلەن:

«جۇۋان ئەرگە تېگەر بولسا قارا قۇشقاچ بولۇپ سايرار»
«خۇدانىڭ تەقدىرى بىرلە قۇرۇق شاختا ئانار بولدى»
«جاھاندا ياخشىلىق قىلغان كىشىنىڭ ئاتى ئۆچكەيمۇ»
«دۇنيانى دەپ يۈرمە كېزىپ، بەلگە تارۇزاڭنى ئېسىپ»
«چېچىنى ئۈزۈن سېلىپ، چىرايلىق جۇۋان بولدى»

ۋە باشقىلار.

**ئون يەتتىنچى، ئۇيغۇر مۇقام تىپىدىكى كۈيلىرىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي ئاسىياغا تەسىرى**

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى يىپەك يولى بويلاپ ھەرقايسى خەلقلەر، مەدەنىيەت رايونلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەسىرىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇچراپ كەلگەنلىكىنى تەكىتلىگەن ھالدا، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي ئاسىياغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى مۇھاكىمە قىلىش مۇمكىن.

ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادلىرى ئەڭ قەدىمكى ئاتلىقلار مەدەنىيىتى دەۋرىدە خۇاڭخېنىڭ شىمالى ۋە غەربىگە، ھىندىستان ۋە مىسوپوتامىيىگە، ئاسۇرىيە، قارا دېڭىز ساھىلىغا تەسىر كۆرسەتكەن. بىز بۇنى سىكىتاي مېتال بۇيۇملىرى، ھىندىستاندىكى ئارى ئەپسانىلىرى، سومېر خارابىلىرى، ماكادونىيە ئاتلىق قوشۇنى ۋە گرېك تېبابەتچىلىكىدىن كۆرەلەيمىز.

غەربىي دىيار ۋە شىمالىي چۆللۈكنىڭ مۇزىكىسى چىڭ ـ خەن دەۋرىدىلا خۇاڭخې بويىغا مەلۇم بولغان، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە «يۇيتيەن (ئۇدۇن، يەنى خوتەن) نەغمىسى»، «ماھادۇر» نەغمىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تەسىر قىلغانلىقىنى يۇقىرىدا تىلغا ئالدۇق، بۇ تەسىر لى يەننەننىڭ مۇزىكا ئىجادىيىتىنى قوزغىدى. شىمالىي ـ جەنۇبىي سۇلالىلەر، سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە غەربىي دىيار ۋە شىمالىي چۆللۈكتىن كۆپلىگەن كۈي ۋە كۈيشۇناسلار چاڭئەنگە كەلتۈرۈلدى. سۇجۇپنىڭ مۇزىكا نەزەرىيىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە مىسلىسىز مۇزىكا ئىنقىلابىنى قوزغىدى. كۇسەن كۈيلىرى ۋە غەربىي دىيار مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغالدى. كورىيە ۋە ياپونىيىگە «خور نەغمىلىرى» تارقالدى ۋە ئۇنىڭ بەزى كۈيلىرى ۋە تىياتىر شەكلى ھازىرغىچە ساقلاندى. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ھالاكىتىدىن كېيىن سۇڭ، يۈەن، چىڭ دەۋرلىرىدىكى ئوردا مۇزىكىلىرى ئىچىدە غەربىي دىيار كۈيلىرىنىڭ مەلۇم سالمىقى ساقلانغان بولسىمۇ، بارغانسېرى ئاجىزلاپ كەتكەن.

غەربىي دىيار كۈيشۇناسلىقى قاراخانىيلارنىڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خۇراسان تۈركىي خانلىقلىرىنىڭ دەۋرىدە، سالجۇقىيلار، تۈرك قوشۇنلىرى بىلەن كۆچەيگەن

چىڭگىزخاننىڭ غەربىي ئاسىياغا يۈرۈش قىلىش دەۋرلىرىدە، كېيىنچە ئەمىر تۆمۈرنىڭ يۈرۈشى مەزگىللىرىدە، جۈملىدىن ئەرەب خەلىپىلىكى زېمىنىدا يىپەك يولى ئالاقىلىرى كۈچەيگەن پۈتۈن تارىخىي جەرياندا غەربىي ئاسىياغا تەسىر كۆرسەتتى.

ئۇممەۋىيە (661 — 750) ئاببasىيە (750 — 1258) خەلىپىلىكلىرى دەۋرىدە تۈركىي مۇزىكىلار غەربىي ئاسىياغا تەسىر كۆرسەتتى. «نەي» تۈركىي ئىبارە بىلەن قوبۇل قىلىندى. قۇللۇقتىن ئازاد قىلىنغان تۈرك ئىبنى سۈرەيىچ، نەي، سۇناي، بوغ (بۇرغا)، باربىت (ئۇد) چالغۇلىرىنى ئەرەبلەرگە تونۇشتۇردى، تۈرك سەركەردىلىرى ۋە تۈركان خاتۇنلاردىن تۇغۇلغان خەلىپىلەر ئوردىلاردا تۈركىي مۇزىكىلارغا قىزىقىشتى، فارابىي ئەرەب مۇزىكا نەزەرىيىسى، چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە نەغمىلىرىگە سالماقلىق تۆھپە قوشتى. سالجۇقىيلار، ئىلخانىيلار، تۆمۈرىيلەر غەربىي ئاسىياغا مۇقام مۇجەسسەملىرىنى تونۇشتۇردى.

**ئون سەككىزىنچى، مۇقاملارنىڭ ھازىرقى ناملىرى مەسىلىسى**

ھازىرقى ئۇيغۇر مۇقاملىرىدا خەلق مۇقاملىرى بىلەن كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامدا ئوخشىشىپ كېتىدىغان مۇقام ناملىرى ۋە بىر قاتار يەرلىك ناملار ساقلانغان. بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلەر داۋاملىشىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ھەربىر مۇقام ۋە نەغمە ناملىرى ھەققىدە لۇغەتلىك يېشىم بېرىپ ئۆتمەكچى ئەمەسمەن، بۇ يەردە پەقەت ئىككى نەرسىنى تەكىتلەيمەن.

بىرىنچىدىن، مۇقام ناملىرىدىكى كۆپلىگەن، ئەرەبچە ئىبارىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىنىش سەۋەبى مەسىلىسى.

غەربىي ئاسىيانى تۇگۈن قىلغان ئەرەب خەلىپىلىكى دەۋرىدە ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت تىپى — ئەرەبچە يېزىقنى قورال قىلغان مەدەنىيەت شەكىللەندى. مەركىزىي ئاسىيا ئالىم ۋە سەركەردىلىرى باغداد خەلىپىلىكىدە مۇھىم كۈچ بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سالجۇق تۈركلىرىنىڭ غەربىي ئاسىياغا كىرىشى بىلەن سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسى ۋە مەدەنىيەت ھادىسىسى مەيدانغا چىقتى. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى موڭغۇل ئارمىيىسى (جۈملىدىن ئۇيغۇر ۋە مەركىزىي ئاسىيالىق قوشۇنلار) بىلەن ئىرانغا بىرقانچە ئەۋلاد پائالىيەت ئېلىپ باردى. مەدەنىيەت سىنكرېتىزمى ھادىسىسى سوپېتىدە 14 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئىسلام ئەللىرىدە «مۇقام» مۇزىكا ھادىسىسى يۈز بەردى، مۇزىكىلىق پەدە تۈركۈملىرى سەفىئۇددىن ئەل ئۇرمەۋىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئەرەبچە «مەقام» — ئورۇن (بۇ يەردە پەدە، گاھ) ئىبارىسى بىلەن ئاتىلىش ئادەتلەندى. ئەلۋەتتە، «مۇقام» ئىبارىسىنى ئىرانلىقلار «دەستگاھ» (دەستىدىكى ئورۇن، پەدە)، ئەرەبلەر «دائىرە» (مىزان، ئۆلچەم، تاۋۇش ئارىلىقى — ئىنتېرۋال؟)، «شۇدۇن»، ئالجىر ـ تۇنىسلىقلار «نۆبە» (نۆبەت، قاتار تەرتىپى) دەپ، تۈركىي خەلقلەر تولىراق ھەم ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا «مۇقام»، «ماگام»، «ماقام» دەپ قوللاندى. بىر قاراشتا، بۈنى ئەينى زاماندا نۇرغۇن نام ـ ئاتالغۇلارنىڭ، كىتاب ماۋزۇلىرىنىڭ ئەرەبچە قوللىنىلغانلىقىنىڭ يادنامىسى بولسا كېرەك. ئەمما، «مۇقام» ئىبارىسى قەدىمكى كۆسەندە «ماقا ـ ياما» شەكلىدە (ۋىدۇ ساكا ياشىغان دەۋردە) مەۋجۇت ئىدى، دېگەن قاراش بىلەن ئاتەشپەرەسلەرنى ئەرەبلەر «ماقامى»لەر دەيتتى، دېگەن قاراش ساقلانغان.

ئېيتىش كېرەككى، ھەرقايسى مۇقام تۈركۈملىرىنىڭ ناملىرى تۈركىي (جۈملىدىن ئارى)، پارسچە ۋە ئەرەبچە ئىبارىلەر بىلەن ئاتالغان بولۇپ، پۈتۈنلەي ئەرەبچە ئەمەس. بۇ ئەينى زامان «يىپەك يولى» ئالاقىلىرىگە ئۇيغۇن تارىخىي ھادىسە بولغان.

ئىككىنچىدىن، مۇقام تۈركۈملىرى ۋە نەغمە شەكىللىرىنىڭ ناملىرىنى چۈشەنگەندە، ئۇنىڭ مۇزىكا ـ ئۇسسۇللۇق، ئەڭ مۇھىمى مۇزىكىلىق لاد تىزىلمىسىنى ئاچقۇچ قىلغان مۇۋاپىق.

ئۇنى ئېھتىمال سالجۇقىيلار دەۋرىدە مۇزىكىلىق لاد تىزىلمىسى (مەسىلەن، «دوگا»، «سىگا»، «چارگا»، «پەنجىگاھ») مۇزىكىلىق كۆتۈرۈلۈشى ياكى چۈشۈشى (مەسىلەن، «ئۇزال»، «بوم باياۋان»، «زىل باياۋان»)، ئۇسسۇللۇق شەكلى (مەسىلەن، «زەنگۇلە»، «سەنەم»، «جۇلا»)، شۇ خىل كۈينىڭ قەدىمكى نامى (مەسىلەن، «بايات»، «راك»)، شېئىرى بەھرى نامى (مەسىلەن، «ھىجاز»، «مۇستەھزات»)، يەر ناملىرى (مەسىلەن، «ئىراق»، «دولان مۇشاۋىرەك»، شەش مۇقامىدا «قەشقەرچە راك»)، مۇزىكىلىق تەسۋىرىي شەكلى (مەسىلەن، «ناۋا»)، ئەدەبىي تەسۋىرىي شەكلى (مەسىلەن، «ئۇششاق»، «ئەبۇچەشمە») ئاساسى بويىچە قويۇل قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى مۇقام ناملىرىنىڭ ئومۇملىشىشى دېگەنلىك بولۇپ، مۇقام ناملىرىنىڭ پەيدا بولۇشى دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە.

يەرلىك مۇقاملاردىكى «ھاي ـ ھاي ئۆلەن»، «دەردىڭ يامان» دېگەن ناملار، مېنىڭچە، شۇ خىل ناخشا ئوقۇلىدىغان مۇقامغا بېرىلگەن بىر بەلگە بولۇپ، مۇقام نامى بولمىسا كېرەك.

شۇنىسى روشەنكى، ھەربىر مىللەتنىڭ ئوخشاش نامدىكى مۇقاملىرى تۈپتىن پەرقلىق بولۇپ، ھەتتا ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامدىكى ھەربىر مۇقامنىڭ ئوخشاش ئىسىملىك نەغمە شەكىللىرىمۇ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. مۇقام ناملىرىدىكى ئوخشاشلىقىقا ھەيران بولۇش گۆدەكلىك، ئۇلارنى ئەرەب مۇزىكىلىرىنىڭ ۋارىيانتى دەپ بىلىش نادانلىق، خالاس. ئۇيغۇر مۇقاملىرى، ئۇ قانداق ئاتالغۇ بىلەن ئاتالسۇن، ئۇ چاڭئەندە ياكى باغدادتا ئوينالسۇن ئۆزىنىڭ پۈتۈن مەنبەسى ياكى ئېقىمى، پۈتۈن مۇجەسسەم گەۋدىسى ياكى بىرەر مېلودىيىلىك پارچىسى جەھەتتىن بولسۇن، پۈتۈنلەي ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكىلىق تەپەككۇرى، مىللىي روھىيىتى ۋە فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلۇغ خەزىنىسىدىن باشقا ھېچ نەرسە ئەمەس!

www.uyghurkitap.com

**ئون توققۇزىنچى، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ «مىراس گەۋدىسى» ۋە ئۇنى يېتەرلىك جارى قىلدۇرۇش**

ئېيتىش كېرەككى، تەرەققىيات بىلەن ئىسلاھات ھەرگىز ئاتالمىش «تۆت كونىنى بۇزۇش» ياكى ئۇنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتكەن ۋارىيانتى ئەمەس، ئۇ بارلىق مۇنەۋۋەر مىراسلارنى يېڭى دەۋرىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ئۇنى زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەنگلىيە خانلىق سارىيىنى، ئېلىمىزنىڭ خەلق سارىيىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بۇنداق سەنئەت ئەڭگۈشتىرىمىزنىڭ بولغانلىقىدىن ئىپتىخارلىنىشىمىز لازىم.

مېنىڭچە، «مىراس گەۋدە» تولۇق قېزىلىشى، تولۇق رەتلىنىشى، «ئوپېراتسىيە پىچىقى»نى يېقىن كەلتۈرۈلمەسلىكى كېرەك. بىزنىڭ ئۇنى «ئۆزگەرتىۋېتىش»، «ئالماشتۇرۇۋېتىش» ھوقۇقىمىز يوق، بولۇپمۇ مۇقاملارنىڭ مۇزىكىلىق تۈزۈلمىسىگە دەخلى قىلماسلىقىمىز كېرەك.

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ شېئىري تېكىستى تارىخنىڭ تاللىنىشىدىن ئۆتكەن، ئۇنىڭدا ئىككى تۈر بويىچە خەلق مۇقاملىرى تۈرىنىڭ تېكىستلىرى ۋە كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامنىڭ تېكىستلىرى بويىچە پەرقلىق مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. خەلق مۇقاملىرىنىڭ ئاساسىي تېكىستلىرى ھېكمەتلىك ۋە مۇھەببەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن كېلىپ چىققان. ئۇ خەلق مۇقام ـ مەشرەپلىرى ئىشتىراكچىلىرىغا چۈشىنىشلىك ئىبارىلەر بىلەن تۈزۈلگەن. كلاسسىك ئون ئىككى مۇقام ئەلىشىر نەۋائىي غەزەللىرىدىكى ھېكمەتلىك ۋە ئىشقىي مەزمۇنلارنى ئاساس قىلىپ، باشقا كلاسسىكلىرىمىزنىڭ غەزەللىرىدىن تاللىۋېلىنغان. ئۇ مۇھىمى ئوردا ھاياتىدا تېكىستلەشتۈرۈلگەن. ئۇ چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى

نۇقتىسىدىن چۈشىنىشلىك بولغان. بۇ تېكىستلەر ھازىرمۇ ئاساسەن چۈشىنىشلىك، كلاسسىك مۇقاملارنىڭ تېكىستلىرى خەلق مۇقاملىرىنىڭ تېكىستلىرىگە ئۆلچەم قىلىنمىغاندەك، خەلق مۇقاملىرىنىڭ تېكىستلىرىمۇ كلاسسىك مۇقاملارنىڭ تېكىستلىرىگە ئۆلچەم قىلىنمىغان. بۇ خەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى «بەيخۇا تىلى ئۇسلۇبى» ۋە «ۋېنيەن تىلى» ئۇسلۇبىدەك ئىككى تىل رېلىسى بولۇپ، ھەممە مەدەنىي مىللەتلەر مەدەنىيىتىدە بۇنداق ئىككى ھادىسە مەۋجۇت.

گەپ «چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى»غا كەلگەندە يەنە بىر قارىشىمنى ئاشكارا تىلغا ئېلىشنى لايىق تاپتىم.

بىرىنچىدىن، بۇ تىل ئۇيغۇر خەلق تىلى ۋە ئەدەبىي تىلىنىڭ تارىخىي شەكىللىرىدىن بىرى. ئىككىنچىدىن، بۇ تىل ھېچقانداق «چاغاتاي خان» تىلى، ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ تىلى، موڭغۇل تىلى بولماستىن، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ چاغاتاي خانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىكى ئېنىقراقى تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى مەدەنىيەت مۇھىتىدىكى تارىخىي راۋاجىدىن ئىبارەت. ئۈچىنچىدىن، بۇ تىل ئەرەبلەرنىڭ 8 — 9 - ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستىلا قىلغان ياكى سامانىيلارنىڭ ماۋرائۇننەھردىكى ھاكىمىيىتى دەۋرلىرىدە ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ كەلگەن ئەرەب - پارسچە تىل بىلەن ئۆز لۇغەت تەركىبىنى ئۆزگەرتىپ شەكىللەنگەن بولماستىن، بەلكى سوغدىلارنى ئۆزلەشتۈرگەن، سامانىيلارنى مۇنقەرز قىلغان، ئەرەبچە بىلەن تۈركچە تىل بەيگىگە چۈشكەن، تۈركىي مەدەنىيەت سالجۇقىيلار، ئىلخانىيلار، تۆمۈرىيلەر ئارقىلىق غەربىي ئاسىياغا كۆپلەپ تەسىر كۆرسەتكەن مۇھىتتىكى «يىپەك يولى» مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ ئەكس تەسىرى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. بۇ قانداقتۇر 8 — 9 - ئەسىرلەردىكى ئەرەب ۋە سامانىيلار ئۈستۈنلۈكىنىڭ يادنامىسى بولمىغان. تۆتىنچىدىن، ئەلىشىر نەۋائىي ئۆز زامانىسىدا يۈز بەرگەن بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇتۇپقا ئۆتۈپ كېتىش ھادىسىسىگە، بولۇپمۇ پارسچىنى تۈركىي تىلدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، ئانا تىلدا ئەدەبىي ئەسەر يېزىشنى خالىماسلىق ھادىسىسىگە قارشى «مۇھاكەمەتۇل ـ لۇغەتەين» ناملىق ئەسىرىنى يازغان.

مېنىڭچە، كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامدىكى ئايرىم تېكىستلەرنى مۇۋاپىق تەڭشەشنى چەكلىمىگەن ھالدا، كلاسسىك مۇقاملارنىڭ ئوردا ئۇسلۇبىنى، تارىخىي ھالىتىنى ۋە ئەسلىي تېكىستلىرىنى ساقلىغان ياخشى. دەرۋەقە، بىز «ئون ئىككى مۇقام» تېكىستلىرى تەقىب قىلىنغان، تېكىستلەر تۈپەيلى مۇقام مۇزىكىلىرىنى تۇردى ئاخۇن ئاكا ۋاقتىدىكى ئاددىي سىنغا ئېلىشتىن ياشلار ئاھاڭىدا ماگىنتوفون لېنتىلىرىغا ئېلىش ۋە مەيدانغا چىقىرىشقا مۇمكىنچىلىك بولغان ئېغىر سىياسىي ۋەزىيەتتە، تېكىستلەرنى كونا تېكىستلەرگە يېقىنلاشتۇرۇپ قايتا ئىشلەشكىمۇ تۇتۇندۇق، بۇ ئىلاجسىزلىقتىكى ئىلاج ئىدى، ھازىر ئۇنداق ۋەزىيەت مەۋجۇت ئەمەس.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ «مىراس گەۋدە» ھەرخىل ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ئارقىلىق كەڭ جارى قىلىنىشى، كەڭ تونۇشتۇرۇلۇشى، ئۇنىڭ مەشھۇرلۇقىنى ھەممە مەلۇماتلىق ئىنسانىيەت بىلىدىغان بولۇشى لازىم.

بۇ ئىككى نۇقتىدىن باشقا، يەنە «مىراس گەۋدە»دىن ئارىيەت ئېلىپ، تىياتىرلار، كونسېرتلار، سىمفونىيىلەر ئىشلەش مۇمكىن.

مانا بۇ ئۈچ نۇقتا ئۇلۇغ مەنىۋى قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ئېتىبارغا ئېلىنىشى كېرەك.

**يىگىرمىنچى، ئۇيغۇر مۇقاملىرى مائارىپى مەسىلىسى**

كەڭ مەنىدە، پۈتۈن جەمئىيەت ئۆزى تەلىم ـ تەربىيە ئۇيۇشمىسى بولۇشى لازىم، ئۇيغۇر مۇقاملىرى شۇ خىل تەلىم ـ

تەربىيىسىنىڭ مۇھىم قىسمى.

ئۇيغۇر خەلقى مەكتەپ ـ ئوردا ناغرىخانىلاردا ئۆگىنىش، پېشۋانى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگىنىش، خەلق مەشرەپلىرى ئارقىلىق ئۆگىنىشتىن ئىبارەت ئۇزاق مۇقام مائارىپى تارىخىي جەريانىنى بېسىپ كەلدى.

بۇگۈنكى كۈندە، مۇزىكا ـ سەنئەت ئالىي ياكى كەسپىي ئوقۇش يۇرتلىرىدا ئۇيغۇر مۇقاملىرى سەنئىتى دەرسى ئېچىشقا شەرت پىشىپ يېتىلدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ، مۇزىكا، ئەدەبىيات دەرسلىرىگە ئۇيغۇر مۇقاملىرى ھەققىدە بىلىم بېرىدىغان تېماتىك پاراگراف ياكى سەھىپىلەر قوشۇشقا بولىدۇ.

كلاسسىك ئون ئىككى مۇقام، يەرلىك خەلق مۇقاملىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن ئالاقىدار ۋىلايەت، ناھىيىلەر پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ شاگىرت تەربىيىلەش ئەنئەنىسىنى قوللىشى، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشى لازىم. بۇ بىرقەدەر ساپ، ئۈنۈملۈك، تارىخ ئىسپاتلىغان ئۇسۇل. ئۇلارنىڭ ئۇستاز ـ شاگىرت بولۇپ مۇقام ئېيتىپ «مەدەنىيەت بازىرى» ئېچىشىنى تۇسماي رىغبەتلەندۈرۈش مەنپەئەتلىك.

ياۋروپا مۇزىكىلىرى ئۆگەنگەن ئىقتىدار ئىگىلىرىنى ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتى ۋە تەربىيىسىگە جەلپ قىلىشمۇ ئۈنۈملۈك بىر خىزمەت.

پۈتۈن جەمئىيەتتە ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا بولغان ئىلمىي ئاڭ ۋە ئىلمىي چۈشەنچىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ھەر خىل ئەقىل سىناش پائالىيەتلىرى، مۇقام نەغمە شەكىللىرى بويىچە ناخشا ـ مۇزىكا مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈش، ماقالە ئېلان قىلىش قاتارلىق ئىجتىمائىي تەلىم پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

**يىگىرمە بىرىنچى، يەرلىك خەلق مۇقاملىرىنى جانلاندۇرۇش**

خەلق مۇقاملىرى كۆپىنچە يەرلىك ئادەت خاراكتېرى

ئالغان، ئۇنى شۇ جايدىكى چوڭ ـ كىچىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئەتىۋارلاپ ياخشى كۆرىدۇ.

يەرلىك خەلق مۇقاملىرى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئوق يىلتىزى، بۇنداق ئوق يىلتىز بولمىغاندا كلاسسىك ئون ئىككى مۇقام غولى قەد كېرىپ تۇرالمايدۇ. كلاسسىك مۇقاملارنىلا ئېتىراپ قىلىپ، خەلق مۇقاملىرىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان نۇقتىئىنەزەر ۋە خاھىش ماھىيەتتە غولىنى كۆرۈپ، ئوق يىلتىزنى كۆرمىگەنلىك!

ئېيتىش كېرەككى، ئاشلىق ۋە پاختىنى كۆرۈپ، مەنىۋى مەدەنىيەتنى كۆرمەسلىكمۇ، شۇ خىل قاراش بىلەن خەلقنىڭ روھىيەت خەزىنىسى بولغان مۇقام پائالىيىتىنى بىر چەتكە، ئېتىبارسىز ئورۇنغا قايرىپ قويۇشمۇ خۇددى «كونا توپا ئوغۇت»نى دەپ «مىڭئۆي» يادىكارلىقلىرىنى بۇزغاندەك، بىرەر قېتىملىق مول ھوسۇلنى دەپ مەڭگۈلۈك مۇز تاغلارغا زەخمەت سالغاندەك نادانلىقتۇر. يېمەك ـ ئىچمەك شۇ يىلى، بىرقانچە يىل ئىچىدە ئوغۇتقا ئايلىنىپ كېتىدۇ، ئەمما مەنىۋى بايلىق مىللەتنىڭ ئۆلمەس روھىي مىراسىدۇر.

يەرلىك مەشرەپلەر، ھەر خىل مۇقام پائالىيەتلىرىنى كەڭ رىغبەتلەندۇرمەي تۇرۇپ، خەلق مۇقاملىرىنىڭ تۇۋۇگە سۇ قۇيغىلى، مېۋىسىنى پەرۋىش قىلغىلى بولمايدۇ. مېنىڭچە، ناھىيىلەردىكى سەنئەت بايراملىرىنى، نوروز ئايەملىرىنى خەلق مۇقاملىرىنىڭ ئاممىۋى سەيلىسىگە ئۆزگەرتىش كېرەك.

## يىگىرمە ئىككىنچى، كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئويۇن كۆرستىشتىكى قىممىتى

يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئون ئىككى مۇقام مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا بىرقانچە قېتىم ئورۇندىلىپ، زور تەسىر، ھەتتا زىلزىلە قوزغىدى. ئۇ بارغانسېرى تېخىمۇ ناتونۇش ئۆلكە، رايون ۋە مەملىكەتلەردە كۆرستىلگۈسى.

ئون ئىككى مۇقام ئۇيغۇر كلاسسىك سەنئەت مۇجەسسەمى سۈپىتىدە سەھنىلەردە داۋاملىق ئوينىلىپ، دۇنياغا ۋە كەلگۈسىگە يۈزلىنىشتە غايەت زور پەخىر - ئىپتىخار قىممىتىگە ئىگە بولىدى. بۇ بىزدىن تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتكە ئايرىمچە زىللىق بىلەن دىققەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ:

ئون ئىككى مۇقام كىيىنىش، جاھاز - دېكوراتسىيىسى جەھەتتە تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، ئۇنىڭ ئوردا تۇرمۇش تەلەپلىرى ھازىرقى ئېستېتىكىلىق تەلەپكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلۇشى لازىم.

ئون ئىككى مۇقام سەھنىدە ناخشىلىق مۇزىكىلار بىلەن ئورۇندالغاندا، بولۇپمۇ ھېكمەتلىك تېكىستلەر ئوقۇلغاندا، ئۇنىڭ ئىبارىلىرى ئېنىق، سىماتىك - مەنىدارلىقى تەسىرلىك بولۇشى، مەنە ئاھاڭغا غەرق بولىدىغان ئەھۋالنىڭ يۈز بەرمەسلىكى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئۇسسۇل، مۇزىكا، شېئىر ئوخشىمىغان مەنىدارلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتلەر مەنىدارلىققا ئىگە بولۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە پۈتۈن ئۇسسۇل ئويناشقا بولىدىغان رىتىمدار ناخشا - مۇزىكىلاردا ناخشا - مۇزىكا مەنىدارلىقىنى ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتلەرگە غەرق قىلىۋەتمىگەن تۈزۈك. شۇنداق قىلىپ، چوڭ نەغمە، داستان نەغمە، مەشرەپ نەغمىلىرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇللارمۇ پەرقلەندۈرۈلگىنى ياخشى.

**يىگىرمە ئۈچىنچى، مۇقاملاردا مىللىي چالغۇلارنىڭ ئەھمىيىتى**

ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۇزاق تەرەققىيات جەريانىدا ئۇيغۇر چالغۇ قوراللىرىنىڭ گۈزەل ناۋاسىغا يۆلەندى، گەرچە بۇ چالغۇ قوراللار بىر - بىرلەپ ئۆزگەرگەن ياكى ئىسلاھ قىلىنىپ، ھازىرقى ھالەتكە كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ ئۆز تەرەققىياتىدا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى چالغۇلارنىڭ گۈزەل، يېقىملىق ئاۋاز تۈسىنى ئىزچىللاشتۇرغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

هازىرقى زامان چالغۇلىرى ئومۇمەن ئىككى خىل بولۇپ، بىرى ياۋروپا چالغۇلىرى، يەنە بىرى ئېلېكترونلۇق چالغۇلار. ھەر ئىككىسى ئەڭ ئىنچىكە (چارەك ئەشمىشكە) تاۋۇشلارغا ئېتىبار بەرمىگەن. مۇھىمى، تاۋۇش چىقىرىش كۆچىگە كۆچەپ ئىشلەنگەن.

مېنىڭچە، مىللىي چالغۇلار كولۇبلارغا ئەمەس، ئۆي - خانىلارغا لايىق ئىشلەنگەن بولۇپ، تاۋۇش ئومۇمەن نىسبەتەن تۆۋەن بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىگە خاس تۇسكە، خاراكتېرگە ئىگە. ئېتنولوگىيىلىك مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن چالغۇلارنىڭ ياڭراقلىق دەرىجىسى ئەمەس، بەلكى مىللىي مۇزىكىلىق ئاۋاز چىقىرىش خاراكتېرى ئاساسىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇ مۇقام چالغۇلىرىنى ئىشلەتكەندە ياكى ئىسلاھ قىلىپ ئىشلەتكەندە، ئۇنىڭ ياۋروپا ئۇسلۇبىغا يېقىن بولۇشىنى ئەمەس، ئەنئەنىۋى ئاۋاز تۇسىنى مىزان قىلىش لازىم دېگەن سۆز.

### يىگىرمە تۆتىنچى، ئۇيغۇر مۇقاملىرى تەتقىقاتى مەسىلىلىرى

مۇقاملار تەتقىقاتىدا بىۋاسىتە مەنبەنىڭ كەملىكى، يېقىنقى بىرقانچە ئەسىردىن بېرىقى يازما مەنبەلەرنىڭ ئېيدىتلىق ئەمەسلىكى ئېغىر قىيىنچىلىق پەيدا قىلىشى تۇرغان گەپ. بۇنى ئاز دەپ چاكىنا قەلەمكەشلەر ئۆزى بىلگەنچە مۇھاكىمىلەر بىلەن مۇقام تەتقىقاتىدىكى مۇشكۈللۈكنى كۆپەيتىۋەتتى.

مېنىڭچە، مۇقام تەتقىقاتىدا بىۋاسىتە خەلق مۇقاملىرىدىن ئۆگىنىش، پۈتۈن يازما ماتېرىياللارنى توپلاش، مۇزىكا - ئۇسسۇلغا دائىر رەسىم، قونچاق، نوتا، شېئىرلارنى توپلاپ مۇھاكىمە قىلىش، تارىخنى ئۈزۈپ قويماسلىق، مىللەتنى تەنھا ئېلىپ قارىماسلىق، قاتلاملىق ۋە ئىزچىللىق قاراش پرىنسىپىنى قوللىنىش، سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىش، چىگىش ۋە ئېنىقسىز مەسىلىلەرگە ئالدىراپ ھۆكۈم قىلماسلىق، چەتلەپ ئۆتمەي، ئىزدىنىشنى

گەۋدىلەندۈرۈش قاتارلىقلار ئۇنۇملۇك تەتقىقات ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

*　　　*　　　*

ئۇيغۇر مۇقاملىرى بىقىياس خەزىنە، ئۇ ھەر قېتىم قايتا نەزەر سالغاندا يېڭى - يېڭى مۇئەممالار بىلەن بىزنى قىزىقتۇرۇپ تۇرىدۇ، ئون ئىككى مۇقامغا دائىر يۇقىرىدىكى 24 مەسىلە پەقەت ئۇنىڭ ئەڭ ئومۇمىي تېماتىك مەسىلىلىرى بولۇپ، بۇنىڭ ھەربىرى كۆپ قاتلاملىق ماۋزۇدۇر. ئىشىنىمەنكى، ئۇ مۇقام تەتقىقاتىمىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى مەنزىرىسىنى يورۇتۇشتا بىر ياخشى مەسلىھەت، خالاس!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تۆت چوڭ ئارتۇقچىلىقى توغرىسىدا

مۇقام ھادىسىسى نوقۇل مۇزىكىلىق ھادىسە بولماستىن، بەلكى مۇزىكا (جۈملىدىن ناخشا)، ئۇسسۇل، تىياتىر، شېئىرىيەت قاتارلىق بىر قاتار سەنئەت تۈرلىرىدىن مۇجەسسەم بولغان ئىدېئولوگىيىلىك سەنئەت ھادىسىسىدىن ئىبارەت.

مۇقام ھادىسىسى نوقۇل سەنئەت ھادىسىسى بولماستىن، ئۇ سەنئەت، پەلسەپە (جۈملىدىن ئېتىقاد)، ئەخلاق قاتارلىق بىر قاتار مەدەنىيەت تۈرلىرىدىن مۇجەسسەم بولغان ئېتنولوگىيىلىك مەدەنىيەت ھادىسىسىدىن ئىبارەت.

ھازىرقى زامان بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ يېڭى ئۇتۇقى بولغان «ئۇچۇر نەزەرىيىسى» بىزگە مۇنداق ئىككى نەرسىنى ئۇقتۇرۇپ تۇرماقتا: بۇنىڭ بىرىنچىسى: ھەرقانداق تارىخ زامان كاتېگورىيىسى جەھەتتىن پۈتۈنلەي «ئۆلگەن»، «ئۆتمۈشكە ئايلانغان»، «مۇزېيغا كىرىپ تۈگىگەن» نەرسە ئەمەس، ئۇنىڭ بىر قىسمى، ئۇنىڭ ۋەقەلىك ياكى ھادىسىلىق شەكلى ئۆتمۈش شەكلىگە كىرىپ، تارىخنىڭ راۋان دەرياسىدا چۆكمە ھاسىل قىلغان بولىدۇ، ئۇنىڭ يەنە بىر قىسمى، ئۇنىڭ تەجرىبە ياكى مەدەنىيەت شەكلى پۈتۈنلەي ئۆتمۈش شەكلىگە كىرمەستىن، بەلكى بۈگۈنكى، ئەتىكى رېئاللىقنىڭ ئۇلى، خۇرۇچى، تەركىبىي قىسمى، ئەنئەنىۋى داۋامى بولۇپ ياشايدۇ. بۇنىڭ ئىككىنچىسى: ھەرقانداق مەدەنىيەت ياكى مەدەنىيەت گەۋدىسى ماكان

كاتېگورىيىسى جەھەتتە بىر پۈتۈن بولىدۇ، بىر پۈتۈن ئۈچۈر قىممىتىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر قىسمى، تارمىقى، شاخاپچىسى پەقەت مۇشۇ بىر قىسىملىق، تارمىقلىق، شاخاپچىلىك قىممىتىگە (ئۈچۈر قىممىتىگە) ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن ئۈچۈر قىممىتىگە ئىگە بولغان بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ گېنىسىئولوگىيىلىك (پەيدا بولۇش جەھەتتىلىك) مەنبەلىرى تېخى ھايات، ئۇنىڭ ئېقىنلىرى تېخى راۋان، دېگەن خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن ئۇيغۇر مۇقاملىرى، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ھەربىر مۇزىكىلىق قۇرۇلما، ئۇسۇل كارتىنىلىرى رىتىمدارلىق، شېئىرىي مەزمۇن قاتارلىقلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلب تارىخى، ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ تولۇق مەنزىرىلىك تارىخىي ئۈچۈرى، ئۇيغۇرلارغا خاس فولكلور خەزىنىسى، دېگەن خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ئىككى خۇلاسە ئاساسىدا، ئىلمىي ھۆكۈم نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇر كرىستالى ۋە روھىيەت تارىخىي دەستۇرى، خەلق سەنئىتىنىڭ ھەممە ئالاھىدىلىكلىرى مۇجەسسەملەشكەن فولكلور مەدەنىيەت قەسىدىسى، ئەسىرلەر داۋامىدا ئىنچىل ياڭراپ كەلگەن جانلىق ئەلنەغمە مەكتىپى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان مۇتەپەككۇر، ئەدىب، سەنئەتكار، تۆھپىكار ئۇستازلارنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ كەلگەن تارىخ كارىدورى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ رېئاللىق، كەلگۈسى ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە تۇتىشىدىغان روھىيەت كۆۋرۈكى ۋە قانىتى، دەپ ئاتاش مۇمكىن. يۇقىرىقىلار ئاساسىدا يەنە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تېرەن مەنبەگە، ئۇزاق ئېقىمغا، گۈزەل گەۋدىگە ۋە يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولۇشتەك تۆت چوڭ ئارتۇقچىلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشمۇ تەس ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 1

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ بىرىنچى ئارتۇقچىلىقى ــــ ئۇنىڭ تېرەن مەنبەگە ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت.

گېنېزىئولوگىيە نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ بىرىنچى ئۆستۈرمىسى (خۇرۇچى) ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ مەيدانىغا كېلىشىدىن باشلانغان. بۇنى ئاددىي سۆز بىلەن ئېيتقاندا، «ئۇرۇقنىڭ ئىچىدە ئۇرۇق بولغان» ياكى «ئۇرۇقنىڭ ئالدىدا ئۇرۇق بولغان». مۇقاملارنىڭ تۇر، تۈركۈملىرى ۋە ئىدىيىسى گەرچە فارابىي ۋە ئىبنى سىنادىن باشلانغان «پەردە»، «كۈي»، «تەركىبات» ئىبارىسىدىن كېيىن 13 ـ ئەسىردە ياشىغان سەفىئوددىن ئابدۇلمۆمىن ئەل ئۇرمەۋى تەرىپىدىن رەسمىي «مۇقام» شەكلىدە تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما مىلادىيەدىن ئىلگىرى غەربىي دىيارغا كەلگەن جاڭ چيەننىڭ ئۇچۇر بېرىشىچە، قۇمۇلدىلا «ماھادۇر» (ئۇلۇغ كۈي) بولغان. بۇنداق چوڭ نەغمە مۇجەسسەملىرى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى نەغمە ياكى ئىپتىدائىي فولكلورلۇق سەنئەتنى گېنېزىئولوگىيىلىك ئۆستۈرمە قىلغان. بۇ ئەمەلىيەتتە، تەخمىنەن گرېكلاردا دىئونىس بايراملىرى ئوينالغان ۋاقىتلاردا مۇقامنىڭ يىراق ئەجدادلىرى قائىدىلىك سەيلە ـ بەزمە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، مۇشۇنداق ئېتنىك تۇرمۇشتىكى قانۇنىيەتلىك پائالىيەت ئاساسىدا ئېتنىك مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئاپىرىدە بولغان، دېگەن سۆز.

بىز ئۇيغۇر مۇزىكا فولكلورىنىڭ «مۇقام» ئىبارىسى بىلەن تامغىلانغان ۋاقتىنى بۇ خىل مۇقام ھادىسىسىنىڭ باشلانغان ۋاقتى دەپ ئاتاشنىڭ گۆدەكلىك ۋە ئىلمىي ـ پەنگە زىت قاراش ئىكەنلىكىنى، «مۇقام» ئىبارىسىنىڭ ئەرەب تىلىدىكى «مۇقامەت» (جۇغلانما) ئىبارىسىدىن ئېلىنغانلىقىنى، بۇ خىل

مۇقام ھادىسىسىنىڭ گېنسىئولوگىيىلىك مەيدانغا كېلىشى دەپ قاراشنىڭ بىمەنە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيمىز.

مۇقاملار ئۇستىدىكى تارىخىي خاراكتېرلىك، كۆپ قاتلاملىق سېلىشتۇرۇش نەتىجىلىرى شۇنى كۆرسەتتىكى، ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئېنىق يازما مەنبەلەر بويىچە ھەممە مۇقام سىستېمىلىرى ئىچىدە يېپەك يولى ۋە شەرق مۇزىكىچىلىق تارىخىدىكى تارىخىي قاتلىمى ئەڭ تېرەن مەنبەلىك مۇقام بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 2

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئىككىنچى چوڭ ئارتۇقچىلىقى — ئۇنىڭ ئۇزاق تارىخىي ئېقىمىنى بېسىپ داۋاملاشقان ھاياتىي ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت.

بىز ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ راۋاجلىنىشىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن مىللەتلىك تارىخنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ تارىخ يېپەك يولىدىن، مىلادىيەدىن كۆپ ئىلگىرى باشلانغان. ئېيتىش كېرەككى، يول پىيادە قەدەم بىلەن، خەلقئارا يول تارىختا «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» دەپ ئاتالغان ياۋروپا ـ ئاسىيا بويلاپ تەكرارلىنىپ تۇرغان ئات ۋە ھارۋا قاتنىشى بىلەن باشلانغان. ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بولغان سومېر سىكتاي — ماسساگېت ـ ساكلار شىمالىي يېرىم شارنىڭ مەركىزىي ئاسىيانى مەركەز قىلغان سوغۇق بەلۋاغدا ئەڭ دەسلەپكى ئوت ـ گۈلخان، ئوقيا ـ قالقان، ئات ـ ھارۋا ۋە مەي ـ بەزمىدىن ئىبارەت ئىپتىدائىي تۆت ئۇلۇغ كەشپىياتنى ئىختىرا قىلغان. ئاتلىقلار مەدەنىيىتى گرېك مەدەنىيىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى تېزلەتكەن. گرېكلارنىڭ ئىسكەندەر باشچىلىقىدا شەرققە يۈرۈشى بىلەن ئۇلۇغ ياۋچى ۋە ساكلارنىڭ

غەربكە كۆچۈشى كۇمشان (كۇشامشان) مەدەنىيىتى شەكىللەندۈرگەن، يىپەك يولى ۋە غەربىي دىيار مەدەنىيىتى بىلەن جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى مىسىنكىرتىزم ھادىسىسى سۈي - تاڭ مەدەنىيىتىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن.

ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۇيغۇر ئەجدادلىرى چەتتە قالمىغان بۇ جەرياندا گىرېكلاردىكى «دۇرس» (دۇر) مۇزىكىلىرىغا، خەن دەۋرىدىكى لى يەننيەن ئىشلىگەن مۇزىكىلارغا، شىمالىي سۇلالىلەردىن ۋېي، چى خانلىقلىرى مۇزىكىلىرىغا، سۈي - تاڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇ جەرياندا ۋىدۇساكا، سۇجۇپ، ماندا ئاقارى (ئاقارى ماندا)، بويلاشانغۇ قاتارلىق مۇزىكانتلار - مۇقامچىلار مەيدانغا كەلدى. «ماھادۇر»، «ئېۋىرغول»، «قۇچۇ»، «كۇسەن»، «سۇلىپ» قاتارلىق چوڭ نەغمىلەر راسا شۆھرەت قازاندى.

فارابىي ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى ئىبنى سىنا، ئەلىشىر نەۋائىي، قىدىرخان، ئامانىساخان قاتارلىق مۇزىكانتلار، مۇقامچىلار ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى تەرەققىياتى، تارقىلىشى ۋە رەتلىنىشىگە ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشتى.

ئېيتىش كېرەككى، ئىپتىدائىي دەۋر، بوستان، قەلئەلەر دەۋرى، خەن، تاڭ دەۋرىدىن كېيىن ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئەرەب دۇنياسىغا تارقالدى. بۇ چاغدا ئەرەب خەلىپىلىكى «سالجۇقىيلار مەدەنىيىتى» ھادىسىسىگە غەرق بولغانىدى. بۇ ھال ئۇيغۇر ۋە تۈرك مۇقاملىرىنىڭ ئەرەبچە ئىبارىلەرنى قوبۇل قىلىشى بەدىلىگە غەربىي ئاسىيادا «مۇقام ھادىسىسى»نى شەكىللەندۈردى. بۇ جايلاردىكى ئەنئەنىۋى مۇزىكىلار كۇيلەر تەرتىپى بويىچە بىر يۈرۈشلەشتۈرۈلۈپ، ھەممىگە ئورتاق مۇقام «مەقام» ئىبارىسى بىلەن تامغىلاندى. سالجۇقىيلارنىڭ ئىزىدىن بېسىپ مەيدانغا كەلگەن تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە ئون ئىككى مۇقام مۇزىكا سىستېمىسى راسا گۈللەندى ۋە مۇزىكا رىسالىلىرى كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى.

يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى، چەت ئەل مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، مىللىي بېكىنمىچىلىك ۋە تارقاقلىق ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردە بىر قاتار خەلقلەرنىڭ مۇقام مۇزىكىلىرى يوقالدى ياكى پارچىلىنىپ كەتتى. ئەمما، ئۇيغۇر خەلق مۇقاملىرى داۋاملىق ساقلاندى. خەلق مەشرەپلىرى توختاپ قالمىدى. مەرىپەتپەرۋەر مىللىي ئەرباب سۇلتان ئابدۇرېشىتخان رىياسەتچىلىكىدە ئامانىساخان، قىدىرخان قاتارلىق مەدەنىيەت قەھرىمانلىرىنىڭ پىداكارلىقى بىلەن ئەنئەنىۋى ئون ئىككى مۇقام ھازىرقى كلاسسىك شەكىلدە رەتلەپ تۇرغۇزۇلدى. بۇ، ماھىيەتتە ئۇيغۇر خەلقى مىللىي مەدەنىيىتى ۋە فولكلورىدا چاقنىغان نۇر ئىدى.

## 3

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئۈچىنچى ئارتۇقچىلىقى ئۇنىڭ گۈزەل گەۋدە، پۇختا تۈزۈلمىگە ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ يىلتىزى تېرەن، ئېقىمى ئۇزۇن بولۇشى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ كۆپ مىقدار، يۇقىرى سۈپەتلىك بولۇشىغا ئاساس سالغانىدى.

ئۇيغۇر مۇقاملىرى (خەن، تاڭ دەۋرىدىكى مۇقاملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) باشتىلا مۇزىكىلىق، ناخشىلىق مۇقەددىمە، مۇزىكا ـ ناخشىلىق، مۇزىكىلىق، مۇزىكا ـ ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق بولۇشتەك كۆپ تەركىبلىك ئىدى. بۇ ھال ھازىرقى قۇمۇل، تۇرپان، دولان مۇقاملىرىدا، كورلا، كۇچا، قەشقەر، قاغىلىق، ئىلى سەنەملىرىدە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامنىڭ «چوڭ نەغمە» قىسمىدىمۇ بۇ خۇسۇسىيەتلەر ساقلانغان. ئۇيغۇر مۇقاملىرى (خەلق مەشرەپ، سەنەملىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئومۇمەن بىر پەلسەپىلىك باشلىنىش كۈيىدىن كېيىنلا ئاساسەن خەلق ئاھاڭلىرى (خەلق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى) تۈركۈمى شەكلىدە داۋاملىشىدۇ.

ئۇيغۇر مۇقاملىرى، بولۇپمۇ ئون ئىككى مۇقام مۇزىكا مېلودىيىسى، سۆيەت جەھەتتە ئىنتايىن گۈزەل، مەلۇمكى، ئۇيغۇرلاردا تىل ئىبارىسىنىڭ ئۈزۈنراق بولۇشى ئۈزۈن تىل ـ ئىبارىلىق ئاۋازلارنىڭ ئەۋرىشىم، رىتىمدار بولۇشىنى شەكىللەندۈرگەن. مۇنداق ئۈزۈنراق ئەۋرىشىم، رىتىمدار ئاۋاز مېلودىيىسى تارىلىق چالغۇلار (بەرباپ، ساتار، قالۇن، غېجەك، راۋاب، تەمبۇر)غا ماسلاشقان بولۇپ، چالغۇلار (بەرباپ، ساتار، قالۇن، غېجەك، راۋاب، تەمبۇر)غا ماسلاشقان بولۇپ، چالغۇ گۈزەللىكىنى (ئورۇنداش گۈزەللىكىنى) هاسىل قىلغان. ناخشا تېكىستلىرىنىڭ كەڭ ۋە تېرەنلىكى، ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنىڭ نازۇك ـ نەپىسلىكى مۇزىكا گۈزەللىكى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن. مانا بۇلار ئۇيغۇر مۇقام نەغمىلىرىنىڭ سۆي، تاڭ دەۋرلىرىدىلا «ساماۋى كۈي» دەپ تەرىپلىنىشىگە، چاۋشيەن، ياپونىيىلەرگە تارقىلىشىغا سەۋەبچى بولغان.

## 4

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تۆتىنچى ئارتۇقچىلىقى ــ ئۇنىڭ يۇقىرى قىممەتلىك جاۋاھىرلىقىدىن ئىبارەت.

زوقلىنىش نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا نەزەر تاشلىساق، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەجدادلىرى جاپالىق ئەمگەك داۋامىدا ياراتقان، قانلىق كۆرەشلەردە قوغدىغان، ئۆز تارىخىنى، ئۆز قەلبىنى، مىللىي روھىيىتىنى، ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئۇلۇغ خەزىنە ۋە جانلىق دارىلفۇنۇن ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. دېمەك، ئۇ ئۇيغۇر خەلقى تونۇلغان كىشىلىك پەلسەپىسىنىڭ شېئىرىي، مۇزىكىلىق، ئۇسسۇللۇق باياني. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىگە خاس مىللىي خاراكتېر ۋە پسىخىك كۈچىنىڭ مۇزىكىلاشقان پوئېزىيىسى؛ ئۇ ئۇيغۇر خەلقى

جەمئىيەت شەكلى ئەنئەنىسى، جامائەتچىلىك قائىدە ـ يوسۇنلىرى، ئىپتىك تۇرمۇش ئۆزگىچىلىكلىرىنىڭ دۇردانىلىرىدىن قوپۇرۇلغان غايەت زور تۇرمۇش قەسىدىسى، ئۇ ئىنسانىيەت، ئىلىم ـ مەرىپەت، غايە ـ ئەخلاق، دوستلۇق، مۇھەببەت، ساداقەت، ياشاش (ھاياتلىق)، گۈزەللىك ۋە سەنئەت ھەققىدە ناۋا قىلىدىغان مۇزىكا شەكلىدىكى «قۇتادغۇ بىلىك» ئۈنىڭ تارلىرى دىل تارىسىنى تىترىتىپ، شېئىرلىرى پىكىر يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، سوۋۇپ قالساق قىزدۇرىدۇ، قىزىپ كەتسەك ھاي بېرىدۇ. يۈرتۋازلىق، گۇرۇھۋازلىق، شۆھرەتپەرەسلىك، ئىغۋاگەرچىلىك، ئىككى يۈزلىمىچىلىك، ھەسەتخورلۇق، روھىي گادايلىق، تەنتەكلىك، ھاماقەتلىك ئىللەتلىرىمىزگە نەسىھەت، مەسخىرە ياغدۇرىدۇ، مەلھەم بېرىدۇ. راستىمنى ئېيتسام، مەن يېرىم ئەسىردىن بېرى ھېچقانداق كىتاب، تاماق، ئىچىملىك، سەنئەت ۋە راھەت تۇرلىرى ئىچىدە مۇقام لەززىتىدەك لەززەتلەرنى كۆرگەن ئەمەسمەن!

1992 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ۋېنىتسىيىلىك ماركوپولو ۋە شەرق مەدەنىيىتى

ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخى قانداقتۇر نوقۇل شەرق ياكى نوقۇل غەرب خەلقلىرىنىڭ مەھەللىي سەمەرىسى بولماستىن، بەلكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا ياشىغۇچى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە بىلىش ئەمەلىيىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. شەرق ۋە غەرب مىللەتلىرى تارىخىنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەۋرلىرىدە ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىغا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆز ھەسسىلىرىنى قوشۇپ كەلگەن.

ئېلىمىز جۇڭگو، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان، مىسوپوتامىيە، مىسىر، گرېتسىيە ۋە رىم جاھان مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئوچاقلىرى بولغانىدى. رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاكىتىدىن كېيىن ياۋروپا خرىستىئان دىنى ھاكىمىيەتلەقلىقى شارائىتىدا ئىلگىرىكى گرېتسىيە ۋە رىم مەدەنىيىتى مەنزىرىسىدىن يىراقلىشىپ نادانلىق ئۇيقۇسىغا چۆكتى. شەرقتە كوشان مەدەنىيىتى، ئېلىمىزنىڭ سۇي ـ تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە مەيدانغا چىققان گۈللەنگەن ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتى، ئەرەب خەلىپىلىكلىرى ئىستىلا قىلغان رايونلاردا بارلىققا كەلگەن «ئەرەب مەدەنىيىتى» ئەينى زامان شەرق مەدەنىيىتىنى ياۋروپا مەدەنىيىتىدىن ئۈستۈن مەۋقەگە ئېرىشتۈرگەنىدى. بۇ ھال تاكى ئىسلام ـ خرىستىئان ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن سەلىب ئۇرۇشلىرى ۋە ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشىغىچە سوزۇلدى.

ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. ئەمما، نادانلىق ۋە چېركاۋ ھاكىممۇتلەقلىقى غەپلەت ئۇيقۇسىدىكى ياۋروپا ئەللىرى شەرق خەلقلىرىنىڭ مۇنداق نۇرانە مەدەنىيەت گۈلىستانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ماركوپولو (1254 ــ 1322 يىللار) ئۆزىنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك جۇڭگو ساياھىتى ۋە غايەت زور يېڭىلىق بېشارىتى بولغان «ماركوپولو ساياھەتنامىسى» ناملىق تۆت توملۇق ئەسەر ئارقىلىق مۇنداق خەۋەرسىزلىككە بەرھەم بەردى. ماركوپولو شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئىشىكىنى ئاچقان تۇنجى ياۋروپالىق سۈپىتىدە ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىش تارىخىدا، بولۇپمۇ غەربلىكلەرنىڭ جۇڭگو ۋە شەرق مەدەنىيىتىنى بىلىش تارىخىدا كۆرۈنگەن تارىخىي نامايەندە بولۇپ قالدى. غەرب جۇغراپىيىچىلىرى ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاساسلىنىپ دەسلەپكى «دۇنيا خەرىتىسى»نى سىزىشتى، ئاتاقلىق ساياھەتچى كولومبى ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىدىن ئىلھاملىنىپ، جۇڭگو ۋە ھىندىستانغا قاراپ يولغا چىقىپ، كۈتۈلمىگەن ھالەتتە يېڭى قىتئە ــ ئامېرىكىنى «كەشىپ» قىلدى.

جۇڭگو ـ ئىتالىيە بىرلىشىپ ئىشلىگەن رەڭلىك ھېكايە فىلىم «ماركوپولو» ماركوپولونىڭ جۇڭگوغا قىلغان ساياھىتى، قۇبلايخان ھۆزۈرىدىكى پائالىيىتى ۋە ئۆز يۇرتى ۋېنېتسىيىگە قايتىشتىكى ئۆلگىلىك تارىخىي ۋەقەلەرنى سۇژېت قىلغان ھالدا، غەربىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ «ئەقىل ـ ئىدراكنىڭ چەمبىرىكى»، «ئاجايىپ ـ غارايىپ مەدەنىيەتلىك دۇنيا» بولغان جۇڭگو ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشۇش جەريانىنى ئوبرازلاشتۇرغان.

ھېكايە فىلىم ئۆز يۇرتىغا قايتقان ماركوپولونىڭ 1298 ـ يىلى 7 ـ سېنتەبىردە گىنويە تۈرمىسىگە چۈشۈپ قالغانلىقى بىلەن باشلىنىپ، 1299 ـ يىلى ئاۋغۇستتا گۇناھسىز

ھېسابلىنىپ قويۇپ بېرىلگەنلىكى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ۋېنېتسىيە بىلەن گېنويە ئىتالىيىدىكى ئىككى شەھەر خانلىقى بولۇپ، سودا مەنپەئەتى توقۇنۇشى تۈپەيلى ئۇرۇشقانىدى.

ھېكايە فىلىم باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش ۋاقتىدا، ماركوپولونىڭ تۈرمىدىشى، ئۇنىڭ ساياھەتنامىسىنى يېزىپ چىققان پىسالىق تەرەققىيپەرۋەر يازغۇچى روستكايلو كۆزگە تاشلىنىدۇ. روستكايلو يالغۇز ماركوپولو ساياھەت خاتىرىلىرىنى فرانسۇز يېزىقىدا خاتىرىلەپ يېزىپ چىققۇچىلا ئەمەس، يەنە ئۇ ھەققانىيەتنىڭ، مەدەنىيەتنىڭ، خەلقلەر دوستلۇقىنىڭ ھامىيسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. ئۇنىڭ يالقۇنلۇق سۆزلىرى ھېكايە فىلىم مەزمۇنىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقان.

ھېكايە فىلىم «ماركوپولو» تۆت قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، «ماركوپولو ساياھەتنامىسى» تۆت تومىدىكى ئەينى زامان ئۇچۇن «ئاجايىپ ـ غارايىپ دۇنيا» ۋەقەلىكلىرىدىن تاللانغان.

ئۇنىڭ «ۋېنېتسىيىدىن ئايرىلىش» دېگەن 1 ـ قىسمى 17 ياشلىق ماركوپولونىڭ دادىسى ۋە تاغىسى بىلەن ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، ئېروسالىم (قۇددۇس)غا بارىدىغان يول ئۈستىدىكى ئەھلى سەلب ۋە ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى قوراللىق توقۇنۇشلار، سەھرايى كەبىر رىيازەتلىرىنى تەسۋىرلەشكە بېغىشلانغان. بۇ قىسىم ياش ماركونىڭ خرىستىئان ئېتىقادى، مىللى بىر تەرەپلىمىلىك كۆزقاراشلىرى ۋە ئەھلى سەلب قوشۇنىغا بولغان ئىشەنچىدە زور گۇمان پەيدا بولغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

«شەرققە سەپەر» دېگەن 2 ـ قىسمى ھورمۇس پورتىدىكى ۋابا، ئىران تۈپرىقىدىكى چۆل ـ جەزىرىلەر، قارلىق تاغلاردىكى مۈشكۈللۈكلەر ۋە چەكسىز تارىم ئويمانلىقىنى كېزىپ گەنسۇ يايلىقىغا كېلىپ، بىكتۇ قەبىلىسىنىڭ ياردىمىدە ھەشەمەتلىك يازلىق ئوردىدا قۇبلايخاننىڭ كۈتۈۋېلىشىغا نائىل بولغانلىقى، ئۇنىڭ قۇبلايخان ۋە شاھزادە جېنجىنىنىڭ سۆيۈملۈك ئادىمىگە ئايلانغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ.

«جۇڭگولۇقلار» دېگەن 3 ـ قىسمى ماركونىڭ جۇڭگودىكى

ھاياتى، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى، قۇبلاينىڭ ياپونغا يۈرۈش قىلىش پىلانىنىڭ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشى، بولۇپمۇ ماركونىڭ ياڭجۇ شەھىرىدىكى خىزمەت ئۆتەش مەزگىلىدە جۇڭگو مەدەنىيىتى ۋە ئەمگەكچى خەلقى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە ئۆتكەنلىكى قاتارلىقلارنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

«ئاخىرقى سەپەر» دېگەن 4 ـ قىسمى قىسمەن 3 ـ قىسمىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە ماركونىڭ ياڭجۇدىكى ھاياتىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئېزىلگەن خەنزۇ ئەمگەكچىلىرىنىڭ تاۋۇز چاغىنىدىن پايدىلىنىپ زوراۋانلىققا قارشى كۆتۈرۈلۈشكە بولغان خەيرخاھلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇ قىسىمدا يەنە قۇبلەيخاننىڭ نايان قەبىلىسى قوزغىغان توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇشتىكى پائالىيەتلىرى ۋە ماركونىڭ دادىسى ۋە تاغىسى بىلەن بىللە ۋېنېتسىيىگە قايتىشى تەسىرلىك ھېكايە قىلىنغان.

ھېكايە فىلىم «ماركوپولو» خرىستىئان، ئىسلام ۋە بۇددا ئېتىقادلىرى، شەرق ۋە غەرب مەھەللىي ئادەتلىرى، ھەر خىل تىل ۋە يېزىقلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ئۇلۇغ ھەقىقەت — ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش ئىقتىدارى، پەن ۋە مەدەنىيەت، ئالاقە ۋە دوستلۇق توغرىسىدا كۈيلەنگەن ھەيۋەتلىك بىر سىمفونىيە.

بۇ فىلىمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلىنىشى جۇڭگو ـ ئىتالىيە خەلقلىرى دوستلۇق تارىخىغا، شەرق ـ غەرب خەلقلىرى دوستلۇق تارىخىغا ئوقۇلغان بىر مەدھىيە. بۇ فىلىم شەرق ۋە غەرب خەلقلىرى ياراتقان مەدەنىيەتلەر قىممىتىنى قايتا باھالاش بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان جاھان مىقياسىدىكى يېڭى ئىلمىي يۈزلىنىشكە جۈلا قوشىدۇ. شۇنداقلا، ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە زامانىۋىلىشىشىمىزغا ھەممە دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلىنىشىمىزگە ئىلھام بېغىشلايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قوغۇن ۋە ئۇنىڭ ماكانى

«پەيزاۋات قوغۇنى پايتەختتە تاج كىيدى» دېگەن
خەۋەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن

ئۇيغۇر دېھقانلىرى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ قوغۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن، قوغۇن تۈرلىرىنىڭ ئۆزگە خاس بىر يۈرۈش پەرۋىش تېخنىكىسىنى يەكۈنلىگەن. داڭدار قوغۇنچىلارنىڭ قوغۇنلىرى ئالاھىدە تاتلىق ۋە سۈپەتلىك بولۇپ، ئۇلار ئۇرۇقلارنى ساپلاشتۇرۇش، مەلۇم شارائىت ئاستىدا سۈنئىي چاڭلاشتۇرۇش، بىر خىل پىلەكتىن ئىككى - ئۈچ خىل قوغۇن يېتىشتۈرۈش ماھارىتىنى ئىگىلىگەن.

قوغۇن — ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە بەدەننى كۈچەيتىش، نەم - قۇرۇقلۇقنى تەڭشەش جەھەتلەردە شىپالىق ئوزۇقلۇق ھېسابلىنىدۇ. تۇرمۇشتا قوغۇندىن قوغۇن ھالۋىسى، قوغۇن شىرنىسى، قوغۇن قېقى قاتارلىق پايدىلىق يېمەكلىكلەر ياسىلىپ باشقا جايلارغا چىقىرىلىدۇ.

ئېلىمىز تارىخىدىكى مەشھۇر ئەدىبلەر ئۇيغۇر دېھقانلار يېتىشتۈرگەن قوغۇن توغرىسىدا گۈزەل نەزملەرنى يېزىشقان يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئەدىب يې لۈيچۇسەي (1190 — 1244 - يىللار) قوغۇننىڭ قىشتىكى ساقلىنىش ئەھۋالىدىن زوقلىنىپ:

«قىشقى قوغۇن ھوت ئېيىدا ساقلىسا قوغۇنچە تەم، ساقلىغان كۆزگى مېۋىلەر ئۆزىتار باھارنى ھەم» دەپ يازسا،

يازغى شېرىن، شەربەت قوغۇنلار ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «غەربكە يۈرۈش قىلىپ، قايتمىدۇق يۇرتقا يانا، قەلئەگە تومۇزدا جەڭ قىلىپ، قۇمغا سىڭدى ئەر مانا، گەر خىجىل بولمىساقمۇ، قابىلىسىزلىقىمىزدىن بىراق، راھەتتى قوغۇن يېمەك، بولدى بۇ چۈشكى چاغدا.» چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدا بىر مەزگىل ياشىغان مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر لىن زېشۈي ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر دىيارى ھەققىدىكى نەزم قوشاقلار» دېگەن شېئىر چاتمىلىرىدا: «ئۈجمە ـ جۈجەم مۇندا بۇدرۇق، مەي باغلىغان ئۆرۈك ـ غورا، يېسىڭىز قوغۇن، چىلاننى خۇددى ئاش ـ نان ئورنىدا» دەپ يازغان. قوغۇن ھەقىقەتەن «نان مېۋىسى» ئىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شائىر سۇڭ بولۇ «قۇمۇلدا قوغۇن يېيىش» ناملىق شېئىرىدا قۇمۇل قوغۇنىنى ماختاپ، ئۇنىڭ ئەينى زاماندا بېيجىڭدىكى خان سارىيىغا سوۋغا قىلىنغانلىقىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«مىڭ ئاۋايلاپ ئورىلىپ ساندۇقتا تاۋار ـ تورقىلار، ئېۋىرغول قوغۇننى شاھ قەسرىگە تارتۇق قىلار.»

رىۋايەت قىلىنىشىچە، مانجۇ خانلىرىغا سوۋغا قىلىنغان قوغۇنلار كۆپىنچە قۇمۇل قوغۇنى بولغانلىقى تۈپەيلى، قوغۇننىڭ بۇ بىر تۈرىنىڭ نامى پۈتۈن قوغۇن نامى بولۇپ ئاتىلىپ قالغان.

3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ ئۇيغۇر قوغۇنچىلىقىدا «ھەممە ماھىرلار ھۈنەر كۆرسەتكەن، ھەممە سورتلار تەكشى بارلىققا كەلگەن» يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. قەدىمدىن مەشھۇر بولغان پەيزاۋات ـ قوشئاۋات قوغۇنىنىڭ پايتەختتە تاج كىيىشى مۇشۇ ئاۋات مەنزىرىنىڭ بىر دەلىلى. شىنجاڭ قوغۇنلىرى ئۆزىنىڭ مىسلىسىز ئەۋزەللىكى بىلەن ئېلىمىزگە ۋە خەلقىمىزگە تېخىمۇ كۆپ شۆھرەت قوشقۇسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ ئىپتىخارى

—— زىكرى ئەلپەتتانىڭ 70 ياشقا كىرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن

ئاتاقلىق مۇقامشۇناس، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مۇزىكا مۇنبىرىدىكى پەخىرلىك ئۇستاز زىكرى ئەلپەتتانىڭ تۇغۇلغانلىقىغا 70 يىل تولدى. ھەممە مىللەت خەلقى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت نامايەندىلىرىدىن سەمىمىي پەخىرلەنگىنىدەك، ئۇيغۇر خەلقىمۇ سوتسىيالىستىك مۇزىكىچىلىقىمىزنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان زىكرى ئەلپەتتا ئاكىدىن ئالاھىدە پەخىرلىنىدۇ.

## 1

زىكرى ئەلپەتتا 1915 ـ يىلى باش باھار پەسلىدە ئىلى ۋادىسىدىكى قەدىمكى شەھەر غۇلجىنىڭ كونا گىر بازىرىدىكى كەمبەغەل يايمىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

زىكرى ئەلپەتتا دۇنياغا كەلگەن يىللار پۈتۈن يەر ـ جاھان داۋالغۇش، چوڭ ئويغىنىش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان يىللار ئىدى. ئېلىمىزدىكى 1911 ـ يىلقى شىنخەي ئىنقىلابى بورانلىرىدا نەچچە مىڭ يىللىق فېئوداللىق، خانلىق تۈزۈمى ئورنىغا دېموكراتىك رېسپوبلىكا قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى. ئۇزاق ئۆتمەيلا 1912 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدا كونا

دېموكراتىك ئىنقىلاب بورانلىرى ۋە دېھقانلار قوراللىق قوزغىلاڭلىرى پارتلىدى. بۇنىڭغا يانۋار ئىلى قوزغىلىڭى، قارا شەھەر، بۈگۈر، كۇچا، ئاقسۇ ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى مەنچىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر، قۇمۇلدا ۋە تۇرپاندا پارتلىغان كەڭ كۆلەملىك تۆمۈر خەلپە ۋە ئەمەت باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى قاتارلىقلارنى مىسال قىلىش مۇمكىن. ئەينى يىللاردىكى جەدىتىزم ۋە دىنىي ئىسلاھات ئىنتىلىشلىرى بىلەن ئابدۇقادىر ئەزىزى، قۇتلۇق شەۋقى قاتارلىقلارنىڭ يېڭى مائارىپ تەشەببۇسلىرى فېئوداللىق ئەنئەنىۋى ئاسارەتكە قارشى بۇرژۇئازىيە دېموكراتىك ئاڭ يىكرىنىڭ شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت دىياردا نامايان بولغانلىقىنى كۆرسەتتى. 1917 - يىلقى رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستان رايونلىرىدىكى يەر - زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن تارىخىي خاراكتېرلىك زور ئۆزگىرىشلەر، ئىلىمىزدىكى مەشھۇر «4 - ماي» ھەرىكىتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بەرپا بولۇشى، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ شەرق ئەمگەكچىلىرىگە قاراتقان ئويغىتىش پائالىيەتلىرى تېز ئارىدا ئىنقىلابىي دېموكراتىك ئاڭ - پىكىر ئېقىمىنى پەيدا قىلىپ، جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزمغا، نامراتلىق ۋە نادانلىققا قارشى تۇرۇشتەك يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب شەكىللەندى. زىكرى ئەلپەتتا مانا مۇشۇنداق زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان مۇھىتتا ۋە ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىۋاتقان ئاڭ - پىكىر ئويغىنىشى ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن فېئوداللىق جاھالەتتىن قۇتۇلۇپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە دېموكراتىك جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى سىڭىپ، يېڭى دۇنياغا يۈزلىنىۋاتقان شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە دەۋرىدە دۇنياغا كېلىپ ئۆز ھاياتىنى باشلىغان ۋە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ سوتسىيالىستىك يېڭى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەنۋى مەدەنىيەت ئەزىمەتلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغانىدى.

زىكرى ئەلپەتتانىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئەينى يىللاردىكى خەلق سەنئىتى، خەلق مەشرەپلىرى، خەلق سازەندىلىرى ئۆچمەس تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇنى كىچىككىنە گىر بازىرىدىن بۈگۈنكى سەنئەت مۇنبىرىگە ئاچىققان نەرسە دەل ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىسىنىڭ يېڭى راۋاجى ۋە يېڭى ئۆركىشى بولدى.

كونا گىر بازىرى غۇلجىنىڭ ئاشلىق بازىرى بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەتتە كونا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ، خۇسۇسەن ئەينى يىللاردىكى كونا غۇلجا شەھىرىنىڭ ئومۇمىي ھالىتى مۇجەسسەملەنگەن جاي ئىدى. زىكرى ئەلپەتتا ئاكا ئەينى يىللاردىكى كونا گىر بازىرىنى ئەسلىگەندە ئۇنىڭدىكى ئاشخانىلار، ساماۋارخانىلار، گۆرۈخانىلار، بوزخانىلار ۋە سانجاق ـ سانجاق يايمىچىلارنىڭ ۋە كىرىمقۇل، كەكاخۇن، توختى ئاخۇن، ھېلىم چوڭلارنىڭ مانتىخانىلىرىدىكى راسا قىزىيدىغان ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ ھايات شەكلىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. كونا گىر بازىرى ھەقىقەتەن كونا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى ئىدى. ئاشخانىلار رىقابىتى، سۇتخور ۋە يەڭ سودىسى قىلغۇچىلارنىڭ ھەسەتخورلۇقى، نەشە ۋە قىمارخانىلاردىكى غەلۋە ـ جودا، پۇل تېپىش ساختىپەزلىك بىلەن، بىر قاتاردا ساپ ئاق كۆڭۈل سازەندىلەرنىڭ غۇربەتلىك ھاياتى بىلەن داۋام قىلاتتى. ئاتاقلىق مۇقام ئۇستىسى ئاخۇنۇم كاروشاڭ مانا مۇشۇ كونا گىر بازىرىدا يېتىمچىلەر قاتارىدا ياشاپ، ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىلى رايونىدىكى راۋاجى ئۈچۈن ئاساس ياراتقانىدى.

ئاخۇنۇم كاروشاڭ نامى بىلەن داڭ چىقارغان قەشقەرلىك مەشھۇر مۇقامچى مۇھەممەت موللا بىلەن ئاخۇنبالا ناملىق يەنە بىر مۇقامچى 1870 ـ يىلى ئون ئىككى مۇقامنى ئىلى ـ يەركەنت ۋادىسىغا تونۇشتۇرغانىدى.

زىكرى ئەلپەتتانىڭ دادىسى ئابدۇللا پەتتا، ئاكىسى تۇرسۇن پەتتا خۇش ئاۋاز ناخشىچى ۋە سازەندىلەردىن بولۇپ، ئۇلار بىلەن بىر قاتاردىكى مەشھۇر مۇقامچى ھەسەن تەمبۇر (1900 ــ 1975) ھۇسۇيۇن تەمبۇر (1840 ــ 1938)، بارات تەمبۇرلەر مۇھەممەت موللىنىڭ (1840 ــ 1924) سەرخىل شاگىرتلىرى ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن مۇخلىسلىرىدىن ئىدى. زىكرى ئەلپەتتا ئاكىنىڭ قىزىقىپ سۆزلەپ بېرىشىچە، مۇھەممەت موللىنىڭ ئىشتىراكى بىلەن ئۆيدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇقام سورۇنلىرىغا پەرغانىدىن كەلگەن ئۇيغۇر سازەندىسى غازى كور، غۇلجىلىق سازەندە ئابدۇللا دۇمباق، قاسىم شەيتان قاتارلىقلار قاتناشقاندا زىكرى ئەلپەتتا دېرىزە تەكچىسىدە ئولتۇرۇپ مۇقام ئاڭلايدىكەن. زىكرى ئەلپەتتا كېيىنچە ئاكىسى تۇرسۇن ئەلپەتتا (لەقىمى تۇرسۇن ئىسپىرت) بىلەن ھەسەن تەمبۇر ۋە روزى تەمبۇرلەرنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىدە مۇقامچىلىق يولىغا ماڭغان.

زىكرى ئەلپەتتانىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئۆز دەۋرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئۆرلەۋاتقان دېموكراتىك ئاڭ ـ پىكىر ئېقىمى ۋە كلاسسىك ئۇيغۇر مۇقامچىلىقىنىڭ كۈچلۈك ئەنئەنىۋى تەسىرىدىن تاشقىرى، زىكرى ئاكىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي ھايات پائالىيىتى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى.

زىكرى ئەلپەتتا ئۆسمۈرلۈك ئەقىل ـ پاراسىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن بىر تەرەپتىن مەكتەپتە ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن ئاكىسى تۇرسۇن ئەلپەتتا بىلەن بىللە «شەھەر ئىچى خانىقاسى»، «تېرەكبازار خانىقاسى»، «سۇ دەرۋازا خانىقاسى» قاتارلىق خانىقالاردا ئۇماچ ۋە ھېلىسە (گۆش سالغان بوتقا) ئىچكەچ خانىقا مۇقاملىرىنى ئاڭلىغان. ساماۋارخانىلاردا خەلق قوشاقلىرى تېكىست قىلىنغان ئەلنەغمىلەر بىلەن كەڭ تونۇشقان. يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكەن زىكرى ئەلپەتتا 30 ـ يىللاردا رەسمىي مەشرەپلەرگە قاتناشتى. ئىلى مەشرەپلىرىدە تەڭتۇش يار ـ بۇرادەرلەر مۇزىكا بىلەنلا قىزىيدۇ. ئەينى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىللاردىكى ئەل ئىچى سەنئەت سەھنىسى بولغان مۇنداق خەلق مەشرەپلىرى ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت، ئېستېتىك تۇرمۇش بولۇپمۇ مۇزىكا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ جانلىق مەكتىپى رولىنى ئىجرا ئەتتى. ئەل ئىچىدە «مەشرەپ كۆرمىگەن» دېگەن ئىبارە خەلقنىڭ ئېستېتىك تەربىيىسىگە، ئەخلاق مۇئامىلە تەربىيىسىگە ئېرىشمىگەن روھىي ھالەتتىكى مەدەنىيەتسىزلىككە قارىتىلغان بولۇپ، بۇ خىل روھىي ھالەت ئەيىب ھېسابلىناتتى. زىكرى ئاكا مەشرەپلەرگە سازەندە سۈپىتىدە قاتناشتى. بىرىنچى مەشرەپتە زۇنۇن پايىنەك ناملىق مۇقامچى زىكرى ئەلپەتتانىڭ ئۇستازى بولۇپ، ئۇنىڭ دۇتارىغا تەمبۇرنى تەڭكەش قىلاتتى، ئىككىنچى مەشرەپتە زىكرى ئەلپەتتا روزى تەمبۇرگە دۇتار بىلەن تەڭكەش قىلاتتى. مەشرەپتە ساز چالغان يىللاردا زىكرى ئاكا مۇقام تېكىستلىرىگە كىرگۈزۈلگەن نەۋائىي، بىلال نازىم، زەلىلىي، مەشرەب، ھۇۋەيدا قاتارلىق كلاسسىك شائىرلارنىڭ كۆپلىگەن غەزەللىرى بىلەن نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى پىششىق ئۆگىنىۋالغانىدى. بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتىگە پۇختا ئاساس ياراتتى.

## 2

1930 ـ يىللاردا پۈتۈن مەملىكىتىمىز مىقياسىدا قايىنام ـ تاشقىنلىق يېڭى مەدەنىيەت ئۆركىشى كۆتۈرۈلگەنىدى. بۇ ئۆركەش ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇشنىڭ پارتلىشى بىلەن تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. بۇ ئومۇمەن ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى شەرق خەلقلىرى ئويغىنىشىنىڭ مەنىۋى نامايەندىسى، خۇسۇسەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يېتەكچىلىكى ۋە تەسىرىدىكى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئىلھامبەخش مەنزىرىسى ھېسابلىناتتى. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى

جايلىرىدا، ئالدى بىلەن غۇلجا، چۆچەك، قەشقەر ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىرىدە 3 ـ ئىنتېرناتسىئونال، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى، تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلارنىڭ كۈچلۈك تەسىرىدە يېڭى دېموكراتىك ئاڭ ـ پىكىر غايىۋى قىبلىنەما قىلىنغان يېڭى مەدەنىيەت دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. يېڭىچە مائارىپ ژۇرنالىستلىق ۋە سانائى نەفىسە ـ تىياتىر سەنئىتى ئاۋانگارت قىلىنغان جاھانگىرلىك ۋە فېئودالىزمغا قارشى بۇ تارىخىي ئۆركەش تېز ئارىدا تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى بىپايان زېمىنغا ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتتى. مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ يېڭى قەھرىمانلىرىدىن ماۋدۇن، لى بويەن، جاۋدەن، قاسىمجان قەمبىرى، خەمىت ھەكىمى، مۆمىن ئەپەندى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇللا روزى، سىراجىدىن زوپەر، ئەخمەت زىيائىي، ئابدۇشۈكۈر يالقىن قاتارلىق ئەدىب ۋە دراماتورگلار مەيدانغا كەلدى. سەھنىلەردە «ئەخمەت سەرراپ»، «ئۆگەي ئانا»، «رابىيە ـ سەئىدىن»، «چىن مودەن»، «سامساق ئاكاڭ قاينايدۇ»، «كۆرەش قىزى»، «تىكەنلىك گۈل»، «شاڭخەي كېچىسى»، «پەرھاد ـ شېرىن»، «غېرىب ـ سەنەم»، «ئارشىن مال ـ ئالان»، «ئىككى بايغا بىر مالاي» قاتارلىق تىياتىرلار كەڭ تۈردە ئوينالدى.

زىكرى ئەلپەتتا ئاكا يېڭى تىياتىر سەنئىتىنىڭ، بولۇپمۇ يېڭى ئوپېرا تىياتىرىنىڭ ئىلھامبەخش تەسىرىدە غۇلجا سانائى نەفىسە ئۆمىكىنىڭ ئىشلىرىغا جەلپ قىلىندى. زىكرى ئاكىنىڭ ئېيتىشىچە، تېيىپ ھاجى رەئىسلىكىدە غۇلجىدا تەشكىل قىلىنغان ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قارمىقىدىكى سانائى نەفىسىگە مەشھۇر دراماتورگ ۋە جامائەت ئەربابى قاسىمجان قەمبىرى يېتەكچىلىك قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا زىكرى ئاكا بىلەن ھەسەن تەمبۇر، روزى تەمبۇر، ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىسى ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ قاتارلىقلار بىللە ئىشلىگەن. زىكرى ئاكا ھەم سازەندىلىك قىلغان، ھەم غېرىب، پەرھاد ۋە شاھى ئاباس قاتارلىق روللارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىققان.

زىكرى ئەلپەتتا ياپونغا قارشى ئوت يالقۇنلىرىدا مەيدانغا كەلگەن «پىدائىيلار مارشى»، «قىلىچ مارشى»، «پارتىزانلار ناخشىسى» قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك جاسارىتىنى ئويغاتقۇچى ناخشا ـ كۈيلەرنىڭ ئىلھامى ـ تەسىرى بىلەن ئاھاڭ ئىجادىيىتى يولىغا كىرىشكەن. ئۇنىڭ تۇنجى ئىجاد قىلغان كۈيىگە:

«ئېچىلغان گۈل قىزىلگۈل ھەرگىز سولمايدۇ،
گۈلزارلىقتا قەست قىلغان ھايات قالمايدۇ.»

دېگەن سەدرە بىلەن باشلىنىدىغان تېكىست سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئويغانغان جۇڭگو خەلقىنى ھېچكىم قول قىلالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي ھەقىقەت كۈيلەنگەندى. ئۇ بۇ چاغلاردا «تەشنامەن» (ئېيتىشىش) قاتارلىق مۇزىكىلىق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى.

زىكرى ئەلپەتتا ئاكا 1939 ـ يىلى بىر باشلىنىش مۇزىكىسى، بىر تەزە، ئالتە داستاندىن تەركىب تاپقان «رۇخسار مۇقامى»نىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى ئىشلەپ چىقتى.

زىكرى ئەلپەتتا ئۆزى ئىجاد قىلغان بۇ نەغمە سىستېمىسى ھەققىدە توختالغاندا مۇنۇلارنى ئەسلەپ ئۆتتى. ئاتاقلىق مۇقام ئۇستىسى مۇھەممەت موللا ئون ئىككى مۇقامنى چوڭ نەغمە داستان ۋە مەشرەپلىرى بىلەن بىللە تولۇق بىلىدىغان بىر مۆتىۋەر تەۋەررۇك ئادەم بولۇپ، ئۇستاز ھەسەن تەمبۇر ئون بىر مۇقامنى بىلىسىمۇ چوڭ نەغمە قىسمىنى ئاز بىلەتتى. شۇ سەۋەبلىك بىرەر باشلىنىش مۇزىكىسىدىن كېيىنلا داستانغا چۈشۈپ كېتەتتى. بۇ ھال 24 ياشقا كىرگەن زىكرى ئەلپەتتا ئاكىدا ئۆز ئۇستازى كەم بىلىدىغان ۋە ئادەتتە يوقالغان دەپ ئىزاھلانغان يەنە بىر نامەلۇم مۇقام بىلەن ئىلى مۇقاملىرىدا

كەم ساقلانغان بىر قاتار چوڭ نەغمە مۇزىكىلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا ھەسسە قوشۇشتەك غايىۋى ئىنتىلىشنى پەيدا قىلدى. مانا بۇ خەلق سەنئىتىگە بولغان چوغدەك ئىللىق مۇھەببەت ۋە ئۆز ئۇستازىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى تولدۇرۇشقا بولغان قەيسىرانە جۈرئەت ئىدى. بۇ ئىش ھەسەن تەمبۇرنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى.

«رۇخسار مۇقامى» ئاھاڭلىرى گۈزەل، كۈيلىرى جۇشقۇن، رىتىملىرى لەرزان ـ ئارامبەخش يېڭى ئىجادىي مۇقام بولۇپ، گەرچە ئۇ باشقا چوڭ مۇقاملاردەك تولۇق قولدىن چىقمىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مۇقام مۇزىكىلىرىنىڭ ئىلاھىي نەرسە ئەمەسلىكىنى، ئۇنى ئىجاد قىلىش ۋە ئىسلاھ قىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

«رۇخسار مۇقامى»نىڭ مەيدانغا كېلىشى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىدىكى كاتتا يېڭىلىق بولۇپ، ئۇ ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ شۆھرىتى ۋە مەھلىيا قىلغۇچى بەدىئىي كۈچى بىلەن مۆتىۋەر ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە.

زىكرى ئەلپەتتا بۇنىڭدىن باشقا يەنە «پەنجىگاھ مۇقامى» نىڭ چوڭ نەغمە قىسمىغا ئاتاپ بىر نۇسخا ئىككى داستان ئىشلىگەنىدى.

«رۇخسار مۇقامى» ۋە «پەنجىگاھ مۇقامى»غا قوشۇمچە قىلىنغان بىرقانچە يېڭى مۇقام نەغمىلىرىنىڭ «غېرىب ـ سەنەم» ئوپېراسىغا كىرگۈزۈلۈشى بۇ كلاسسىك دراماتىك ئەسەرگە ھەقىقىي بەدىئىي ھايات بېغىشلىدى. زىكرى ئەلپەتتا ئىجاد قىلغان يېڭى مۇقام نەغمىلىرى تېز ئارىدا ئۇرۇمچى، ئاقسۇ، قەشقەر سەھنىلىرىدە ئوينىلىپ خەلق تەرىپىدىن تېز قوبۇل قىلىندى.

زىكرى ئەلپەتتا ئاكىنىڭ يېقىن دوستلىرىدىن ئەزەم زەرگەر، غۇپۇرجان قاتارلىق ئىككى سازەندە ئىلىدىن ئاقسۇغا بېرىش سەپىرىدە زىكرى ئاكا ئىجاد قىلغان يېڭى مۇقام

www.uyghurkitap.com

نەغمىلىرىنى ئەينى يىللاردا ئاقسۇدا تۇرۇۋاتقان يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپكە تونۇشتۇردى. بۇ چاغ ئۇنىڭ «تاھىر ـ زۆھرە» ئوپېراسىنى ئىشلەشكە كىرىشكەن ۋاقتى ئىدى. بۇ يېڭىلىقتىن قاتتىق ھاياجانلانغان لۇتپۇللا مۇتەللىپ تېخى دىدارىنى كۆرمىگەن (كېيىنمۇ مۇنداق پۇرسەت بولمىدى) «مەشھۇر ناخشىلار ئىجادچىسى زىكرى ئەپەندىگە بېغىشلاپ» 1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا «چال، سازەندەم» ناملىق مۇخەممەسنى يازدى. يېڭى دولقۇن پەيدا قىلىش، كونا مۇقام شاخلىرىدىن يېڭى بىخ چىقىرىش، ھەممىنى خەلق ۋە ئۇنىڭ پارلاق كېلەچىكى ئۈچۈن بېغىشلاش قەيت قىلىنغان بۇ مۇخەممەسنىڭ بىرىنچى كۇپلېتى مۇنداق جاراڭلىق جۈملىلەر بىلەن باشلانغانىدى:

چال سازىڭنى زوق بىلەن، تىنماي چال سازەندەم،
ھەربىكتىڭ تېتىك، قوللىرىڭ مەجنۇن تال سازەندەم،
ناخشاڭ شېرىن ـ تاتلىق، گوياكى بال سازەندەم،
بۇ مۇخەممەس شۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا ئىرسال سازەندەم.

زىكرى ئاكا بۇلاردىن باشقا، ھازىر خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغان «قىلا باشلىدى ماڭا زۇلمىنى»، «زۇلمەت تىغى كۆكنى يېرىپ يەرگە چۈشمەي كۈنىنىڭ نۇرى»، «تاغلار ئارا چاكاندىنىڭ مېۋىسى بولماس» قاتارلىق تېكىستلەردە ئېيتىلغان كۈيلەر بىلەن زۇنۇن قادىرىنىڭ «غۇنچەم» دراممىسىدىكى بەزى ئاھاڭلارنى ئىجاد قىلغانىدى.

## 3

ئازاد تاڭ جىلۋىسىدە روناق تاپقان سەنئەت باھارى زىكرى ئەلپەتتا ئاكىغا يېڭى ھايات بېغىشلىدى. ئۇ غۇلجىدىكى

دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا پۈتۈن قىزغىنلىقى بىلەن پائال قاتناشتى. 1960 ـ يىلى غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا ـ ئۇسسۇل ـ تىياتىر ئۆمىكىنىڭ مۇزىكا جەھەتتىكى بەدىئىي رەھبەرلىرىدىن بىرى بولۇپ ئىشلەشكە كىرىشتى.

1963 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۇ مەشھۇر مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكىدىن مىراس قالغان ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى ئۆگىنىپ، مۇقام نەغمىلىرى ئاساسىدا يېڭى تىياتىر مۇزىكىلىرىنى ئىشلەشكە كىرىشتى. بۇ زىكرى ئەلپەتتا ئاكىنىڭ تالانتى راسا ۋايىغا يەتكەن مەزگىل ئىدى. زىكرى ئاكا تۇردى ئاخۇن ئاكا ساقلاپ قالغان ۋە ئازادلىقتىن كېيىن لېنتىغا كۆچۈرۈۋېلىنغان ئون ئىككى مۇقام نەغمىلىرىنى ئاڭلىغاندا، ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرىدىن بېرى ئارزۇ قىلىپ ئىنتىلگەن ھېكمەت تىلسىمى ۋە گۆھەر خەزىنىسىگە ئېرىشكەندەك بولدى. ئۇ تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ يورۇق دۇنيادىن ئايرىلىش ئالدىدا مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن مۇقام نەغمىلىرىدىكى ياشانغان ئاھاڭ تەلەپپۇزلىرىنى ئۆزىنىڭ روشەن ۋە سۈزۈك ئاھاڭ تەلەپپۇزى بىلەن قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈردى.

زىكرى ئەلپەتتا ئەينى يىللارنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن ئىشلەنگەن چوڭ تىپتىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل «خەلق گۇڭشېسى ياخشى»غا ئۆز سەپداشلىرى بىلەن بىللە «ئۇشاق مۇقامى» نەغمىلىرى ئاساسىدا بىر يۈرۈش مۇزىكا ئىشلەپ زور ھۆرمەت ۋە شۆھرەتكە ئېرىشتى، ئۇنىڭدىن كېيىن خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان مەشھۇر ئوپېرا «قىزىل چىراغ»نىڭ ئاساسلىق مۇزىكىلىرىنى ئىشلەپ چىقتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت ئون يىللىق ئىچكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالايمىقانچىلىقىنىڭ بالايىئاپىتى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا، بولۇپمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ھاياتىدا مىسلىسىز ئېغىر دەھشەت ۋە پاجىئە پەيدا قىلدى. بۇ يىللاردا زىكرى ئەلپەتتا ئاكا خورلۇق ۋە تىل ـ ھاقارەت گىردابىغا غەرق قىلىنغانىدى.

تارىخ ئۆزىنىڭ پولات قانۇنىيىتى بىلەن بارلىق ئالۋاستىلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تاشلىدى. پارتىيە 11 ـ قۇرۇلتاي 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ پارلاق نۇرى ھەقىقىي سوتسىيالىستىك باھار شامىلىنى ئەكەلدى. زىكرى ئەلپەتتا ئاكا قايتىدىن ئۆز ھۆرمىتى ۋە شۆھرىتىگە ئېرىشتى. ئۇ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي ئۇن ئىككى مۇقامنى رەتلەش، ياش مۇقام سازەندىلىرى ۋە ئىجراچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش يولىدا تاكى خىزمەت ئۈستىلىدىن ئايرىلىپ قالغانغا قەدەر پىداكارلىق بىلەن خىزمەت كۆرسىتىپ كەلدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى ئۇن ئىككى مۇقام رادىئودا، تېلېۋىزىيىدە، سەھنىلەردە، پلاستىنكىلاردا، ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىدا جاراڭلىماقتا. ئۇ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتىكى قىممەتلىك مىللىي ئەنئەنىۋى بايلىق بولۇپ قالدى.

زىكرى ئەلپەتتا ئاكا 70 ياشقا كىردى. ئۇنىڭ ھاياتى ئەمگەكچى خەلقنىڭ جانلىق ھاياتى بىلەن بىللە ئۆتكەن ھايات؛ خەلقتىن بەدىئىي ئوزۇق ئېلىپ، خەلققە مەنىۋى ئوزۇق بېغىشلىغان ھايات؛ خەلق دېموكراتىيىسى ۋە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىگەن ھايات؛ ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتى تارىخىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان ھايات. كونا جەمئىيەت چىرىكلىكى ئۇنىڭ نەپرىتىنى ئاشۇردىكى، ئۇنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاتمىدى؛ شىڭ شىسەي تۈرمىسى ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ تىل ـ ھاقارىتى ئۇنىڭ ئالغا ئىنتىلىش ئىرادىسىنى كۈچەيتتىكى، ئۇنى كەينىگە داجىتالمىدى. بىز زىكرى ئەلپەتتا ئاكىنىڭ ئىجادىيەتتە خەلقتىن ئۆگىنىش، خەلق

سەنئىتىدىن ئۆگىنىش، ئۇستازلىرىغا ھۆرمەت قىلىش، ئۇستازلىرىدىن ئېشىپ كېتىشكە جۈرئەت قىلىشتەك يېڭىلىق يارىتىش روھىدىن قاتتىق تەسىرلەنسەك، ئۇنىڭ تۇرمۇشتا ۋايىسىماسلىق، ئاددىي ـ ساددىلىق، رەشك ـ ھەسەت قىلماسلىق، ئەخلاق ـ پەزىلەتتە ئۆز غۇرۇرى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلاش ھەقىقىي سەنئەتكاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ قىممەتلىك ئېسىل خىسلەتتۇر.

بىز زىكرى ئەلپەتتانىڭ 70 ياشقا تولغانلىقىنى قۇتلۇقلىغىنىمىزدا، بۇ تەۋەررۈك مۇقام ئۇستىسىغا ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى مۇزىكا سەنئىتىمىزگە يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قەدىمكى كۆسەن كلاسسىك ئۇسسۇلىنىڭ يېڭى ھاياتقا قايتىشى

غەربىي دىياردىكى بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسلىق مەركەزلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان قەدىمكى كۆسەنىنىڭ كلاسسىك مۇزىكا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى شىنجاڭدىن ئىبارەت قەدىمكى مۇزىكا ـ ئۇسسۇل ماكانىنىڭ سەنئەت تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. قۇرۇقتاغ، تەمبەلتاش، سارچۇقا تاغ قىيالىرىغا ئويۇلغان ئېپتىدائىي ئادەمنىڭ ئۇسسۇللۇق ئوبرازى فىگۇرىلىرى بۇ ماكان ئاھالىسىنىڭ تۇغما ئۇسسۇل ماھىرلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قەدىمكى شىنجاڭ ئاھالىلىرى شامانىزم، ئاتەشپەرەسلىك دىنى دەۋرلىرىدە، بولۇپمۇ كۆسەن مەدەنىيىتى ۋە بۇددىزم دەۋرىدە ئەنئەنىۋى ئۇسسۇل ماھارىتىنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇپ، ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا ئۆچمەس تەسىر كۆرسەتكەن.

بۇددىزمنىڭ ھەيكەللەشتۈرۈلۈشى، رەسىملەشتۈرۈلۈشى، ئوبرازلاشتۇرۇلۇشى ۋە درامىلاشتۇرۇلۇشىدا قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز غايەت زور ئىجادىي ئەمگەك سىڭدۈرگەن. بىر زامانلاردا بۇددىزمنىڭ ئىككىنچى قارارگاھى ھېسابلانغان غەربىي دىياردا ئۆز زامانىسى ئۈچۈن ھەيۋەت ھېسابلانغان كۆپلىگەن ئىبادەتخانىلار، بۇددا مۇنارلىرى ۋە ئىستىقامەت ئورۇنلىرى بارلىققا كەلگەن. دەندان ئۆيلۈك، كونا نىيا، ئاتۇش ئۈچما راۋان، يەكەن چىمەن رايونى، قىزىل مىڭئۆيى، قۇمتۇرا

مىڭئۆيى، سىم ـ سىم مىڭئۆيى، مازارباغ مىڭئۆيى، قىزقالا مىڭئۆيى، توغراقىيلان مىڭئۆيى، توغراقدەڭ مىڭئۆيى، تېتى مىڭئۆيى، قارا شەھەر مىڭئۆيى، شىكشىن مىڭئۆيى، يارغول مىڭئۆيى، بېزەكلىك مىڭئۆيى، تويۇق مىڭئۆيى، سىڭگىم مىڭئۆيى بىلەن جىمسار (جىمبالىق)، قورغاس قاتارلىق جايلاردىكى بۇددا مەدەنىيىتى خارابىلىرىدىن بۇددىزم بىناكارلىق سەنئىتى، ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى، تەسۋىرىي سەنئىتى ۋە مۇزىكا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تەڭداشسىز گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى ھېلىھەم كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى تاشكېمىر سەنئەت خەزىنىسىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئۇسسۇلىنىڭ تارىخىي ئوبرازى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ مۇقەددەس تەۋەررۇكى. ئۇيغۇر مىللىي ئۇسسۇللىرىدا كلاسسىك ئۇسسۇلىمىزنىڭ ئىسلامىيەتنىڭ «S» شەكلىدىكى ئەركىن ـ ئازادە ئۇسسۇللارنى چەكلىشى بىلەن «T» شەكلى ھالىتىنى ئالغان تارىخىي ئەنئەنىسى كۈچلۈك ساقلانغان.

مەلۇمكى، ئۇسسۇل سەنئىتى بارلىق گۈزەللىكلەرنىڭ تاجى ھېسابلانغان ئادەم بەدىنىنىڭ گۈزەل ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت شەكلى ئارقىلىق، ئادەمنىڭ ماھىيەتلىك ئىقتىدارى بولغان ئەركىن ئىجادىي روھىنى ۋە ئىنتىلىشىنى ئىپادىلەيدىغان سەنئەت شەكلىدۇر. ئادەم بەدىنىنىڭ ئۇسسۇللۇق گۈزەل ھەرىكىتى ئادەم قەلبىنىڭ ئەركىنلىككە ۋە كامالەتكە بولغان ئىنتىلىشى بىلەن قوشۇلغاندىلا، ئۇسسۇللۇق گۈزەللىك ۋە زوقىي مەھلىيالىق قوزغايدۇ. «S» شەكلىدىكى ئۇسسۇللار بەدەن ھەرىكىتى جەھەتتىكى ئەركىنلىكى، سالماقلىق بىلەن ئەۋرىشىملىكنى بىرلەشتۈرگەنلىكى، ئەركىن ـ ئازادىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش كۈچى، كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ ئۇسسۇللۇق بەدەن ھەرىكەت شەكلىنى خېلى روشەن ئىپادىلەشكە ماسلاشقانلىقى جەھەتتىن ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇنداق ئالاھىدىلىك ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىقىدا يېڭى سەۋىيە، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا تولىمۇ پايدىلىق.

يېقىندا دۆلەت بايرىمىنىڭ 35 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى قەدىمكى كۇسەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئۇسسۇللىرى ئاساسىدا تۇنجى كلاسسىك ئۇسسۇللۇق دراما «كۇسەن ئۇسسۇلى»نى سەھنىلەشتۈرۈپ چىقتى. «كۇسەن ئۇسسۇلى» قاتمۇقات تاغ باغرىدىكى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان زۇمرەت سۇ بويىدا بەرباپ چالغان كۇسەن سازەندىسىنى چۆرىدىگەن ئۇسسۇللۇق مەنزىرە بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ قەدىمكى كۇسەنىنىڭ غەربىي دىياردىكى ئەڭ مەشھۇر ناخشا - ئۇسسۇل مەركىزى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەينى زاماندا كۇسەن ھاياتىدىكى ساراي ئۇسسۇللىرى، لېنتا ئۇسسۇلى، يىپەك يولى سودا مەنزىرىسى، ئەلچى - سودىگەرلەر ھاياتىنى ئەسلىتىدىغان ئۇسسۇللار، قەدىمكى سومۇز ئۇسسۇلى، شىر ئۇسسۇلى قاتارلىقلار ئوينىلىدۇ. بۇ ئۇسسۇللۇق دراما ئاتاقلىق كۇسەن سەنئەتكارلىرىدىن بىر تۈركۈمىنىڭ چاڭئەن، لوياڭ قاتارلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە يۈرۈش قىلغانلىقى ئەۋجى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

«كۇسەن ئۇسسۇلى» ئوتتۇرا ئەسىر شەرق سەنئىتى تارىخىدىكى مۇقەددەس جاي كۇسەنىنىڭ مۇزىكا - ئۇسسۇل خەزىنىسىدىن ئۆلگىلەر كۆرسىتىش، ئۇنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە شەرققە بولغان كۆچلۈك بەدىئىي تەسىرىدىن بېشارەت بېرىش ئارقىلىق تارىخىي چىنلىقنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن سىرت، ئۇيغۇر كلاسسىك ئۇسسۇل سەنئىتىنى يېڭى دەۋرگە ئەكىرىش، ئۇنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا خىزمەت قىلدۇرۇش، ئۇيغۇر مۇزىكا - ئۇسسۇل سەنئىتىدە يېڭىلىق يارىتىش جەھەتتىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

# ئون ئىككى مۇقام ۋە تۇردى ئاخۇن ئاكا

مەشھۇر مۇقامچى تۇردى ئاخۇن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن

ئۆتكەن يىلى 11 ـ ئايدا ئېچىلغان جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىنىڭ 4 ـ قۇرۇلتىيىدا يولداش جۇياڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامنى «مىڭ يىللاردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن شەرق مۇزىكا تارىخىدىكى غايەت زور بايلىق» دەپ ناھايىتى توغرا باھالىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى ۋە ھاياتىنى ھەممە تەرەپلىمە مۇزىكىلىق تىل بىلەن ئىپادىلىگەن چوڭ ھەجىمدىكى مۇزىكا قامۇسى بولغان ئون ئىككى مۇقام ئۆز بېشىدىن تولىمۇ ئۇزاق تارىخنى بېسىپ ئۆتكەن. بىز مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىردىلا «مۇقىدۇر» مۇقامىنىڭ بولغانلىقىنى، بۇ مۇقامنىڭ ھازىرقى قۇمۇل مۇقاملىرىدىكى «ئۇلۇغدۇر» مۇقامىنىڭ قەدىمكى تارىخىي شەكلى ئىكەنلىكىنى[①]، مىلادىيەدىن كېيىنكى 4 ـ ئەسىردە ۋىدۇساكا ناملىق كۇچا مۇقامى ئۇستىسى بولغانلىقىنى[②]، كۇچا مۇقامچىلىقىنىڭ شۇ چاغلاردا بەرپا بولۇشقا باشلىغان قىزىل،

---

① «چىننامە» 25 ـ جىلد (مۇزىكا تەزكىرىسى)، «كېيىنكى خەننامە» (بەنچاۋ تەزكىرىسى)، «شەرھى تارىخنامە» گە قارالسۇن.

② تۇماسىنىڭ «توخار تىلى دەرسلىكى» دە مىسال كەلتۈرۈلگەن «ئارانىمى جاتاكا» ھېكايىسىگە قارالسۇن.

www.uyghurkitap.com

قۇمتۇرا مىڭئۆي غار نەقىشلىرىدە سۈرەتلەنگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. كېيىنكى جۇڭخانلىقى دەۋرىدە چاڭئەنگە كەلگەن ئاتاقلىق كۇيشۇناس سۇجۇپ كۇچا مۇزىكىچىلىقىنىڭ بىر زامان مۇزىكا مۇنبىرىنى ئاۋات قىلغان ماھىرى بولغان بولسا، سۇي سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاقارىماندا (بەيمىندا) كۇچا كۇيشۇناسلىقىنىڭ يەنە بىر مەشھۇر ۋەكىلى بولدى.

ئوتتۇرا ئەسىر شەرق مەدەنىيىتىدە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان ئۇيغۇر مۇقامچىلىقى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كۇچا كۇيشۇناسلىقى ئەنئەنىسى ئاساسىدا تېخىمۇ گۈللەپ خۇش پۇراق چاچتى. تاڭ دەۋرىدىكى 10 قىسىملىق مۇزىكا سىستېمىسىدا ئالتە قىسمىنى ئىگىلىگەن شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مۇزىكىلىرى يەنىلا كۇچا تېمپېرامېنتولوگىيىلىك (رىتىم) قانۇنىيىتى ۋە نەغمە ئۇسلۇبىنى ئاساس قىلاتتى. تاڭ دەۋرىدىكى «چوڭ نەغمە»لەر دەل ئۇيغۇر خەلق مۇقامچىلىقىنىڭ كۇي (مۇزىكا)، ئەن (ناخشا)، جەۋلان (ئۇسسۇل) دىن ئىبارەت ئىزچىل تارىخي ئەنئەنىسىنى ئىپادىلىدى[①].

كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشۇلغان قىممەتلىك تۆھپە ھېسابلانغان ئۇيغۇر مۇقاملىرى تاڭ (618 ــ 907)، سۇڭ (960 ــ 1279) دەۋرلىرىدە ئىچكى ئۆلكىلەرگە ۋە چەت ئەللەرگە تېخىمۇ كۆپرەك تارالدى. «يېڭى تاڭنامە، شىزاڭ تەزكىرىسى»دە كۆرسىتىلىشىچە، جۇڭزۇڭ پادىشاھ جىڭ چېڭ مەلىكىنى شىزاڭغا ياتلىق قىلغاندا كۇچا مۇقاملىرىنى توي سوۋغىلىرى قاتارىدا ئەۋەتكەن. شۇي جارۇي يازغان «دالىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخى» ناملىق كىتابتا ئېيتىلىشىچە، پادىشاھ شۇەنزۇڭ كەييۈەن (713 ــ 741) دالى يەرلىك ھاكىمى نيەن جاۋ ۋاڭغا كۇچا نەغمىلىرىنى سوۋغا

---

① «مۇزىكا مۇئەسسەسىنىڭ نەزم توپلىمى»دا كۇي(趋) ، ئەن(艳) ، جەۋلان (乱) ھەرپلىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن.

قىلغان، بەيزۇ خەلقى ئۆزىنىڭ دابىن چۇي (大本曲) نەغمىلىرىنى ئىشلىگەندە ئۇنىڭدىن پايدىلانغان. راھىب شەن جۇڭ ئۆزىنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق كىتابىدا ھىندىستاندىكى كامارۇپۇ مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى جۇلام راجانىڭ ئۇنىڭغا «ھىندى ئەللىرىدە ماھاچىنا نەغمىلىرى ئوينىلىدۇ» دېگەنلىكىنى يازغان. ماھاچىنا ــ ماچىن دەپ ئاتالغان قەدىمكى خوتەننى كۆرسىتەتتى. ياپونىيە تارىخچىسى لىن جەنسەن ئۆزىنىڭ «سۈي، تاڭ ئەل نەغمىلىرى تەتقىقاتى» ناملىق كىتابىدا كۇچا مۇزىكىسىنىڭ چاۋشىيەن ۋە ياپونىيىگە قەدەر يېتىپ بارغانلىقىنى تىلغا ئالغان. ئىران ئاbباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ شەرقىي ئىراننى ئاساسىي تايانچ قىلىپ مەيدانغا كەلگەنلىكى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا گۈاردىيىسىگە يۆلەنگەنلىكى ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مۇزىكىلىرىنىڭ ئىران مۇزىكىلىرى بىلەن بولغان ئۆزئارا تەسىرىنى تېزلەتتى. ھارۇن رەشىت (786 ــ 809) خەلىپىلىك ئۇستىدە تۇرغان چاغلاردا زالزال ئىران مۇزىكىسىنى ئىسلاھ قىلىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. زىراب ياۋروپالىقلار تېخى بىلمەيدىغان گۈزەل مېلودىيىلەرنى ئىسپانىيىگە ئېلىپ بارغان[①]. باغداد ۋە دەمەشىقتە ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر قارلۇق ئالىمى ئەبۇنەسىر فارابىينىڭ (870 ــ 950) مۇزىكىغا ئائىت 70 كە يېقىن چوڭ ـ كىچىك ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ «كىتابەل مۇسىقۇل كەبىر» (مۇزىكا ھەققىدىكى چوڭ كىتاب) ناملىق كىتابى ئەينى زاماندا مۇزىكشۇناسلىقنىڭ كلاسسىك قوللانمىسىغا ئايلانغان. ئەبەيدۇللا لۇتفىي، يۇسۇپ سەككاكىي، ئاتايىي ۋە ئەلىشىر نەۋائىي قاتارلىق سەنئەت ئەرbابلىرى ئۇيغۇر مۇقامچىلىقىنىڭ مەزمۇنەن يۈكسىلىشىگە زور تۆھپە قوشقان.

① ئەنگلىيە لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقشۇناسى پروفېسسور بېرنارد لېۋىسنىڭ «تارىختا ئەرەبلەر» ناملىق كىتابىغا قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئون ئىككى مۇقام 16 ـ ئەسىردىكى ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدە قىدىرخان ۋە ئامانىيساخان قاتارلىق مۇقامشۇناسلار تەرىپىدىن تەرتىپكە سېلىندى ۋە ئىسلاھ قىلىندى. بۇ قېتىمقى تەرتىپكە سېلىش ۋە ئىسلاھ قىلىشتا ئۈچ نۇقتا ئاساس قىلىندى. بىرىنچىسى، 10 ـ، 15 ـ ئەسىرگىچە داۋام قىلغان ۋە ئىنتايىن كەڭ تېررىتورىيىگە يېيىلىپ كەتكەن ئۇيغۇر مۇقاملىرى بىلەن ئۇنىڭغا تەسىر قىلغان، بىراق ئۆزلەشمىگەن غەيرىي مۇقاملاردىكى ئېلىشاڭغۇلۇقا خاتىمە بېرىلىپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي دىئاتونىك (تەبىئىي ئۇن — تەبىئىي ئاھاڭ) خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە قايتا رەتكە سېلىندى؛ ئىككىنچىسى، «چوڭ نەغمە»، «داستان»، «مەشرەپ»تىن ئىبارەت مۇقام شەكىللىرى ھەرقايسى مۇقاملىق كۈي شەكلى بويىچە يۇرۇشلەشتۈرۈلدى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلدى؛ ئۈچىنچىسى، مۇقام مۇزىكىلىرى دىنىي ۋە بىرقەدەر چۈشىنىكسىز ئىبارىلەر بىلەن تولغان شېئىرىيەتتىن ئازاد قىلىنىپ، ئۆز دەۋرىدە كۈچلۈك مەرىپەتپەرۋەرلىك رولىنى ئويناۋاتقان ئۇيغۇر تۈرك شېئىرىيىتى بىلەن تېكىستلەشتۈرۈلدى. تۈردى ئاخۇن ئاكا ساقلاپ قالغان ئون ئىككى مۇقام ئەنە شۇ تەرتىپكە سېلىنىپ يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن مۇقام ئىدى. 19 ـ ئەسىردىكى مۇقامچىلاردىن قەشقەرلىك ئاكا ـ ئۇكا ھېلىم، سېلىملار بىلەن مۇھەممەت موللا، يەكەنلىك سېتىۋالدى قاتارلىق پېشقەدەملەر بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇردى. ئەينى زاماندا ئىلىغا يۆتكەلگەن ئالتە شەھەر ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە مۇھەممەت موللا (1840 — 1924) ئون ئىككى مۇقامنى ئەڭ تولۇق بىلىدىغان كۆزگە كۆرۈنگەن مۇقامچى ئىدى. ئۇنىڭ ئىزىنى خۇسۇسەن مۇقام داستانچىلىقى جەھەتتە ھەسەن تەمبۇر، روزى تەمبۇر، ھۇسەيىن تەمبۇر، بارات تەمبۇر، ئابلا تەمبۇر ۋە جامىي ئاكا قاتارلىق سازەندىلەر باستى.

قاباھەتلىك كونا جەمئىيەتتە مۇقام مۇزىكىلىرىنىڭ تەقدىرى بارلىق ئېزىلگۈچى ۋە خارلانغۇچى خەلقنىڭ تەقدىرىگە

ئوخشاشلا، نەۋائىينىڭ «ئوشاق مۇقامى» بىرىنچى مەشرىپىگە سېلىنغان مۇنۇ بېيىتىدە ئېيتىلغاندەك پاجىئە بىلەن تولغانىدى:

«ئاچىپ كۆكسۈم شىكافىن ئەيلەسەم كۆڭلۈمگە نەززارە،
ئېرۇر يۈز پارەئى غەم تىغىدىن مىڭ پارە ھەر پارە.»

بىر زامانلاردا مۇزىكا داستانىنىڭ بۇلبۇلى بولغان مۇقامچىلار چۆل ـ جەزىرىلەرگە قوغلانغانىدى. بۇ ھالەتنى «بايات مۇقامى»نىڭ پەشرۇسىغا سېلىنغان مەشرەپنىڭ مۇنۇ مىسرالىرى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ:

«ئىستەگەنلەر بىزنى سەھرايى بەلادا ئىستەگىز،
ۋادەئى ھىجران بىلەن دەشتى فەنادا ئىستەگىز.»

شىمالىي مىلىتارىستلار ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان جاھالەتلىك زامانلاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىڭلىغان يىللاردىن بېرى ئۆزۈلمەي نۇر چېچىپ كەلگەن بۇ سەنئەت چەشمىسى قۇرۇپ كېتىشكە، بۇ مۇزىكىلىق ھايات گۈلشىنى خانىۋەيران بولۇشقا يۈز تۇتقانىدى. شىمالىي شىنجاڭدا ئون ئىككى مۇقامنى «چوڭ نەغمە»، «داستان» ۋە «مەشرەپ»لىرى بويىچە تولۇق بىلىدىغان نامايەندە قالمىغان، مۇقام داستانچىلىرى تېپىلسىمۇ بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا ناھايىتى ئاز قالغانىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەھۋالمۇ شۇنىڭغا يېقىنلىشىپ قالغان. دېمەك، ئون ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت ئۇزاق تارىختا شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان بۇ كلاسسىك مۇزىكىلىق مىراس ھايات ـ مامات ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغانىدى. بۇ پۈتۈن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان پاجىئەلىك مەنزىرە ئىدى.

شەرق قىزىرىپ، ئازادلىق تېڭى جىلۋە قىلدى. ئون ئىككى مۇقامنىڭ قەدىمكى ماكانى شىنجاڭ تاڭ نۇرى ۋە باھار ئىللىقلىقىغا چۆمدى. زامان كۈلدى، خەلق كۈلدى. ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ مۇزىكىلىق تەپەككۇر جەۋھىرى بولغان ئون ئىككى مۇقاممۇ يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى.

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى كلاسسىك ئون ئىككى مۇقام مۇزىكىسىنى توپلاش ۋە رەتلەش خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. 1950 ـ يىلى يازدا قەشقەر ۋالىيسى، پېشقەدەم سەنئەت ئەربابى قاسىمجان قەمبىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن پېشقەدەم مۇقام ئۇستىسى تۇردى ئاخۇن ئاكا ئون ئىككى مۇقامنى سىمغا ئېلىش خىزمىتىگە تەكلىپ قىلىندى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي، ئېلىمىزنىڭ مۇزىكا تارىخىدا مەڭگۈ خاتىرىلىنىشكە ئەرزىيدىغان بۇ ئۇلۇغۋار ئىشقا كىرىشتى. 1950 ـ يىلى 8 ـ، 9 ـ ئايلاردا ئۈرۈمچىدە ئون ئىككى مۇقامنىڭ بىر قىسىم ناخشىلىرى دەسلەپكى قەدەمدە سىمغا ئېلىندى. 1955 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى ئالدىدا قىلىنىۋاتقان داغدۇغىلىق خىزمەتلەر ئىچىدە ئون ئىككى مۇقام مۇزىكىلىرىنى قايتىدىن تەپسىلىي لېنتىغا ۋە پلاستىنكىغا ئېلىش ئىشى ئىشلەندى. بۇ ئىشتا تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئون ئىككى مۇقامنى ساتار چېلىپ ئېيتىپ بېرىشى، ئۇنىڭ ئوغلى ھوشۇر ئاخۇننىڭ داپ چېلىپ بېرىشى ئاساس قىلىندى. بۇ خىزمەتكە يەنە مەشھۇر داستانچى روزى تەمبۇر، مۇقامشۇناس زىكرى ئەلپەتتا، ئاتاقلىق ئۇيغۇر ناخشىچىسى ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ، مۇزىكىشۇناس يولداش ۋەن تۈڭشۈلار قاتناشتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ مۇزىكىلىق ھايات دەرىخى قايتا باھارغا ئېرىشتى. يوقىلىش خەۋپىگە ئۇچرىغان خەلقنىڭ بۇ قىممەتلىك تارىخىي مەدەنىي مىراسى قۇتقۇزۇلۇپ، سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ خەلقنىڭ سەنئەت ئىشلىرىغا قوشقان غايەت

زور تۆھپىسىنىڭ ھەقىقىي تارىخىي قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى ئەنە شۇ يەردە.

تۇردى ئاخۇن ئاكا بۇ ئۈچمەس تۆھپىسى ئۈچۈن پارتىيە ۋە خەلقىنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتى ۋە ئالقىشىغا ئېرىشكەن خەلق سازەندىسى. تۇردى ئاخۇن ئاكا ئەسلىي قەشقەرنىڭ يېڭىسار ناھىيىسىدىن بولۇپ، 1880 ـ يىلى شۇ ناھىيىدە تۇغۇلغان. بىرقانچە ئەۋلاد مۇقامچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، مۇقامچىلىقنى ئاتا كەسىپ قىلغان. بىراق، زۇلمەتلىك كونا جەمئىيەتتە ئۇنىڭ بوۋىلىرى، جۈملىدىن ئۇنىڭ دادىسى تەۋەككۇل ئاخۇن غۇربەتچىلىك ۋە خارلىق ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ قەشقەر، يەكەن، خوتەندىن ئىبارەت كونا مۇقام ماكانلىرىدا سەرگەردانلىق ۋە سەرسانلىق ئىچىدە 50 يىل مۇقامچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1952 ـ يىلىدىن باشلاپ يەكەن، قەشقەر سەنئەت ئۆمەكلىرىدە رەسمىي مۇقام ئۇستىسى بولۇپ خىزمەت قىلدى. دادىسى تەۋەككۇل ئاخۇندىن مىراس قالغان «باھارىم چىمەنزارىم» قاتارلىق 30 نەچچە ناخشىنى خەلققە تەقدىم قىلدى. «ھەممە دېھقانلار بىر ئائىلە»، «دوستلۇق» قاتارلىق يېڭى مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلىپ يەر ئىسلاھاتى كۈرىشىگە ھەسسە قوشتى. ئۇ يېشى چوڭىيىپ قالغىنىغا قارىماي، ئۆمۈرلۈك ئېپتىخارى، مىسلىسىز خۇشاللىقى ۋە جاسارىتى بىلەن ئون ئىككى مۇقامنى تولۇق ئېيتىپ، مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتتى. پېشقەدەم خەلق سازەندىسى تۇردى ئاخۇن ئاكا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ شېرىن بايلىقىنى خەلققە تاپشۇرۇپ بېرىپ ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى.

ئون ئىككى مۇقام قۇتقۇزۇپ قېلىندى! ئون ئىككى مۇقام نوتىلىرى يولداش ۋەن تۇڭشۇنىڭ بىرىلىپ ئىشلىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىغا بېغىشلانغان مۇھىم سوۋغا سۈپىتىدە 1965 ـ

يىلى مۇزىكا نەشرىياتى ۋە مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئىككى قىسىملىق كىتاب بولۇپ نەشر قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئون ئىككى مۇقام توغرىسىدىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات جانلىنىپ كەتتى.

بۇ يىل پېشقەدەم مۇقام ئۇستىسى تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا بىر ئەسىر توشتى. تۇردى ئاخۇن ئاكا ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان، ئون ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت خەلقنىڭ بۇ بىر قىممەتلىك تارىخىي مەدەنىي مىراسىنى ساقلاپ قېلىشتا ئۆچمەس خىزمەت كۆرسەتكەن مۇنەۋۋەر مۇقامشۇناس، مۇقام سازەندىسى ۋە مۇقامچىلىق ئۇستازى.

ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدە ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ بۈگۈنكى ھالەتكە يەتكەنلىكىنى خۇشاللىق بىلەن كۆرگىنىمىزدە، مەرھۇم تۇردى ئاخۇن ئاكىنى ھۆرمەت بىلەن ئەسلىمەي تۇرالمايمىز. بىز ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش، تەرتىپكە سېلىش، تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇنى كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىزنى زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇلۇغۋار يېڭى يۈرۈشكە خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىشىمىز لازىم.

# ئۈزۈم بايرىمى ھارپىسىدا

«ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇلار دۇنيا بويىچە ئەڭ كۈچلۈك ئۈزۈم شارابىنى ئەڭ كۆپ ياسايدىغان ئاھالە ئىدى.»

— پروكوپىي①

دوستۇم ئۆزى يېتىشتۈرگەن كىشمىش ئۈزۈمدىن بىر سېۋەت قويۇپ، تاماققا ئولتۇرماستىنلا «تۇرپاندا ئۈزۈم بايرىمى ھارپىلىقى بىلەن ۋاقتىم زىق، كېيىن كېلىپ كەچلەپ كېتىمەن» دەپ كېتىپ قالدى. مەن خىيالغا چۆمدۈم ...

مانا كەچمۇ بولدى، سۈزۈك ئاسمان ياقۇتتەك يالتىرىغان يۇلتۇزلار بىلەن بېزەلدى. ياقۇت يۇلتۇزلارنىڭ جىلۋىسىنى ئۆزىدە جۇلالاندۇرۇپ، ئالدىمدا تاۋلىنىۋاتقان تۇرپان ئۈزۈمى تەسەۋۋۇرۇمدا سېھرىي ئۇچقۇنلارنى چېچىشقا باشلىدى ...

ئۈزۈم قايسى ئېرا، قايسى زاماندا بۇ ماكاندا پەيدا بولغانلىقىنى بىلمەك تەس. «تەكلىماكان» دەپ ئاتالغان 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر دائىرىدىكى بۇ زېمىننىڭ ھەممىلا تەرىپىدىن قەدىمكى ئۈزۈمچىلىككە دائىر كەشتە نەقىشلىرى، ياغاچ ئويمىلار، مېتال بۇيۇملار، ھەتتا تەك ئىزنالىرى تېپىلغان. «تەكلىك (تەكلى) ماكان» دېگەن قىياسىي نام بۇ قەدىمكى ئۈزۈم دىيارىنىڭ مۇناسىپ نامى بولۇشى ئېھتىمال.

ئىنسانىيەت مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن باشلاپ،

---

① پروكوپىي — ۋىزانتىيە تارىخچىسى، «مەخپىي تارىخ»نىڭ مۇئەللىپى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۈزۈم ئۇنىڭ كۆپ ھېكمەتلىك نەرسىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ سۈزۈكلۈكى پاكلىقنى، غۇژمەكلىكى ئىناقلىقنى، تال ۋە شۇڭگىلىرى رىشتە ۋە ئارامبەخشلىككە، شەربىتى شېرىن ئۇمىدكە، مەيلىرى مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان قايناق ھېسسىياتقا، شىپا بەخشلىكى قان ۋە ھاياتىي كۈچكە سىيما بولدى. نەچچە مىڭ يىللىق تارىخ داۋامىدا جاملاردا كۈلۈپ تۇرغان مەيزاب زەپەر شادىيانىسىگە نىشان بولدى. ئىسكەندەرنىڭ شەرققە قىلغان يۈرۈشىگە ئەگىشىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن گرېك تارىخچىلىرى يەرلىك ئاھالە ئارىسىدا خۇددى گرېكلاردەك «دىئونىسى» — مەيزاب بايراملىرىنىڭ بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىشقانىدى. سەيياھ جاڭ چيەن خەن ئوردىسىغا ئۈزۈم (بور) كۆچەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ تىككەن. دەر ھەقىقەت، «يىپەك يولى» بىلەن ئۈزۈم يولى مۇناسىۋەتلەر تارىخىغا تەڭ كىرىپ كەلگەنىدى.

ئاي تۇغقاندا ئالدىمىدىكى تۇرپان ئۈزۈمى زۇمرەتتەك چاقناپ، قەلبىمگە چوغ تاشلىدى. زۇمرەتتەك ئۈزۈمنىڭ ھەردانىسى خۇددى ياقۇت قەدەھكە لىق تولدۇرۇلغان خاسىيەتلىك شارابقا ئوخشاپ كەتتى. ئۈزۈم خىياللىرى پۈتۈن روھىيىتىمنى شېرىكەيپلىك قوينىغا غەرق قىلدى. تەسەۋۋۇرۇم يەنىلا تۆگە كولدۇرمىلىرى بىلەن قەدىمكى ياڭگۇەن قوۋۇقىدىن ئېچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى. «كىتاب مەھكىمىسىنىڭ ساپ پۈتۈكلىرى» ناملىق قامۇسىنىڭ 970 ـ جىلدىدا تاڭ تەيزۇڭ قۇچۇنى تىنچىتقاندىن كېيىن چاڭئەندىكى خان بېغىدا سايۋا ئۈزۈم ئۆستۈرۈپ، مەيزاب ياساتقانلىقى ۋە سەككىز خىل شارابنى تېتىپ كۆرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. بۇ فرانسىيىلىك لۇئىس بۇئۇلنۇئىسنىڭ «يىپەك يولى» ناملىق كىتابىنىڭ 178 ـ بېتىدىكى «640 ـ يىللىرى ئۇلار ئۈزۈم ھارىقى ياساش تېخنىكىسىنى ئېچكىرىگە تارقاتتى»، «ئاتاقلىق شائىر لى بەي بۇ ھاراقتا مەست بولۇپ قالاتتى، بىر قېتىم ئۇ كۆل بويىدا

مەست بولۇپ قېلىپ، سۇغا قولىنى سېلىپ ئاي شولىسىنى تۇتماق بولغان» دېگەن سۆزلىرى بىلەن مەزمۇنداش. لى بەينىڭ «فى تۇنەننى ئۇزىتىش» دېگەن شېئىردىكى:

غۇز قىزى قول ئوينىتىپ تەكلىپ قىلار مەيگە مانا،
جىلۋە ئەيلەر مەي ـ شاراب قولىدىكى زەرجامىدا.

دېگەن مىسرالار ئىسمىگە كەلدى. ئېيتىش مۇمكىنكى، قۇچۇنىڭ ئۈزۈم ھاراقلىرى تاڭ نەزملىرىگە ئىلھام بېغىشلىغانىدى. مەسىلەن، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئەدىب يىلۇ چۇسەي «تەڭرىتاغدا جۇجىنزىنغا نەزىرە» ناملىق شېئىرىدا:

بور ھارىقى شىركەيپ قىلغاي كىشىنى شۇ ھامان،
كەھرىۋا جام تاشلىنار كۆزۈڭگە گويا مەستىسمان.

دەپ يازغان بولسا، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئالىم زىڭ چى ئۆزىنىڭ «چىڭ يۈەنۋەننى غەربىي دىيارغا ئۇزىتىش» دېگەن شې-ئىرىدا:

خان چىقىپ خەنزۇ تىلىدا ئۆيگە قىلدى مەرھابا،
تەخ ئىكەن ئۈزۈم شارابى كېمىر ئۆيلەردە يانا.
ھۆسنىدە خوتەنچە ئەڭلىك، ئوينىدى قىزلار ئۇسسۇل،
سازىدا كۇسەن كۈيى، كۇسەن ئاھاڭى ئالدىدا.

دەپ يازغان. شۇ زاماندا ياشىغان داڭدار تېۋىپ لى شىجېن «دو-رىلار قامۇسى»دا: ئۈزۈم شارابىنى ياساش تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى قۇچۇدىن ئۆگىنىلگەن، دەپ يازغان.

قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مەملىكەتلەر ئارىسىدا يىپەك، خۇش پۇراق دورىلار، زىبۇزىنەت بۇيۇملىرى، قول سودىسىدىن ئىبارەت بۇ تۆت تاۋار پەيدا قىلغان ھەم دوستلۇق، ھەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىقابەتلەرگە نىسبەتەن ئۆزۈم ۋە ئۈنىڭ مەھسۇلاتلىرى ھاياتقا ساغلاملىق، كۆڭۈلگە زوق بېغىشلاپ، ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگە ئۆتۈپ كەلدى. 1970 ـ يىلى شىئەنىنىڭ جەنۇبىدىكى تاڭفىنۋاڭفۇدىن قېزىۋېلىنغان قېزىلمىلار ئىچىدىن غەربىي دىياردىن كەلتۈرۈلگەن ئىدىقۇتنىڭ «قۇت» (吉利) پۇلى بىلەن ئىدىقۇتلۇقلارنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن جام تېپىلغان. شائىر جاڭ خۇ ساقىينىڭ قولىغا ئالتۇن قەدەھنى تۇتۇپ ئۇسسۇل ئوينىغانلىقى ۋە قەدەھنى تاڭشۇەنزۇڭغا تۇتقانلىقىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

قولىدا ئالتۇن قەدەھ، ئويناپ كېلىپ ئۇسسۇل راۋان،
شاھقا تۇتقاندا قەدەھنى، ئۇ كۈلۈپ ئالدى شۇئان.

دەرۋەقە، قەدىمكى ئىدىقۇتلۇقلار ئۈزۈمنى «بور» دەپ ئاتايتتى. بىز «كالىيانامكارا ۋە پاپامكارا» («ئىككى تېگىن ھېكايىسى»)، «ئۇيغۇرچە قانۇن ۋەسىقىلەر»، «ئىرق پۈتۈك»، «تۇرپان تېببىي تېكىستلىرى»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق» قاتارلىق نوپۇزلۇق دەستۇرلاردا «بور»، «ئۈزۈم»، «بور سىركىسى»، «بورلۇق (ئۈزۈملۈك)»، «بور، بېكىن (ئۈزۈم ھارىقى ۋە پىۋا)» دېگەن ئاتالغۇلارنىڭ ئارىلاش قوللىنىلغانلىقىنى كۆرىمىز.

كېچىنىڭ سالقىن شامىلى دېرىزەمنىڭ يىپەك پەردىسىنى يەلپۈشكە باشلىدى. ئالدىمدىكى چىنە تاۋاققا سېلىنغان تۇرپان ئۈزۈمى ئېلېكتر نۇرىدا خۇددى گۆلخاندەك ۋە ياكى نەقىش چېكىلگەن سۈزۈك قاشتېشىدەك يالتىراشقا باشلىدى. قولۇمنى ئۇزىتىپ ئۇنىڭ بىر شىڭگىلىنى ئالدىم. بۇ «يالقۇنتاغ قىزى» نىڭ لېۋىمگە تامچىغان شېرىن شىرنىسى خىيالىمنى دەرھال تۇرپاندا ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلقئارالىق ئۈزۈم بايرىمىغا يېتەكلىدى. ھۇزۇر ۋە ئىپتىخار دىلىمنى سۆيۈندۈرۈپ، شادلىق

تامچىلىرى كىرپىكىمگە تىزىلدى. مانا، تۇرپان جاھاننى بىلدى، جاھان تۇرپاننى بىلدى. بۈگۈن تۇرپاندا توي، مەيزاب تويى، ئۈزۈمچىلەر تويى! بۇ تۇرپان پۈتۈن ئېلىمىزدىن ۋە نەچچە ئونلىغان مەملىكەتلەردىن، رايونلاردىن كەلگەن مېھمانلارغا، پۈتۈن خەلقئالەمگە جاھانساز ساقىي بولىدىغان توي! يىپەك يولى خۇددى باھار ئاپتىپىدەك، باراقسانلىغان ئۈزۈم تەكلىرىدەك بۈگۈن ھاياتىي كۈچكە ئېرىشمەكتە! تۇرپاندا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۈزۈم بايرىمى ھارپىسىدا كىشىلەر ئۇلۇغۋار دەۋرنىڭ گۈزەل كەلگۈسىدىن ئۈمىدۋار بولماقتا. بۇ گۈزەل كەلگۈسى راۋاجلىنىۋاتقان تارىخ ئۈچۈن پەقەت يېقىنقى ئەتىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# شەرقىي تەڭرىتاغ ئېتىكىدە قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات

## 1. كۆپچاي قىيا رەسىملىرى تۈركۈمىدە

ئۈرۈمچىدىن چىقىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنى بويلاپ توقسۇن ناھىيىسىگە قاراشلىق كۆپچاي تاغلىق يېزىسىغا كەلدۇق. بۇ توقسۇن ئۇيغۇرلىرى ياشايدىغان قەدىمكى ماكان بولۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت پەنجىرتاغنىڭ ئېتىكىدىكى شامالتۇگمەن تاغ دەپ ئاتالغان بىر دۆمبەل ئاستىغا جايلاشقانىكەن، بىز ئىسكەندەر ئاخۇن بىلەن مەڭلىك يىگىتنىڭ يول باشلىشى بىلەن كۆپچاي ئۆستىڭىنىڭ تۆپىسىدىكى قىيالىققا يېتىپ كەلدۇق. سۇ بويىدىكى يۇلغۇنلۇق كەينىدىكى بىرقانچە قىيا تاشلارغا «تاش تامغا» (قىيا رەسىملىرى) ئويۇلغانىكەن. چوقۇپ ئىشلەنگەن قىيا رەسىملىرى ئىچىدە ھەممە يەردە ئۇچرايدىغان تاغ تېكىلىرىنىڭ تۇرغان ياكى قېچىۋاتقان رەسىملىرىدىن تاشقىرى، تاغ تېكىسىنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلغان بۆرە، قوش ئۆركەشلىك ئوتتۇرا ئاسىيا تۆگىسى، ئات، بىر جۈپ يولۋاس، بىر يىلپىز (قاپلان)، كەتمەنقۇيرۇق قوچقار (ئارقار) رەسىمى چېكىلگەنىكەن. رەسىملەر ئارىسىدا كۆن بەلگىسى بىلەن توغرا بۇلۇڭلۇق تۆت بۇلۇڭنى تۆت تەرەپتىن ۋە ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن سىزىق چۈشۈرۈلگەن تامغا بەلگىسىمۇ كۆزگە چېلىقتى. قىيادىكى تاشلار ئارىسىدىن خۇددى گەجدەك ئاقىرىپ كەتكەن،

ئۆۋۈلىدىغان ھايۋان ئوشۇق سۆڭىكىنى قولۇمغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىككى يېنىدىكى قالدۇق پەينىڭ تۆمۈر چوتكىدەك قېتىپ قارىداپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. نەزم:

ئىككى ئۆركەشلىك تۆگىنىڭ ئۇستىدە ئىككى كىشى،
تېكە، ئارقار قوغلىماق يولۋاس بىلەن بۆرە ئىشى.
ئەنە كۇننىڭ رەسمى پارلاپ تۇرۇپتۇ ئورتىدا،
تامغا تاشلار چەشمىسىدىن بولدى سەنئەت ئۆركىشى.

## 2. پەنجىرتاغ ئېتىكىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر

بۇ قىيا رەسىملەرنى كىم چەككەن؟ بۇ سوئالغا پەنجىرتاغ ئېتىكىدىكى كۆپچاي ـ ئالغۇي قەدىمكى قەبرىگاھلىقىدىن ئېنىق جاۋاب تېپىشقا بولىدۇ.

پەنجىرتاغ ئېتىكى سۇغا باي يايلاق ۋە تېرىلغۇلۇق، كۆمۈرگە باي كانلىق جاي ئىكەن. بۇ يەردىكى قەبرىلەر قىزىل توپىلىق يەرگە تاختا تاشتا قىرلاپ ياسالغان بولۇپ، جەسەتلەر لەھەتكە قويۇلغان ئىككى ياغاچ ئۇستىدىكى شادا ياغاچلارغا سېلىنغان چىغقا دەپنە قىلىنغان. قەبرە چۆرىسىگە تاش تىزىپ قويۇلغان. ئىسكەندەر ئاكىنىڭ ئېيتىشىچە، جەسەتلەر چىغ ياكى تېرىگە ئوراپ كۆمۈلگەن. بىز چىقىپ قالغان ۋە تولىمۇ سارغىيىپ كەتكەن ئادەم سۆڭىكى پارچىسىنى يۇقىرىدىكى قىيا رەسىملىرى يېنىدىن تېپىلغان، ئەمما ئاپتاپتا ئاقىرىپ كەتكەن ھايۋان سۆڭىكى بىلەن زامانداش دەپ ھۆكۈم قىلالايمىز. شۈبھىسىزكى، ئۇ قۇچۇ خانلىقى بىنا بولۇشتىن ئىلگىرىكى غۇز (گۇشى)، ئوغۇز (ئۇجىيە) قەبىلىلىرىنىڭ قەدىمكى قەبرىگاھلىقىدىن ئىبارەت. مەلۇمكى، غۇز، ئوغۇز قەبىلىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى بولغان قەدىمكى تۇرپان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرلىرى بولۇپ، ئۇلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى مىڭىنچى يىللاردا بۇ جايلاردا مەۋجۇت ئىدى. ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخى بۇنىڭدىن كۆپ ئىلگىرى باشلانغانلىقى شۈبھىسىز. تۇرپاندا تېپىلغان «ئوغۇزنامە» داستانى ئەنە شۇ غۇز ـ ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ قۇدرەتلىك قەبىلە ئىتتىپاقى بولۇش جەريانىنىڭ بەدىئىي تەسۋىرى بولۇشى ئېھتىمال. نەزم:

ئەسسالام پەنجىرتېغى، كۆمۈرتېغى، دەرياتېغى،
باغقا سۇ، ئوچاققا ئاتەش، مالغا يايلاق ئېتىكى.
بوۋا غۇز قوۋمى بۇ يۇرتتا ياتىدۇ تاش قەبرىدە،
ئەنە قىيا رەسىمى تۇرار قەدىمدىن شۇ پىتى.

## 3. يارغول قەلئەسى سۇنى قانداق ئىچكەن؟

تۇرپاندىكى يارغول قەلئەسى ئىككى ئېقىن قوشۇلغان جايغا جايلاشقان بولۇپ، سۇ قورشاپ تۇرغان ئارال يارغا ئوخشايدۇ. يارغول قەلئەسى بىلەن قارا قۇچۇ (قۇچۇ ـ يار ـ گاۋچاڭ بى) قەلئەسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى غۇز (گۇشى)، ئوغۇز (ئۇجىيە) قەبىلىلىرىنىڭ شەھەر ـ قەلئە ھاياتىغا ئۆتكەنلىكىنى كۆرسەتتى. بۇنىڭ كۆپچاي ـ ئالغۇي قەدىمكى غۇز ـ ئوغۇزلىرىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتتىن كېيىنكى ئۇتۇقى ئىكەنلىكىنى كۆرۈش تەس ئەمەس. بۇ قەلئەلەر ئەڭ كەم دېگەندىمۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى بىرقانچە ئەسىر ئىچىدە مەيدانغا كەلگەن. يار سۈيى ۋە سىڭگىم ئېغىزىنىڭ ئاستىغا جايلاشقان بۇ ئىككى قەدىمكى شەھەر مەيدانغا كەلگەندە كارىز تېخنىكىسى تېخى كەشىپ قىلىنمىغان بولسا كېرەك.

تاملىرىنىڭ قىسمەن كېسەك، تولىراق سوقما ياسىلىشىدىن يارغول شەھىرىنى قۇچۇدىن ئىلگىرىرەك دېيىش مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بۇ شەھەرلەر باشتىلا ھازىرقى خاراب ئالدىدىكى

مىقياستا ياسالمىغان، ئۇنىڭمۇ كۆپ قاتلاملىق شەھەر تارىخى بولغان.

يارغول قەلئەسىدە ساقلىنىپ قالغان تۇزۇكرەك ئۆيلەردە ئوچاقلار بولۇپ، ئىسلاشقان ئۆيلەر، مورا ۋە تەكچىلەر بولغان. بۇ غۇز ـ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئادىتى ئىدى. نەزم:

تۇردۇ يارغول خارابى مۇندا مىڭ يىلدىن بۇيان،
مەنزىرىدىن ئەينى چاغ ئاۋاتلىقى بولغاي ئايان.
مورا ـ ئوچاق، تەكچە تام تۇرقى بۇگۈن تۇرپاندا ھەم،
بولسا قەلئە گەر خاراب شەھەر ياسار ئەل قەھرىمان.

يارغولنى سۇ خاراب قىلغان ئەمەس، مەن يارغول قەلئەسىدىن قايتىۋېتىپ يارغوللۇقلار تۆۋەندىكى ئېقىندىن سۇنى قانداق ئىچكەندۇ؟ دەپ ئويلىدىم. بۇ يەردە قۇدۇق كۆرۈنمەيدۇ، قۇدۇق بولغاندىمۇ كۆپ بولماسلىقى تەبىئىي. شەھەر مەركىزي كوچىسىنىڭ بېلىق سۇرىتى تۆۋەنلەپ بېرىشى ۋە ھەممىلا يەردە كۆك كاش تۇڭ (كۇپ) پارچىلىرىنىڭ تېپىلىشى شۇنى كۆرسەتتىكى، يارغول قەلئەسىدە ھەممە ئائىلىلەردە كۇپ بولغان ۋە سۇنى سوغا ياكى غالتەك ئارقىلىق سايدىن ئاچىقىپ كۇپلەرنى توشقۇزغان. نەزم:

ئەھلى يارغول سۇنى غالتەك، سوغىدا توشۇپ ئىچەر،
ئويلىسام قەشقەردە سۇغا چىققىنىم ئەسكە چۈشەر.
ئەنە كۇپلەر پارچىسى ھەربىر قەدەمدە نەچچىدىن،
ئەسلىي يارغول ئۇ زامان ھەر ئۆيدە كۇپ تۇتقان شەھەر.

چىن سىن، جاڭ ۋېي، خۇ زىڭ قاتارلىق تاڭ شائىرلىرى يارغول ھەققىدە شېئىر يازغان بولسىمۇ، نەغمە ـ ناۋا بىلەن شاراب ئۈستىدە توختىلىپ، سۇ ھەققىدە توختالمىغاچقا، يازما مەنبەگە ئېرىشىش قىيىن.

## 4. قۇچۇ ــ ئاستانە توغرىسىدا

ھازىر ياشلار بىر پۈتۈن ئاستانە بوستانلىقىنى يالقۇنتاغ (خويەنسەن) دەپ ئاتىسا، تارىخچىلار قۇچۇ بىلەن ئاستانىنى باشقا ـ باشقا ئىككى چۈشەنچە قىلىپ قويۇشتى. ئۇلار قۇچۇ ئالتۇنلۇقنى ئاستانە دەپ يېزىشماقتا.

ئاستانە ــ يۇرتنىڭ مۇقەددەس تۆرى، پايتەخت مەنىسىدە بولۇپ، قەبرىگاھ مەنىسىدە ئەمەس ئىدى. ئاستانە ئاھالە ياشايدىغان يۇرت ـ مەھەللىلەرنى ۋە قەدىمكى قۇچۇ شەھرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئومۇمەن قىزىلتاغ ئاستىدا ئالتۇنلۇق، ئۇنىڭ ئاستىدا قۇچۇ شەھرى تۇرىدىغان ئەھۋال ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى شەھەرلىرىگىمۇ ئورتاق. توقماقتىكى چوئاب (سۇياپ) شەھرىنىڭ ئاقپېشىم خارابىسىنىڭ ئۈستىدىكى ئېگىزلىكتە بۇرانا (مۇنارا) قەبرىگاھلىقى، ئۇنىڭ يۇقىرىسىدا تاغ ئېتىكى جايلاشقان. قەبرىلىك تاغ بىلەن شەھەر ئارىسىدا بولىدۇ. ئالتۇنلۇق ئاستانە دېيىلمەيدۇ.

قۇچۇ شەھرى يارغول قەلئەسىدىن كاتتا ھەم تۈزلۈككە جايلاشقان. خارابىلەردە كېسەك ئىزى روشەن، بىراق شەھەرگە سۇ قويۇپ بېرىلگەن. سۇ كوچىلارنى تاكى شېغىل چىققۇچە يالاپ، ئەگرى ـ بۈگرى قىلىۋەتكەن ھەم يارلىقتا يارغول قەلئەسىدىن كەسكىن پەرقلىق ھالدا سۇ سىزىقى قالدۇرۇپ كەتكەن. مەن سىڭگىم ئېغىزىدىن بېزەكلىك ھەم پىچانغا ماڭىدىغان سايغا قاراپ، بىر زاماندا خېلىلا ئېگىز سۇ توسۇلغانلىقىنى سەزدىم . نەزم:

ئەنە قارا بالغاسۇن ئوت قوينىدا بولغان خاراب،
جەڭ چېغى قۇچۇ خاراب بولغاندى تاشقىن يالاپ.

تۇرىدۇ دۆمبەل خارابە يېنىدا قوقاس ئوتۇن،
ھېلىمۇ سېپىل تېشىدا يەلپۈنەر شېرىن كاۋاپ.

## 5. بېزەكلىكتىكى ئىككى سىر

بېزەكلىكتە كۆپ كېلىش جەريانىدا فون لېكوك ئەكەتكەن ۋە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا تەرسالارچە بۇزۇلغان تام رەسىملىرىنى خېلىلا ئەسلىي پېتى قىياس قىلىدىغان بولدۇم.

مۇنداق ئىككى سىرنى ئېغىزدىن چىقارمىغانىدىم. 27 ـ غارنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئۈچتىن ئالتە بۇدساتۋا ھەيكەللىرى ئورنىدىكى نېلۇپەر چەمبەر ئالدىدىكى ساكيامۇنى ھەيكىلىنىڭ كەينىدە نېمە بار؟ ھازىرقى غار كېمىرىنىڭ ئۈستىدە «چوڭ كۆلۈنگۈ» ( ماھايانا) بويىچە مىڭ بۇت رەسىمى سىزىلغان بولسىمۇ، ساكيامۇنى ھەيكىلى كەينىدە پۈتۈك (دەستۇر ـ كىتاب) قازنىقى بولغاندىن تاشقىرى، ئاق گەج تام ھازىرقى كېمىرنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەن. مېنىڭچە، 27 ـ غار ئىككى قەۋەت بولۇپ، ئۈستىدىكىسى (ھازىرقى قىسمى) كېيىن كېسەك كېمىر شەكلىدە ئەسلىدىكى كېمىر ئىچىگە ياسالغان.

ئۇنداقتا ئاستىدىكى كېمىردە نېمە سىزىلغان بولغىيدى؟ مېنىڭچە، «كىچىك كۆلۈنگۈ» (ھىنايا) بۇددىزمغا خاس تام رەسىملىرى سىزىلغان ياكى مانى تام رەسىملىرى سىزىلغان بولۇشى ئېھتىمال. مەسىلە شۇكى، ئۇ ئەينەن ساقلانغان ئاساستا ئۈستىگە كېمىر قوپۇرۇلغانمۇ ـ يوق؟

مېنى قىزىقتۇرغىنى شۇكى، ئاستىدىكى قاتلامدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى پارچىلىرىنى ھېلىمۇ كۆرۈش مۇمكىن. بۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا ئائىت تاشكېمىر رەسىملىرى ئۇيغۇرلار كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن سىزىلغان دېگەن ھۆكۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. بۇ بىر سىر.

ئىككىنچى سىر شۇكى، بېزەكلىكنىڭ ئاستىدا، سۇغا

يىقىن يار قاتلىمىدىكى تۆشۈكتە كاھىشتا ياسالغان چوڭ تەڭنىدەك ساندۇقتا قويۇلغان جەسەت مەۋجۇت. كىچىك بالا جەسىتىدەك بۇ خىل كاھىش جەسەت ساندۇقى بۇددىزمنىڭ جەسەت كۆلى قۇتىسى ئادىتىدىن ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي ھاياتىدىن دالالەت بېرىدۇ. مەن 1984 ـ يىلى سەمەرقەند يېنىدىكى ئەپراسىياپ خارابىسى ئالدىغا ياسالغان تارىخ مۇزېيىدا ھەم ياپونىيە توكيو مۇزېيىدا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىغا خاس بۇ خىل دەپنە قۇرالىنى كۆرگەنىدىم. نەزم:

ھېلىلا ئاڭلاپ ئۇنىئالغۇدىن مۇقامى چەبىيات،
پاھ ! دېدىم سۇنايدا تۇرپان ماھىرىغا قاتمۇقات.
چىقتى ئالدىمدىن شۇدەم گۈزەل بېزەكلىك سۈرىتى،
ئۇندىكى بەرباپ ۋە بالمان سازى ھازىرمۇ ھايات.

## 6. چىغتىم خارابىلىكىدە

پىچاندىن چىققاندىكى چىغتىم يېزىسىنى كىشىلەر خاتا ھالدا «چىقتىم» دەپ ئاتىشىۋالغان، ھازىرقى تاشيولدىن جەنۇبتا قالغان قىزىل ئېدىردا كىشىلەر ئاز دىققەت قىلىدىغان «چىغتىم» خارابىلىكى ھېلىمۇ ساقلانماقتا. بۇ «چىغدەك» مەنىسىدە بولۇپ، ئۇيغۇرلار بېكەتنى «تىم» دەپ ئاتىشاتتى. بۇ يەر ئىسمى ئاھاڭ بويىچە خەنزۇچە «چى تىڭ» دېيىلگەن بولۇپ، ھازىرقى ئايرىم تارىخچىلار قىزىل ئېدىردا بولغاچقا «قىزىل بېكەت» دېگەن بولىدۇ، دېيىشمەكتە. بۇ بەزى ئاۋات، بەزى خاراب بېكەت بولۇپ، شىمالىي قىسمىدا يەرلىك ئاھالە دېھقانچىلىق قىلىدىغان يۇرت بولغان. ھازىر بۇ يەرنى زەي بېسىۋالغان.

تاڭ دەۋرى شائىرى چىن سىن گاۋشەنزى يېنىدىن قايتقان ھەربىي سودىيە ئەمەلدارى ليۇچەننى ئۇزىتىپ ئۇۋېيغا بارغاندا (751 ـ يىلى) يازغان بىر نەزمىدە:

«چىغ تىمدا قۇيۇن تولا،
دۇمباقمۇ تەڭ كەلمەس ئاڭا،
بەزىدە ئادەم ئۆسەك قاتنار يانا،
تولىدۇ تاش ـ قۇم بىلەن ئۇندا ھاۋا.»

دەپ يازغان، ئۇ يەنە مۇنداقمۇ يازغان:

«لىق تولۇپتۇ ئاق سۆڭەككە يەر بېتى،
ئەسلىي بۇ جاي بىر قەدىم جەڭگاھ ئىدى.»
«بالىخانلىق ئۆيدە كەچتە مەي بولۇر،
قەلئەگە ئايمۇ قىيا قاراپ تۇرۇر.»

چىغتىم بېكىتىدىن قاتنىغۇچىلار ئۆتۈشەتتى. تارىختا نامى قالغان بەزى كىشىلەر ئوتتۇرا دىيار ۋە غەربىي دىيار سەپىرىدە بۇ يەردىن ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئېگىزلىكتىكى قەلئەدە ھېلىمۇ بىر قۇدۇق ساقلانغان بولۇپ، ئاستى زەيلىك بولغاچقا، ئېھتىمال سۇ تارتقان بولسا كېرەك. نەزم:

مۇندا چىغتىم نامى بىرلە تۇرىدۇ كونا بېكەت،
بىر چېغى يىپەك يولىنى ئىككىگە ئايرىپ پەقەت،
قانچە كارۋان مۇندىن ئۆتكەن، چىن سىن ھەم يازغان بېيىت،
ئىزىنى يوق قىپتۇ سۆزمەن مەي پۇرۇچ ياتقان لەھەت.

## 7. قارا تۆپە قەدىمكى قەبرىگاھلىقىنى كېزىپ

قۇمۇل «قارا دۆۋە» دەپ ئاتىلىدىغان ئوپۇ يېزىسىنىڭ بىر چېتىدە قىزىل توپىلىق، كەج (مىلانىس) پارچىلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان قەدىمكى قەبرىگاھنىڭ تېپىلغانلىقى بىرنەچچە يىلدىن بېرىقى ئىش. بىز خوجانىياز ھاجىنىڭ يىگىتلىرىدىن بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھېيت بوتۇك ئاكىنىڭ ھەمراھلىقىدا بۇ يەرنى زىيارەت قىلدۇق. ھېيت ئاكا بۇ قەبرىگاھلىقنى تاپقان ھەم تارانچى (سەنداۋلىك) كۆمۈركان رايونىنى تاپقان پېشقەدەم. ئۇنىڭ ئالتە ئوغلى بولۇپ، قۇمۇلدا چېلىش ماھىرلىرى، پالۋانلاردىن ئىكەن.

قارا تۆپە قەدىمكى قەبرىستانلىقى قىزىل توپىلىق دۆڭگە جايلاشقان. قەدىمكى ئانىمىزملىق ئېتىقاد بويىچە، قىزىل توپا ئۆلۈكنى پاكىز ساقلايدۇ، ئوتتەك گۇناھىدىن تازىلايدۇ ۋە ئۇ دۇنيادا قايتا تىرىلگەندە قان بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

جەسەتلەر لەخمىگە قويۇلغان ئىككى ئەگمىرەك كۆتەك ياغاچ ئۇستىگە تىزىلغان توغراق ياغاچلىرىغا چىغ ياكى چۆپ (قۇرۇتۇلغان) تىزىپ، ئۇستىگە قويۇلغان. باش تەرەپكە قوزۇق قېقىلغان، ئاستىغا ھەر تەرەپكە ئۈچتىن ئىككى كېسەك كېلىدىغان ھەربىر كېسەككە ئەپسۇن ئىشارىتى بولغان ئوخشىمىغان شەكىلدە يارماق پاتۇرۇپ بەلگە (چېكىتلەر) قىلىنغان. كېسەكلەر شۇ بەلگە تەرتىپى بويىچە تىزىلغان، ئەگمە ياغاچمۇ قىزىل توپىدا قىزىرىپ كەتكەن. بۇ يەردىن چىققان جەسەت مۇمىياسى شاڭخەيدە كۆرگەزمە قىلىنغان.

بىز زىيارەت جەريانىدا بىر ئايال باش سۆڭىكىنى ۋە قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغان بىر نازۇك ئالىقان قول سۆڭىكىنى، يەنە تېرە ـ يۇڭ پارچىسىنى تاپتۇق. ھېيت ئاكىنىڭ دېيىشىچە، بۇ يەردىن تۇچ ئەسۋابلار، رەڭدار ساپال بويۇملار ۋە نان تېپىلغان. جەسەت چىغ توقۇمىدا كۆمۈلگەن. بۇ جەسەتلەر توقسۇن پەنجىرتاغ ئېتىكىدىكى جەسەتلەر بىلەن بىر ئېتنىك ئۇسلۇبتا كۆمۈلگەن. نەزم:

قارا تۆپە قەبرىسىدە نەچچە مىڭ يىللىق جەسەت،
قىپقىزىل تۇپراق تېگىدە ئەگ قەدىم ياغاچ لەھەت،

بۇ قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ گەۋدىلىك قەدىمالىغا،
ھېلىمۇ، قەدىمدىمۇ ئۇيغۇر ئىزاھاتتۇر پەقەت.

## 8. ئاق پاشا ــ قۇمۇل ئەلنەغمىچىلىرىنىڭ مۇھىم ۋەكىلى

قۇمۇل ۋاڭلىرى ئالتۇنلۇقنى زىيارەت قىلىپ، چۇئاپ (توقماق بورانا) دىمۇ، سۇلايمان ۋاڭ مۇنارىسىمۇ قەبرە، مۇنار، جامە مەسچىتىدىن ئىبارەت ئۈچ بىناكارلىقنىڭ ئىسلام ئۇيغۇر كاتتىلىرىنىڭ ئالتۇنلۇقلىرىدا بىللە ياسالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. توقماق، تۇرپان قاڭقا بازىرىدا مۇنار خىشتا نەقىشلەنگەن بولسا، قۇمۇل ئالتۇنلۇقتا ياغاچتا راۋاق شەكلىدە ياسالغان.

قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ خان جەمەتى ھېسابلانغان ئابدۇلئەھەد قادىرى خەلق ئىچىدە «ئاق پاشا» نامىدا داڭ قازانغان سەنئەت ئۇستىسى بولۇپ، ھازىر ياشىنىپ قالغان. بىز ئاق پاشانى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ خانىسىغا كىردۇق. ئۇ خۇش تەكەللۇپ كىشى بولۇپ، ھازىرقى ئۆيىدە ئىككى ئوردا پانۇسى، بىر قوش سۇمۇرغ نەقىشلىك چىلاندىن ياسالغان يۆلەنمە ئۇستەل، بىر ئوردا پەنجىرىسى، بىرقانچە ئەينەكلىك رەسىملىرىنى ساقلاپ قالغان. ئەينەكلىك بىر جۈپ لەۋھەگە مۇنداق بېيىت خەنزۇچە يېزىلغاندى:

«كەلسە گەر نەۋئى باھار، بىلىق ئوينار،
زىرائەتلىك ئېدىرلاردا بۇغا تاقلار.»

ئاق پاشا قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا ئۆستۈرۈلىدىغان گۈللەردىن 30 ــ 40 خىلنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ كەلگەن. بۇ گۈللەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىراقتىن كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، قۇمۇلدا ۋاڭلىق غۇلىتىلغاندىن كېيىن ئاق پاشا قولىدىلا ئۆستۈرۈلگەن. ھېلىمۇ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي بىرقانچە خىل گۈل باققان.

قۇمۇل ۋاڭلىرى ئەسلىي يەكەن خانلىقى جەمەتىدىن بولۇپ، يەكەن خانلىقى بىلەن بىر پۈتۈن بولغان. جۇڭغارلار يەكەن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن قۇمۇل ۋاڭلىرى جۇڭغارلارغا قارشى مەيداندا تۇرغان. نەزم:

كاش تام ئاستىدا قۇمۇل ۋاڭى خىلۋەتتە ياتار،
ئۈستىدە يامغۇر سۈيى گۈمبەز تۆپىدىن بويلاپ ئاقار.
ئەسلىي يەكەن خانلىقىنىڭ نەسلىدىن قۇمۇل بېگى،
ئەنسە جامەئى ھېيتگاھ تۆۋرۈكى قاتار ـ قاتار.

## 9. لاپچۇق ناجى قەلئەسى يېنىدا

بىز قەدىمكى لاپچۇق قەلئە خارابىسىنى ئايلىنىپ، يېزىدىكى كەنت باشلىقلىرىدىن بىرى گايىت ئاخۇننىڭ ئۆيىدە قۇمۇل مەشرىپىگە قاتناشتۇق. بۇ مەشرەپنى قۇمۇلنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ۋالىيسى توختىخان ۋالىي تەشكىللەتكۈزگەنىدى. گايىت ئاخۇن بىلەن ئايالى ئاقخان بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

قۇمۇل خەلقى خۇددى دولان ئۇيغۇرلىرىدەك گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە. قۇمۇل ۋە ئاراتۇرك شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك خانلىقلىرى دەۋرىدىمۇ بۇ ئىككى خانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان. ئۇلار شىمالىي قۇملۇقتا يۆتكىلىش ۋە شىمالىي قۇملۇقتىن شىنجاڭغا قايتا يۆتكىلىش جەريانىغا قاتناشمىغان بولۇشى مۇمكىن. جاڭ چەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىلا بۇ يەردە ( ماھادۇر) مۇقامىنىڭ بارلىقىنى ئۇچۇر قىلغان. سۈي ـ

تاڭ زامانىسىدىكى «ئېۋىرغول كۈيى» قۇمۇل ئەلنەغمىسى ئىدى. «سەنتەي» دېگەن سۆزنى «3 ـ مەنزىلگاھ» دەپ چۈشەنسەك، «3 ـ مەنزىلگاھ تۈرك كۈيى» ياكى سەنباۋ (توقۇچى ـ لاپچۇق) ئەتراپىدىكى قۇمۇل ئەلنەغمىسىنى كۆرسەتسە كېرەك. سۈي سۇلالىسى ھازىرقى لاپچۇقنا نازى ناھىيىسى قەلئەسىنى قۇرغاندا، بۇ جاينىڭ قەدىمكى نامى يەنىلا ئۇيغۇرچە لاپچۇق بولۇپ، 10 مىڭ كىشىدىن ئارتۇق نوپۇسى بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

قۇمۇل مۇقاملىرى خەلق مۇقاملىرى كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، قەدىمىيلىك، يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە بىۋاستە خەلق سەنئىتىدىن ئىبارەت ئۈچ خۇسۇسىيىتى بىلەن كۆزگە تاشلىنىدۇ. قۇمۇل خەلق مۇقاملىرىمۇ 12 پارچە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە يەتتە مۇقام ئىككى نۇسخا (ۋارىيانت) لىق، ئايرىم ھېسابلاش توغرا كەلسە 19 پارچە مۇزىكىلىق ئەسەر بولىدىكەن. بۇ مۇقاملاردا قىسقا پەلسەپە ـ دىداكتىك باش مۇقام، بىر ـ بىرىدىن تېز ئۇدارلىق ئۇسسۇللۇق مەشرەپلەر كۈيلىنىدىغان بولۇپ، داستان قىسمى يوق ئىكەن. مەشرەپنى گەۋدىلەندۈرۈش قۇمۇل مۇقاملىرىدىكى ئاساسلىق ئالاھىدىلىك.

مۇقام ـ ئەلنەغمە ئالدىدا ئاياللار ئايرىم ئۆيدە ئۇسما قويۇشىدىكەن، ئاندىن گۈللۈك يۇمشاق ئۆتۈك كىيىپ، ئۈستىگە قەدىمكى كەنجازا ياكى ئۇزۇن ئىمچە كىيىملىرىنى كىيىپ، گۈل رومال ئارتىشىپ، دوپپىلىرىغا گۈل قاداقلار تاقاپ تەييارلىنىدىكەن.

مەشرەپ سەيناسىدا سازەندىلەر ئەرلەر بىلەن بىر تەرەپتە ئولتۇرىدىكەن. ئاساسلىقى قۇمۇل غېجىكى (ئىككى تارلىق ئۇيغۇر غېجىكى) بىلەن داپ چېلىنىدىكەن. ئەرلەر ئارىسىدا بىر قىزىقچى، سۆزمەن كىشى قىزىل رەخت قويۇلغان داپ ياكى پەتنۇسنى تۇتۇپ، ئارىلاپ ۋارقىراپ، قىزىق لاپ گەپلەرنى قىلىدىكەن. بۇ مۇزىكا رىتىمىغا چۈشكەن بولۇپ، مەشرەپ ھاۋاسىنى قىزىتىپ بېرىدىكەن.

مۇقاملار باشلانغاندا پەلسەپە ـ نەسىھەتلىك باش نەغمە ئۇسسۇلسىز ئورۇندالغاندىن كېيىن ئىشلىگەن پوتىنى تۇتۇپ يىگىت بېشى ئۇسسۇلغا چۈشىدىكەن ۋە ئاياللار ئارىسىدىن بىرىنى پوتا كۆرسىتىپ ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىدىكەن. ئۇسسۇلغا چۈشۈشتە ئەر ـ ئايال ئورۇن ئالماشتۇرۇپ، ئۈچ قېتىم بىر ـ بىرىگە ئېگىلىپ سالام بېرىشىدىكەن.

مەن قۇمۇل ئەلنەغمىلىرى، مۇقام مەشرەپلىرىدە ئاساسلىقى پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش كىشىلەرنىڭ ئويناپدىغانلىقىنى، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ مەشرەپ تەربىيىسىگە ئېرىشىپ ياندا زوقلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى، بۇ خىل ئەنئەنىنىڭ تارىخىي ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بارلىقىنى ھېس قىلدىم. بىزدىكى پېشقەدەملەرنى، ھەتتا ئوتتۇرا ياشلىقلارنى سەنئەتتىن سىقىپ چىقىرىۋېتىش ھادىسىسىنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە قايتا ئويلاندىم.

بىز قۇمۇل ئەلنەغمىسىدىن پارچىلارنى، «چوڭ دەردىڭ يامان ـ ھاي ـ ھاي يۈلەن كۈيىنى»، «نازىركوم ـ توخا» ئۇسسۇلىنى تاماشا قىلدۇق. نەزم:

پۈتىدا يۇمشاق ئۆتۈك، ئۈستىدە قەدىمىي لىباس،
دوپپىسىدا ئۈچ قاتار ماخۇا قاداق ئۇسلۇبقا خاس.
قول كېرىپ ئۇسسۇلغا چۈشسە ئەييۇھەنناس دەر كىشى،
لاپ ئۇرار قىزنىچى ياندا كۆلدۈرۈپ قوزغاپ قىيقاس.

ياڭرىدى «ھاي ـ ھاي يۈلەن»، ئورخۇن، قۇمۇل، تۇرپان چېغى،
ئۆرۈمە چاچ، زەر كوكۇلا ئايلام سەنەم سالغان چېغى.
ئاقساقال ھېگىل ئاكانىڭ ئويىنىشى ئۈلگە ئۇسسۇل،
ئۆرلىدى زوقى ئايالى ياندا تولغانغان چېغى.

## 10. باركۆل ــ قەدىمكى يايلاق يولىدا

مەن ئىلگىرى تەڭرىتاغلىرىنى ئاتۇشتىن باغراشقىچە سوزۇلغان دەپ قاراپتىمەن. باركۆلگە كېلىپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ

قاراڭغۇتاغ ، تەسكەيتاغ، قۇزتاغ، قارلىقتاغ قاتارلىق ناملىرى بولغانلىقى ئېسىمگە چۈشتى. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخىي هاياتىنى قايتا ئويلىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن يىپەك يولىدىن تولىمۇ ئىلگىرى تەسكەيتاغ، جىلەنشەن (تىلەن) تېغى ۋە تەڭرىتاغنىڭ بىرتۇتاش هالەتتە هايات ماكانى ۋە جىلغا قاتنىشى يولى ئىكەنلىكىنى هېس قىلدىم. دەرۋەقە، تەڭرىتاغ ئىسسىقكۆلدىن تەسكەي ـ چوقاي بويلاپ زەنجىر هاسىل قىلغان قەدىمكى مەدەنىيەت كارىدورى ئىدى. نەزم:

تەڭرىتاغ ـ تەسكەيتاغ بىر تىزما تاغدۇر ئەسلىدە،
چۆپكە مۇنبەت يول ئىدى باتۇر ئوغۇزنىڭ نەسلىگە.
بۆرە كۆلنىڭ بويىدا ئۆسكەن يېتىم ئۇيسۇن ئوغۇل،
باتىس تۆرە، قوشۇخان سۈرگەن زامان ئۆز پەسلىدە.

باركۆل قەدىمكى غۇز، هون، تۇرك قەبىلىلىرىنىڭ شىمالىي قۇملۇقتىن غەربىي دىيارغا ئۆتۈش يولى ئىدى. ئۇيسۇن ۋە ياۋچى قەبىلىلىرىمۇ شۇ يايلاقتىن ئۆتكەن بولۇشى تولىمۇ ئېھتىمال. ئۇيسۇن بېگىنىڭ ئوغلى لاجاۋجى ئاتا ـ ئانىلىرى ياۋچىلار تەرىپىدىن يوقىتىلغاندىن كېيىن ئۇنى مۇشۇ ئەتراپتىكى بىر بۆرە بېقىپ ئۆستۈرگەنلىكى توغرىسىدا رىۋايەت بار. هونلارنىڭ غەربىي دىيار ئەللىرىدىكى هۆكۈمرانلىقىمۇ باركۆلنى مۇهىم بىر ئارقا بازا قىلغان. ئورخۇن بويىدىن كۆچكەن بىر قىسىم ئۇيغۇر قەبىلىلىرى باركۆل ئارقىلىق بەشبالىققا يۆتكەلگەن. باركۆلنى بارسكۆل، باتىسكۆل دېگۈچىلەرمۇ بار. باركۆلنۇر ـ باركۆل كۆلى شورلۇق بولۇپ، ئەتراپىدا قومۇشمۇ ئۆسمەيتتى. چىڭ دەۋرىدىكى سى شەنجاڭ «باركۆل» ناملىق شېئىرىدا:

«يالتىراپ تۇرۇپتۇ سۇ بىپايان،
بىر غېرىچ قومۇشمۇ ئۆسمەيدۇ هامان.»

دەپ يازغان.

باركۆل چىڭ سۇلالىسىنىڭ جۇڭغارلارغا قارشى كۈرەشتىكى ئاساسىي بازىسى قىلىنغان. چىڭ سۇلالىسى قۇمۇل ۋاڭلىقىدا ئەسكەر توختاتماي، باركۆلدە گېنېرال يۆجۇڭچى باشچىلىقىدا كۆپلەپ قوشۇن توختاتقان ۋە چوڭ ھەجىملىك خۇينىڭ (مەنچىڭ) شەھەر سېپىلىنى سالدۇرغان (1729 ــ 1731 ـ يىللار)، بۇ چاغدا باركۆل قۇمۇل ـ سانجى رايونىدىكى ئاساسلىق ھەربىي رايون بولۇپ قالغان.

## 11. ئاياللىق ئىلاھە ــ ئۇماي ھەيكىلىنى ئىزدەش

باركۆلنىڭ شىمالىدىكى قىزىلتاش، جەنۇبىدىكى قاراڭغۇ جىلغا، شەرقىدىكى شىرىنزى (بالباللىق)، غەربىدىكى كۆكيارلاردىن بىر قاتار يايلاق تۇرمۇشىغا ئائىت ــ غۇز، ھون، تۈرك يادىكارلىقلىرى تېپىلغان. قىيا تاشلاردا ئات مىنگەن ئادەم، ھارۋا، بوز ئۆي، ئۇسسۇلچى ئادەم رەسىملىرى بىلەن تامغىلىق ئالامەتلەر ھەم تاغ تېكىسى، تۆگە قاتارلىق ھايۋان رەسىملىرى تېپىلغان. بىز خۇايۇەن (باغچە) كەنتىنىڭ يۇقىرىسىدىكى قارىداپ كەتكەن قورام تاشقا چوقۇپ، ئاستىدىكى ئاق يېرىنى چىقىرىپ سىزىلغان ئادەم ۋە ھايۋان رەسىملىرىنى كۆردۇق. بىرمۇنچە ئاق قورام تاشلار قىيا رەسىملىرىگە شۇنچە ئەپلىك بولسىمۇ، ئۇنىڭ قارىداپ كەتكەن يېرى بولمىغاچقا، قىيا رەسىملىرى چېكىشكە ئامالسىز قالغانلىقىدىن شۇ پېتى قالغان. بۇ يەردىكى قىيا رەسىمنىڭ ۋاقتى تېخىمۇ ئۇزۇنلۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

باركۆلدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ بىرىنى زىيارەت قىلدۇق. ئۇ ئېگىز دۆڭگە ياسالغان تاش قەبرە بولۇپ، قەبرە تۆپىسى قىزىل ئىدى. بۇ قىزىل توپا ئادەت بويىچە باشقا يەردىن يۆتكەپ كېلىنگەن بولۇشى ئېھتىمال. قەدىمكى قەبرىلەردىن تاش

قوراللار، ساپلىق ھاۋانچا، ئاسما تۆچ قازان، مەسئەينەك، كەھرىۋا، ئېيىق سىنچىلىقى سۆڭىكى، ئەپسۇن ئوقۇلىدىغان ئادەم سۈرەتلىك تاختىچە، ياغاچ ئاياق (قاچا)، ساداقدان، ئوق ئۇچى، يا (كامان) سېپى قاتارلىقلار تېپىلغان.

مېنى قىزىقتۇرغىنى مۇنداق ئىككى قەبرە يادىكارلىقى بولدى.

بارىكۆل جاساڭ قۇم جىلغىسىدىن تېپىلغان ئايال قەبرىسىدىكى ئايالنىڭ باش سۆڭىكى قارا تۆپە قەدىمكى قەبرىگاھلىقىدىكى ئايال باش سۆڭىكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆرۈلگەن قوڭۇر قارا چاچ چاچ خالتىسىدا تۇراتتى. يېنىدىن مىسئەينەك، كۆكسىدىن ئىككى دانە تۆچ قۇيما بۇيۇم چىققان. بۇ نېمە؟ بەزىلىرى ئۇنى ئېگەر جابدۇقى، توقا دېيىشتى. مەن ئايال قەبرىسىدە ئېگەر جابدۇقى بولماس دەپ، بۇ نەرسىلەرگە دىققەت ـ نەزىرىمنى مەركەزلەشتۇردۇم. ئۇ ئايال ئىلاھە ھەيكىلى ئىدى. ئۇنىڭ كىچىككىنە بېشى، ئىككى قولى، ئوتتۇراھال بىر جۈپ كۆكسى بار ئىدى. مۇھىمى ئۇنىڭ ھامىلىدارلىق قورسىقى ئېگىز چىقىپ تۇرغانىدى. بەزىلىرى بۇ چىقىپ تۇرغان نەرسە ئايالغا ئوخشىمايدۇ، دېيىشتى. مېنىڭچە، بۇ دەل ئەينى زاماندا ئايالىقنى مۇقەددەسلەشتۇرگەن ھامىلىلىك قورساق ئىدى. ئاۋستىرىيىنىڭ خارىندو دېگەن جايىدىن تېپىلغان تاش ئايال مەبۇدىسى ئەمچەك، قورساقلىق قىلىپ ئىشلەنگەنىدى. فرانسىيىنىڭ لائۇسېل دېگەن يېرىدىن چىققان تاشقا ئويۇلغان ئايال مەبۇدىسى ئەمچەكلىك، قورساقلىق بولۇپ، قولىدا مۈڭگۈز قەدەھتە مەي تۇتۇپ تۇرىدۇ. بۇنى كېيىنكى كىشىلەر تەخمىنەن «لائۇسېل ۋېنۇس» دەپ ئاتاشتى. سوۋېت قازاقىستاندىكى ئانتورونوپلار ماكانى بولغان سۆڭەك كەنتتىن 1952 ـ يىلى دەندانىنى تاراشلاپ ياسىغان ئەمچەك ۋە قورساقلىق ئايال ھەيكىلى تېپىلغان. روشەنكى، ئۇ ئالتاي مىللەتلىرىنىڭ يىراق ئەجدادلىرى قولىدا ياسالغان. ئۇ ئوماي ئانا ـ باللار ۋە ئانىلار، تۇغۇت ۋە بەخت ئىلاھە سېيماسى

بولۇپ، قەدىمكى ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ سىغىنىش مەبۇدىسى ئىدى. «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»دا: ئۇمايدەك ئانام شاراپىتىدىن مەن كۆلتېگىن ئەر بولدۇم، دەپ يېزىلغان. مېنىڭ ئىزاھاتىم ھەمراھلىرىمنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى، دەر ھەقىقەت بىز تۈنجى قېتىم ئۇماي مەبۇدىسى ئوبرازىنى بايقىۋالغاندۇق، بۇ قىممەتلىك يادىكارلىقنى سۈرەتكە ئالدىم. نەزم:

باركۆل قىزىلتاش قەبرە، ئۇندا ئايال باش سۆڭەك،
چاچلىرى چاچ خالتىسىدا، ياندا مىسئەينەك يۆلەك.
كۆكسىدە ئىككى ئۇمايىنىڭ تۇچتا قۇيغان ھەيكىلى،
ئانلىق توتېمىنىڭ سىيماسىنى تاپتىم دېمەك.

باركۆل قاراڭغۇ جىلغىسىدىكى قەدىمكى ئەركەك كىشى قەبرىسىدىن ئېگەر، قامچا، ئاق قېيىن پوستىدا ئىشلەنگەن ئوقدان، كېيىك قوۋۇرغىسىنى ئېگىپ ياسىغان ئۈزەڭگە بىلەن بىللە بىر رەڭسىز ساپال قاچا ئۈستىگە قويۇلغان بۆرە بېشى چىققان. بۆرە ئەركەكلىك سىيماسى ھەم كۆك تەڭرىنىڭ توتېملىق بەلگىسى بولۇپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ سىغىنىش مەبۇدىسى ھېسابلانغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. جەسەت تاش قەبرە ۋە قىزىل توپىلىق لەھەتكە كۆمۈلگەن. نەزم:

دۆڭدىكى تاش قەبرىگاھنىڭ ئورنىدا قىزىل توپا،
كاش قۇتا ئۈستىگە قويغان بۆرىنىڭ بېشى سىڭا.
ئاق قېيىن پوستىدا ئوقدان تۇرىدۇ ئېگەر بىلەن،
ياش كېيىك قوۋۇرغىسىدا ئەگكەن ئۈزەڭگە يېنىدا.

## 12. بەشبالىققا سەپەر

باركۆلدىن مورىغا چىققاندا، بۇ ئۇزاق مۇساپىدە ھازىرقى زامان تاشيولىنىڭ يوقلۇقىنى ھېسابقا ئېلىپ يول باشلىغۇچى

ئېلىنىۋالدۇق. يول تاغ جىلغىلىرىدىن ئەگىپ، گاھ جەنۇبقا، گاھ شىمالغا سوزۇلغان ئۇلاغ يولى ئىدى. يولدا ياۋا كاللار ئۇچراپ تۇراتتى. ھاۋا سوغۇق، شامال ئۇرۇپ تۇراتتى.

مورى — بۆرى، ئەسلىدە باركۆلنىڭ بىر ئىسمى بولۇپ، تارىختا بىر پۈتۈن ئىدى، ھازىر ئىككى ناھىيە نامى بولۇپ قالغان.

جىمسار — قەدىمكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شىمالىي پايتەختى بەشبالىق قارارگاھى ئىدى. خەن دەۋرىدە جىمسار ئىسمى خەنزۇچىدا كىم (جىڭ) مەنچىڭ دەپ ئاتالغان بولۇپ، چىملىق شەھەر مەنىسىدە يەرلىك تىلنىڭ تەلەپپۇزىنى ئىپادىلەيتتى. ئۇ «خەننامە»دە يەنە ئوتوگو (ئورتاغول) دەپمۇ يېزىلغان. بۇ يەردە ئېگىز قاڭقىلىقلار ياشايتتى. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»دا يېزىلىشىچە، بەشبالىق دەۋرىدىكى غەربىي ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دائىرىسى جەنۇبتا خوتەن، شىمالدا ئۇيراتلار، غەربتە سەمەرقەند، شەرقتە تۇرپانغىچە بولغان. جىمسارنىڭ شىمالىدىكى كونا شەھەردە قاغانبۇت شەھىرى بەشبالىق قارارگاھى بولۇپ، ئىدىقۇت خانلىقىدىكى بەش شەھەرنىڭ بىرى ئىدى. سولمى، قۇچۇ، ياڭىبالىق، چانبالىق بىلەن قاغانبۇت شەھىرى بەشبالىق ھېسابلىناتتى. ھازىر جىمسار كونا خارابىسىنىڭ جەنۇبىدا بەشبالىق يېزىسى ھېلىمۇ شۇ نامدا ساقلىنىپ قالغان. نەزم:

تۇرىدۇ قەدىمكى قەلئە بەشبالىقتىن بوپ نىشان،  
بۆكۇخان ئۇيغۇر ئېلىگە ئۇ ئىدى ئاستانە خان.  
ئارسلانخان تۇپرىقى يەتكەن تالاسنىڭ بويىغا،  
تاكى چىڭگىزغا قەدەر بۇ قەلئەنى شەھرى جاھان.

ئالائىددىن ئاتا مەلىك جۇۋەينىي «تارىخى جاھانگۇشاي»دا يېزىشىچە، بەشبالىقتىكى ئىدىقۇت ئارسلانخانغا چىڭگىزخان ئالتۇن بىكە ناملىق قىزىنى ياتلىق قىلغان، بىراق قىز يولدا ئۆلۈپ قالغان، ئورنىغا ئالاچىن بىكە (ئوگاداي خان قىزى)نى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەۋەتكەندە ئارسلانخان ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئوغلى كەسمەس (قىرماس)كە نىكاھلىق بولغان. بەشبالىق مەخسۇس تەتقىق قىلىنىدىغان ئۇنىۋېرسال ئىلمىي تېما.

شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، خەنزۇ يېزىقىدىن تاشقىرى يەرلىك خەلق تىلىنى بىلىش، يەرلىك خەلق ئېتنىك ئالامەتلىرىنى چۈشىنىش مۇھىم شەرت قىلىنىشى لازىم.

«24 تارىخ» مۇھىم يازما مەنبە، ئەمما شۇ چاغدا ھەممىدىن توغرا، تولۇق ئىلمىي ئۇچۇر سىستېمىسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇ سەۋەبلىك بىۋاسىتە، ئەمەلىي ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ مۇھىم نۇقتا قىلىنىشى كېرەك.

مۇنداق بىۋاسىتە ئەمەلىي تەتقىقات ئىزدىنىش خاراكتېرىدە بولۇشى، تەييار، كىتابىي قاراشلارنى تەستىقلاش خاراكتېرىدە بولماسلىقى كېرەك. ئەگەر يازما مەنبەلەردە ناتوغرىلىق بولسا، ئەمەلىي، ھەقىقەت بويىچە ئۇنى قايتا توغرىلىنىۋېلىشتىن باش تارتماسلىق لازىم.

شىنجاڭ تارىخى تەتقىقاتىنىڭ ئاساسلىق سالمىقى خەلقلەر تارىخى قىلىنىشى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى كۆچەيتىلىشى كېرەك. ئىمكانقەدەر رايون ـ رايونلار بويىچە قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى ئۈستىدە بىۋاسىتە نۇقتىلىق تەتقىقات ۋە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ ئىلمىي ئۈنۈمى چوڭ. نەزم:

چىقمىساڭ مۇشكۈل سەپەرگە دەشت ۋە بوستانلىق ماكان،
ئاچمىغاي خارابە تارىخ سىرلىرىنى ھېچقاچان.
بۇ دىيارغا چېچىلىپ ياتقان قەدىمكى ئۇنچىلەر،
ئىزدىنىپ باسقان قەدەم ــــ دەل ئۈنچە تىزغان يىپسىمان.

# ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ يىپەك يولىدا كۆرسەتكەن خىزمىتى

«ئەگەر كەزمىسە سودىگەرلەر جاھان، قارا قاما جۇۋا كىيەتتىڭ قاچان؟»
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

«يىپەك يولى» تاۋار ئالماشتۇرۇش يولى، سودا ئالاقە يولى سۈپىتىدە بەرپا قىلىنغان ۋە گۈللەنگەن. بۇنداق تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ يولنى سودىگەرلەر ئاچقان.

تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇيغۇر سودىگەرلىرى يىپەك يولىدا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتقان. بۇنداق ئۆچمەس تۆھپىلەر مال ئالماشتۇرۇش جەھەتتىلا ئەمەس، بازار، رابات، شەھەر ـ قەلئەلەرنىڭ قۇرۇلۇشى، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتە غايەت زور دەرىجىدە جىپسىلىشىشى، مىللىي ئاڭ، يۈكسەك ئارىلاشما مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشى، مىللىي، ئەدەبىي تىل ۋە يېزىقنىڭ راۋاجلىنىشى، پۇل ۋە ئۆلچەمنىڭ بىرلىككە كېلىشى قاتارلىقلاردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

ئورخۇن ۋادىسىدىكى شەرقىي ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدىلا چاڭئەن بىلەن قارا بالغاسۇن ئوتتۇرىسىدا «سودا يولى» شەكىللەندۈرگەن ئۇيغۇر سودىگەرلىرى شۇ يول بىلەن چاڭئەن (قۇمدان) شەھىرىگە بېرىپ سودا قىلغان. ئۇيغۇر خانلىقى شۇ يول بىلەن لەشكەر كىرگۈزۈپ، ئۆكلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭىنى تىنچىتىپ، تۇبۇت قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ داۋاملىق گۈللىنىشىگە زور تۆھپە قوشقان. ئەينى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋاقىتتا چاڭئەندە 1000دىن ئارتۇق ئۇيغۇر سودىگەر بولۇپ، ئۇلار بۇ يەرنىڭ «غەربىي گۈزەر» بازىرىنى ئىگىلىگەن. چاڭئەننىڭ يېنىك مەھەللىسىدە خوتەن شاھ جەمەتى ۋايارا نامىدا كۆڭۈل ئېچىش ئورنى، لىچۈەن مەھەللىسىدە، ئۇيغۇر قاغانلىقى سۇمۇز ـ نورۇز تىياتىرخانىسى تەسىس قىلىنغان.

ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئىچكى ئۆلكىلەردە سودا ئاقساقاللىرىنى بەلگىلەپ، قانۇنلۇق ۋە ئۇنۇملۇك پائالىيەت ئېلىپ بارغان. جەففار ئەلى ئەخمەتنىڭ «شەرقىي ئوكيان تارىخى تەتقىقاتى» ناملىق مەجمۇئەسىدىكى «ئۇيغۇرلاردا قانۇن ۋە مالىيە ئاتالغۇلىرى» دېگەن ماقالىسىدە: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئارىسىدىكى سودىدا ئاساسىي پېرسوناژ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى تۈرك سودىگەرلىرى ئىدى» دەپ يېزىلغان.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان شېئىرلار ۋە تارىخىي خاتىرىلەردىن قارىغاندا، چاڭئەن، لوياڭلاردا پىلو (پولۇ)، شورپا، لوپنۇر هارىقى (پۇچاق هارىقى)، مەيزاب (ئۈزۈم هارىقى) ساتىدىغان ئۇيغۇر سودىگەرلەر ياشىغان. كەييۈەن تيەنباۋ (731 ـــ 756) يىللىرىدا ئۇيغۇرچە ياسىنىش، ئۇيغۇر كىيىملىرىگە، ئۇيغۇر كات ـ كارىۋاتلىرى، ئۆي جاھازىلىرى، چالغۇ ئەسۋابلىرى، نەغمە ـ ئۇسسۇللىرىغا ۋە ئات مىنىشكە قىزىقىش رەسمىي ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلانغان. تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر شائىر يۈەن جېن بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازغان:

«بولدى ئۇيغۇرچە ياسانماق ـــ قىز ـ ئاياللار مەشغۇلى،
چوڭ ماھارەت بولدى چالماق سازنى ئۇيغۇرلارسىمان.»
«ئاتقا ئۇيغۇرچە مىنىش، زىبۇزىننەت، تىل ئۆگىنىش،
بولدى بەس ـ بەسلىك ھەۋەس بۇ ئەللىك يىلدىن بۇيان.»

ئۇيغۇر قاغانلىرى ئۆز تەسىرىنى ھون تەڭرىقۇتلىرى ۋە

كۆك تۈرك خانلىرىغا ئوخشاش جەڭ بىلەن ئەمەس، بەلكى سودا ماھارىتى، قانۇن ئېڭى ۋە يېڭىچە مەدەنىيەت ئارقىلىق چاڭئەن ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە كېڭەيتكەن.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ سودا تىجارەت جەھەتتىكى ماھارىتىنى سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىمۇ داۋاملىق نامايان قىلغان. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ماللىرىنى تۆگىگە ئارتىپ، نەچچە مىڭ چاقىرىم يول يۈرۈپ، يەن ۋە موڭغۇل رايونلىرىغا بېرىپ سودا قىلغان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە سودىغا مەسئۇل دىۋان بەگلىرىنىڭ تولىسى ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئىدى.

ياپونىيە تارىخچىسى خانىدا تورۇ (يۇ تيەنخىڭ) «غەربىي رايون مەدەنىيىتى ھەققىدە بايان» ناملىق كىتابىدىكى 22 رەقەملىك قىستۇرما سۈرەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ مىس پۇلىنىڭ تۆت چاسا تۆشۈكىنىڭ ئۈستىگە «ئوغۇز - ئۇيغۇر»، ئاستىغا «كۇل بىلكە»، ئوڭ تەرىپىگە «تەڭرى»، سول تەرىپىگە «قاغان» دېگەن خەت يېزىلغانلىقىنى، ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيادا ئاللىقاچان مالغا مال ئالماشتۇرىدىغان سودىنى قىلىش بىلەن بىللە ئاقچا ئىشلەپ چىقارغانلىقىنى كۆرسەتكەن. ئابېتاكىبو ئۆزىنىڭ «غەربىي ئۇيغۇر قاغانلىقى تارىخى» ناملىق كىتابىدا: «ئۇيغۇرلار سودا مىللىتى ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن دېھقانچىلىق مىللىتى. ئۇلارنى ھەر ئىككى جەھەتتە باراۋەر دېسەك توغرا بولىدۇ» دېگەن.

يېقىنقى پاكىتلار ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەك يولى ئارقىلىق سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەتراپتىكى خەلقلەر ۋە مىللەتلەر بىلەن دوستلۇق ئالاقىسى ئورناتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ئىلمىي قاراش ــ ئارىلاشما قاتلام قارىشى

ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ماھىيەتتە ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتمۈشىنى ئىزاھلاش، ھازىر ۋە كەلگۈسىنى يورۇتۇشتا مۆلچەرلىگۈسىز ئەمەلىي، تارىخىي قىممەتكە ئىگە ئىلمىي، نەزەرىيىۋى تەتقىقات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دارۋىننىڭ جانلىق تەبىئەت تەدرىجىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى دەۋر بۆلگۈچ « ئېۋالىيۇتسىيە» تەلىماتىدىن كېيىن مورگاننىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىنسانىيەت تەدرىجىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ئالەمنى لەرزىگە كەلتۈرگەن ئىجتىمائىي «ئېۋالىيۇتسىيە» قاراشلىرى ماركس بىلەن ئېنگېلس تەرىپىدىن يۇقىرى باھالانغان ۋە كونكرېت تەھلىل قىلىنغانىدى. ئېدۋارد تىلورنىڭ 1872 ـ يىلى ئېلان قىلغان «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت»، جېمس فرازېرنىڭ 1890 ـ يىلى ئېلان قىلغان «ئالتۇن شاخچىلار» ناملىق كىتابى ئىپتىدائىي خەلقلەر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ئارقىلىق ئىنسانىيەت (جۈملىدىن مىللەتلەر) مەدەنىيىتىنى تەدرىجىي تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرىدە ئىزاھلاشنىڭ ئاساسىي قاراش سىستېمىسىنى تۇرغۇزدى. بۇ خىل قاراش بىر مەزگىل «سوتسىيال دارۋىنىزم»، «جەمئىيەت

تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى» دەپ ئاتالدى.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە يۇقىرىقى قاراشقا قارشى قاراش ـــ مەدەنىيەتتىكى تارقالمىلىق نەزەرىيىسى مەيدانغا چىقتى. فرېدرىخ راتزېل 1888 ـ يىلى ئېلان قىلغان «ئىنسانىيەت جۇغراپىيىسى» ف. گرابنېر 1905 ـ يىلى ئېلان قىلغان «ئوكيانىيە مەدەنىيەت چەمبىرى ۋە مەدەنىيەت قاتلىمى»، گ. سمىت 1915 ـ يىلى ئېلان قىلغان «مەدەنىيەتتىكى دىففوزىيە»، «دەسلەپكى مەدەنىيەتتە يۆتكىلىش» ناملىق ئەسەرلىرىدە بۇ خىل سوتسىيال دىففوزىيە نەزەرىيىسىگە ئاساس سالدى. مەدەنىيەتتىكى تارقالمىلىق نەزەرىيىسى ئاساسچىلىرى ئۆز كۆزقاراشلىرىنى بەزىدە خۇددى قىزىلدەك يۇقۇملىنىش دېگەن ئىبارە بىلەن، كېيىنچە خۇددى گازلاردىكى تارقالمىلىق سىمۋولىدا «دىففوزىيە» ئىبارىسى بىلەن بايان قىلىشتى.

بۇ ئىككى قاراش سىستېمىسى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىش ھادىسىلىرىنى بىردەك ئېتىراپ قىلسىمۇ، بۇنداق راۋاجلىنىشنىڭ ماھىيەتلىك جەريانلىرى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى باشقىچە ئىزاھلاشتى. «ئېۋولىيۇتسىيە» قارىشىدىكىلەرچە، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى مۇئەييەن رايون ياكى مۇئەييەن خەلق مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى مۇجەسسەملىنىشى، ئاددىيدىن مۇرەككەپلىككە قاراپ تەدرىجىي راۋاجلىنىشى، ئۆزىگە خاس ۋە ئۆز ـ ئۆزىدىن ئىجاد قىلىشى، ئەۋلادتىن ئەلاۋد ۋارىسلىق قىلىشى، قىسمەن ئېتنىك رايون ئىچىدە تارقىلىشى ئاساسىدا ھاسىل بولىدىغان نەتىجىدىن ئىبارەت. «دىففوزىيە» قارىشىدىكىلەرچە، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى بىر ياكى بىرقانچە مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە بەرپا قىلىنغان ئانا ئۇرۇقى جامائەسى مەدەنىيىتىنىڭ، ئاتا ئۇرۇقى تۇزۇمى مەدەنىيىتىنىڭ، چارۋىچى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ۋە باشقا مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ

ئۆزلىرى يارالغان مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە باشقا جايلارغا «يۇقۇشى»، «لەيلەپ بېرىشى»، «تارقىلىشى»، «كېڭىيىشى» بىلەن مەدەنىيەت چەمبەر «تۇگرۇك» لىرى ھاسىل قىلىشى ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدىغان سەمەرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت يارىتىش ئىقتىدارى چەكلىك، مۇستەقىل ئۆز ئالدىغا مەدەنىيەت ياراتالىلىق ئەھۋالى تولىمۇ ئاز دېيەرلىك، ئەپسانە رىۋايەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ باشقا شەكىللىرىدىكى ئوخشىشىپ كېتىشى مەدەنىيەتتىكى دىففوزىيە ھادىسىسىنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى دەپ تەكىتلەشتى. ئۇلار نەزىرىدە ئانالوگىيىلىك (سېلىشتۇرما) تەتقىقات مەدەنىيەت دىففوزىيىسىنى ئىسپاتلاش ۋاستىسىدىن ئىبارەت. ئۇلار مىسىرنى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ يېگانە ئاپىرىدەگاھى دەپ ئېتىراپ قىلىشنى مۇنىزملىق (بىر مەنبەلىك) دىففوزىيە نەزەرىيىسى دېيىشتى. سىمىت يېزا ئىگىلىك مەدەنىيىتى، ئاشلىق يىغىش، مۇمىيا قىلىش، پادىشاھقا تاج كىيدۈرۈش مۇراسىم قائىدىسى، باشقا ئەللەرگە يۈرۈش قىلىش، دېڭىز قاتنىشى قاتارلىقلار ئالدىنقى پىرئون زامانىدىلا مىسىردا پەيدا بولۇپ، مېسوپوتامىيە، تارىم ۋادىسى ئارقىلىق مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2500 ـ يىللىرى سېرىقدەريا ۋادىسىغا تارالغان دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. فرېدرىخ راتزىل مىللەتلەرنى «تەبىئىي مىللەت» ئۆزىدىكى مەدەنىيەت مەلۇم چەكلىمىگە قامىلىپ قالغان، راۋاجلىنالمىغان مىللەت بولۇپ، «مەدەنىي مىللەت» مەدەنىيەت زاپاسلىرىنى كۆپلەپ جەمغۇرلىغان، مەدەنىيەت تارقاتقۇچى مىللەتتۇر دېگەن قاراشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلار جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ رولىنى ئادەتتىن تاشقىرى مۇتلەقلەشتۇرۇۋېتىشتى. مەدەنىيەت دىففوزىيىسى ماكان خاراكتېرلىك (جۇغراپىيىلىك) بولغاچقا، زامان خاراكتېرى (تارىخى) ئالغان، دېيىشتى. گەرچە فرانز بوئاس، دىففوزىيە قارىشى سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلماقچى بولسىمۇ، ئۇمۇ

بىر قانچە «مەدەنىيەت رايونى»نى مەركەز قىلىنغان دىففوزىيە دېگەن پىكىردىن ھالقىپ چىقالمىدى. بىر چاغلاردا ئەۋجىگە چىققان ھەممە مەدەنىيەت «غەربتىن كەلگەن» نەزەرىيىسى دىففوزىيە قارىشىنىڭ رىغبىتىگە ئۇچرىدى. بۇنىڭغا زىت بولغان مەھەللىي مەدەنىيەت قارىشى ۋە مەدەنىيەتتىكى مىللىي ساپلىق، نوقۇل مىللىي ئەنئەنىچىلىك قارىشىدىكىلەر ئېۋولىيۇتسىيە قارىشىنىڭ تەشەببۇسلىرىغا ئېسىلىۋالدى. بىر مەزگىل بۇ خىل قاراشلار قانداقتۇر مەدەنىيەت مەسىلىسىدىكى كېڭەيمىچىلىك بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك دېگەن دەرىجىگە كۆتۈرۈلدى.

بىز تەشەببۇس قىلىۋاتقان مەدەنىيەتتىكى ئارىلاشما (سىنكرىتىك) قاتلاملىق نەزەرىيىسى يۇقىرىقى قاراشلاردىكى ئەقىلگە مۇۋاپىق قىسمەنلىك قىممىتىدىكى ھەقىقەتلەرنى چەتكە قاقمىغان ھالدا، يۇقىرىقى ھەر ئىككى سىستېمىسىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكىنى پرىنسىپال ئىنكار قىلىدۇ. ئارىلاشما - قاتلام قارىشى قاتلام نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت مېتودولوگىيىنىڭ مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەرەققىياتىغا تەدبىق قىلىنىشىدىن ھاسىل بولغان نەزەرىيىۋى قاراش بولۇپ، ئۇنىڭ تۈپ قائىدىسى بىر مىللەت «دۆلەت»نىڭ مەدەنىيىتى مىللەت (دۆلەت)دىن ھالقىغان مەدەنىيەت قاتلىمىدىن ئىبارەت، دېگەندىن ئىبارەت، ھەممە مىللەت خەلقلىرىنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان بارلىق مەدەنىيەت تارىخى ئۇنىڭ بىرەر مەدەنىيەت مەركىزىدىن قوبۇل قىلىش ئاساسىغا ياكى ئەكس ھالدا نوقۇل ئۆز - ئۆزىدىن بېيىپ راۋاجلىنىش ئاساسىغا ئەمەس، بەلكى مىللىي (مەھەللىي) مەدەنىيەت بىلەن قوبۇل قىلىنغان (تەسىرگە ئۇچرىغان) مەدەنىيەتلەردىن ئىبارەت ئىككى مەنبەلىك مەدەنىيەتنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئاساسىدا ئارىلاشما قاتلام ھاسىل قىلىش نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ كەلمەكتە.

بىز ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى نىسپىي پرىنسىپ جەھەتتە

www.uyghurkitap.com

يەرلىك مەدەنىيەت ۋە دۇنياغا يۈزلەنگەن مەدەنىيەت دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلىمىز. بۇ يەردە ئېيتىلغان يەرلىك مەدەنىيەت «تەبىئىي مىللەت» مەدەنىيىتى ئەمەس، غەيرىي مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان نوقۇل مەدەنىيەتمۇ ئەمەس، بەلكى تېخى دۇنياۋى مەدەنىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن، دۇنياغا يۈزلەنمىگەن مەدەنىيەتتىن ئىبارەت. دۇنياغا يۈزلەنمىگەن مەدەنىيەت دېگىنىمىزدە، قىسمەنلىك جەھەتتە ئەمەس، بەلكى ئومۇمىيلىق جەھەتتە ئالەمشۇمۇل تارىخىي قىممەت ياراتقان مەدەنىيەت تىپلىرىنى نەزەردە تۇتىمىز. گرېك ـ رىم مەدەنىيەت تىپى، كوشان ـ كۆسەن مەدەنىيەت تىپى، سۈي ـ تاڭ مەدەنىيەت تىپى، ئەرەب يېزىقىدىكى مەدەنىيەت تىپى، ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشىدىن كېيىنكى مەدەنىيەت تىپى قاتارلىقلارنى مانا شۇ خىل ئالەمشۇمۇل تارىخىي مەدەنىيەت تىپىنىڭ ئاساسىي شەكلى دېيىش مۇمكىن. بۇ خىل ئالەمشۇمۇل تارىخىي خاراكتېرلىك مەدەنىيەت تىپلىرى ماھىيەتتە شۇ خىل مەدەنىيەت «مەركەز» لىرىنىڭ ئۆز سەمەرىسى بولماستىن، بەلكى ماھىيەتتە قىتئە ـ ئوكيانلار ئاتلىغان دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭ شۇ يەرلىك مەدەنىيەت بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنىۋېرسال بولۇشىنىڭ نەتىجىسى. ئەلۋەتتە، تارىخنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە ھەرقايسى رايونلار ۋە مىللەتلەرنىڭ ھازىرغىچە ئوينىغان رولى ۋە قالدۇرغان تۆھپىسىنى پۈتۈنلەي بىر خىل دېگىلى بولمايدۇ.

شۇنى نەزەرگە ئېلىش ھاجەتكى، تارىخ مەدەنىيەتنىڭ قاتلاملىق راۋاجلىنىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ قاتلام ئىككى جەھەتتىن ـــ ماكان ۋە زامان جەھەتتىن تەشكىل تاپقان. بۇ مىللەت (دۆلەت) نىڭ ھەرقايسى دەۋردىكى مەدەنىيەت قاتلىمىنى كۆرسىتىدۇ. ماكان (مىللەت ياكى دۆلەت) دېگەندىمۇ يەنە ئىككى جەھەتتە ـــ مەھەللىي ۋە قوبۇل قىلىنغان مەدەنىيەت گەۋدىسىنى نەزەردە تۇتىمىز.

ئىنسانىيەت «مىللەت ۋە دۆلەت» مەدەنىيىتى راۋاجلىنىشى

مەيلى ئوڭۇشلۇق راۋاجلانغان ياكى ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنالمىغان هالەتتە بولسۇن، ئىجابىي ياكى سەلبىي جەهەتتىن يەنىلا سېنكرىتىك قاتلام قارىشىنىڭ ئىلمىيلىكىنى، بۇ خىل قاراش مەدەنىيەت راۋاجلىنىشىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە غايەت زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەستىقلايدۇ.

ئىنسانىيەت (مىللەت ۋە دۆلەت) مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىمۇ شۇ تۈپ قانۇنىيەت ئاساسىدا يەنە مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مىللەت مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ تېرەنلىكى؛ جۇغراپىيىلىك مۇھىتىنىڭ هەر خىل تارىخىي (ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى) مۇھىتتىكى هەر خىل تەسىرى؛ كىشىلەرنىڭ زامان ئېڭى ۋە نەزەرىيىۋى تەپەككۇرغا بولغان مۇناسىۋىتى؛ يېتەكچى سىياسەت ۋە هاكىمىيەتنىڭ قانداق سۈپەتتە بولۇشى؛ مىللەت (دۆلەت) تەرەققىياتىنىڭ قايسى باسقۇچتا تۇرغانلىقى؛ تالانت ۋە ئەقىل ئىقتىدارىغا بېرىلگەن ئېتىبار ۋە سېلىنغان مەبلەغ؛ مىللەت (دۆلەت) روهىيىتىدىكى نۇقسانلارنىڭ تازىلىنىش ئەهۋالى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ مەسىلىلەر يەنىلا ئارىلاشما قاتلام نەزەرىيىسى سىستېمىسىنى تولۇقلايدۇ ۋە شۇ نەزەرىيە ئارقىلىق يورۇتۇلىدۇ.

نۆۋەتتە شەرقتىكى ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك دۆلەت هەم شەرقتىكى ئەڭ ئۇزۇن بېكىنمىچىلىك ئىچىدە قالغان دۆلەت — ئېلىمىز جۇڭگودا ئېچىۋېتىش قوبۇل قىلىش، ئىسلاھ قىلىپ راۋاجلاندۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان تارىخىي جەريان تېز سۈرئەتتە داۋام قىلدۇرۇلماقتا. بۇ جەريان يەنىلا مەدەنىيەت راۋاجلىنىشى توغرىسىدىكى سېنكرىتىك قاتلام نەزەرىيىسىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان يول بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە. ئېلىمىز مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ تېرەنلىكى، جۇغراپىيىلىك مۇهىتىنىڭ ئەۋزەللىكى، پارتىيە فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى، ئەقىل ـ ئىقتىدارغا بېرىلگەن ئېتىبارنىڭ ئېشىۋاتقانلىقى، هازىرقى زامان ئېڭىنى تىكلەش ۋە مىللەتلىرىمىز روهىيىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساغلاملاشتۇرۇش يولىدىكى تارىخىي خاراكتېرلىك ئۇيغىنىش، ئۇزۇن مۇددەت بېكىنمىچىلىكتىن كېيىنكى جىددىي ئىلگىرىلەش قىزغىنلىقى ئېلىمىزنىڭ ئۆز قىياپىتى ۋە سەۋىيىسىنى يۇكسەلدۇرۇش ئۇچۇن ئىلىپ بېرىۋاتقان كۇرەشلىرىگە مۆلچەرلىگۇسىز ئوڭۇشلۇقلار كەلتۇرۇشى شۇبھىسىز.

خۇددى پارتىيىمىز ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگونى زامانىۋىلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغاندا ئۇنداق ياكى مۇنداق ناتوغرا قاراش، ئىدىيىلەرنىڭ پاراكەندە قىلىشىغا دۇچ كېلىپ، بۇ مەسىلە پەقەت پارتىيە 11 ـ قۇرۇلتىيى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن رەسمىي كۇنتەرتىپكە قويۇلۇپ، ئۇلۇغ تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئايلانغىنىدەك، شىنجاڭنى ئېچىش، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، قوبۇل قىلىش، هازىرقى زامان ئېڭىنى تىكلەش، تارىخنى نەزەرىيە جەھەتتە قايتا تەتقىق قىلىپ، يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىش مەسىلىسى ئۇنىڭغا سەلبىي جەھەتتىن مۇئامىلە قىلىپ، داۋاملىق كونىلىقنى، بېكىنمىلىكنى، قالاقلىقنى ساقلاشقا ھېرىسلىق قىلىدىغان قاراش ۋە ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرىگە دۇچ كەلمەكتە. ئۇلار شىنجاڭنىڭ شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان مەشھۇر يىپەك يولى تۇگۇنى سۇپىتىدە تارىختا گۇللەنگەن مەنزىرىنى ۋە بۇ خىل مەنزىرىنىڭ ئارىلاشما قاتلام قانۇنىيىتى بويىچە يۇز بەرگەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۇرمەيدۇ.

ئۇلار شىنجاڭنىڭ يىپەك يولى خارابىلاشقان، پۇتۇن مەملىكەت بېكىنمىچىلىك ئاسارىتىگە دۇچار بولغان دەۋرلەردىكى چۇشكۇنلەشكەن ھالىتىنى ۋە بۇ ھالەتنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ئەكەلگەن قاتناش ۋە ئۇچۇر بېكىنمىچىلىكى، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قاششاق، قالاقلىقى، روھىيەتتىكى كېسەل ھالەتنى قايتا تەنقىدىي ئويلاپ

كۆرۈشنى خالىمايدۇ.

ئۇلار شىنجاڭدا ھازىر يۈز بېرىۋاتقان غايەت زور ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشنىڭ شىنجاڭ خەلقلىرى تارىخىدا خۇددى ئىنكارنى ئىنكار قىلىش دىئالېكتىك قانۇنىدەك دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيىتى ۋە مەڭگۈلۈك قىممىتىنى، بۇ جەھەتتە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا خاس ئالاھىدە زامان ئېڭى ۋە ئالاھىدە پائالىيەتچان بولۇشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى چۈشەنمەيدۇ.

ئۇلار شىنجاڭنىڭ يىپەك يولى خارابلاشقاندىن كېيىنكى تارىخىي قاتلام ئىچىدە نەزەرىيىۋى تەپەككۇردا ئارقىدا يىراقلاپ قالغانلىقىنى ئويلاپ كۆردىمۇ؟ ئۇلار شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا ۋە زامانىۋى ئىقتىسادتا ئارقىدا يىراقلاپ قالغانلىقىدىن جىددىيلىك ھېس قىلىشتىمۇ؟ ئۇلار شىنجاڭنىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇل، دراماتورگىيە ۋە ھازىرقى زامان ئەدەبىيات - سەنئىتىدە يىراقلاپ قالغانلىقىدىن كىرىزىس ھېس قىلىشتىمۇ؟ ئۇلار شىنجاڭدىكى مىللەتلەر جىسمانىي ساغلاملىقى ۋە ئىجتىمائىي سەھىيە جەھەتتە ئارقىدا يىراقلاپ قالغانلىقتىن بىئاراملىق ھېس قىلىشتىمۇ؟ ئۇلار شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىكى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ساقلانغان مەھەللە - قەبىلىۋازلىق، پىتنە - ھەسەتچىلىك، ئەخمىقانە لاپچىلىق، ھەشەمەت - داغدۇغىۋازلىق، قوپال ۋە ئېزىلەڭگۈلۈك، ئۆتمۈشكە چوقۇنۇش، پاترىئارخال ۋە ناتۇرال تۇرمۇش رىتىمىگە ھېرىسلىك، رىقابەت جەڭگىۋارلىقىنىڭ كەمچىللىكى، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان بېكىنمىچىلىك پسىخىك كېسەللىكلىرىدىن سەسكىنىپ، نومۇس ھېس قىلىشتىمۇ؟ ئۇلار تارىخنى قايتا ئويلاش، بېكىنمىچىلىك ئىچىدە ئۆتكەن ئەسىرلەر جەريانىدا چۆكمە ھاسىل قىلغان كېيىنكى تارىخىي قاتلامنىڭ ئۈستىگە يېڭى، زامانىۋى سوتسىيالىستىك مىللەت بولۇپ قايتا راۋاجلىنىشنىڭ ئاجايىپ گۈزەل تارىخىي قاتلام ھاسىل بولۇۋاتقانلىقىنى، بۇنى قولىمىزنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كۆتۈرۈلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇياشنى كۆتكەندەك قارشى ئېلىشىمىز لازىملىقىنى ھېس قىلىشتىمۇ؟ بۇنىڭدا كىشىلەر ياش ـ قېرى، ئەر ـ ئايال، خىزمەتتە ياكى پېنسىيىدە دەپ ئايرىلماسلىقى كېرەك!

دۇنيا ئۆزگەرمەكتە، جۇڭگو، جۈملىدىن شىنجاڭ ئۆزگەرمەكتە. تارىخ ھەر قېتىملىق غايەت زور بۆسۈش ۋە سەكرەش ئارقىلىق مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەتكە، ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەتنىڭ مىللىي مەدەنىيەتكە موھتاج ئىكەنلىكىنى، مىللەت تارىخىي كاتېگورىيە سۈپىتىدە ئاياغلاشقاندىن كېيىنمۇ يەنىلا يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ دۇنياۋى مەدەنىيەتكە، دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭ يەرلىك مەدەنىيەتكە گارمونىك مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى داۋاملىق جاكارلاپ تۇرىدۇ. بىر خىللا مەدەنىيەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. مىللىي (دۆلەت) ياكى يەرلىك مەدەنىيەت سەمەرىدىن ئۆزىنى تۇزىدۇ، بېيىتىدۇ، جۇلالاندۇرىدۇ. ئۇ ماكان جەھەتتە سىنكرېتىك بولىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى راۋاجلىنىشى توغرىسىدىكى تارىخىي قارىشىمىز.

# خىسلەتلىك ماكاندا خاسىيەتلىك ئايەم

1950 - يىلى قوغۇن پىششىقىدا قۇمۇلدا بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپ قالدۇق. بىز غەربىي شىمال ئوقۇغۇچىلار ۋە ياشلار قۇرۇلتىيىغا كېتىۋاتاتتۇق. ئۇ چاغدا يەتتە قۇدۇق - تارانچى ئەتراپىدا ئوسمان باندىتلىرى يول توسۇپ، پىلىموت ئېتىپ تۇراتتى. مېنىڭ ئۆسمۈرلۈك خىيالىمدا شۇ چاغدىكى ئوتلۇق ئارزۇ قۇمۇل شەھىرىگە تېزرەك يېتىپ بېرىش ۋە ئالەمگە داڭقى كەتكەن قۇمۇل قوغۇنىغا ئېغىز تېگىش ئىدى. ماشىنىغا ئابلىز نازىرى، تېيىپجان ئېلىيوف قاتارلىق نۇرغۇنلىغان شائىرلار ۋە بىر توپ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى جايلاشقانىدۇق، پىلىموت ئاۋازى تاغ - دەشت ئارىسىدا قالدى. بىز ناغرا - سۇنايلار ناۋا قىلىۋاتقان قۇمۇل بوستانلىقىغا كىرىپ كەلدۇق.

ۋاقىت ئۇچقاندەك تېز ئۆتۈپ كەتتى. مانا 43 يىلدىن كېيىن قۇمۇلدا قوغۇن سەيلىسىنىڭ شادىيان ناغرىسى قايتا ياڭرىدى ...

قۇمۇل دىيارى — ئەزىز دىيار، ئانا دىيار، ئۇيغۇر خەلقى مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان ئالتۇن بۆشۈك.

قۇمۇل دىيارى — شەرقتە يىراق ھىنگان تاغلىرىدىن غەربتە پامىر تاغلىرىغىچە بولغان ئارىدا خۇددى قاتار تىزىلغان كارۋان تۆگىلىرىدەك چىلەنشەن ۋە تەڭرىتاغلىرى تىزمىسىنىڭ ئوتتۇرا كىندىكىگە جايلاشقان. قۇمۇللۇقلار تاغلىق جىلغا، مۇنبەت زېمىن ۋە قۇمساڭ يايلاقتىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىتنى بىر گەۋدە قىلغان زېمىندا ياشاپ، قۇمۇللۇقلارغا خاس پولات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىرادە ۋە ئەركىن روھىيەتنى يېتىلدۈرگەن.

قۇمۇل دىيارى ـــ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئەڭ دەسلەپ ئىجتىمائىي ھاياتقا قەدەم قويغان ئىپتىدائىي ماكانلارنىڭ بىرى. يەتتە قۇدۇق، تارانچى ئەتراپىدىن كونا تاش قورال دەۋرى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلغان. قۇمۇل دىيارىدىكى قارادۆۋە، يانبۇلاق، تۆرۈك، كارساڭ، شىرىنزى قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان تاش، سۆڭەك ۋە قىسمەن تۇچ بۇيۇملار، سىپتا، رەڭدار يۇڭ كىيىملەر ۋە سىلىق ئەيلەنگەن تېرە كىيىملەر، رەڭدار ساپال ئىدىشلار، بۇ جايدىن تېپىلغان ئورا كۆز، قاڭشارلىق، ئۇچلۇق تۇماقلىق ئادەم جەسەتلىرىنىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيەت باسقۇچىدا نەپىسلىككە ھېرىسمەنلىكىنى كۆرسەتتى. قارادۆۋە بىلەن باركۆل جاساڭ قەدىمكى ئايال جەسەتلىرىنىڭ چاچلىرىنى تورغا ئېلىشى، ئۇزۇن ئۆرۈلگەن چاچنى چاچ خالتىسىدا ساقلىشى، چاچقا يىڭ (زىخچە) ئىشلىتىشى ئۇلاردا ئېستېتىك قاراش ۋە تەلەپنىڭ ئۆسۈپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3000 ـ يىللاردا ئۇلار شىمالىي يېرىم شار بويىچە ئەڭ دەسلەپ ئاتنى كۆندۈرگەن. تېرىق، نان، ئارپا باشاقلىرى بىلەن قوقاس بولۇپ قالغان بۇغداي دېنىنىڭ تېپىلىشى، ئاھالىدە تېرىقچىلىق ۋە ئولتۇراقلىشىشنىڭ قىسمەن باشلانغانلىقىنى كۆرسەتتى.

قۇمۇل دىيارى ـــ قىيا تاش رەسىملىرى يېتەرلىك تېپىلغان نۇقتىلارنىڭ بىرى. قۇمۇل دىيارىدا كۆچمەن قەبىلىلەر ئىزلىرىدىن باشقا يەنە لاپچۇق (ناجى) قاتارلىق بىر ـ مۇنچە قەدىمكى شەھەر ـ قەلئە خارابىلىرى ساقلانغان. بۇ قەدىمكى ئېۋىرغوللۇقلارنىڭ كۆپ شەھەر ـ قەلئەلىك مەدەنىيەت چەمبىرى ياراتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

قۇمۇل دىيارى ـــ قاتناش ۋە ئالاقە قانىلى ئىدى. ئەڭ قەدىمكى «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» غەربىي دىيار بىلەن ئوتتۇرا

تۇزلەڭلىك ئالاقىلىرىگە ئائىت بىر قاتار ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرمۇ شۇ قانالغا تۇتاشقان. قەدىمكى غوزلار، دىلار، يۇرچىلار، ئۇيسۇنلار، ساكلار، چاڭلار، ھونلار بىلەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىرەك باشلانغان «ئۇلۇغ يىپەك يولى» مۇشۇ قاتناش ۋە ئالاقە قانىلىغا تارىخىي جۇلا قوشقان. مانىزىم بىلەن بۇددىزىم مەدەنىيىتى يەنە مۇشۇ قانال ئارقىلىق غەربتىن شەرققە تارقالغان. مۇشۇ قانال ئىچكى ئۆلكىلەرگە، بولۇپمۇ خۇاڭخې ۋادىسىغا يۇزلەنگەن يىپەك يولى مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۇرگەن، ئۇنى سەددىچىننىڭ ئىچىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ ئاندىن راۋان قىلغان.

قۇمۇل دىيارى — ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى فولكلور مەدەنىيىتى، جۇملىدىن ئەڭ قەدىمكى مۇزىكا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنى بەرپا قىلغان مۇھىم بىر سەھنە. بىز قۇمۇل دىيارىنى ئۇراپ تۇرغان پۇتۇن يېزا ـ كەنتلەردىن قايناق قۇمۇل مەشرەپلىرىنىڭ نەغمە ـ ئۇسسۇللىرىنى كۆرىمىز.

قۇمۇللۇقلار «تىلىمى تىلنى يارار، شىرىنسى دىلدا قالار» قۇمۇل قوغۇنىنى يېتىشتۇرگەن. قارىماققا ئاددىي كۆرۈنگەن بۇ مۆجىزات ئۇزاق تارىخ، تېرەن پىكىر، ھالال ئەمگەكنىڭ بەدىلىگە مەيدانغا كەلگەن.

قۇمۇل قوغۇنى يىراق تارىختىن بېرى بۇ دىيارغا قەدەم قويغان ساياھەتچىلەرنى مەھلىيالىق ئىلكىگە ئالغاندى.

چىڭگىزخان غەربكە يۇرۇش قىلغاندا بىللە ئېلىپ بارغان تارىخىي شەخس يىلىلۇچۇسەي (1190 — 1244) «غەربكە سەپەردىن نەزمىلىك خاتىرە»، «غەربىي دىياردا قوغۇن يېيىش» ناملىق ئىككى شېئىرىدا قوغۇن ھەققىدە مۇنداق توختالغان:

قىشقى قوغۇن ھوت ئېيىدا ساقلىغاي قوغۇنچە تەم،
ساقلىغان كۈزگى مېۋىلەر، ئۈزىتار باھارنى ھەم،
تا يۇرۇش قىلدۇق غەربكە، قايتمىدۇق يۇرتقا يانا،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قەلئەگە تومۇز ھۇجۇم قىلىپ، قۇمغا سىڭدى تەر مانا،
كەم ماھارەتتىن خىجىللىق باسسىمۇ دىلنى بىراق،
بولدى راھەتلىك تاماق، قوغۇن قىيام چۈش چاغىدا.

مىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا ھازىرقى شىنجاڭدىن تاكى ئەمىر تۆمۈر پايتەختى سەمەرقەندكىچە زىيارەتتە بولغان ئەلچى، چىڭ چىن «قۇمۇل شەھىرى» ناملىق شېئىرىدا قۇمۇل خەلقىنىڭ مېھماندوستلۇقىنى مۇنداق بايان قىلغان:

قونغىلى سۇمۇرغ تەقەززا كۆكتە يۇلتۇز توختىغاي،
خۇمرىدا مەي، تەخسىدە ئاش، كۈتكۈچىلەر خۇش چىراي.
ئىلتىپاتنىڭ چوڭلۇقىدىن ھېچ ھېيىقمايدۇ كىشى،
يات ساناپتۇق ساز ـ ناۋا ئالەمدە مۇنچە بولمىغاي.

چىڭ سۇلالىسىدىن كېيىن شىنجاڭغا كۆپىنچە پالانغان ئالىملار ۋە ئەربابلار كېلىپ ـ كېتىش، ھەسرەتلىك سەپەر مەنزىرىلىرىنى كېزىپ قۇمۇل دىيارىغا قەدەم قويۇش بىلەن بىردىن ھاياجان ئىلھام ئىلكىدە روھلىنىشتى.
جىن يۈن (1724 ــ 1805) 1769 ـ يىلى قۇمۇل بوسۇغىسىغا دەسسىگەندە مۇنداق «چىلۋي» نەزمى يازدى:

«ئەسلىي رۇڭلىن قوغۇنىنىڭ① ئانىسى مۇندىن ئىكەن،
بۇ ئېۋىرغولنى يانا ماختاشقا سۆز كەتمەيدىكەن.
قوغۇن قارىسۇدا بال، مۇزدىن ناۋات بولغانمۇ يا،
ئارقىسىدىن خۇش قېنىق چاي دەملەپ ئىچمەكلىك بەلەن.»

ئۇ يەنە بىر نەزمىدە مۇنداق دېگەن:

---

① رۇڭلىن قوغۇنى ــ چىن شىخۇاڭ ۋەزىرى رۇڭلىننى مەنسەپتىن ئېلىۋەتكەندە چاڭئەندە قوغۇنچىلىق قىلغان، ئۇنىڭ قوغۇنىنى كىشىلەر «رۇڭلىن قوغۇنى» دېيىشىدىكەن، دېگەن رىۋايەت بار.

«يۇمىلاق قوغۇنمۇ بار، تورلۇق چىپار ھەممە يېقى،
ئۇنى ئۇيغۇرنىڭ چىمەندوپپىسى دەپ قالماڭ تېخى.
قاق كېچە چۈشكە كىرىپ قالسا تۇتار ئۇسسۇزلۇقى،
يارىسىڭىز شەربەت سۈيى، خۇددى خرۇستال ئاقلىقى.»

لى لۇەنشۇەن ئۇرۇمچىگە پالانغاندا قومۇلنى كۆرۈپ زوقلانغان ۋە «قومۇلغا يەتكەندە» دېگەن نەزمىنى يازغان. ئۇ مۇنداق ئىدى:

«تۈغ تېگىدە شاپتۇل چېچەك، قارا تۇرار تاغ ئۇستىدە،
ياپپېشىل تاللار تۇتاشقان تاكى جامە ئىشىكىگە.
كۆز يۈگۈرتسەم بۇ ئېۋىرغول شەھىرىنىڭ ھەر چېتىگە،
گۈل چېكىپتۇ نەۋ باھار مۇندا زېمىنىنىڭ ھۆسنىگە.»

دىڭ تىڭجىن ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىپ، يول ئازابلىرى بىلەن قومۇلغا كەلگەندە ئۆزىنىڭ ھاياجىنىنى مۇنداق يازغان:

قار ۋە مۇزلۇق چوققىلار ساقلايدىكەن ئەجدىھاسىمان،
ئات مىنىپ ئۆتكەن كىشىنىڭ يولىدا مىڭ تاش داۋان.
ئاتتا قالغايمۇ تاقا، ئاتلىق كىشىدە بىر مادار،
ۋە لېكىن باققاچ ئېۋىرغولغا بۇ كۆڭلۈم شادىمان.

سۇڭ بولۇ «قومۇل قوغۇنىنى يېگەندە»، «قومۇلغا كەلگەندە» نامىلىق شېئىرلىرىدا داڭلىق قومۇل قوغۇنى ھەققىدە توختالغان:

سەپ تۈزۈپتۇ بۇ ئېۋىرغول يولىدا ئورمان قاتار،
يول كېزىپ ئۆتسەڭ بېشىڭنى ئەۋرىشىم تاللار سىلار.
ئۇندا مىڭ يىللىق سۆگەت زەنجىر ئىچىدە قوغدىلار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زەر لېگەندە نەچچە خىل قوغۇن يېسەڭ تىلنى يارار.
نەقەدەر مۇنبەت بۇ ئۇيغۇر يۇرتىدا تۇپراق ـ زېمىن،
سۇلىرى، گىياھلىرى، دەرەخلىرى زۇمرەتچە بار.

ئۇ يەنە مۇنداق يازغان:

«بۇ ئېۋىرغول قوغۇنى شاھ قەسرىگە تارتۇق بولار،
شايى ـ دۇردانىلار بىلەن ساندۇقتا ئەپچىل ئورىلار.
ھەممە نەرسە بولسىمۇ چار باغىدا شاھنىڭ، بىراق،
بۇ يىراق يۇرت مۆجىزە كۆرگەن كىشى ھەيران قالار.»

لىن زېشۇيمۇ قۇمۇل قوغۇنىنى ماختاپ مۇنداق يازغان:

«ئۇجمە ـ جۇجەم مۇندا بۇدرۇق، مەي بولۇر ئۆرۈك ـ غورا،
يېسىڭىز قوغۇن، چىلاننى خۇددى ئاش، نان ئورنىدا.»

پى جىڭخۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا قۇمۇلدىن ئۆتكەندە ئىككى پارچە «چىلۇي» نەزمى يازغانىدى. گۇاڭجۇدىن پالانغان بۇ زات قۇمۇل مەنزىرىسىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئۇستۇن ئورۇنغا قويۇپ بىرىنچى نەزمىنى مۇنداق يازغان:

تەڭرىتاغنىڭ قار سۈيى ئەگىز سىلىپتۇ ئەمدىلا،
غەرق بوپتۇ قوش شەھەر① كەچكى شەپەقنىڭ قوينىغا.
ئېچىلىپ شاپتۇل چېچەك، تاللار كىرىپتۇ ھۆسنىگە،
نەۋباھار جۇڭيۈەن② ياسانماس تا ئەزەلدىن مۇنچىلا.

ئۇ ئىككىنچى نەزمىدە مۇنداق دېگەن:

---

① قوش شەھەر ـــ قۇمۇل خۇيچېڭ ـ خەنچېڭ.
② جۇڭيۈەن ـــ ئىچكى ئۆلكىلەر، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك.

«كەلگىنىمدە ئاشۇ يانتاقلىق باياۋاننى بېسىپ،
مايسىزار چىقتى يېشىل رەڭدار پاياندازلار سېلىپ،
ئۇندا بىردىن ساز ـ ناۋا، ئۇسسۇل كۆڭۈلنى قىلدى شاد،
مەست بولۇپ قاپتىمەن ئېۋىرغولدا قەدەھلەپ مەي ئىچىپ.»

بۇ شېئىرلارنىڭ ئالدىغا سەككىز ئەسىرگە يېقىن، كەينىگە 80 نەچچە يىل بوپتۇ. ئەگەر ئۇلارغا ۋاڭ ۋېي، گوكاڭ، گاۋجىاڭ، چېڭ تاۋ قاتارلىق تاڭ دەۋرى شائىرلىرىنىڭ «ئېۋىرغول نەغمىسى» ھەققىدىكى گۈزەل نەزملىرىنى قوشساق 12 ــ 13 ئەسىردىن ئىبارەت ئۇزاق تارىخ كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ، بۇ جۇڭگو يىلنامىلىرىگە قۇمۇل دىيارىنىڭ مۇقام ـ مەشرەپلىرى، قوغۇن ـ مېۋىلىرى داڭقى خاتىرىلەنگەن 13 ئەسىر، بۇ قۇمۇل خەلقى ئىپتىخارىنىڭ تارىخىي شاھىتى، ئەلۋەتتە!

مانا بۇ يىل خاسىيەتلىك سەيلە ــ قۇمۇل قوغۇن ئايىمى قەددىنى كۆتۈرۈپ، ھۆسنىنى تۈزدى.

قۇمۇل دىيارىنىڭ شادىيانە ناغرا ـ سۇنايلىرى يۈزۈمگە شادلىق تەبەسسۇمى بېغىشلىدى. بۇ، 1000 يىلدىن ھالقىغان يىراق ئەسلىمىلەر بىلەن تويۇنغان تەبەسسۇم بولدى.

www.uyghurkitap.com

# يىپەك يولىدىكى سەنئەت جەۋھەرلىرى


ئاپتورى: ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئازات ئالماس، مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

مەسئۇل كوررېكتورى: زەمىرە پىدائىي

تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن

نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر

تېلېفون: 0991-2827472

پوچتا نومۇرى: 830001

باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى

ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى: 12.25

نەشرى: 2009 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

باسمىسى: 2009 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

تىراژى: 1 — 3000

كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-228-12815-0

باھاسى: 30.00 يۈەن